ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئومۇمىي تەكرار

# ئۇيغۇر تىلى



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر تىلى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەنۋەر ئابدۇرېشىت

ISBN 978-7-5372-5939-2

ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئومۇمىي تەكرار

# ئۇيغۇر تىلى

تۈزگۈچى: ياقۇپجان ياسىن

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: چولپان تۇرسۇن

ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئومۇمىي تەكرار

# ئۇيغۇر تىلى

تۈزگۈچى: ياقۇپجان ياسىن

---

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
850×1168 مم، 16 فورمات، 20.75 باسما تاۋاق
2007 - يىل 9 - ئاي 2 - نەشرى، 2012 - يىل 4 - ئاي 2 - قېتىم بېسىلىشى

---

ISBN 978 — 7 — 5372 — 3634 — 8
باھاسى: 46.00 يۈەن
بېسىش، تۈپلەشتە مەسىلە بولسا ئالماشتۇرۇپ بېرىمىز.
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991 — 8532831

# كىرىش سۆز

بۇ كىتاب تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىشتا پايدىلىنىشى، شۇنداقلا تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇشتا ۋە ئىمتىھانغا تەكرار قىلىشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلدى.

بۇ كىتاب يەنە تۈرلۈك ئوتتۇرا، ئالىي تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ھەمدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ۋە چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشى ۋە ئىمتىھاندا پايدىلىنىشىدا كۆڭۈلدىكىدەك پايدىلىنىش كىتابى بولالايدۇ.

كىتابنى تۈزۈشتە 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا تەكرار قىلىش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەر شۇنداقلا ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھان سوئالىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا دائىر سوئاللارنىڭ ئالاھىدىلىكى، يۈنىلىشى، قانداق مەزمۇنلارنى ئاساس قىلىپ سوئال چىقىرىلىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 2005 - يىلىدىن بۇرۇن تۈزگەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئۈچ قىسىم ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان سوئالىنىڭ سەۋىيىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، دەرسلىكنىڭ سەۋىيىسىدىن بىرقەدەر يۇقىرىراق سەۋىيىدە تۈزۈلگەنىدى. بۇ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 2005 - يىلىدىن كېيىن يېڭى دەرس ئۆلچىمى بويىچە تۈزگەن تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات (زۇرۇر دەرسلىك) تىكى ئۇيغۇر تىلىغا دائىر مەزمۇنلار ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ھەمدە بەش يىلدىن بۇيانقى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە كەسىپداشلارنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىگە ئاساسەن تۈزىتىلىپ، تولۇقلاشقا تېگىشلىك جايلار تۈزىتىپ تولۇقلاپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تېخىمۇ قولايلىقلاشتۇرۇلدى. مۇھىم مەزمۇنلار نىسبەتەن تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرۈلدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا سوئال چىقىرىلغان، لېكىن دەرسلىكتە تىلغا ئېلىنمىغان ياكى ئېلىنغان بولسىمۇ ئېنىق بولمىغان مەزمۇنلار ئۆز نۆۋىتىدە بېرىلىپ، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلدى.

بۇ كىتاب مۇھىم بىلىم نۇقتىسى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەشىقتىن ئىبارەت ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇھىم بىلىم نۇقتىسىدا ھەربىر مەزمۇندا نېمىلەرنى بىلىۋېلىش، نېمىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش، نېمىلەرنىڭ پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا تەپسىلىي كۆرسەتمە بېرىلدى.

نەزەرىيە قىسمىدا قائىدىلەرگە قىسقا، ئىخچام تەبىر بېرىلدى. مۇھىم مەزمۇنلار قىسقىچە

چۈشەندۈرۈلدى. ھەربىر قائىدە ـ قانۇنلارنى چۈشەندۈرۈشتە ئەمەلىي مىساللار كۆپرەك بېرىلىپ، كۆپ خىل مىساللار ئارقىلىق نەزەرىيىنى تولۇق چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. بەزى بىرقەدەر مۇھىم بولغان، دەرسلىكتە مۇجمەل بولۇپ قالغان، كۆزقاراش بىردەك بولماي كېلىۋاتقان مەزمۇنلار ۋە ئېلىنغان مىساللار تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلدى.

مەشىقلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا باب ياكى بىرنەچچە پاراگرافتىن كېيىن بىر مەزمۇننى بىرلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىي مەشىق ئارقىلىق شۇ باب ياكى پاراگرافتىكى مەزمۇنلارنى ئۆگىنىش ېگىش ۋە مۇستەھكەملەش ئاساسىي نىشان قىلىندى.

مەشىقلەر ـ تاللاش سوئالى، بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئالى، ئەمەلىي مەشىق ئىشلەش سوئالى قاتارلىق ئۈچ خىل شەكىلدە بېرىلدى. سوئاللار مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان سوئالىغا تەقلىد قىلىپ ئىشلەندى. سوئاللارنى ئىشلەشتە ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان سوئالىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلىندى. ھەمدە سوئاللار كۆپرەك بېرىلدى.

بۇ كىتابتىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك شۇكى، نەزەرىيىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىنغان مىساللار ۋە مەشىقلەردە تۇراقلىق ئىبارىلەر ۋە ئەقلىيە سۆزلەرنى كۆپرەك ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، 350 پارچىدىن ئارتۇق تۇراقلىق ئىبارە ۋە نۇرغۇن ئەقلىيە سۆز ۋە تاللانغان جۈملىلەر، سانلىق مەلۇماتلار، ئەدەبىيات دەرسىدىكى نەزەرىيە ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر مەزمۇنلاردىنمۇ كۆپلىگەن جۈملىلەر ۋە پارچىلار ئىشلىتىلدى بۇ مىساللار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ھەم تىل بىلىملىرىنى ئۆگىنىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، ھەم تۇراقلىق ئىبارىلەت ئۆگىنىپ تىل بايلىقىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئىمتىھان سوئالىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرگە ئائىت سوئاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرەلەيدۇ. شۇنداقلا تۇراقلىق ئىبارىلەر، ئەقلىيە سۆز ۋە تاللانغان جۈملىلەردىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ۋە مول مەزمۇنلارنى ئۆگىنىپ ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن ئوزۇق ئېلىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بىلىم قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك ئىمتىھان ۋە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان سوئالىدىكى ماقالىنى ياخشى يازالايدۇ.

كىتابنى تۈزۈشتە گەرچە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساممۇ ئانا تىل ھەققىدىكى بىلىملىرىمنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبىدىن بەزى خاتالىقلاردىن خالىي بولالماسلىقىم ئېنىق، ئۇستازلار ۋە كەسىپداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

تۈزگۈچىدىن

2013 ـ يىل 5 ـ فېۋرال

# مۇندەرىجە


I باب تىل ۋە يېزىق ..................... 1
§1. تىل توغرىسىدا چۈشەنچە ..................... 1
§2. ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى ..................... 2
§3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ..................... 3
§4. ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرى ..................... 4
§5. تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ..................... 5
II باب فونېتىكا ..................... 6
مۇھىم بىلىم نۇقتىسى ..................... 6
تاۋۇش ۋە بوغۇم تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك ئەھۋالى ۋە پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى ..................... 6
§1. فونېتىكا ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ..................... 8
§2. تىل تاۋۇشلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە ..................... 8
§3. فونېما ۋە ۋارىيانت ..................... 9
§4. ھەرپ ۋە ئېلىپبە ..................... 10
§5. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار ..................... 10
§6. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ..................... 11
§7. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ..................... 12
§8. ئارا سوزۇق تاۋۇشلار ..................... 13
§9. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ..................... 13
تىل - يېزىق ۋە فونېتىكىغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ..................... 15
§10. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ..................... 17
§11. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ..................... 18
§12. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ..................... 23
§13. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ..................... 25
§14. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى ..................... 27
§15. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ..................... 28
تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى، ئاجىزلىشىشى، چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشىغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ..................... 30
§16. بوغۇم توغرىسىدا چۈشەنچە ..................... 32
§17. ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى ..................... 33
§18. بوغۇملارنىڭ تۈرلىرى ..................... 35
§19. بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى ..................... 37
بوغۇمغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ..................... 38
III باب لېكسىكا ..................... 41
مۇھىم بىلىم نۇقتىسى ..................... 41
§1. لېكسىكا توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ..................... 41
§2. لۇغەت تەركىبى ..................... 42
§3. چۈشەنچە ۋە سۆز ..................... 45
§4. سۆز شەكلى ۋە سۆز مەنىسى ..................... 46
§5. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى ..................... 48


www.uyghurkitap.com

§6. بىر مەنىلىك سۆزلەر ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ........ 49
§7. مەنىداش (سىنونىم) سۆزلەر ........ 51
§8. شەكىلداش (ئومونىم) سۆزلەر ........ 52
§9. قارىمۇقارشى مەنىلىك (ئانتونىم) سۆزلەر ........ 53
لېكسىكىغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 53
§10. تۇراقلىق تەركىبلەر ........ 57
تۇراقلىق ئىبارىلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 64
IV باب گىراماتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 66
مۇھىم بىلىم نۇقتىلىرى ........ 66
§1. گىراماتىكا نېمىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ ........ 68
§2. مورفولوگىيە ھەققىدە چۈشەنچە ........ 69
§3. مورفېما ........ 70
§4. سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى ........ 72
§5. سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ........ 77
گىراماتىكىغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 78
V باب ئىسىم توغرىسىدا چۈشەنچە ........ 82
§1. ئىسىم توغرىسىدا چۈشەنچە ........ 82
§2. خاس ئىسىم ۋە ئومۇمىي ئىسىم ........ 83
§3. تۈپ ئىسىم ۋە ياسالما ئىسىم ........ 84
§4. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ........ 87
§5. ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى ........ 88
§6. ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى ........ 90
§7. ئىسىملارغا قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ........ 95
§8. ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........ 95
ئىسىم سۆز تۈركۈمىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 97
VI باب سۈپەت ........ 104
§1. سۈپەت توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 104
§2. سۈپەتلەرنىڭ تۈرلىرى ........ 105
§3. سۈپەت دەرىجىلىرى ........ 107
§4. سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........ 109
سۈپەت سۆز تۈركۈمىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 110
VII باب سان ........ 115
§1. سان ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 115
§2. سانلارنىڭ تۈرلىرى ........ 116
§3. سانلارنىڭ يېزىلىشى ........ 119
§4. سانلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........ 121
VIII باب مىقدار سۆز ........ 123
§1. مىقدار سۆز ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى ........ 123
§2. مىقدارلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........ 125
سان ۋە مىقدار سۆزگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 126
IX باب ئالماش ........ 131
§1. ئالماش توغرىسىدا چۈشەنچە ........ 131
§2. ئالماشلارنىڭ تۈرلىرى ........ 132

§3. ئالماشلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........ 136
ئالماش سۆز تۈركۈمىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى ........ 137
X باب رەۋىش ........ 141
§1. رەۋىش توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ........ 141
§2. رەۋىشلەرنىڭ تۈرلىرى ........ 142
§3. رەۋىشلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........ 145
رەۋىش سۆز تۈركۈمىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى ........ 146
XI باب پېئىل ........ 151
§1. پېئىل توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 151
§2. شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىللار ........ 152
شەخسلىك پېئىللارنىڭ شەكىللىرى ........ 153
§3. تۈپ پېئىل ۋە ياسالما پېئىل ........ 153
§4. بولۇشلۇق پېئىل ۋە بولۇشسىز پېئىل ........ 154
§5. پېئىل زامانلىرى ........ 155
§6. پېئىل رايى (مەيللىرى) ........ 156
§7. پېئىل دەرىجىلىرى ........ 159
پېئىل سۆز تۈركۈمىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى (1) ........ 161
شەخسسىز پېئىللارنىڭ تۈرلىرى ........ 167
§8. سۈپەتداش (سۈپەت پېئىللى) ........ 167
§9. رەۋىشداش (هال پېئىل) ........ 168
§10. ئىسىمداش (هەرىكەتنام) ........ 170
§11. پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ۋە تۈللىنىش جەھەتتىكى تۈرلىرى ........ 171
پېئىللارغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى (2) ........ 174
XII باب تەقلىد سۆزلەر ........ 179
§1. تەقلىد سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 179
§2. تەقلىد سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى ........ 180
§3. تەقلىد سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........ 180
XIII باب ئىملىق سۆزلەر ........ 182
§1. ئىملىق سۆزلەر توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 182
§2. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى ........ 182
تەقلىد سۆز ۋە ئىملىق سۆزلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى ........ 184
XIV باب ياردەمچى سۆزلەر ........ 188
§1. ياردەمچى سۆزلەر توغرىسىدا چۈشەنچە ........ 188
§2. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى ........ 189
ياردەمچى سۆزلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى ........ 194
XV باب جۈملە توغرىسىدا چۈشەنچە ........ 199
مۇھىم بىلىم نۇقتىسى ........ 199
§1. سىنتاكسىس ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ........ 203
§2. جۈملە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 203
§3. بايان (خەۋەر) جۈملە ........ 204
§4. سوئال جۈملە (سوراق جۈملە) ........ 205
§5. بۇيرۇق جۈملە ........ 206
§6. ئۈندەش جۈملە ........ 206


www.uyghurkitap.com

جۈملىنىڭ مەنە جەھەتتىكى تۈرلىرىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 209
§7. جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى ........ 213
§8. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە باغلىنىش يوللىرى ........ 214
§9. تەڭداش باغلىنىش ........ 215
§10. بېقىندى باغلىنىش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........ 216
ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىغا دائىر ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى... 221
§11. سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا چۈشەنچە ........ 226
XVI باب جۈملە بۆلەكلىرى ........ 229
§1. جۈملە بۆلەكلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 229
§2. باش بۆلەكلەر ........ 229
§3. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشى ........ 236
سۆز بىرىكمىسى، جۈملە بۆلەكلىرى ۋە باش بۆلەكلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 238
§4. ئېنىقلىغۇچى ........ 242
§5. تولدۇرغۇچى ........ 244
§6. ھالەت ........ 247
جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 252
§7. ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى ........ 256
§8. جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى ........ 259
§9. جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ........ 260
§10. جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ........ 262
جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 268
XVII باب ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرى ........ 272
§1. يىغىق ئاددىي جۈملە ۋە يېيىق ئاددىي جۈملە ........ 272
§2. ئىگىلىك جۈملە ۋە ئىگىسىز جۈملە ........ 273
§3. تولۇق جۈملە ۋە تولۇقسىز جۈملە ........ 274
ئاددىي جۈملىنىڭ تۈرلىرىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 275
XVIII باب قوشما جۈملە ........ 280
§1. قوشما جۈملە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 280
§2. تەڭداش قوشما جۈملە ........ 281
§3. بېقىندىلىق قوشما جۈملە ........ 283
§4. كۆپ بېقىندىلىق قوشما جۈملە ........ 289
§5. ئارىلاش قوشما (مۇرەككەپ) جۈملە ........ 290
قوشما جۈملىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 292
§6. كۆچۈرمە جۈملە توغرىسىدا چۈشەنچە ........ 298
§7. ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ........ 299
كۆچۈرمە جۈملە، ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 300
XIX باب تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ........ 305
§1. تىنىش بەلگىلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە ........ 306
§2. تىنىش بەلگىلىرىنى قوللىنىش قائىدىلىرى ........ 308
تىنىش بەلگىلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى ........ 317
كىتابنى تۈزۈشتە پايدىلانغان كىتابلار ........ 323

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# I باب تىل ۋە يېزىق

## §1. تىل توغرىسىدا چۈشەنچە

**مەلۇم بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تىل — ئالاقە ئەمەلىيىتى داۋامىدا شەكىللەنگەن تاۋۇش پاكى ئاھاڭ بىلەن مەزمۇننىڭ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تىل - ئالاقە ئىشلىرى ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىدىغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما تىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ۋە پىكىر قىلىش قورالى، ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى تىل ئارقىلىق بولىدۇ. ئىنسانلار تىلنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدۇ، بىر-بىرى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، ئۆچۈر ئالماشتۇرىدۇ، بىر - بىرىنى چۈشىنىدۇ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تىل بولمىسا، ئىنسانلارنىڭ ئالاقىسىمۇ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشمۇ بولمايدۇ. ھەتتا جەمئىيەتمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

تىل بىلەن جەمئىيەت ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تىل جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. تىل بولمىسا جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ. تىل جەمئىيەت كىشىلىرى تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنمىسا، مەۋجۇت بولۇپمۇ تۇرالمايدۇ. دېمەك، تىل بولمىسا، جەمئىيەت بولمايدۇ، جەمئىيەت بولمىسا، تىلمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

تىل شەخسىي ھادىسىمۇ ئەمەس، تەبىئىي ھادىسىمۇ ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، چۈنكى تىل — مەلۇم بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيدا بولغان ۋە شۇ جەمئىيەت كىشىلىرى ئۈچۈن ئورتاق ئالاقە قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە.

تىل — ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاقە قورالى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش، تەپەككۇر قىلىشى قورالى. چۈنكى، ئادەملەرنىڭ مېڭىسىدە پەيدا بولغان ھەرقانداق پىكىر پەقەت تىلدىكى سۆز - جۈملىلەر ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە ئويلانغاندا، بىرەر مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە گەرچە ئاۋازسىز پىكىر قىلسىمۇ، يەنىلا تىلدىكى سۆز- جۈملىلەر ئاساسىدا بولىدۇ. دېمەك، ئادەملەرنىڭ پىكىر قىلىشى ۋە تەپەككۇر قىلىشىمۇ تىلدىن ئايرىلالمايدۇ.

**مەلۇم بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان مەنە بىلەن شەكىلنىڭ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تىل — ئالاقە ئىشلىرىدا تىلنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئورتاق خىزمەت قىلىدىغان بەلگىلەر سىستېمىسى يېزىق دەپ ئاتىلىدۇ.**

يېزىق — تىلنى خاتىرىلەيدىغان بەلگىلەر سىستېمىسىدىن ئىبارەت. يېزىق تىل پەيدا بولۇپ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن پەيدا بولغان.

تىل جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا، مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىجتىمائىي ھادىسە سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان بولسا، يېزىق تىلنى خاتىرىلەيدىغان مۇھىم بەلگە سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، تىلنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تۆرتكىلىك رول ئوينىدى. يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن تىلنىڭ زامان، ماكان جەھەتتىكى ئاجىزلىقى تۈگىتىلىپ، تىل يوقالماس ھاياتىي كۈچكە، زاماندىن زامانغا، ماكاندىن ماكانغا ھالقىپ ئۆتۈش

ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن تىلنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرلۇق يېشىل چىراغ يېقىلىپ، تىلنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى. ئىپادىلەش كۈچىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۈگۈنكى دەۋردە تىل بىلەن يېزىق بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان مۇھىم ئالاقە سىستېمىسىغا ئايلاندى. شۇنداقلا يېزىق تىلنى خاتىرىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ۋاسىتىگە ئايلىنىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ تىل ئالاقە ئىشلىرىدا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلماقتا.

يېزىق ئۆزى ئىپادە قىلغان تىلنى خاتىرىلەپلا قالماي، شۇ تىلنىڭ ئەملا قائىدىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

## §2. ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى

ئۇيغۇر تىلى — ئۇزاق تارىخقا ئىگە، تەرەققىي قىلغان قەدىمىي تىللارنىڭ بىرى، ئۇيغۇر تىلى پەيدا بولغاندىن باشلاپ بۈگۈنكى دەۋرگىچە ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا قەدىمكى تۈركىي تىللار ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان، بېيىغان، مۇكەممەللەشكەن.

ئۇيغۇر تىلى پەيدا بولغان نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت تارىخىنى يارىتىشتا ئۈنۈملۈك ئالاقە قورالى بولۇپ كەلمەكتە.

<u>ئۇيغۇر تىلى — ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ تىل.</u>

ئۇيغۇر تىلى ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلىپ، ھەر جەھەتتىن بېيىپ، تاكامۇللىشىپ، ئىلمىيلىشىپ، بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كەلدى.

بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىي قىلىپ بېيىغان، ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك، قائىدە-قانۇنىيەتلىرى مۇكەممەل تىللاردىن ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، بۈگۈنكى ياكى قەدىمكى دەۋرلەردىكى تارىخىي ئەسەرلەرنى ياكى ئەڭ يېڭى پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى، ئىلمىي- نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى ئەڭ نازۇك، ئىنچىكە، مۇرەككەپ، چوڭقۇر چۈشەنچىلەر ۋە ئۇقۇملارنى گۈزەل تىل ۋاسىتىسى بىلەن بىمالال ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان نەپىس، باي تىلغا ئايلىنىپ، تۈركىي تىللار ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان، ئالدىنقى قاتاردىكى باي تىللارنىڭ بىرى بولۇپ شەكىللەندى.

ئۇيغۇرلار يېزىق تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن، ئۆز تارىخىدا كۆپ خىل يېزىقلارنى قوللانغان خەلقتۇر.

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى 1600 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. «شىنجاڭدىن تېپىلغان ھەرخىل تىل يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلى 22 خىلغا، يېزىق تۈرى 20 خىلغا يېتىدۇ. بۇ يېزىقلارنىڭ توققۇز تۈرى تارىختا ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەشكە ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىقلارنىڭ ئىچىدە قوللىنىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، قوللىنىلغان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن ھەمدە ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئورتاق قوللىنىلغان، تەسىرى چوڭراق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت تارىخىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان يېزىقلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. سوغدى يېزىقى (IV - V ئەسىرلەردە قوللىنىلغان)
2. ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى ( IV - VIII ئەسىرگىچە قوللىنىلغان)
3. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى (شىنجاڭدا VIII - XV ئەسىرگىچە قوللىنىلغان)
4. ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (X - XIII ئەسىرگىچە قوللىنىلغان)

5. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى (XIII ـ XX ئەسىرنىڭ 30ـ يىللىرىغىچە قوللىنىلغان)
6. لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى (1965ـ 1984)
7. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى (1950ـ يىللىرىدىن كېيىنكى ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ھازىر قوللىنىۋاتقان يېزىق)

## §3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى

**بىر مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان، شۇ مىللەت تىلىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، بەلگىلىك قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە ئىگە، قېلىپلاشقان تىل — ئەدەبىي تىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئەدەبىي تىل شۇ مىللەت تىلىدىكى ھەرخىل دىئالېكت ۋە شىۋىلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرغان ھالدا شەكىللەنگەن، مۇئەييەن گىراماتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بولغان، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، قېلىپلاشقان ئىلمىي، مەدەنىي تىل ھېسابلىنىدۇ.

**ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسىگە ئاساسەن پىششىقلانغان ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان، ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئورتاق ئالاقە قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان تىل — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئۆزىنىڭ قوللىنىش شەكلىگە ئاساسەن ئەدەبىي جانلىق تىل، ئەدەبىي يېزىق تىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئەدەبىي جانلىق تىل تەلەپپۇز قائىدىسىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىشلاردا، كىنو ـ تىياتىرلاردا ۋە ھەرخىل ئاممىۋى سورۇنلاردىكى نۇتۇق، سۆھبەتلەردە قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي يېزىق تىلى ئىملا قائىدىسىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا مەتبۇئات، نەشرىيات، ئاخبارات ئىشلىرىدا يەنى ھەرخىل ژانىرىدىكى ئەسەرلەردە، دەرسلىكلەردە، گېزىت ـ ژۇرناللاردا، ھۆججەت ۋە خەت ـ ئالاقىلەردە قوللىنىلىدۇ.

تىل — مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى. تەرەققىي قىلغان ئەدەبىي تىل — شۇ مىللەت تىلىنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ ئەڭ تىپىك ناماياندىسى. تىلنىڭ تەرەققىياتى مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئەڭ مۇھىم ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. بىر مىللەتنىڭ زىيالىيلىرىغا نىسبەتەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى مۇكەممەل بىلىشى ئالدىنقى شەرتتۇر. ئۆز ئانا تىلىنى راۋان سۆزلىيەلمەسلىك، توغرا يازالماسلىق ئانا تىلغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسىدۇر. تىل پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلغۇچى مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئەتىۋارلىشى، ئەۋلادمۇئەۋلاد قوللىنىشى، تەرەققىي قىلدۇرۇشى، قوغدىشى ئارقىلىقلا مۇكەممەللىشىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ ۋە مەڭگۈ يوقالمايدۇ. ئەدەبىي تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئۇيغۇر تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار ئەدەبىي تىلنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئەدەبىي تىلدا سۆزلەيدىغان، ئەدەبىي تىل بويىچە يازالايدىغان، ئۆلچەملىك ئوقۇيالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشقا تىرىشىشى لازىم.

# §4. ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرى

**بىر مىللىي ئورتاق تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا قوللىنىلىدىغان، مەلۇم جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلىنىپ تۇرىدىغان رايون خاراكتېرلىك تارمىقى دىئالېكت دەپ ئاتىلىدۇ.**

«دىئالېكت» دېگەن بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى گرېكلەرنىڭ «dealektos» دېگەن سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھازىر تىلىمىزدا «بىر مەھەللىلىكلەرنىڭ گېپى» ياكى «يەرلىك تىل» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

دىئالېكت مەلۇم رايوندىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر تىلىنى دىئالېكتلارغا بۆلۈشتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى — فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا قاتارلىقلاردا ئومۇمىي، سىستېمىلىق بولغان پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىكلەر ئۆلچەم قىلىنغان.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مانا شۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن مەركىزىي دىئالېكت، خوتەن دىئالېكتى، لوپنۇر دىئالېكتى دەپ ئۈچ دىئالېكتقا بۆلۈنگەن.

## 1. مەركىزىي دىئالېكت

سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتلەردە باشقا رايونلارغا ئۆلگىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ۋە يېتەكلەش رولىغا ئىگە بولغان، كۆلەم جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇرلار ياشايدىغان رايوننىڭ تەخمىنەن 3/4 قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان، نوپۇس جەھەتتە 80% تىن ئارتۇق بولغان ، باشقا دىئالېكتلارغا نىسبەتەن ئەدەبىي تىلىمىزغا يېقىن بولغان، شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ، غەربىي جەنۇبتا يەكەنگىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركىزىي دىيالېكت ئۈرۈمچى، قارىماي، ئىلى، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق شەھەر، ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تىلنىڭ مەركىزىي دىئالېكتى يېتەكچى دىئالېكتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان.

مەركىزىي دىئالېكت تەركىبىگە ئۈرۈمچى شېۋىسى، تارانچى شېۋىسى (ئىلى شېۋىسى)، تۇرپان شېۋىسى، قۇمۇل شېۋىسى، ئاتۇش شېۋىسى، قەشقەر شېۋىسى، تارىم شېۋىسى (جۈملىدىن موغال شېۋىسى، كۇچا شېۋىسى قاتارلىق يەتتە شېۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

## 2. خوتەن دىئالېكتى

بۇ دىئالېكت بىلەن سۆزلەشكۈچىلەر يەر كۆلىمى ۋە نوپۇس جەھەتتە مەركىزىي دىئالېكتتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دىيالېت رايونى شەرقتە كورلىنىڭ چاقلىق ناھىيەسىدىن غەربتە خوتەننىڭ گۇما ناھىيەسىگە بولغان توققۇز ناھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خوتەن دىئالېكتى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بەزى شېۋە پەرقلىرى بار. شۇڭا خوتەن دىئالېكتى يەنە گۇما شېۋىسى، قاراقاش شېۋىسى، ئىلچى شېۋىسى، لوپ شېۋىسى، كېرىيە شېۋىسى قاتارلىق يەتتە شېۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3. لوپنۇر دىئالېكتى

لوپنۇر دىئالېكتى - بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق لوپنۇر ناھىيىسى دائىرىسىدە سۆزلىشىدىغان ئادەم سانى يۇقىرىقى ئىككى دىئالېكت بىلەن سۆزلەشكۈچىلەردىن خېلىلا ئاز بولسىمۇ، لېكىن فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە دىئالېكت ھېسابلىنىدۇ.

**شېۋە**

**بىر دىئالېكت ئىچىدىكى رايونلارنىڭ بىر - بىرىدىن مەلۇم جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان يەرلىك تىلى شېۋە دەپ ئاتىلىدۇ.**

شېۋە دىئالېكتنىڭ تارمىقى ياكى يەرلىك ۋارىيانتى. دىئالېكت مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ تارمىقى، مىللىي تىلنىڭ يەرلىك ۋارىيانتى بولسا، شېۋە بىر دىئالېكتنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم جاينىڭ مەلۇم جەھەتلەردىن ئۆز ئالدىغا پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان يەرلىك تارمىقى ھېسابلىنىدۇ.

شېۋىلەر دىئالېكتتىن كىچىك بولۇپ، كۆپ ھاللاردا رايون نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. شېۋىلەرنى بۆلۈشتە ئەڭ مۇھىمى، شۇ رايوننىڭ تىلىدا شېۋە بولۇشقا تېگىشلىك ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارىلىدۇ. يەرلىك شېۋە بىر مىللەت تىلىدىكى تۆۋەن باسقۇچ، ئەدەبىي تىل ئۇنىڭ يۇقىرى باسقۇچى، شۇڭا ئۇلار بىر-بىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئەدەبىي تىل دىئالېكت ۋە يەرلىك شېۋىلەردىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلايدۇ. قېلىپلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن ئەدەبىي تىل يەرلىك شېۋىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ، ئۇلارنى چەكلەيدۇ، ئىلمىي ئاساستا بىرلىككە كەلتۈرىدۇ ۋە بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي دائىرىدىكى ئالاقە قورالىغا ئايلاندۇرىدۇ.

## §5. تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى

ھەرقانداق بىر تىل فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گرامماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ئۈچ تەركىبىي قىسىم بىر - بىرى بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە بىر تىلنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

**فونېتىكا — تىل تاۋۇشلىرى توغرىسىدىكى پەن.** ئۇ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى، تىلدىكى فونېما (مەنە پەرقلەندۈرىدىغان تاۋۇشلار)، ئۇلارنىڭ شەكىللىرى، تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش، ئۆزگىرىش جەريانلىرى، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيەتلىرى، بوغۇم، ئۇرغۇ قاتارلىقلارنى، شۇنىڭدەك توغرا تەلەپپۇز قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدۇ.

**لېكسىكا — سۆزلۈك دېمەكتۇر. بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لېكسىكا ياكى لۇغەت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ.**

لېكسىكا تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتى، سۆز مەنىسى، تۈرلىرى، سۆز مەنىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش يوللىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىتىدۇ. تىلىمىزدىكى تۇراقلىق تەركىبلەرمۇ لېكسىكا دائىرىسىگە كىرىدۇ.

**گرامماتىكا — سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى، ياسىلىشى ۋە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى.**

گرامماتىكا ئۆزىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

**مورفولوگىيە — سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ياسىلىشى، تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى.**

**سىنتاكسىس** — تىل ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. سىنتاكسىس جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى، جۈملە بۆلەكلىرى، جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرى، جۈملىلەردىكى تىنىش بەلگىلەر توغرىسىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنى تۆۋەندىكى شەكىل ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

تىل ئىلمى:
1. فونېتىكا (فونېتىكا - تاۋۇش دېمەكتۇر)
2. لېكسىكا (لېكسىكا - سۆزلۈك دېمەكتۇر)
3. گرامماتىكا:
- مورفولوگىيە (سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى ئىلىم)
- سىنتاكسىس (جۈملە ھەققىدىكى ئىلىم)

# II باب فونېتىكا

## مۇھىم بىلىم نۇقتىسى

فونېتىكا ۋە تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئەستە ساقلاش

1. فونېتىكىنىڭ قانداق ئىلىم ئىكەنلىكى، نېمىلەرنى تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى، قانداق ئەھمىيىتى ۋە رولى بارلىقىنى چۈشىنىش ۋە ئەستە ساقلاش كېرەك.

2. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، قانداق پەيدا بولىدىغانلىقى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قانچە تاۋۇش، قانچە فونېما بارلىقى، تاۋۇش بىلەن ۋارىيانتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ھەرپ ۋە ئېلىپبەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئەستە ساقلاش كېرەك. تىلنىڭ فونېتىكا قىسمى تىل تاۋۇشلىرى ھەققىدىكى ئىلىم بولۇپ، تىل تاۋۇشلىرى تىلنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. تىل ئىلمىنى پۇختا ئىگىلەش ئۈچۈن، تىل ئىلمىنىڭ ئاساسى بولغان تىل تاۋۇشى، فونېما، ۋارىيانت، ھەرپ، ئېلىپبە ۋە تاۋۇشلارنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە پەرقلەندۈرۈۋېلىش كېرەك. بولۇپمۇ سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرىنى، سانىنى چوقۇم بىلىش ۋە ئەستە ساقلاش، ئۇلارنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇش كېرەك.

3. بوغۇمنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، نېمىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقى، قانداق رولى ۋە ئەھمىيىتى بارلىقى، قانداق تۈزۈلىدىغانلىقى، قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىلىش، چۈشىنىش ۋە ئەستە ساقلاش كېرەك.

4. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ قانداق ماسلىشىدىغانلىقىنى، يەنى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئەستە ساقلاش كېرەك. شۇنداقلا بىر سۆزگە بېرىلگەن شەرت بويىچە ماس كېلىدىغان قوشۇمچىلارنى ئۇلىيالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا فونېتىكا ھەققىدىكى بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگىلى ۋە فونېتىكا ھەققىدىكى تۈرلۈك سوئاللارغا توغرا جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ.

5. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، قوشۇلۇپ قېلىشى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسىغا ئائىت قائىدە- قانۇنىيەتلەرنى پىششىق ئىگىلەش كېرەك.

## تاۋۇش ۋە بوغۇم تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك ئەھۋالى ۋە پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى

ئوقۇغۇچىلاردا تاۋۇش بىلەن بوغۇمنى، تاۋۇش بىلەن بوغۇملارنىڭ تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك، ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش ئەھۋاللىرى داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. تاۋۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، بوغۇمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەندە بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش ئەھۋالى داۋاملىق كېلىپ چىقىدۇ.

تاۋۇش بىلەن بوغۇمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە پەرقلەندۈرۈۋېلىشتا ئالدى بىلەن «تاۋۇش» ۋە «بوغۇم» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك.

1. «تاۋۇش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ يەككە بىر ئوبيېكتقا قارىتىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ تىل ئىلمىدىكى ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى، ئاۋاز ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان بىرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش، «تاۋۇش» دېگەن ئاتالغۇنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنىڭ تىل ئىلمىدىكى ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى دېگەننى بىلىش ۋە ئەسكە ئېلىش كېرەك.

2. «بوغۇم» سۆزىنىڭ تىلىمىزدىكى «بوغۇش»، «بۆلۈش» دېگەن سۆزگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر سۆز

ئىكەنلىكىنى، بوغۇمنىڭ پەقەت سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا ھاسىل بولىدىغان تاۋۇش ياكى تاۋۇشلار توپى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ پەقەت سۆزنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك.

3. «تاۋۇش» نىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىك، بوغۇمنىڭ بولسا، تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدىغان، تاۋۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭراق بىرلىك، سۆزلەرنىڭ بولسا، بوغۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدىغان بىر پۈتۈن مەنە بىرلىكى ئىكەنلىكىنى ئەستە ساقلاش ۋە مۇشۇ ئارقىلىق تىل تاۋۇشى بىلەن بوغۇمنىڭ، بوغۇم بىلەن سۆزنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

4. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملارنىڭ ئاخىرىدىكى تاۋۇشنىڭ سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۈزۈك تاۋۇش ئىكەنلىكىگە قاراپ يەنى ئاخىرى «دا ـ دا، ئا ـ نا، ئا ـ ئى ـ لە، يې ـ زا» دېگەنلەردەك بىر سوزۇق تاۋۇش ياكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، ئوچۇق بوغۇم، «مەك ـ تەپ، يول ـ داش، باش ـ لىق، دوست ـ لۇق» دېگەنلەردەك ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، يېپىق بوغۇم دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ۋە بىلىۋېلىش ھەم ئەستە ساقلاش كېرەك. يەنى بوغۇملاردىكى ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ بوغۇمنىڭ ئاخىرىدىكى سوزۇق ياكى ئۈزۈك تاۋۇشقا قارىتىلغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش كېرەك؛

5. تاۋۇشلارنىڭ تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرۈشمۇ ئانچە قىيىن ئەمەس، چۈنكى تىلىمىزدا بىرىنچىدىن، تاۋۇشلارنىڭ سانى ئاز. ئىككىنچىدىن، تاۋۇشلار ئانچە كۆپ تۈرلەرگە تەكرار بۆلۈنمەيدۇ. تىلىمىزدا تاۋۇشلارنى پەرقلەندۈرۈشتە تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك.

1) سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنى پەرقلەندۈرۈشتە « سەككىز » بىلەن «24» تىن ئىبارەت ئىككى ساناق سانىنى ئەستە چىڭ ساقلاش، « سەككىز » نىڭ سەككىز سوزۇق تاۋۇش، «24» نىڭ 24 ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان سان ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك:

2) سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشنى پەرقلەندۈرۈشتە، ئالدى بىلەن سانى ئاز بولغان ۋە ھەممىسى ھەمزىلىك ھەرپ بىلەن يېزىلىدىغان سەككىز سوزۇق تاۋۇش «ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ»نى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئاندىن مۇشۇلاردىن باشقىلىرىنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

3) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرۈشتە، ئالدى بىلەن « و » شەكلىدە يېزىلىپ، ھەمزە، پەش قاتارلىق بەلگە ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدىغان تۆت تاۋۇشنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش (ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ)، قالغان تۆتى (ئا، ئە، ئې، ئى) نىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋېلىش كېرەك.

4) تىل ئورنى جەھەتتىكى تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرۈشتە تىل ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئې، ئى» ئاسان ئەستە قالىدىغان تاۋۇشلار بولغاچقا، تىل ئالدى بىلەن تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلارنى پەرقلەندۈرۈۋېلىش كېرەك. بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈشتە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار «ئە، ئۆ، ئۈ» نىلا پەرقلەندۈرۈۋالغاندا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار «ئا، ئو، ئۇ» نى بىلمەك ئاسانغا چۈشىدۇ.

6. ئۈزۈك تاۋۇشلار، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترىشىنىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈكلۈكىگە قاراپ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى تۈرنى پەرقلەندۈرۈشتە سانى ئاز، ھەم ئاسان ئەستە قالىدىغان، ھەم ھەر ئىككى تاۋۇش بىر خىل شەكىلدە يېزىلىدىغان | پ، ت | ج، خ| س، ش| ف، ق | ك دىن ئىبارەت توققۇز جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنى پەرقلەندۈرۈۋېلىپ، باشقىلىرىنى مۇشۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپلا جاراڭلىق دەپ ئايرىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك ياكى ئاخىرى شۇ ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىمدىن بىرنى ئېلىپ، بۇ ئىسىمغا ئىسىملارنىڭ چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشقاندا «دىن» نى تەلەپ قىلسا جاراڭلىق، «تىن» نى تەلەپ قىلسا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئايرىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. لېكىن «ب، د» دىن باشقا بارلىق جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە بىردەك «دىن» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. قالغان ئۈزۈك تاۋۇشلارنى مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئېنىقلاشقا بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللارنى قوللانغاندا ئاسان ئەستە ساقلىغىلى ۋە ئۆگىنىش

مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

## §1. فونېتىكا ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ھەر قانداق بىر تىل فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراممانتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. فونېتىكا تىلنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى.

«فونېتىكا» دېگەن بۇ ئاتالغۇ گرېكچە سۆز بولۇپ، گرېكلارنىڭ phonetikos سۆزىنىڭ تومۇرى بولغان phone(تاۋۇش، ئۈن، ئاۋاز جاراڭلاش) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھازىر تىلىمىزدا «تىل تاۋۇشى» ۋە «تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**دېمەك، تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن فونېتىكا دەپ ئاتىلىدۇ.**

كونكرېتراق ئېيتقاندا فونېتىكا مەلۇم بىر تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى، تىل تاۋۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى، تاۋۇش چىقىرىش ئورنى، شۇ تىلدا فونېما بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىيانتى، تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، ئۆزئارا ماسلىشىش قانۇنىيەتلىرى ھەم بۇ جەرياندا پەيدا بولغان ھەر خىل تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى، تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى، بوغۇم تۈزۈلۈش شەكىللىرى، ئۇرغۇ ۋە ئىنتوناتسىيە قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان (فونېما بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان) تىل تاۋۇشلىرى، ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، ۋارىيانتلىرى، تاۋۇش چىقىرىش ئورنى، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى، تاۋۇشلارنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى، تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، تاۋۇشلارنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**فونېتىكىنىڭ تۆۋەندىكىدەك رولى ۋە ئەھمىيىتى بار:**

1) فونېتىكا ئىلمى تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش، ئاڭلاش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا يەكۈنلەپ، ئۇنى بىر خىل تېخنىكا سۈپىتىدە ئۆگىتىدۇ.

2) فونېتىكا ئىلمى ئەدەبىي تىل نورمىسىنى بەلگىلەش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشتا يېتەكچى رول ئوينايدۇ.

3) فونېتىكا ئىلمى باشقا تىللارنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

4) فونېتىكا ئىلمى يېزىق ئۆزگەرتىش ۋە يېزىقنى ياخشىلاش ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدۇ.

## §2. تىل تاۋۇشلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە

**سۆزلەرنى شەكىللەندۈرىدىغان تاۋۇشلار تىل تاۋۇشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرى بىلەن تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەمكارلىششى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان، تىلدا مەنە ئىپادىلەش ۋە مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى تىل تاۋۇشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

بىز ئىلگىرى جۈملىنىڭ سۆزلەردىن، سۆزلەرنىڭ تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى ئۆگەنگەن ئىدۇق. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ‹‹تاۋۇش›› سۆزى ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. بىرى، تەبىئەتتىكى قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولىدىغان ھەر خىل ئاۋازلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى سۇنىڭ شارقىرىشى، شامالنىڭ گۇركىرىشى، ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ھەر خىل ئاۋازلىرى، نەرسىلەر ئۆزئارا ئۇرۇلغان ياكى سۇنغاندا چىقىرىدىغان ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى «تاۋۇش» دېگەن ئۇقۇم دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئەمما، ئۇلار

ھەرگىز تىل تاۋۇشلىرى بولالمايدۇ. يەنە بىرى، تىل تاۋۇشى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

تىل تاۋۇشلىرى ئىنسان تىلىنىڭ ئاۋازى بولغاچقا، ئۇ ئىنسانىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ بىر تۇتاش پائالىيىتى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، تىلدا مەنە ئىپادىلەيدىغان تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مەكتەپ» سۆزى «م + ە+ ك + ت + ە + پ» دېگەن ئالتە تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تىل تاۋۇشى بولۇپ، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىمىزدىن چىققان. ئىنسانلارنىڭ سۆزلەش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ۋە چەكسىز، ئەمما سۆزلەرنى ئىپادىلەيدىغان تىل تاۋۇشلىرى ئىنتايىن چەكلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن تىل تاۋۇشلىرى تىلنى ئىپادە قىلىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك تىلنىڭ ماددىي پوستى ھېسابلىنىدۇ.

## §3. فونېما ۋە ۋارىيانت

### 1. فونېما

**تىلدا سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلىنى ۋە مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك فونېما ياكى تىل تاۋۇشى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

«يول» بىلەن «يىل»، «ئىش» بىلەن «ئاش»، «يار» بىلەن «يەر»، «باش» بىلەن «بەش» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۆزۈك تاۋۇش تەركىبلىرى ئوخشاش، ئەمما تەركىبىدىكى بىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ۋە ئاڭلاتقان مەنىلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل سۆزگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئەمدى «تىل» بىلەن « يىل»، « باش » بىلەن « تاش »، «تاپ» بىلەن «قاپ»، «غورا» بىلەن «جورا»، «كۆز» بىلەن «سۆز» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ سوزۇق تاۋۇش تەركىبلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى بىرلا ئۆزۈك تاۋۇشنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ۋە مەنىلىرى ئۆزگىرىپ، ئوخشاش بولمىغان مەنىدىكى ئىككى خىل سۆزگە ئايلانغان.

### 2. ۋارىيانت

**سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاساس بولالمايدىغان تىل تاۋۇشى ياكى بىر فونېمىنىڭ ئىككىنچى خىل تەلەپپۇزى ۋارىيانت دەپ ئاتىلىدۇ.**

ۋارىيانت مەلۇم بىر فونېمىغا مەنسۇپ بولغان بىر فونېمىنىڭ تىلدا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولمىغان بىر قانچە خىل كونكرېت تەلەپپۇز شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكىدەك ۋارىيانتلار بار :

1) **ئۇيغۇر تىلىدىكى «ژ» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشىنىڭ ۋارىيانتى.** لېكىن، بەزى شېۋىلەردە «ئي، ئۇ، ئۇ» تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن «ي» تاۋۇشى «ژ» تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ، لېكىن سۆز مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن:

يىل - ژىل، يىلان - ژىلان، يىڭنە - ژىڭنە، يۇلغۇن - ژۇلغۇن، يۇلۇن - ژۇلۇن، يۈرەك - ژۈرەك، يۇمران - ژۇمران، يۇغۇچ - ژۇغۇچ.

«ژ» تاۋۇشى يەنە بەزى شېۋىلەردە بوغۇم ئاخىرىدا كېلىدىغان «ج» تاۋۇشىنىڭ ۋارىيانتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

باجگىر - باژگىر، ئىجتىمائىي - ئىژتىمائىي، مەجلىس - مەژلىس، ئۆجمە - ئۆژمە.

2) **«ف» تاۋۇشى «پ» تاۋۇشىنىڭ ۋارىيانتى.**

ئەسلىي «ف» تاۋۇشى بىلەن يېزىلىدىغان نۇرغۇن سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا « پ » تاۋۇشى بىلەن يېزىلسىمۇ مەنىسى ئۆزگەرمەيدىغان بولغاچقا، «پ» تاۋۇشى بىلەن يېزىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن « ف» تاۋۇشى «پ» تاۋۇشىنىڭ ۋارىيانتى بولۇپ قالدى. مەسىلەن:

ئەسلىي ھازىرقى يېزىلىشى



www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| دەفتەر، فەرق، فايدا | دەپتەر، پەرق، پايدا |
| فەرهات، فەرمان، فەدە، فالەچ | پەرهات، پەرمان، پەدە، پالەچ |
| فانى، فايخان، فايناپ، فالەك | پانى، پايخان، پايناپ، پالەك |
| فەسىل، فەردە، فەتچى | پەسىل، پەردە، پەتچى |

دېمەك، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ف،ژ» دىن ئىبارەت ئىككى ۋارىيانت بار.

## §4. ھەرپ ۋە ئېلىپبە

### 1. ھەرپ

**تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلەيدىغان بەلگە ھەرپ دېيىلىدۇ.**

تىل تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇز قىلىمىز، قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلايمىز، ئەمما كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيمىز. تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ھەرپلەر ئارقىلىق خاتىرىلىگەندە ھەرپلەرنى قولىمىزدا يازىمىز، كۆزىمىز بىلەن كۆرىمىز.

تىلىمىزدا ھەر بىر تاۋۇشنىڭ ئېغىزىمىزدىن چىقىش ھالىتى ۋە نامى ئوخشىمىغاچقا، ئۇلارنىڭ يېزىقتىكى ھالىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس. شۇنداقلا تاۋۇشلار سۆزلەرنىڭ باش، ئوتتۇرا، ئاخىرىدا ھەم ئايرىم ھالدىمۇ كېلىدىغان بولغاچقا، يېزىقتا ھەرپلەرنىڭمۇ ئايرىم شەكلى، بېشىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى، ئوتتۇرا ۋە ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى قاتارلىق شەكىللىرى بار.

### 2. ئېلىپبە

**ھەرپلەرنىڭ شەكلى، نامى ۋە تەرتىپىنى كۆرسىتىدىغان جەدۋەل ئېلىپبە دەپ ئاتىلىدۇ.**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 32 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ھەرپلەرنىڭ شەكلى، نامى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنداقلا يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك ھەربىر ھەرپنىڭ بىر نەچچە خىل شەكلى بار.

ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە تىزىلغان، ئۇلارنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تەرتىپى تىل ئۆگىنىش ۋە تىل تەتقىقاتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ تەرتىپىنى پۇختا بىلىشى كېرەك.

**ئەسكەرتىش :**

1. ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئۆز تەلەپپۇزى شۇ ھەرپلەرگە نام قىلىنغان.
2. ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىگە شۇ ھەرپ ۋەكىللىك قىلىدىغان تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا بىر « ئې » تاۋۇشىنى قوشقاندىكى تەلەپپۇزى شۇ ھەرپلەرنىڭ نامى قىلىنغان.
3. سوزۇق تاۋۇشلار سۆز ئوتتۇرىسى ياكى سۆز ئاخىرىدا بوغۇم بېشى بولۇپ كەلسە، شۇ ھەرپلەرنىڭ ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان ھەمزىلىك شەكلىنى يېزىش بەلگىلەنگەن.

مەسىلەن : ئالدىنقىئالا، ئىنئام، ئىئانە، تەلئەت، تەبىئەت، پاجىئە، مەسئۇل، مەلئۇن، گېئولوگىيە، فېئودال، قەتئىي، سۈنئىي، تەبىئىي، ئىجتىمائىي . . .

## §5. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار

بىز يۇقىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى ھەر بىر ھەرپ ئۇيغۇر تىلىدا بىر تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگەنىدۇق. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىي 32 تاۋۇش، 32 ھەرپ بار، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن

ئىبارەت :

**ئا ئە ب پ ت ج چ خ د ر ز ژ س ش غ ف ق ك گ ڭ ل م ن ھ ئو ئۇ ئۆ ئۈ ۋ ئې ئى ي**

ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ 32 تاۋۇشنىڭ ھەممىسى سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ۋە سۆز مەنىسىنى ئىپادىلەش رولىغا ئىگە. لېكىن بەزى تاۋۇشلار سۆز مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئەمەس.

چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا 32 تاۋۇش بولسىمۇ، لېكىن مەنە پەرقلەندۈرەلەيدىغان تاۋۇش (فونېما) 30، يەنى ئېلىپبەدىكى « ف، ژ » تاۋۇشلىرى يۇقىرىدا ۋارىيانتتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك سۆز مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان مۇستەقىل فونېما ئەمەس.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى «ف،ژ» تاۋۇشلىرى مۇستەقىل فونېما بولمىسىمۇ، تىلىمىزدىكى تەقلىد سۆزلەرنى ھەم باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز - ئاتالغۇلارنى، كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر - جاي ناملىرىنى توغرا يېزىش ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، شۇنداق ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

پاژ - پۇژ، گاژ - گۇژ، پىژ - پىژ، غىژىلداش، گىژىلداش، مىژىلداش، ژۇرنال، بۇرژۇئازىيە، تۇف، سۇف، فابرىكا، فرانسىيە، پارىژ، فاڭجېن، فۇجيەن، ژدانوف.

## §6. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق تاۋۇشلار ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراش - ئۇچرىماسلىقىغا قاراپ سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. سوزۇق تاۋۇش

**ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىماي سوزۇلۇپ ئېيتىلىدىغان، مۇزىكىلىق ۋە ئاھاڭدارلىقتا ئىگە تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ.**

سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدا توسالغۇغا ئۇچرىماي ئەركىن چىقىدۇ. تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى تەكشى ھالەتتە تۇرىدۇ. پەقەت ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى، تىلنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھاۋا ئېقىمى ئاجىزراق، ئەمما ئاھاڭدار، جاراڭلىق بولىدۇ.

**ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار. ئۇلار:**

**ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ**

### 2. ئۈزۈك تاۋۇشلار

**ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىغا كەلگەندە توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ ئېيتىلىدىغان، شاۋقۇنلۇق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇشلار ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى يەككە تەلەپپۇز قىلغىلى بولمايدۇ. يەككە تەلەپپۇز قىلىنسا ئېنىق ئاڭلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ئادەتتە « ئې » سوزۇق تاۋۇشى قوشۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

**ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىي 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار. ئۇلار:**

ب، پ، ت، ج، چ، خ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ۋ، ي.

# §7. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۇرلەرگە بۆلۈنۈشى

سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېغىز بوشلۇقىدا توسالغۇغا ئۇچرىماي ئەركىن ئېيتىلىدۇ، ئەمما ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى، تىلنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئورنى ۋە لەۋ ھالىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان تاۋۇشلار پەيدا بولىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتىگە قاراپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

## 1. تىل ئورنىغا قاراپ بۆلۈنۈشى

**سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكى تىل ئورنىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى، تىلنىڭ ئالدىغا سوزۇلۇشى ياكى ئارقىسىغا تارتىلىشى تىل ئورنى دېيىلىدۇ.**

**سوزۇق تاۋۇشلارنى يۇقىرىقىدەك تىل ئورنى ھالىتىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈش سوزۇق تاۋۇشلارنى تىل ئورنى جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلۈش دېيىلىدۇ.**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنغان چاغدىكى تىل ئورنىغا ۋە بەزى تاۋۇشلارنىڭ تىلىمىزدىكى رولىغا قاراپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) **تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار: ئە، ئۆ، ئۈ.**

بۇ تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىلنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئورنى سەل ئالدىغا سوزۇلىدۇ. شۇڭا بۇ تاۋۇشلار تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

2) **تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار : ئا، ئو، ئۇ.**

بۇ تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىلنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئورنى ئارقىغىراق تارتىلىدۇ. شۇڭا بۇ تاۋۇشلار تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

3) **ئارا سوزۇق تاۋۇشلار : ئې، ئى**

بۇ تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىلنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئورنى ئالدىدىراق بولسىمۇ، ئەمما بۇ تاۋۇشلار سۆز تەركىبىدە بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە، تىل ئالدىغا مايىلراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە بولسا، تىل ئارقىغا مايىلراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئۇلار بۇ خىل خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئارا سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئاتالغان.

## 2. لەۋ ھالىتىگە قاراپ بۆلۈنۈشى

سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋلەرنىڭ يۇمىلاق ھالەتكە كېلىش - كەلمەسلىكى، ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى لەۋنىڭ تېگىشىش ياكى تېگىشمەسلىكىگە قاراپ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**1)** «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋلەر سەل ئالدىغا سوزۇلۇپ، يۇمىلاق ھالەتكە كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

**2)** «ئا، ئە، ئې، ئى» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋلەر يۇمىلاق ھالەتكە كەلمەيدۇ، شۇڭا بۇلار لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

# §8. ئارا سوزۇق تاۋۇشلار

ئۇيغۇر تىلىدىكى « ئې، ئى » سوزۇق تاۋۇشلىرى بىر- بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل سوزۇق تاۋۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى سوزۇق تاۋۇش سۆزلەردە ئالمىشىپ كەتسە ياكى خاتا يېزىلىپ قالسا، سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن :

تېرەك — يول بويىغا تېرەك كۆچىتى رەت - رەت تىكىلگەن.(بىر خىل كۆچەت)
تىرەك — باغدىكى ئالما شاخلىرىغا تىرەك قويۇلغان.(ئاچا ياكى تىرىگۈچ)
ئېلىم — ئېلىمىز مائارىپى راۋاجلاندى. جۇڭگو — ئۆز ئېلىم.(ۋەتەن)
ئىلىم — ئىلىم ئىزدە ئېرىنمە، ئىلىم سېنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. (بىلىم)

## ئارا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىشلىتىلىشى

1) «ئې» سوزۇق تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:
ئېرىق، تېرىق، ئېلىڭ، ئېلىمىز، ئېزىز، ئېتىز...
2) باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ھەممە بوغۇملىرىدا كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن:
تېلېفون، كومىتېت، پىئونېر، مېتىر، نېفىت....
3) «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشى ئايرىم تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىل ئورنى ئالدىغا سەل يېقىنلىشىپراق ئېيتىلىدۇ، لېكىن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە، شۇ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بەزى بوغۇملاردا تىل ئالدىغا يېقىنراق، بەزى بوغۇملاردا تىل ئارقىغا يېقىنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:
« تىك، كىر، چىگ » دېگەن سۆزلەردە تىل ئالدىغا مايىل تەلەپپۇز قىلىنسا، « تىغ، بىخ، چىق» دېگەن سۆزلەردە تىل ئارقىسىغا مايىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

# §9. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

## تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش دەرىجىسىگە قاراپ بۆلۈنۈشى

ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترىشىنىڭ ئاجىز - كۈچلۈكلۈكىگە قاراپ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**تاۋۇش پەردىسىنىڭ كۈچلۈك تىترىشىدىن ھاسىل بولغان ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ.**

**ئۇيغۇر تىلىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار 15 بولۇپ، ئۇلار:**
ب، ج، د، ر، ز، ژ، غ، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ۋ، ي

**تاۋۇش پەردىسىنىڭ ئاجىز تىترىشىدىن ھاسىل بولغان ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار 9 بولۇپ، ئۇلار :
پ، ت، چ، خ، س، ش، ف، ق، ك

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترىشىنىڭ ئاجىز- كۈچلۈكلۈكىگە ئاساسەن بۆلۈنگەن جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش دېگەن ئىككى تۈرى ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇڭا بۇ ئىككى تۈرنى ئەستايىدىل پەرقلەندۈرۈۋېلىش كېرەك. يەنى ئاۋۋال سانى ئاز بولغان 9 جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنى پەرقلەندۈرۈۋېلىپ، ئاندىن باشقىلىرىنى جاراڭلىق دەپ ئايرىسا ئاسان بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ سەككىزى يېزىقتا ئوخشاش شەكىلدىكى

توٛت جۇپ ھەرپتىن تۈزۈلگەن، بۇ ھەرپلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئوخشاش بولۇپ، پەقەت چېكىت ئارقىلىقلا بىر- بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئاۋۋال شۇ توٛت جۇپ تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپنى پەرقلەندۈرۈۋېلىپ، ئاخىرىغا «ك» تاۋۇشنى ئەكەلسىلا 9 ئۈزۈك تاۋۇشنى پەرقلەندۈرمەك ناھايىتى ئاسان بولىدۇ.

پ، ت / چ، خ / س، ش / ف، ق / ك

## تىل - يېزىق ۋە فونېتىكىغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەر بىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن توٛت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن. سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن جاۋابنى تاللاڭ.

1. تىل ۋە يېزىق ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى بولغاچقا، جەمئىيەتكە بېقىنماي مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ

B. تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولغانلىقتىن، جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئالاقىسى يوق

C. ئىنسانلار ئۆزئارا ئالاقىلەشكەندە تىلدىن پايدىلىنىدۇ. لېكىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغاندا تىلغا تايانمايدۇ

D. تىل بىلەن يېزىق زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يېزىق تىلنى خاتىرىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ

2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ دىئالېكت ھەم شېۋىلىرى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. تىل — مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل — تىلنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى

B. ئەدەبىي تىل دېگەن مەخسۇس ئەدەبىي ئەسەرلەردە قوللىنىلىدىغان تىل بولۇپ، باشقا ئەسەرلەردە قوللىنىلغان تىل ئەدەبىي تىل قاتارىغا كىرمەيدۇ

C. ئەدەبىي تىل دىئالېكتنى، دىئالېكت شېۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شېۋە دىئالېكتنىڭ تارمىقى

D. تارماق دىئالېكت بىلەن شېۋە گەرچە ئەدەبىي تىل قاتارىغا كىرمىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىياتى دىئالېكت بىلەن شېۋىدىن ئايرىلالمايدۇ

3. تاۋۇش، تىل تاۋۇشى، فونېما ۋە ۋارىيانت ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. تاۋۇش بىلەن تىل تاۋۇشى ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى تىلدا بەلگىلىك بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

B. فونېما تىل تاۋۇشى دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ تىلدا مەنە ئىپادىلەش ۋە مەنە ئۆزگەرتىش رولىغا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى.

C. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 32 تاۋۇش، 32 فونېما، 32 ھەرپ بار.

D. تىل ئىلمىدە دېيىلىۋاتقان ۋارىيانت مەلۇم بىر فونېمىنىڭ باشقىچە بىر خىل شەكلى بولۇپ، تىلدا مەنە پەرقلەندۈرمەيدۇ.

4. تاۋۇش ۋە فونېما توغرىسىدا تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. «يىراقتىن قانداقتۇر بىر تاۋۇش ئاڭلاندى» دېگەن جۈملىدىكى ئاڭلانغان تاۋۇشنى تىل تاۋۇشى دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

B. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ئا، ئە، ئې، ئى...» دەپ سوزۇق تاۋۇشلارنى ئوقۇۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. بۇ جۈملىدىكى ئاڭلانغان تاۋۇش تىل تاۋۇشى ھېسابلىنىدۇ.

C. فونېتىكا تاۋۇش ھەققىدىكى ئىلىم، فونېما تىلدا مەنە ئىپادىلەش ۋە مەنە ئۆزگەرتىش رولىغا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك فونېتىك بىرلىك. فونېتىكا ئەنە شۇ فونېتىك بىرلىكنى تەتقىق قىلىدۇ

D. «ئا، ئە، ئو، ئۇ، ب، پ، ر، ژ» تاۋۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدا مەنە پەرقلەندۈرىدىغان فونېما ھېسابلىنىدۇ

5. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار ۋە تاۋۇشلارنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى سوزۇق تاۋۇش، ئۈزۈك تاۋۇش دەپ تۈرگە ئايرىشتا شۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراش - ئۇچرىماسلىقى ئۆلچەم قىلىنغان

B. ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتىگە ئاساسەن بەش خىل تۈرگە بۆلۈنىدۇ

C. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئايرىشتا بۇ تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ئۆلچەم قىلىنغان

D. ئۇيغۇر تىلىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سانى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بۇ تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ

6. تاۋۇشلارنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. «ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى» دېگەن جۈملىدە جەمئىي 35 تاۋۇش بولۇپ، سوزۇق تاۋۇشتىن 17سى، ئۈزۈك تاۋۇشتىن 18ى بار

B. يۇقىرىقى جۈملە تەركىبىدە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن بەشى بولۇپ، ئىككىسى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش، ئۈچى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش.

C. «مەكتەپ بىلىم بۇلىقى، بىلىم ئەقىلنىڭ چىرىغى» دېگەن ماقالىنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بولۇپ، ئارا سوزۇق تاۋۇشتىن 11 ى بار

D. يۇقىرىقى جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەردە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشتىن 12 ى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشتىن يەتتىسى بار

7. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا ئېيتىلغان قاراشلاردىن توغرىسى: ( )

A. «ھەرقانداق بىر چوڭ ئىش كىچىك ئىشلاردىن باشلىنىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردۇر

B. «پەيت باتۇرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسە، باتۇر پەيتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەر تەركىبىدە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن توققۇزى بار

C. «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەر تەركىبىدە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن بەشى، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن توققۇزى بار

D. يۇقىرىقى جۈملە تەركىبىدىكى بەش سۆز جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئۈچ سۆز جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان

## II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ( ) ۋە ( ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ( ) ( )

www.uyghurkitap.com

ۋە (                    ) دىن ئىبارەت ئۈچ دېئالېكت بار.

3. ھەرقانداق بىر تىل (                    )، (                    ) ۋە (                    ) دىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

4. ئۇيغۇر تىلىدا (                    ) تاۋۇشلىرى (                    ) تاۋۇشلىرىنىڭ ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ.

5. ئۇيغۇر تىلىدىكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار (                    )، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار (                    )، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار (                    )، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار (                    )، تىل ئارا سوزۇق تاۋۇشلار (                    ) دىن ئىبارەت.

6. «ئوقۇغۇچىلار» دېگەن سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار (                    )، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار (                    )، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار (                    ) دىن ئىبارەت.

7. «ئۆلچەملەشتۈرۈش» دېگەن سۆز تەركىبىدە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن (                    )، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن (                    )، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن (                    )، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن (                    ) تاۋۇشلىرى بار.

8. «ياشلىق ئاجايىپ نەرسە، ئۇنى شامالغا سورۇۋېتىش جىنايەت» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشتىن (          ) بار. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن (          ) بار. تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن (          ) بار. تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن (          ) بار.

9. «يامانلىق ئۇرۇقى چاچقان ئىكەنسەن، ياخشىلىق مېۋىسى ئالىمەن دېمە» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار (                    ) قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار (                    )، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار (                    )، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار (                    ) دىن ئىبارەت.

10. «ھەسەتخور ئۆلىدۇ. لېكىن ھەسەت ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار (                    )، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار (                    )، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار (                    ) لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار (                    )، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار (                    )، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار (                    ) دىن ئىبارەت.

### III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئاساسەن ئاخىرىدىكى تەلەپلەرنى ئورۇنداڭ:

قەشقەر، مەكتەپ، ئادەم، ئۈزۈم، يولۋاس، شەھەر، ئاشپەز، تۆمۈر، ئوقۇغۇچى، ئېرىق، يېزا، بۈركۈت، گېزىت، ئائىلە، كىتاب، دېھقان، قۇياش، قورغان، يوللۇق

1) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر:

2) لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر:

3) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر

4) تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر:

2. تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، ھەر بىر سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قايسى جەھەتلەردىن ماسلاشقانلىقىنى تەھلىل قىلىڭ.

ئۈزۈلگەندە يىپى، مونچاق تۆكۈلەر،
ئېزىلگەندە يۈرەك چېكى سۆكۈلەر.

شۇڭا مەردلەر جان كېتىشتىن قايغۇرماس،
مەردلىكىگە قوسۇر يەتسە ئۆكۈنەر.

## §10. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

**ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارتىل ئورنى ياكى لەۋ ھالىتى جەھەتتىن بولۇپمۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قوشۇمچىلار تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ياكى لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز بولۇش جەھەتتىن ئۆز ئارا ماسلىشىپ كېلىشى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئۈزۈم، ئۆرۈك، ئۆتۈك، قوغۇن، تۇزۇم، بوغۇم، يورۇق، يوللۇق، ئۇيغۇر، ئۈزۈك، ئوبۇر - توپۇر، تۆپۈك، تونۇش، تۆمۈر، تۇرمۇش، توشۇش، توقۇش، تۆمۈر، ئىتىز، توقۇنۇش، توي - تۆكۈن، تۇتقۇن، تىنىق، نۇرغۇن، تۇغۇت، تۇزلۇق، تۇيغۇ، ئۇيغۇن، تۆشۈك، گېزىت، تەكشۈرۈش، تۇپتۇز، تۇرلۇك قاتارلىق سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتى ۋە تىل ئورنى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كەلگەن؛ ئاتىلارچە، ئادەلەتسىز، ئادالەتپەرۋەر، ئاداققىچە، ئاتىلارچە، ئاپتاپپەرەس، ئابىكەۋسەر، ئابىچەشمە، ئابىدە، ئاپىرىدە، ئاتەشپەرەس، ئارتۇقچە، ئەرزان، قىممەت، شىكايەت، ئەزىمەت، ئەرىشئەلا، ئىمكانىيەت، ئازادە، ئەرۋاھ، ئەزا، ئەزرائىل، ئەستايىدىل، ئەشئار، ئەقىلدار، ئەخلاق قاتارلىق سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بولۇش ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن؛ ئۆلگە، ئۆگەن، كۆرسەتمە، گۆدەك، گۆرۈكەش، گۆھەر، گۈلقەنت، گۈمبەز، لۆڭگە، ھۆكۈمەت، ھۆججەت، ھۆجەيرە، ھۈنەر، يۈرەك، يۆتەل، يۆتكەش، بۆلەك، يۈكسەك، يۈگەن، ئۆچكە، ئۆردەك، ئۆستەڭ، تۈگمەن، تۈگمە، تۆرە، تۆشەك، تۆرەلمە، تۆھمەت، تۆۋەن، تۈركچە، تۈركمەن قاتارلىق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بولۇپ، بۇلار تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن؛ قۇلاق، تۇۋاق، گۇناھ، تاۋۇش، تارتۇق، ئورغاق، ئولجا، ئوردا، ئوغلاق، قولۋاق، قۇلدار، قۇلماق، قۇمچاق، كاككۇك، ماتور، ماموق، ماغدۇر، ماۋزۇ قاتارلىق سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بولۇپ، بۇ سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولۇش جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كەلگەن.

تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ مۇنداق ماسلىشىشى تىلىمىزدىكى ھەممە سۆزلەرگە ماس كېلىۋەرمەيدۇ. تىلىمىزدىكى كۆپ ساندىكى سۆزلەر شۇنداق ماسلىشىپ كېلىدۇ. لېكىن تىلىمىزدىكى يەنە بىر قىسىم سۆزلەر چەت ئەل تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر، پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ۋە يېڭىدىن ياسالغان بىر قىسىم سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار مۇنداق ماسلىشىپ كېتەلمەيدۇ. مەسىلەن:

بىئولوگىيە، فونېتىكا، لېكسىكولوگىيە، مورفولوگىيە، ئېكولوگىيە، ئېكسكۇرسىيە، ئېكسپېدىتسىيە، ئىدېئولوگىيە، بىئوگرافىيە، گېئومېتىرىيە، گېئولوگىيە، ئۇنئالغۇ، ئۈزۈمزار، گۈلخان، ئەپسۇس، ئەپۇچان، كۆيۈمچان...

ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ مۇنداق ماسلىشىشى ئاساسەن تۈپ سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچە تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن :

ئۈزۈم — ئۈزۈملۈك، ئۈزۈملەر، ئۈزۈمگە
قوغۇن — قوغۇنلۇق، قوغۇنلار، قوغۇنغا، قوغۇندا
تاۋۇش — تاۋۇشلۇق، تاۋۇشلار، تاۋۇشقا، تاۋۇشتا
يول — يوللۇق، يوللا، يوللار، يولدا، يولغا، يولۇم
باش — باشقۇر، باشقۇرۇش، باشقۇرماق، باشقۇرغان
يۈز — يۈزلۈك، يۈزلە، يۈزۈم، يۈزۈمگە، يۈزۈمدە

يەر — يەرلەش، يەرلەشمەك، يەرلەرگە، يەردە
قول — قوللۇق، قوللاش، قوللاپ، قولغا، قولۇم،
كۆز — كۆزلۈك، كۆزلە، كۆزلەر، كۆزدە، كۆزۈم، كۆزۈڭ دېگەنلەردەك.

**ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ئاساسەن ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە نىسبەتەن، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭلىقتا جاراڭلىق، جاراڭسىزغا جاراڭسىزنىڭ ماس هالدا باغلىنىپ كېلىشىدە كۆرۈلىدۇ.** مەسىلەن:

مەكتەپ + تىن، ئاكام + دىن، مەكتەپ + كە، ئاكام + غا، مەكتەپ + تە، قەشقەر+ دىن، قەشقەر + گە، قەشقەر + دە، ۋەتەن + دىن، ۋەتەن + گە، ۋەتەن + دە، تاۋۇش + تىن، تاۋۇش + قا، تاۋۇش + تا.

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ماسلىشىپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىنى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىمىز. قوشۇمچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلاردا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بولىدۇ. ۋارىيانتسىز قوشۇمچىلاردا ماسلىشىش بولمايدۇ. بۇ ماسلىشىش تۆۋەندىكى تۆت خىل قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ:

1. سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تىل ئورنىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ.
2. سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ لەۋ هالىتىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ.
3. سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز بولۇشىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ.
4. ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلار سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنىڭ ئوچۇق ۋە يېپىق بولۇشىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ.

# §11. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

ئۇيغۇر تىلىدا تۈپ سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزىگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچە تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، تىل ئورنى ياكى لەۋ هالىتى جەهەتتىن ئۆزى بىلەن، بولۇپمۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرىدۇ.

**ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈپ سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ، شۇنداقلا سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچە تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ياكى لەۋ هالىتى جەهەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ.**

سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ۋە لەۋ هالىتى جەهەتتىن بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنگەنلىكى ئۈچۈن، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشمۇ تىل ئورنى جەهەتتىن ماسلىشىش ۋە لەۋ هالىتى جەهەتتىن ماسلىشىش دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

## 1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەهەتتىكى ماسلىشىشى

**تۈپ سۆزلەردىكى، شۇنىڭدەك تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈپ سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەهەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەهەتتىكى ماسلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ.**

**سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەهەتتىن ماسلىشىشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:**

**1) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.** مەسىلەن:

ئەركە — ئەركىلە، ئەركىلىمەك، ئەركىلىگەن، ئەركىلىگەندە
ئەكەل — ئەكەلمەك، ئەكەلگەن، ئەكەلسە، ئەكەلگۈز، ئەكەلگۈزمەك
يەر — يەرلەش، يەرلەشمەك، يەرلەشكەن، يەرلەشتۈرمەك
كۆز — كۆزلۈك، كۆزگە، كۆزدە، كۆزلە، كۆزلىگەن، كۆزلىگەندە
يۈز — يۈزلۈك، يۈزۈم، يۈزۈمگە، يۈزلەش، يۈزلەشمەك، يۈزلەشكەن، يۈزلەشكەندە
ئىدارە — ئىدارىگە، ئىدارىدە، ئىدارىلەر، ئىدارىلەرگە، ئىدارىلەردە
قائىدە — قائىدىگە، قائىدىدە، قائىدىلەر، قائىدىلەرگە، قائىدىلەردە
مەسئۇلىيەت — مەسئۇلىيەتكە، مەسئۇلىيەتتە

**2) تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.** مەسىلەن:

باش — باش-باشقۇر، باشقۇرۇش، باشقۇرۇشقا، باشقۇرۇشتا
قول — قوللا، قوللۇق، قولۇم، قولۇڭ، قولۇمغا
تۇز — تۇزلۇق، تۇزلاش، تۇزلاشقا، تۇزۇم، تۇزۇڭ
تاۋۇش ـ تاۋۇشلۇق، تاۋۇشقا، تاۋۇشتا، تاۋۇشلار
قوغۇن — قوغۇنلۇق، قوغۇنلار، قوغۇنغا، قوغۇنۇم
تارتۇق — تارتۇقلا، تارتۇقلىماق، تارتۇقلىغان
ماۋزۇ — ماۋزۇلۇق، ماۋزۇلار، ماۋزۇدا، ماۋزۇغا
ماغدۇر — ماغدۇرلۇق، ماغدۇرۇم، ماغدۇرۇمغا
ئوتۇن — ئوتۇنلۇق، ئوتۇنلار، ئوتۇنغا، ئوتۇنۇم
ماشىنا — ماشىنىلار، ماشىنىغا، ماشىنىلارغا، ماشىنىدا
قۇراشتۇر — قۇراشتۇرۇش، قۇراشتۇرۇشقا، قۇراشتۇرۇشتا

**3) ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئې» لار بىلەنلا تۈزۈلگەن بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ. «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولمىسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.** مەسىلەن:

كىر — كىرمەك، كىرگەن، كىرسە، كىرگەنلەر، كىرگەنلەرگە
تىك — تىككەن، تىكمەك، تىكتۈر، تىكتۈرۈش، تىكتۈرگەن
تىل — تىللا، تىللاش، تىللاشماق، تىللاشقان، تىللاشقاندا
قىش — قىشلا، قىشلىماق، قىشلىغان، قىشلىسا، قىشلىغاندا
گېزىت — گېزىتكە، گېزىتلەر، گېزىتلەرگە، گېزىتلەردە
كىگىز — كىگىزگە، كىگىزدە، كىگىزلەر، كىگىزلەرگە، كىگىزلەردە
ئېشىك — ئېشىكتە، ئېشىكلەر، ئېشىكلەرگە، ئېشىكلەردە
يىلىك — يىلىككە، يىلىكتە، يىلىكلەر، يىلىكلەرگە، يىلىكلەردە
يىگىت — يىگىتتە، يىگىتكە، يىگىتلەر، يىگىتلەرگە، يىگىتلەردە
پىكىر — پىكىرلەش، پىكىرلەشمەك، پىكىرلەشكەن، پىكىرلەشكەندە
تىرىك — تىرىككە، تىرىكتە، تىرىكلەر، تىرىكلەرگە، تىرىكلەردە
تېكىست — تېكىستتە، تېكىستلەر، تېكىستلەرگە، تېكىستلەردە
سىنىپ — سىنىپقا، سىنىپتا، سىنىپلار، سىنىپلارغا، سىنىپلاردا
پرىنسىپ — پرىنسىپقا، پرىنسىپتا، پرىنسىپلار، پرىنسىپلارغا
زىغىر — زىغىردا، زىغىرغا، زىغىرلا، زىغىرلاپ، زىغىرلاش
ئىرىق ـ ئىرىقتا، ئىرىققا، ئىرىقلار، ئىرىقلارغا، ئىرىقلاردا

بېيت ـ بېيتماق، بېيتقان، بېيتقاندا، بېيتقانلار، بېيتقانلارغا

**ئەسكەرتىش:**

بىر قىسىم سۆزلەر بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ. بۇنداق سۆزلەرگە ئادەتلىنىپ كېلىنگىنى بويىچە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن :

بىر (سان) — بىرلەپ، بىرلەمچى، بىرگە، بىرلەش، بىرلەر (خانىسى)
بىز (ئالماش) — بىزگە، بىزدە، بىزلەر، بىزلەرگە، بىزلەردە
سىز (ئالماش)— سىزلەر، سىزلا سىزلەش، سىرلەشمەك، سىزدە، سىزگە
ئىش (ئىسىم) — ئىشلە، ئىشلەن، ئىشلىمەك، ئىشلەش، ئىشلىگەندە
ئىل (ئىسىم) — ئىلمەك، ئىلگەك، ئىلمەكلەر، ئىلمەككە، ئىلمەكتە
ئىل (پېئىل) —ئىلغان، ئىلسا، ئىلغۇ، ئىلماق، ئىلغاندا
ئىز (پېئىل) —ئىزدە، ئىزدىمەك، ئىزدىگەن، ئىزدىگەندە
ئىز (ئىسىم) — ئىزلار، ئىزلارغا، ئىزلاردا، ئىزلا، ئىزلاپ، ئىزلىغاندا
گىرىم — گىرىمخانا، گىرىمخانىغا، گىرىمخانىدا، گىرىمخانىلار
گىچ — گىچماچ، گىچىلدا، گىچىلدىغان، گىچىلدىماق، گىچىلدىغاندا
جىددىي — جىددىيلەش، جىددىيلەشكەن، جىددىيلەشمەك، جىددىيلەشكەندە
ئىلىم — ئىلىمگە، ئىلىمدە، ئىلىملىكلەر، ئىلىملىكلەرگە، ئىلىملىكلەردە

**4) ئاخىرقى بوغۇمى ئارا سوزۇق تاۋۇشى «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇمنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ.** مەسىلەن:

ئۈرۈمچى — ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدە، ئۈرۈمچىلىكلەر، ئۈرۈمچىلىكلەرگە
ئەمەلىي — ئەمەلىيلەشتۈر، ئەمەلىيلەشتۈرمەك، ئەمەلىيلەشتۈرگەن
تۆمۈرچى — تۆمۈرچىگە، تۆمۈرچىدە، تۆمۈرچىلەر، تۆمۈرچىلەرگە، تۆمۈرچىلەردە
زەئىپ — زەئىپلەش، زەئىپلەشكەن، زەئىپلەشمەك، زەئىپلەشكەنلەر
زەنجىر — زەنجىرلە، زەنجىرلىمەك، زەنجىرلىگەن، زەنجىرلىگەندە
ئوقۇغۇچى — ئوقۇغۇچىغا، ئوقۇغۇچىدا، ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلارغا
تولدۇرغۇچى — تولدۇرغۇچىلار، تولدۇرغۇچىغا، تولدۇرغۇچىلارغا

**ئەسكەرتىش:**

ئاخىرقى بوغۇمى «ئى» بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇمنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا يەنە «ئى» سوزۇق تاۋۇشى بولسا، ئۇ بوغۇمنىڭمۇ ئالدىدىكى بوغۇمغا قاراش كېرەك. مەسىلەن:

كومىتېت — كومىتېتقا، كومىتېتلار، كومىتېتلارغا، كومىتېتلاردا
كوللېكتىپ — كوللېكتىپقا، كوللېكتىپلاش، كوللېكتىپلار
كۈلكىسى — كۈلكىسىگە، كۈلكىسىدە
تۆرىچىلىك — تۆرىچىلىككە، تۆرىچىلىكتە

**5) «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ياكى ئاخىرقى بوغۇمى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ، شۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى « ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې» ياكى «ئى» غا ئاجىزلاشقاندىن كېيىن يەنە قوشۇمچە قوشۇشقا توغرا كەلسە، ئەسلىدىكى سۆز تەركىبىدىكى ئاجىزلاشقان سوزۇق تاۋۇش ئاساس قىلىنىدۇ.** مەسىلەن :

باش — بېشىم، بېشىمغا، بېشىمدا، بېشىڭغا، بېشىڭدا
ياش — يېشىم، يېشىمغا، يېشىمدا، يېشىڭغا، يېشىڭدا
بار — بېرىش، بېرىشىمغا، بېرىشىمدا، بېرىشقا، بېرىشقاندا

www.uyghurkitap.com

ياز — يېزىش، يېزىشقا، يېزىشماق، يېزىشقان، يېزىشقاندا

يەر — يېرىم، يېرىمگە، يېرىمدە

بەل — بېلىم، بېلىمگە، بېلىمدە،

بالا — بالىسى، بالىسىغا، بالىسىدا،

ماشىنا — ماشىنىسى، ماشىنىسىغا، ماشىنىسىدا

ئائىلە — ئائىلىسى، ئائىلىسىگە، ئائىلىسىدە

پارتىيە — پارتىيەسى، پارتىيەسىگە، پارتىيەسىدە

**6) ئاخىرقى بوغۇمىدا «ئە» سوزۇق تاۋۇشى كەلگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرگە ئالدىنقى بوغۇمىنىڭ قانداق سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئە» سوزۇق تاۋۇشى ئىناۋەتكە ئېلىنىپ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە قوشۇلىدۇ.** مەسىلەن:

راھەت — راھەتلەن، راھەتلەنمەك، راھەتلەنگەن، راھەتلەنسە

مۇتلەق — مۇتلەقلەشتۈر، مۇتلەقلەشتۈرۈش، مۇتلەقلەشتۈرمەك

تاقەت — تەقەتلەن، تاقەتلەنمەك، تاقەتلەنگەن، تاقەتلەنسە

ئامەت — ئامەتلەر، ئامەتكە، ئامەتلەرگە، ئامەتلەردە، ئامەتلىرىڭگە

ئاپەت — ئاپەتكە، ئاپەتتە، ئاپەتلەر، ئاپەتلەرگە، ئاپەتلەردە

نازارەت — نازارەتكە، نازارەتتە، نازارەتلەر، نازارەتلەرگە، نازارەتلەردە

مۇئامىلە — مۇئامىلىگە، مۇئامىلىدە، مۇئامىلىلەر، مۇئامىلىلەرگە

قەبىلە — قەبىلىگە، قەبىلىدە، قەبىلىلەر، قەبىلىلەرگە، قەبىلىلەردە

ئېكسكۇرسىيە — ئېكسكۇرسىيىگە، ئېكسكۇرسىيىدە، ئېكسكۇرسىيىچىلەر

**7) ئىسىملارنىڭ كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى «چە»، تۈرغۇن (مۇستەقىل) سۆزلەردىن رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچە «چە» قوشۇلغان سۆزلەر ۋە «چە» بوغۇمى بىلەن ئاخىرلاشقان تۈپ سۆزلەرگە باشقا تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، «چە» بوغۇمىنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە قوشۇلىدۇ.** مەسىلەن:

نەيچە — نەيچىگە، نەيچىدە، نەيچىلەر، نەيچىلەرگە، نەيچىلەردە

قەلەمچە — قەلەمچىلە، قەلەمچىلىمەك، قەلەمچىلىگەن، قەلەمچىلىگەندە

كۆپۈكچە — كۆپۈكچىلەپ، كۆپۈكچىلەر، كۆپۈكچىلەرگە، كۆپۈكچىلەردە

باغچە — باغچىغا، باغچىدا، باغچىلار، باغچىلاردا، باغچىلارغا، باغچىلاشتۇر

ئايالچە — ئايالچىلاپ، ئايالچىغا، ئايالچىدا

ئىغىزچە — ئىغىزچىلاپ، ئىغىزچىغا، ئىغىزچىدا

قوشۇمچە — قوشۇمچىغا، قوشۇمچىدا، قوشۇمچىلار، قوشۇمچىلارغا، قوشۇمچىلاردا

8) «چە» بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇمىنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئې، ئى» لار بولغان سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا شۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «خ، غ، ق» تاۋۇشلىرى بولسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە، بولمىسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

زىخچە — زىخچىغا، زىخچىدا، زىخچىلار، زىخچىلارغا

سىزىقچە — سىزىقچىغا، سىزىقچىدا، سىزىقچىلار، سىزىقچىلارغا

تىزىقچە — تىزىقچىغا، تىزىقچىدا، تىزىقچىلار، تىزىقچىلارغا

كىرپىكچە — كىچىكچىگە، كىرپىكچىدە، كىرپىكچىلەر، كىرپىكچىلەرگە

نىمىسچە — نىمىسچىگە، نىمىسچىدە، نىمىسچىلەپ، نىمىسچىڭلار

شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى

ئاھاڭداشلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ، ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشى

**سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلەشكەن ياكى لەۋلەشمىگەن بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قوشۇمچىلارنىڭ شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان شەكلىنىڭ ئۇلىنىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ.**

قوشۇمچىلارنىڭ سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىپ ئۇلىنىشى تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە بولىدۇ:

1) **لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ۋە ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈرى ئۇلىنىدۇ.** مەسىلەن :

قول — قولۇم، قولۇڭ، قوللۇق
سۆز — سۆزۈم، سۆزۈڭ، سۆزلۈك
يۈز — يۈزۈم، يۈزۈڭ، يۈزلۈك
كۆر — كۆرۈش، كۆرۈشۈش، كۆرۈشتۈر
ئۇر — ئۇرۇش، ئۇرۇشۇش، ئۇرۇشتۇرۇش
ئوغۇل — ئوغلۇم، ئوغلۇڭ، ئوغۇللۇق
ئوتۇن — ئوتۇنۇم، ئوتۇنۇڭ، ئوتۇنلۇق
قوغۇن — قوغۇنۇم، قوغۇنۇڭ، قوغۇنلۇق
ئۈزۈم — ئۈزۈملۈك، ئۈزۈملۈكۈم، ئۈزۈملۈكۈڭ
ئۆرۈك — ئۆرۈكۈم، ئۆرۈكۈڭ، ئۆرۈكلۈك
ئۆكۈز — ئۆكۈزۈم، ئۆكۈزۈڭ، ئۆكۈزلۈك

2) **لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ۋە ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈرى ئۇلىنىدۇ.** مەسىلەن:

ئال — ئالماق، ئېلىش، ئالغان، ئالسا، ئالغاندا
ياش — ياشا، ياشىغان، ياشىماق، ياشىسا، ياشىغاندا
باش — باشلا، باشلىماق، باشلىغان، باشلىسا، باشلىغاندا
ياش — يېشىم، يېشىڭ، يېشىمغا، يېشىڭغا، يېشىڭدا
يەر — يەرلەش، يەرلەشمەك، يەرلەشكەن، يەرلەشكەندە
يەر — يېرىم، يېرىڭ، يېرىمىز، يېرىمىزگە، يېرىمىزدە
بەل — بېلىم، بېلىمگە، بېلىمدە، بېلىڭگە، بېلىڭدە
ئىش — ئىشلە، ئىشلىمەك، ئىشلىگەن، ئىشلىسە، ئىشلىگەندە
قىش — قىشلا، قىشلىغان، قىشلىماق، قىشلىسا، قىشلىغاندا
تىز — تىزلەت، تىزلەتمەك، تىزلەتكەن، تىزلەتسە، تىزلەتكەندە
ئىرىق — ئىرىققا، ئىرىقتا، ئىرىقلار، ئىرىقلارغا، ئىرىقلاردا
گېزىت — گېزىتكە، گېزىتتە، گېزىتلەر، گېزىتلەرگە، گېزىتلەردە
سىنىپ — سىنىپقا، سىنىپتا، سىنىپلار، سىنىپلارغا، سىنىپلاردا
ئۆگەن — ئۆگىنىش، ئۆگەنمەك، ئۆگەنگەن، ئۆگەنسە، ئۆگەنگەندە
كۆرسەت — كۆرسەتكەن، كۆرسەتمەك، كۆرسىتىش، كۆرسەتكەندە
گۈللەن — گۈللىنىش، گۈللەنگەن، گۈللەنمەك، گۈللەنسە، گۈللەنگەندە
كۆنۈكمە — كۆنۈكمىگە، كۆنۈكمىدە، كۆنۈكمىلەر، كۆنۈكمىلەرگە

ئۇزات — ئۇزىتىش، ئۇزاتماق، ئۇزاتقان، ئۇزاتسا، ئۇزاتقاندا

## §12. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز بولۇشىغا قاراپ قوشۇمچىلارنىڭ شۇنىڭغا ماس شەكلىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا، ئۇزۇك تاۋۇشلار تۆۋەندىكىدەك ماسلىشىپ كېلىدۇ.

**1. « ب، د» دىن باشقا بارلىق جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان تۈرى ئۇلىنىدۇ.** مەسىلەن :

باغ — باغدا، باغقا، باغدىن

يول — يولدا، يولغا، يولدىن

ئىتىز — ئىتىزغا، ئىتىزدا، ئىتىزدىن

مەھرەم — مەھرەمگە، مەھرەمدە، مەھرەمدىن

يەر — يەردە، يەرگە، يەردىن

كىر — كىرگەن، كىرگەنلەر، كىرگەنلەرگە

ئۆي — ئۆيگە، ئۆيدە، ئۆيدىن

تەن — تەنگە، تەندە، تەندىن

ئادەم — ئادەمگە، ئادەمدە، ئادەمدىن

مەركەز — مەركەزگە، مەركەزدە، مەركەزدىن

**2. بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى « ب، د » تاۋۇشلىرى جانلىق تىلدا « پ، ت » تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن يېزىقتا يەنىلا «ب، د» يېزىلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا تەلەپپۇزغا ئاساسەن ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان تۈرى ئۇلىنىدۇ.** مەسىلەن :

كىتاب — كىتابقا، كىتابتا، كىتابتىن

ھېساب — ھېسابقا، ھېسابتا، ھېسابتىن

ئازاب — ئازابقا، ئازابتا، ئازابتىن

غەرب — غەربكە، غەربتە، غەربتىن

ئېتىقاد ـ ئېتىقادقا، ئېتىقادتا، ئېتىقادتىن

ئىقتىساد — ئىقتىسادقا، ئىقتىسادتا، ئىقتىسادتىن

تەنقىد — تەنقىدكە، تەنقىدتە، تەنقىدتىن

ئەۋلاد — ئەۋلادقا، ئەۋلادتا، ئەۋلادتىن

**3. «غ، گ» جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە يەنە «غ، گ» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلارنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن «ق، ك» جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشلىرى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. بۇ قوشۇمچىلارنىڭ تەسىرى بىلەن تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «غ» تاۋۇشى «ق»، «گ» تاۋۇشى «ك» تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ، ئەمما يېزىقتا ئۆزگەرمەي «غ، گ» بويىچە يېزىلىدۇ.** مەسىلەن:

تاغ — تاغقا (تاققا ئەمەس)

تۇغ — تۇغقان (تۇققان ئەمەس)

تىغ — تىغقا (تىققا ئەمەس)

ئاياغ — ئاياغقا (ئاياققا ئەمەس)

باغ — باغقا (باققا ئەمەس)

ياغ — ياغقان (ياققان ئەمەس)

يىغ — يىغقان (يىققان ئەمەس)

ئاغ — ئاغقان (ئاققان ئەمەس)

ساغ — ساغقان (ساققان ئەمەس)　　ئەگ — ئەگكەن (ئەككەن ئەمەس)
تەگ — تەگكەن (تەككەن ئەمەس)　　بەگ — بەگكە (بەككە ئەمەس)
تۆگ — تۆگكەن (تۆككەن ئەمەس)　　چىغ — چىغقا (چىققا ئەمەس)

**4. جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان تۈرى ئۇلىنىدۇ.** مەسىلەن:

ئىش — ئىشقا، ئىشتا، ئىشتىن
باش — باشقۇر، باشتا، باشقا، باشتىن.
ئات — ئاتقا، ئاتتا، ئاتتىن، ئاتتۇر، ئاتقۇز
ئاچ — ئاچقۇچ، ئاچقۇچقا، ئاچقۇچتا، ئاچقۇچتىن
ئاش — ئاشقا، ئاشتا، ئاشتىن
دەرس — دەرسكە، دەرستە، دەرستىن
تارىخ — تارىخقا، تارىختا، تارىختىن
يۈرەك — يۈرەككە، يۈرەكتە، يۈرەكتىن
مەكتەپ — مەكتەپكە، مەكتەپتە، مەكتەپتىن
سائەت — سائەتكە، سائەتتە، سائەتتىن
شىركەت — شىركەتكە، شىركەتتە، شىركەتتىن
قەۋەت — قەۋەتكە، قەۋەتتە، قەۋەتتىن
مەملىكەت — مەملىكەتكە، مەملىكەتتە، مەملىكەتتىن
تۇپراق — تۇپراققا، تۇپراقتا، تۇپراقتىن
قورساق — قورساققا، قورساقتا، قورساقتىن

ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلار يۇقىرىدا سۆزلىگەندەك ماسلىشىشچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر خىل مەنە ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلار كۆپىنچە بىر قانچە يۈرۈش (ۋارىيانتلىق) بولىدۇ. مەسىلەن:

«ق، ىق، اق، ۇق، ۈك، غاق، قاق» قوشۇمچىلىرى پېئىللاردىن ئىسىم ياكى سۈپەتلەرنى ياسايدىغان قوشۇمچىلار بولۇپ، «ق، ىق» تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئۈچۈق ياكى يېپىق بوغۇم ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

سانا + ق = ساناق، تاقا+ق = تاقاق، باغلا + ق = باغلاق، بوردا + ق = بورداق، ياز + ىق = يېزىق، ئاچ + ىق = ئېچىق

«ۇق، ۈك» قوشۇمچىلىرى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تىل ئورنى ھەم لەۋ ھالىتىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

سۇن + ۇق= سۇنۇق، تۇر+ ۇق = تۇرۇق، بۇز + ۇق = بۇزۇق، تۈز + ۈك=تۈزۈك

«غاق، قاق» قوشۇمچىلىرى تىل ئارقا بولۇشنى ھەم ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز بولۇشنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ:

تان + غاق = تانغاق، بار + غاق = بارغاق، يان + غاق = يانغاق، تېيىل + غاق = تېيىلغاق، تۇت+ قاق = تۇتقاق، باس + قاق = باسقاق (بېگى)، يېپىش + قاق= يېپىشقاق

ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن بېرىش كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى «- غا، -قا، -گە، -كە»، ئورۇن كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى « -دا، -تا، -دە، -تە » بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ھەربىرى تۆتتىن. گەرچە ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشچانلىق خۇسۇسىيىتى بولۇش سەۋەبلىك سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار بىرقانچە يۈرۈش بولسىمۇ (يۇقىرىقىدەك)، لېكىن ھەممىلا قوشۇمچە ئۇنداق ئەمەس. بەزى قوشۇمچىلار ئىككى بولسا، بەزى قوشۇمچىلار پەقەت بىرلا بولىدۇ. بىرلا قوشۇمچىدىن تەركىب تېپىپ باشقا تۈرلىرى بولمىغان قوشۇمچىلار نىسبەتەن ئۇنىۋېرساللىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ

قوشۇمچىلار تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىنى ئاساس قىلماي ئۇلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

ئىسىملاردىكى ئىگىلىك كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى «نىڭ»، چۈشۈم كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى «نى» لار بىردىنلا قوشۇمچە بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلار ھېچقانداق ئاھاڭداشلىقنى ئاساس قىلماي ئۇلىنىۋېرىدۇ. مەكتەپنىڭ، ئۆزۈمنىڭ، دادامنىڭ، سىنىپىنىڭ، بىزنىڭ، قەشقەرنىڭ. مۇنداق ئەھۋال سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ، چۈنكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆپ يۈرۈشلۈك (ۋارىيانتلىق) ئەمەس. مەسىلەن:

«چى» قوشۇمچىسى ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىسى بولۇپ، قوغۇنچى، باشچى، رولچى، كۆمۈرچى، ئۆكتىچى، پۇتۇكچى ئەمگەكچى دېگەندەك سۆزلەرنى ياساپ، تىل ئالدىغىمۇ، تىل ئارقىغىمۇ، جاراڭلىققىمۇ، جاراڭسىزغىمۇ لەۋلەشكەن ۋە لەۋلەشمىگەنگىمۇ ئۇلىنىۋېرىدۇ.

## §13. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دېگەن بۇ ئۇقۇم «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې» ياكى «ئى» غا ئاجىزلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**1. «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې» غا ئاجىزلىشىدۇ ۋە ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ.** مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئات + ىم = ئېتىم، | ئات + ى = ئېتى، | ئات + ىش = ئېتىش |
| جان + ىم = جېنىم، | جان + ىڭ = جېنىڭ، | جان + ى = جېنى |
| ياش + ىم = يېشىم، | ياش + ىڭ = يېشىڭ، | ياش + ى = يېشى |
| باش + ىم = بېشىم، | باش + ىڭ = بېشىڭ، | باش +ى = بېشى |
| تاش + ىم = تېشىم، | تاش + ىڭ = تېشىڭ، | تاش + ى = تېشى |
| قان + ىم = قېنىم، | قان + ىڭ = قېنىڭ، | قان + ى= قېنى |
| بار + ىش = بېرىش، | بار + ىپ = بېرىپ، | بار + ىڭ = بېرىڭ |
| ئال + ىپ = ئېلىپ، | ئال + ىش = ئېلىش، | ئال + ىڭ = ئېلىڭ |
| يەر + ىم = يېرىم، | يەر+ ىڭ=يېرىڭ، | يەر + ى = يېرى |
| تەن + ىم = تېنىم، | تەن + ىڭ=تېنىڭ، | تەن + ى = تېنى |
| بەل + ىم = بېلىم، | بەل + ىڭ = بېلىڭ، | بەل + ى = بېلى |
| يەت + ىپ = يېتىپ، | يەت + ىش= يېتىش | يەت + ىڭ = يېتىڭ |
| يەش + ىپ = يېشىپ، | يەش + ىش = يېشىش | يەش + ىڭ = يېشىڭ |

**2. «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسى نىسبەتەن تۇراقلىق بولۇپ، سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە قوشۇلسىمۇ ئۇرغۇ كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدۇ ھەم ئاجىزلاشتۇرۇلماي يېزىلىدۇ.** مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| يار + ىم = يارىم، | يار + ىڭ = يارىڭ، | يار+ ى = يارى |
| سان + ىم = سانىم، | سان + ىڭ = سانىڭ، | سان + ى = سانى |
| ھال + ىم = ھالىم، | ھال + ىڭ = ھالىڭ، | ھال + ى = ھالى |
| تارت + ىپ = تارتىپ، | تارت + ىش = تارتىش، | تارت + ىن = تارتىن |

پەم + ىم = پەمىم، پەم + ىڭ = پەمىڭ، پەم + ى = پەمى

شەرت + ىم ـ شەرتىم، شەرت + ىڭ = شەرتىڭ، شەرت + ى = شەرتى

خەلق + ىم = خەلقىم، خەلق + ىڭ = خەلقىڭ، خەلق + ى = خەلقى

بەخت + ىم = بەختىم، بەخت +ىڭ = بەختىڭ، بەخت + ى = بەختى

**3. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا كەلگەن «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە بەزى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ ۋە ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ.** مەسىلەن:

بالا + غا = بالىغا، بالا + دا = بالىدا، بالا + سى = بالىسى

ياسا+ غان = ياسىغان، ياسا + ماق = ياسىماق، ياسا + سا = ياسىسا

ئاياغ + ىم = ئايىغىم، ئاياغ + ىڭ = ئايىغىڭ، ئاياغ + ى = ئايىغى

ياتاق + ىم = ياتىقىم، ياتاق + ىڭ = ياتىقىڭ، ياتاق+ى=ياتىقى

ماشىنا + مىز = ماشىنىمىز، ماشىنا + ڭ = ماشىناڭ، ماشىنا + سى = ماشىنىسى

دوپپا + مىز = دوپپىمىز، دوپپا + ڭ = دوپپاڭ، دوپپا + سى = دوپپىسى

مەكتەپ + ىم = مەكتىپىم، مەكتەپ + ىڭ = مەكتىپىڭ، مەكتەپ + ى = مەكتىپى

ۋەتەن + ىم = ۋەتىنىم، ۋەتەن + ىڭ = ۋەتىنىڭ، ۋەتەن+ ى = ۋەتىنى

دەپتەر + ىم = دەپتىرىم، دەپتەر + ىڭ = دەپتىرىڭ، دەپتەر + ى = دەپتىرى

ئائىلە + گە = ئائىلىگە، ئائىلە + دە = ئائىلىدە، ئائىلە + سى = ئائىلىسى

سۆزلە + مەك = سۆزلىمەك، سۆزلە + گەن = سۆزلىگەن، سۆزلە + سە = سۆزلىسە

تىلە + مەك = تىلىمەك، تىلە + گەن = تىلىگەن، تىلە + سە = تىلىسە

**4. ئەرەب، پارس، رۇس تىللىرىدىن كىرگەن كۆپ بوغۇملۇق بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى، خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردىكى قوشما يۈنمۇلار تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق خاراكتېرىنى يوقاتمىغانلىقى ئۈچۈن ئاجىزلاشماي شۇ پېتىچە يېزىلىدۇ.** مەسىلەن:

سىماب + ىم = سىمابىم، سىماب + ىڭ = سىمابىڭ، سىماب + ى = سىمابى

ئىمزا + ىم = ئىمزايىم، ئىمزا + ڭ = ئىمزايىڭ، ئىمزا + سى = ئىمزاسى

ئەشيا + لار = ئەشيالار، ئەشيالار + ى = ئەشيالىرى، ئەشيا + سى= ئەشياسى

سىياق + ىم = سىياقىم، سىياق + ىڭ = سىياقىڭ، سىياق + ى = سىياقى

كىسلاتا + م = كىسلاتايىم، كىسلاتا + ڭ = كىسلاتايىڭ، كىسلاتا + سى = كىسلاتاسى

سېپىترا + لار = سېپىترالار، سېپىترا+ سى=سېپىترايىڭ، سېپىترا +سى = سېپىتراسى

مارشال + ى = مارشالى، مارشال + لىق = مارشاللىق، مارشال + نىڭ = مارشالنىڭ

شاڭجاڭ + ى = شاڭجاڭى، شاڭجاڭ + لىق= شاڭجاڭلىق، شاڭجاڭ + نىڭ = شاڭجاڭنىڭ

تەلەت + ىم = تەلەتىم، تەلەت + ىڭ = تەلەتىڭ، تەلەت + ى = تەلەتى

لەۋھە + يىم = لەۋھەيىم، لەۋھە + ڭ = لەۋھەيىڭ، لەۋھە + سى = لەۋھەسى

جەمەت + ىم = جەمەتىم، جەمەت + ىڭ = جەمەتىڭ، جەمەت + ى = جەمەتى

نەسەب + ىم = نەسەبىم، نەسەب + ىڭ = نەسەبىڭ، نەسەب + ى = نەسەبى

سىلىڭيۈەن + ى = سىلىڭيۈەنى، سىلىڭيۈەن + لىك = سىلىڭيۈەنلىك

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» لارغا ئاجىزلىشىشى مۇتلەق ھادىسە بولماستىن نىسپىي ھادىسىدۇر، يەنى ئوخشاش بىر سۆزدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشى شۇ سۆزگە بەزى قوشۇمچىلارنى قوشقاندا «ئې» ياكى «ئى» غا ئاجىزلاشسا، بەزى قوشۇمچىلارنى قوشقاندا ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان «باش» سۆزىنى ئالساق، بۇ سۆزگە يۇقىرىقىدەك «ىم، ىڭ، ى» قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، «باش» سۆزى تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئې» غا ئاجىزلىشىدۇ. لېكىن «باش» سۆزىگە «لا، قۇر، چى، لار» قاتارلىق قوشۇمچىلارنى قوشقاندا «باشلا، باشقۇر، باشچى، باشلار» بولۇپ، «باش» سۆزى تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ.

«ئائىلە» سۆزىنى ئالساق، يۇقىرىقىدەك قوشۇمچىلارنى قوشقاندا «لە» بوغۇمىدىكى «ئە» تاۋۇشى «ئى» غا ئاجىزلىنىشىدۇ. ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشساق «ئائىلەم، ئائىلىمىز، ئائىلەڭ ئائىلەڭلار، ئائىلىسى» بولۇپ، بەزى شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا ئاجىزلاشسا، بەزىلىرىدە ئاجىزلاشمايدۇ.

دېمەك، سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې» ياكى «ئى» غا ئاجىزلىشىشى ئېنىق بوغۇملۇق سۆزلەردە شۇ سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن كۆپ بوغۇملۇق سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى قوشۇمچە قوشۇلغاندا، شۇ بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىگە كىرسە ئاجىزلىشىدۇ، يېپىق بوغۇم ھالىتىگە كىرسە ئاجىزلاشمايدۇ.

## §14. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى

**ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

**1. يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئى، ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا چۈشۈپ قالىدۇ.** مەسىلەن:

سىڭىل + ىم = سىڭلىم، سىڭىل + ىڭ = سىڭلىڭ، سىڭىل + سى = سىڭلىسى
ۋاقىت + ىم = ۋاقتىم، ۋاقىت + ىڭ = ۋاقتىڭ، ۋاقىت + ى = ۋاقتى
ۋاقىت + ىمىز = ۋاقتىمىز، ۋاقىت+ ىڭلار= ۋاقتىڭلار، ۋاقىت + ى = ۋاقتى
ئەقىل + ىم = ئەقلىم، ئەقىل + ىڭ = ئەقلىڭ، ئەقىل + ى = ئەقلى
زېھىن + ىم = زېھنىم، زېھىن + ىڭ = زېھنىڭ، زېھىن + ى = زېھنى
ئورۇن + ۇم = ئورنۇم، ئورۇن + ۇڭ = ئورنۇڭ، ئورۇن + ى = ئورنى
ئوغۇل + ۇم = ئوغلۇم، ئوغۇل + ۇڭ = ئوغلۇڭ، ئوغۇل + ى = ئوغلى
كۆڭۈل + ۈم = كۆڭلۈم، كۆڭۈل + ۈڭ = كۆڭلۈڭ، كۆڭۈل +ى = كۆڭلى
ئۆمۈر + ۈم = ئۆمرۈم، ئۆمۈر + ۈڭ = ئۆمرۈڭ، ئۆمۈر + ى = ئۆمرى

**2. «مەن، سەن» شەخسلىك ئالماشلىرى ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، تەركىبىدىكى «ن» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ.** مەسىلەن:

مەن + نىڭ = مېنىڭ، سەن+ نىڭ= سېنىڭ، مەن+ نى= مېنى، سەن+ نى= سېنى

**ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى**

**3. يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرگە ئىسىملارنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا قوشۇمچىلارنىڭ ئالدىغا «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئۈچۈن «سى» قوشۇلىدۇ.**

مەسىلەن :

بىنا + ىم = بىنايىم، بىنا + ىڭ = بىنايىڭ، بىنا + ىمىز = بىنايىمىز،
باھا + ىم = باھايىم، باھا + ىڭ =باھايىڭ، باھا + ىمىز= باھايىمىز،



www.uyghurkitap.com

ئىملا + ىم = ئىملايىم، ئىملا + ڭ = ئىملايىڭ، ئىملا+ىمىز = ئىملايىمىز،
پولۇ + ىم = پولۇيۇم، پولۇ + ڭ = پولۇيۇڭ، پولۇ + ىمىز = پولۇيىمىز،
سەپرا + ىم = سەپرايىم، سەپرا + ڭ = سەپرايىڭ سەپرا + ڭلار = سەپرايىڭلار
جازا + ىم = جازايىم، جازا + ىمىز = جازايىمىز، جازا + ڭ = جازايىڭ،
غىزا + ىم = غىزايىم، غىزا + ڭ = غىزايىڭ، غىزا + سى = غىزاسى
ئەزا + ىم = ئەزايىم، ئەزا + ڭ = ئەزايىڭ، ئەزا + سى = ئەزاسى
ماتا + ىم = ماتايىم، ماتا + ڭ = ماتايىڭ، ماتا + سى = ماتاسى
توخۇ+ ىم = توخۇيۇم، توخۇ+ ڭ = توخۇيۇڭ، توخۇ + سى = توخۇسى

**ئەسكەرتىش:**

پەقەت «سۇ» سۆزى بىر بوغۇملۇق ئىسىم بولسىمۇ، بۇ سۆزگە شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا «سۇ» سۆزى تەركىبىدىكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولغان «ئۇ» تاۋۇشىنىڭ «ئۈ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشىدەك فونېتىكىلىق هادىسىلەر يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، (بۇ سۆز هازىرقى زاماندىمۇ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنگەندە ئەسلىي هالىتىگە قايتىپ «ئۇ» تاۋۇشى «ئۈ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ) قوشۇمچىنىڭ بېشىغا «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. پەقەت «سۇ» سۆزىگىلا ئۈچىنچى شەخستە «سى» قوشۇلماي «ى» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

سۇ + م =سۇيۇم، سۇ+ ۇڭ =سۇيۇڭ، سۇ+ مىز=سۇيىمىز، سۇ + ۇڭلار =سۇيۇڭلار، سۇ + ڭىز = سۇيىڭىز، سۇ + ى = سۇيى

**4. ئۈچۈق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق بەزى پېئىللارغا بىر قىسىم قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا قوشۇمچىلارنىڭ ئالدىغا «ي» تاۋۇش قوشۇلۇپ قالىدۇ هەم قوشۇلغىنى بويىچە يېزىلىدۇ.** مەسىلەن:

دە+ مش = دە+ ي + مش = دېيىش
يە + مش = يە + ي + مش = يېيىش
دە + ملدى =دە + ي + ملدى = دېيىلدى
يە + ملدى = يە + ي + ملدى = يېيىلدى
يۇ + مش = يۇ + ي + ۇش = يۇيۇش
يۇ + مدى= يۇ + ي + ۇلدى = يۇيۇلدى

## 15§. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

**1. ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، شۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ تەلەپپۇزدا پەيدا بولغان بارلىق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يېزىقتا ئىپادە قىلىنماي ئەسلىدىكىدەك يېزىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئاتاق + لىق = ئاتاقلىق (ئاتاغلىق ئەمەس)
كېرەك + لىك = كېرەكلىك (كېرەگلىك ئەمەس)
ساق + لا = ساقلا (ساخلا ئەمەس)
چىرايلىق + راق = چىرايلىقراق (چىرايلىغراق ئەمەس)
ئاچ + قان = ئاچقان (ئاشقان ئەمەس)
ئاچ + قۇچ = ئاچقۇچ (ئاشقۇچ ئەمەس)

**2. «ك، ق، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر (جۈملىدىن، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان «پ» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر) گە شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، شۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى ئېغىزدا «غ، گ، ۋ» تەلەپپۇز قىلىنىسمۇ، يېزىقتا ئۆزگەرتىلمەي «ق، ك، پ » بويىچە يېزىلىدۇ.** مەسىلەن :

ياتاق + ىم = ياتىقىم (ياتىغىم ئەمەس)
پىچاق + ىم = پىچىقىم (پىچىغىم ئەمەس)
قوشاق + ىم = قوشىقىم (قوشىغىم ئەمەس)
ئارخىپ+ ى = ئارخىپى (ئارخىۋى ئەمەس)
تىلەك + ىم = تىلىكىم (تىلىگىم ئەمەس)
بېزەك + ى = بېزىكى (بېزىگى ئەمەس)
يۈرەك + ىم = يۈرىكىم (يۈرىگىم ئەمەس)
تەكلىپ + ى = تەكلىپى (تەكلىۋى ئەمەس)
مەكتەپ + ى = مەكتىپى (مەكتىۋى ئەمەس)
كوللېكتىپ + ى = كوللېكتىپى (كولىلېكتىۋى ئەمەس)

**3. «غ، گ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە يەنە «غ، گ» تاۋۇشلىرى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلارنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىش ئەپسىز بولغاچقا، «ق، ك» تاۋۇشلىرى بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. مۇنداق قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا سۆز ئاخىرىدىكى «غ، گ» تاۋۇشلىرى «ق، ك» تەلەپپۇز قىلىنىسمۇ، ئەمما يېزىقتا يەنىلا ئەسلىدىكى «غ، گ» بويىچە يېزىلىدۇ.** مەسىلەن:

باغ + قا = باغقا (باققا ئەمەس)
تاغ + قا = تاغقا (تاققا ئەمەس)
ياغ+قا = ياغقا (ياققا ئەمەس)
ساغ +قان = ساغقان (ساققان ئەمەس)
تۇغ+قان = تۇغقان (تۇققان ئەمەس)
بوغ + قان = بوغقان (بوققان ئەمەس)
ئەگ + كەن = ئەگكەن (ئەككەن ئەمەس)
تەگ + كەن = تەگكەن (تەككەن ئەمەس)
تۆگ+ كەن = تۆگكەن (تۆككەن ئەمەس)
چىگ + كەن = چىگكەن (چىككەن ئەمەس)

**4. بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا «ت، پ» تەلەپپۇز قىلىنىسمۇ، يېزىقتا يەنىلا «د، ب» بويىچە يېزىلىدۇ. مۇنداق سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە قوشۇلىدۇ.** مەسىلەن :

ئىقتىساد ـ ئىقتىسادقا، ئىقتىسادتىن، ئىقتىسادتا
مۇراد ـ مۇرادقا، مۇرادتىن، مۇرادتا
ئېتىقاد ـ ئېتىقادقا، ئېتىقادتىن، ئېتىقادتا
ئەۋلاد ـ ئەۋلادقا، ئەۋلادتىن، ئەۋلادتا
ھېساب ـ ھېسابقا، ھېسابتىن، ھېسابتا
كىتاب ـ كىتابقا، كىتابتىن، كىتابتا
ئازاب ـ ئازابقا، ئازابتىن، ئازابتا
مىكروب ـ مىكروبقا، مىكروبتىن، مىكروبتا
غەرب ـ غەربكە، غەربتىن، غەربتە
تەنقىد ـ تەنقىدكە، تەنقىدتىن، تەنقىدتە

5. بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» تاۋۇشى قوشۇمچە قوشۇلغاندا پەيدا بولسا، يېزىقتا چۈشۈرۈلمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يېزىلىدۇ. پەيدا بولمىسا، چۈشۈرۈپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

دوست ـ دوستى (دوس ئەمەس)
راست ـ راستى (راس ئەمەس)
گۆش ـ گۆشى (گوشت ئەمەس)

**6. «چ» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «چ» دىن باشقا ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانغاندا شۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى «چ» تاۋۇشى تەلەپپۇزدا «ش» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن يېزىقتا «چ» ھالىتىدە يېزىلىدۇ.** مەسىلەن :

| ئەسلي | قوشۇمچە قوشۇلغان شەكلى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|---|---|
| ئاچقۇچ | ئاچقۇچلۇق | ئاشقۇشلۇق | ئاچقۇچلۇق |
| ئۆچ | ئۆچتى | ئۆشتى | ئۆچتى |
| ئاچ | ئاچبېقىن | ئاشبېقىن | ئاچبېقىن |
| ئاچ | ئاچپاقا | ئاش پاقا | ئاچپاقا |
| ئاچ | ئاچسېرىق | ئاش سېرىق | ئاچسېرىق |
| ئاچ | ئاچكۆز | ئاش كۆز | ئاچكۆز |
| ئۇچ | ئۇچلۇق | ئۇشلۇق | ئۇچلۇق |
| كەچ | كەچلىك | كەشلىك | كەچلىك |

## تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى، ئاجىزلىشىشى، چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشىغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەر بىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن. سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن جاۋابنى تاللاڭ.

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى توغرىسىدا تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　)

A. ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلار ماسلىشىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، تاۋۇشلارنىڭ تۈپ سۆزلەردىمۇ ۋە تۈپ سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندىمۇ تولۇق ئىپادىلىنىدۇ

B. ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ماسلىشىشى نىسبەتەن كۈچلۈك بولسىمۇ، تىل ئورنى جەھەتتىكى ماسلىشىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ

C. ئۈزۈك تاۋۇشلار ئوخشىمىغان ئۆلچەم بىلەن ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىدا پەقەت جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئىككى تۈرلا ماسلىشىپ كېلىدۇ

D. ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا، تۈپ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلاردا بولىدىغان ئۆزگىرىش يېزىقتا ئەينەن ئىپادىلىنىدۇ

2. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى توغرىسىدىكى تۆۋەندە ئېيتىلغان قاراشلاردىن توغرىسى : (　)

① ئۇيغۇر تىلىدا تۈپ سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئاساسەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. ② تۈپ سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تولۇق ماسلىشىپ كېلىدۇ. ③ سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ. ④ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندىمۇ ئاساسەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. ⑤ قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بويىچە ئۇلىنىدۇ. ⑥ ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭلىق، جاراڭسىز بولۇش جەھەتتىن ماسلىشىدۇ. ⑦ ئارا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچە سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىگە قاراپ ئۇلىنىدۇ. ⑧ بەزى سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىنى ئاساس قىلماي ئۇلاۋېرىمىز.

A. ①③⑥⑦　B. ①③④⑥　C. ①②⑤⑧　D. ②⑤⑦⑧

3. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكى تەھلىللەردىن توغرىسى: (   )
A. «باغۋەن، قوغۇنلۇق، سۆلەتمەن، ئېرىق» قاتارلىق سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىنلا ماسلىشىپ كەلگەن
B. «مەكتەپكە، يېزىغا، كۆكۈللۈك، شەھەرگە» دېگەن سۆزلەرگە ئۇلانغان قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىغا ئۇيغۇن ھالدا ئۇلانغان
C. «ئېرىق، سىنىپ، ئىشىك، يىگىت» دېگەن سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلىغاندا ھەممە سۆزلەرگە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ
D. «ئوقۇغۇچى، ئۈرۈمچى، كوللېكتىپ، قوشۇمچە، ئۇيغۇرچە، قەلەمچە، ئۇنچە» قاتارلىق سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا قاراپ قوشۇمچە ئۇلايمىز
4. تۆۋەندىكى قاراش ۋە تەھلىللەردىن توغرا بولغىنى: (   )
A. «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې» ياكى «ئى» غا ئاجىزلىغان سۆزلەرگە يەنە قوشۇمچە ئۇلاشقا توغرا كەلسە، ئاجىزلاشقىنى بويىچە ئۇلىنىدۇ
B. «يول، كۆز، ئون» قاتارلىق سۆزلەرگە لەۋ ھالىتىنى ئاساس قىلىپ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇشقا توغرا كەلسە، ھەربىرىگە بىر نەچچە يۇرۇشتىن قوشۇمچە قوشقىلى بولىدۇ
C. يۇقىرىقى «يول، كۆز، ئون» دېگەن سۆزلەرنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقى نىسبەتەن ئاجىز بولۇپ، تىل ئورنىنى ئاساس قىلغاندا بىر قانچە يۇرۇش قوشۇمچە قوشقىلى بولىدۇ
D. «مەكتەپ، ھېساب، يول، ئېتىقاد» دېگەن سۆزلەرگە قوشۇمچە ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز بولۇشىغا قاراپ ئۇلىنىدۇ
5. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (   )
A. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى بوغۇمىدا كەلگەن «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا «ئې» ياكى «ئى» غا ئاجىزلايدۇ
B. سۆز تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې» ياكى «ئى» غا ئاجىزلىشىشى شۇ سۆزگە ئۇلانغان قوشۇمچە بىلەن مۇناسىۋەتسىز
C. ئۇيغۇر تىلىدا «ئې، ئى» غا ئاجىزلىشىدىغان تاۋۇش «ئا، ئە»، چۈشۈپ قالىدىغان تاۋۇش «ئى، ئۇ، ئۈ»، قوشۇلۇپ قالىدىغان تاۋۇش «يى، يۇ، يۈ» تاۋۇشىدىن ئىبارەت
D. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى دېگىنىمىز، بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى ۋە شۇنداق يېزىلىشىنى كۆرسىتىدۇ
6. تۆۋەندىكى تەھلىللەردىن توغرىسى: (   )
A. «يوشۇرۇن ئۇچقۇن ئاشكارا ئوتتىن قورقۇنچلۇق» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئۈچ سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن
B. «ھاۋا تۇتۇلۇپ، يامغۇر يېغىپ تۇرسىمۇ قۇياش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئۈچ سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن، ئىككى سۆزدە «ئا» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان
C. «ماڭا تولۇق قانائەت تاپقان ئادەمدىن بىرنى بەرسەڭ، ساڭا بىر مەغلۇبىيەتچى بېرىمەن» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى بىر سۆزدىن باشقا سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ياكى لەۋ ھالىتى جەھەتتىن بەزىلىرى ھەر ئىككى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن
D. «بورانىنىڭ گۈركىرىگىنىگە تاغ قىمىرلىمايدۇ» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرگە ئۇلانغان قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىنى ئاساس قىلىپ ئۇلانغان
7. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەردىن خاتاسى: (   )
A. «مەكتەپ، ياتاق، چېلەك، قولاق» قاتارلىق سۆزلەرگە ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا

«مەكتىپى، ياتىقى، چىلىكى، قولىقى» دەپ يېزىلىدۇ

B. «باغ، توغ، ئەگ، توگ» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى ئىككىسىگە «قا»، كېيىنكى ئىككىسىگە «كەن» قوشۇمچىسىنى قوشقاندا «باغقا، توغقا، ئەگكەن، توگكەن» دەپ يېزىلىدۇ

C. «كىتاب، ھېساب، ئىقتىساد» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ب، د» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا «پ، ت» تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ، يېزىقتا ئۆزگەرتىلمەي يېزىلىدۇ

D. «چېككەن، غەربكە، تەلەپكە، ئېتىقادقا، باسقۇچلۇق، كەچلىك، بەلباغ، موزايۋېشى» دېگەن سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى توغرا

8. تۆۋەندىكىلەردىن خاتا ئېيتىلغىنى: (      )

A. ‹‹مېنىڭ بېشىم قېيىپ، كۆڭلۇم ئېلىشىۋاتىدۇ›› دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئۈچ سۆزدە تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلاش ھادىسىسى، ئىككى سۆزدە تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن

B. ‹‹ئۇنىڭ قولىقى ساق، بىلىكى ئازراق زەخىملىنىپتۇ›› دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئىككى سۆزدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلاش ھادىسىسى كۆرۈلگەن، سۆزلەرنىڭ ئىملاسى توغرا يېزىلغان

C. ‹‹مېنىڭ تەلىپىم سەن ئۇنىڭ كىتاۋىنى قايتۇرۇپ بەرگىن›› دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەردىن بىر سۆزنىڭ ئىملاسىدا خاتالىق بار

D. ‹‹ ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش، مۇئامىلە، ئۈمىد، ئەۋلاد، سەۋەب، ئېتىقاد، ئىلمىي، نەزىرىيىۋى›› دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئىملا جەھەتتىن توغرا يېزىلغان

II بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار (      ) ۋە (      ) جەھەتتىن، ئۈزۈك تاۋۇشلار (      ) ياكى (      ) بولۇش جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ.

2. ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلار ئاھاڭداشلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر خىل مەنە ئىپادىلەيدىغان بەزى قوشۇمچىلار (      ) بولىدۇ. لېكىن بەزى قوشۇمچىلار پەقەت (      ) بولىدۇ.

3. (      ) دىن باشقا بارلىق (      ) سۆزلەرگە (      ) لۇق، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە (      ) لۇق قوشۇمچە قوشۇلىدۇ.

4. ئۇيغۇر تىلىدا ئاجىزلىشىدىغان سوزۇق تاۋۇشلار (      )، چۈشۈپ قالىدىغان تاۋۇشلار (      ) دىن ئىبارەت.

5. سۆزلەرنى قۇردىن قۇرغا (      ) يازىمىز.

6. ‹‹ساغلام تەندە ساپ ئەقىل›› دېگەن ماقال تەركىبىدىكى سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار (      ) جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن.

7. ‹‹ كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى›› دېگەن جۈملىدىكى «كۆڭۈل، ئەينەك» دېگەن سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار (      ) جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن. بىر سۆزگە ھېچقانداق (      ) ئاساس قىلمايدىغان بىر (      ) ئۇلانغان. بۇ قوشۇمچە (      )

III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئۇلانغان قوشۇمچىلارنىڭ قايسى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

‹‹تىلغا، قوشۇمچىلار، مەكتەپلەر، چۈشەندۈرۈش، سىنىپىمىزنىڭ، تاۋۇشتا، ئۆگىنىش، ئۆگەنمەك، ئاچقۇچلۇق، تەلىيىم، تۇرمۇشۇڭلار، گۈللۈككە››

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈڭ.

‹‹مۇئارىپ، ئوقۇتۇرۇش، قەلىپداشلار، لاھىيە، قولمۇقول، بەلباغ، يېپىق، فونتىكا، ئاشقۇچ، يورۇكۇم، مەكتىپىمىز، كەشلىك، كىتاپقا، ئىقتىساتتا، ھىسابچى››

www.uyghurkitap.com

## §16. بوغۇم توغرىسىدا چۈشەنچە

تىلىمىزدىكى تىل تاۋۇشلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۆزى ئىپادىلىگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك بىرىكىش ئارقىلىق سۆزلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا ھەربىر سۆزدە تاۋۇشلار ئوخشاش بولمىغاچقا، نۇتۇق ئورگانلىرىدىكى مۇسكۇللارنىڭ ھەرىكەت ھالىتى سەۋەبىدىن ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئاجىزلىشىپ، كىچىك - كىچىك تاۋۇش بۆلەكلىرى ھاسىل بولىدۇ. نەتىجىدە، بىز تەلەپپۇز قىلىۋاتقان سۆز بىر ياكى بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ ئېيتىلىدۇ. ئەنە شۇ بۆلەكلەر بوغۇملارنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا تەبئىي ھالدا ئۈزۈلۈپ ئېيتىلغان تاۋۇش ياكى تاۋۇشلار توپى بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن :

ئىش، يول، ئاش، تاش، باش، چىش، مەك - تەپ، يول - داش، ئا - دەم، ئا- نا، ئو - قۇ - غۇ - چى، شە - ھەر، تراك-تور، گرام - ما - تى- كا، مەش -ئەل

بوغۇم بىر تاۋۇش ياكى بىر قانچە تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بوغۇم تىلىمىزدىكى تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن ئەڭ كىچىك قۇرۇلما بىرلىكى. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر تەركىبىدىكى ھەرقانداق بوغۇمدا بىر سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ (خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان قوشما يۇنمۇلۇق سۆزلەر بۇنىڭ سىرتىدا). سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇش بوغۇم مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە بىر سوزۇق تاۋۇشمۇ بىر بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ. لېكىن ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۆز ئالدىغا بوغۇم ھاسىل قىلالمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ھەر بىر بوغۇمدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ، ئەمما ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ سانى بىردەك بولمايدۇ، بەزى بوغۇملاردا بىرلا ئۈزۈك تاۋۇش بولسا، بەزى بوغۇملاردا ئىككى ياكى ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش بولىدۇ. مەسىلەن :

«ئۇ» (بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن)، «ئاش» (بىر سوزۇق، بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن)، «سەن» (بىز سوزۇق، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن)، «شەرق، غەرب، خەلق» دېگەن سۆزلەر بولسا بىر سوزۇق، ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بوغۇملار ئەڭ ئاز بولغاندا بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن، كۆپ بولغاندا بىر سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇشتىن تەركىب تاپىدۇ. ئەمما تىلىمىزغا باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ بەزى بوغۇملىرىدىكى تاۋۇش سانى يۇقىرىقىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

## §17. ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى

**تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولمايدۇ. سۆزلەر تەركىبىدىكى بوغۇم سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.**

**بىرلا بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر بىر بوغۇملۇق سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئەرز، ئۇ، نان، ئوت، سۇ، خەۋپ، پەيت، خەلق، يول، سۇ، ئىش...

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن :

ۋەتەن، دۆلەت، شەھەر، ئوقۇغۇچى، زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، گۈلدەستە، ماشىنىلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈلمەكچى...

تىلىمىزدا قوللىنىۋاتقان سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش شەكلى 9 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئالتە خىلى مەخسۇس ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان سۆزلەردە ئىپادىلىنىدۇ. قالغان ئۈچ خىلى چەت تىلدىن (رۇس، ئىنگلىز ۋە خەنزۇ تىلىدىن) قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشىنى ئىپادىلەشتە سوزۇق تاۋۇش ئۈچۈن «A» ھەرپىنى، ئۈزۈك تاۋۇش ئۈچۈن«B» ھەرپىنى شەرتلىك بەلگە قىلىپ ئالساق، سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشىنى مۇنداق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

| | بوغۇملارنىڭ تاۋۇش تۈزۈلۈشى | شەكلى | مىسالى |
|---|---|---|---|
| 1 | بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن بىر بوغۇم تۈزۈلىدۇ. | A | ئا- ئى- لە، ئە- دەپ، ئى- را -دە، ئۇ- ۋا، ئو غۇل، يۇن، ئۇ (ئالماش) |
| 2 | بىر سوزۇق بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم تۈزۈلىدۇ. | BA | ئاي، ئەي- نەك، ئەس- ئەت، ئۆي، ئۈچ، ئۇن، ئاش، ئىش، ئىز، ئەل، تەر، تىل... |
| 3 | بىر ئۈزۈك، بىر سوزۇق تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم تۈزۈلىدۇ. | AB | دا- دا، با - لا، كا - پا - لى - تى، جا- پا، دە - ۋا، ئى- را - دە... |
| 4 | بىر ئۈزۈك، بىر سوزۇق، يەنە بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم تۈزۈلىدۇ. | BAB | باش، قەش- قەر، مەك - تەپ، گۈل- زار - لىق، جەڭ- گاھ ، مەن، سەن، ياش |
| 5 | بىر سوزۇق، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم تۈزۈلىدۇ. | BBA | ئەۋج، ئارت، ئەيش، ئېيىت، ئۈست، ئەرك، ئەنت... |
| 6 | بىر ئۈزۈك، بىر سوزۇق، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم تۈزۈلىدۇ. | BBAB | پەيت، پورت، رەخت، مارش، تەخت، شەرق، غەرب، مەرد، كومپ - لېكس... |
| 7 | ئىككى ئۈزۈك، بىر سوزۇق تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم تۈزۈلىدۇ (رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە ئۇچرايدۇ) | ABB | درا- ما، پلا- نېر، كلا- پان، تيۇ- لېن، پرو- زا، ترو- پىك، پرا- نىك.. |
| 8 | بىر ئۈزۈك، ئىككى سوزۇق تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم تۈزۈلىدۇ. (خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە ئۇچرايدۇ) | AAB | جۇڭ - خۇا... خۇا - شيا... |
| 9 | بىر ئۈزۈك، ئىككى سوزۇق، ئارقىدىن بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم تۈزۈلىدۇ (خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە ئۇچرايدۇ) | BAAB | خۇەي- خې، گۇاڭ- جۇ، تۇەن، يۈەن، خۇاڭ-خې، تۇەن - جاڭ... |

**ئەسكەرتىش:**

ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردە سۆز ياكى بوغۇم بېشىدا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش قاتار كەلمەيدۇ. سۆز

ئوتتۇرىسىدا بىر بوغۇم تەركىبىدە ئىككى سوزۇق تاۋۇش قاتار كەلمەيدۇ.

بوغۇم شەكىللىرىنىڭ ئالدىدىكى ئالتە خىلى ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان سۆزلەردىكى بوغۇملارنىڭ ئۆلچەملىك شەكلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بوغۇم چېگرىسى مۇنداق بولىدۇ:

(1) ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇش كېيىنكى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ. سۆز ئۇرغۇسى يۆتكەلمىسە، ئالدىنقى بوغۇمغا تەۋە قىلىپ ئوقۇلسا، كېيىنكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ھەمزىلىك شەكلى يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ـ زۇك، ئا ـ دا ـ لەت، قەل ـ ئە، مەسئۇل، چەت ـ ئەل، مەش ـ ئەل

(2) ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىنقىسى ئالدىنقى بوغۇمغا، كېيىنكىسى كېيىنكى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

توغ ـ راق، مەك ـ تەپ ـ لەر، يول ـ داش، ئىش ـ چان، ئەخ ـ لاق، باش ـ لان ـ غۇچ

(3) ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش بولسا، ئالدىنقى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئالدىنقى بوغۇمغا، كېيىنكى بىر ئۈزۈك تاۋۇش كېيىنكى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

راست ـ چىل، قەرز ـ دار، خەلق ـ نىڭ، دەرس ـ تە، شەرق ـ تىن، مەشق ـ نى، يۇرت ـ قا...

## §18. بوغۇملارنىڭ تۈرلىرى

تىلىمىزدىكى بوغۇملار سوزۇق ياكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىقىغا قاراپ ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ياكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇملار ئوچۇق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن :

ئا ـ دەم، ئە ـ قىل، ئا ـ ئى ـ لە، ئى + را ـ دە، ئا ـ نا، ئا ـ كا، ئا ـ چا، نا ـ را ـ زى، ئا ـ دا ـ لەت، ئو ـ غۇل، ئە ـ زا، ئى ـ غىز، مەس ـ ئۇ ـ لى ـ يەت...

**ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇملار يېپىق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

مەك ـ تەپ، ئوق ـ دان، تۇر ـ مۇش، يول ـ داش، باش ـ لان ـ غۇچ، ئوت، ئىش، باش، يول...

تىلىمىزدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بوغۇم چېگرىسى قوشۇمچە ئالدىدا كەلگەن تاۋۇشنىڭ سوزۇق ياكى ئۈزۈك تاۋۇش ئىكەنلىكىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

گۈل + ۈم = گۈلۈم، تاپشۇر + ۇق = تاپشۇرۇق، سان + اق = ساناق...

تىلىمىزدىكى بىر قىسىم سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە قوشۇلغاندا، شۇ سۆزنىڭ تومۇرىدا تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلسە، بوغۇم سانىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، لېكىن بوغۇم چېگرىسىدا روشەن ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن:

ئوغۇل + ۇم = ئوغلۇم، ئورۇن + ۇڭ = ئورنۇڭ، پىكىر + ى = پىكرى، كۆڭۈل + ۈم = كۆڭلۈم...

بىر قىسىم ئوچۇق بوغۇملۇق، ئۇرغۇسى تۇراقلىق سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا قوشۇمچە ئالدىغا «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدا سۆزنىڭ تومۇرىدا، بوغۇم چېگرىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ. ئەمما بوغۇم سانىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، بىر بوغۇم كۆپىيىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ئەزا + ىم = ئە زايىم، سۇ + ۇم = سۇيۇم...

ئارزۇ + ۇم = ئارزۇيۇم، سۇ + ۇڭ = سۇيۇڭ

ئىملا + م = ئىملايىم، بىنا + ىم = بىنايىم

تىلىمىزدىكى يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان ئايرىم سۆزلەرگە شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشقاندا سۆز ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش يەنە تەكرارلىنىپ، بىرى ئالدىنقى بوغۇمغا، بىرى كېيىنكى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| تۇت + ۇم = تۇتتۇم | كۇت + ۇم = كۇتتۇم |
| ئات + ىم = ئاتتىم | قات + ىم = قاتتىم |
| يات + ىم = ياتتىم | كەت + ىم = كەتتىم |
| ئوينات + ىم = ئويناتتىم | يۇگۇرت + ۇم = يۇگۇرتتۇم |
| ئاقارت + ىم = ئاقارتتىم | سەكرە + ىم = سەكرەتتىم |

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى بوغۇملار ھەممىسىنىڭ ئوچۇق، يېپىق ياكى ئارىلاش بوغۇم بولۇشىغا قاراپ، ئوچۇق بوغۇملۇق سۆز يېپىق بوغۇملۇق سۆز ۋە ئارىلاش بوغۇملۇق سۆز دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**ئوچۇق بوغۇملۇق سۆز**

**تەركىبىدىكى بوغۇملارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق بوغۇملاردىن تۈزۈلگەن سۆز ئوچۇق بوغۇملۇق سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

دادا، ئانا، ئائىلە، بالا، مۇئامىلە، ئوقۇغۇچى، ماتېماتىكا، لوگىكا

**يېپىق بوغۇملۇق سۆز**

**تەركىبىدىكى بوغۇملارنىڭ ھەممىسى يېپىق بوغۇملاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

مەكتەپ، قەشقەر، مەشئەل، ئاشلىق، يولداش، باغۋەن، ئۇيغۇر، باسقۇچلۇق

**ئارىلاش بوغۇملۇق سۆز**

**تەركىبىدە ئوچۇق ۋە يېپىق بوغۇملار ئارىلاش كەلگەن سۆزلەر ئارىلاش بوغۇملۇق سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

تاۋۇش، بوغۇم، ئوچۇق، يېپىق، يېزىق، باشچى، ئىشچى، ئوقۇتقۇچى، تەنتەربىيە، ئىقتىدار، ئۇرۇمچى، دۆلەت، مەملىكەت، ۋەتەن، كىتاب...

**ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر يەنە ئاخىرقى بوغۇمىنىڭ ئوچۇق ياكى يېپىق بولۇشىغا قاراپ، ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سۆز ۋە يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سۆز دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.**

**ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياقلاشقان سۆز**

ئاخىرى ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياقلاشقان سۆز ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياقلاشقان سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇچقۇچى، ئۇرۇمچى، باشلامچى، قوشۇمچە، مەنتىقە، ئاقسۇ، خوتەن، ئەپسانە، ناخشا، تەنتەنە، باشقۇرغۇچى

**يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياقلاشقان سۆز**

**ئاخىرى يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياقلاشقان سۆز يېپىق بوغۇملۇق سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

دۆلەت، ۋەتەن، ۋەتەنپەرۋەر، تەبىئەت، قانۇنىيەت، ئەدەبىيات، ئىجادىيەت، مۇۋەپپەقىيەت، كىتاب، ئادەم، باھالاش، باھادىر...

www.uyghurkitap.com

## 19 §. بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى

1. قۇر ئاخىرىغا پاتماي قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ شۇ قۇرغا پاتماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىلىدۇ. بۆلۈنگەن بوغۇمنىڭ ئاخىرىغا سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ. مەسىلەن :

...باغۋەنچە-...باغۋەن- |... باغ - | ...قا- ...قانۇ- ... قانۇنە-
لىك چىلىك ۋەنچىلىك نۇنىيەت نىيەت يەت

2. بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنى قۇر ئاخىرىدا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

...راست... را- خەلق خە-
ست ئەمەس لق ئەمەس

3. رەقەم بىلەن يېزىلغان سانلار قۇر ئاخىرىغا پاتماي قالسا، ئۇلارنى پارچىلاپ كېيىنكى قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن :

... 2008- ... 20 - ... 55857 ... 558 -
يىلى 08 - يىلى ئەمەس تونىنا 57 تونىنا ئەمەس

4. ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەرنى پارچىلاپ قۇردىن -قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن :

...ج ك پ ... ج ك - ئا. س پۇشكىن ئا.
نىڭ پ نىڭ ئەمەس س پۇشكىن ئەمەس

5. جۈپ سۆزلەرنى قۇردىن - قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا توغرا كەلسە، جۈپ سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقچە ئۈستۈنكى قۇر ئاخىرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

... گۈل - ...گۈل - ...ئورۇن - ... ئورۇن
چېچەك -چېچەك ئەمەس پەيت - پەيت ئەمەس

# بوغۇمغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

**I تاللاش سوئاللىرى**

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن. سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان جاۋابنى تاللاڭ.

1. بوغۇم توغرىسىدا تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. بوغۇم سۆزلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك مەنىلىك بۆلەكتىن ئىبارەت

B. بوغۇم سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت

C. بوغۇم سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا تەبىئىي ھالدا بۆلۈنۈپ ئېيتىلغان تاۋۇش ياكى تاۋۇشلارنىڭ توپىدىن ئىبارەت

D بوغۇم بوغۇم ئاخىرىدىكى تاۋۇشنىڭ سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۈزۈك تاۋۇش ئىكەنلىكىگە ئاساسەن ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. لېكىن مۇنداق تۈرگە بۆلۈنۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق

2. بوغۇم توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى قاراشلاردىن توغرا بولغىنى: ( )

A. ‹‹ئانا يۇرتۇم قەشقەر مەدەنىيەتلىك، قەدىمىي شەھەر›› دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەردە جەمئىي 16 بوغۇم بولۇپ، سەككىزى ئوچۇق بوغۇم، سەككىزى يېپىق بوغۇم

B. ‹‹ئۈرۈمچى، تەڭرىتاغ، ترانسپورت، ئوقۇغۇچى›› دېگەن سۆزلەرنى بوغۇمغا ئاجراتساق، ئۈ+ رۈم+چى، تەڭ+رى+تاغ، تى+ران+س+پورت، ئو+ قو+غۇ+چى قاتارلىق بوغۇملارغا ئايرىلىدۇ

C. ‹‹قەشقەر، مەشئەل، ئىنسان›› دېگەن سۆزلەرنى يېپىق بوغۇملۇق سۆز، ‹‹مۇئامىلە، ئوقۇغۇچى، بالا، يېزا›› دېگەن سۆزلەرنى ئوچۇق بوغۇملۇق سۆز، ‹‹ياخشى، باشلامچى، ئوقۇتقۇچى›› دېگەن سۆزلەرنى ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سۆز دەيمىز

D. ‹‹باغ، كىتاب، تىل›› دېگەن سۆزلەرگە ‹‹م، ىم›› قوشۇمچىلىرىنىڭ ماس كېلىدىغانلىرىنى قوشساق، ھەممە سۆزدە ھەم سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلاش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ ھەم بوغۇم چېگرىسىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ

3. بوغۇم ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغان قاراشلاردىن خاتاسى: ( )

A. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردە بوغۇم بەزىدە بىرلا تاۋۇشتىن، بەزىدە بىرنەچچە تاۋۇشتىن تۈزۈلىدۇ

B. ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار بوغۇم مەركىزى ھېسابلىنىدۇ، سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ

C. تىلىمىزدىكى ھەرقانداق بىر سۆز تەركىبىدىكى بوغۇمدا پەقەت بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ

D. ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردە بىر بوغۇمدا ئەڭ كەم بولغاندا بىر تاۋۇش، كۆپ بولغاندا تۆت تاۋۇش بولىدۇ

4. تۆۋەندىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى بوغۇملار ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىللەردىن توغرىسى: ( )

A. «كىتاب، بايلىق، ئىنسان، مائارىپچى» دېگەن سۆزلەر تەركىبىدە جەمئىي 10 بوغۇم بولۇپ، ئوچۇق بوغۇمدىن ئۈچى، يېپىق بوغۇمدىن بەشى بار

B. «ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە تىل» دېگەن جۈملىدە ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سۆزدىن ئۈچى، ئوچۇق بوغۇمدىن يەتتىسى، يېپىق بوغۇمدىن يەتتىسى بار

C. «تىل — ئىنسانىنىڭ مەنىۋى قورالى» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى بىر سۆزگە قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن بىر يېپىق بوغۇم ئوچۇق بوغۇمغا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

D. «مەكتەپ، بالا، يول» دېگەن سۆزلەرگە «م، ىم، ۇم» قوشۇمچىلىرىنىڭ ماس كېلىدىغانلىرىنى قوشساق، ھەممە سۆزنىڭ بوغۇمدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ

5. بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى ھەققىدە تۆۋەندە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىللەردىن توغرىسى: (     )

A. ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر قۇردىن - قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈلۈپ يېزىلىدۇ. قۇردىن - قۇرغا كۆچۈرۈپ يېزىشتا، مەنىمۇ، تاۋۇشمۇ كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، سوزۇق تاۋۇش كۆزدە تۇتىلىدۇ.

B. ئۇيغۇر تىلىدا «BAB، BBA، BBAB» شەكلىدە بوغۇم تۈزۈلىدىغان تۈپ سۆزلەرمۇ بار. بۇ سۆزلەرنى قۇردىن - قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ

C. «ئېغىزىڭ ئىتتىك بولسا، ئۆمرۈڭ قىسقا بولۇر» دېگەن جۈملىدە يېپىق بوغۇملۇق سۆزدىن تۆتى، ئوچۇق بوغۇملۇق سۆزدىن ئۈچى بار

D. يۇقىرىقى جۈملىدىكى «ئېغىزىڭ، ئۆمرۈڭ» دېگەن سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ بوغۇمىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ئۈچ بوغۇم بولۇپ قالغان

6. ئوچۇق بوغۇملۇق سۆز دېگىنىمىز: (     )

A. ھەر بىر بوغۇمى تەبىئىي ھالدا سوزۇپ ئېيتىلغان سۆز

B. تەركىبىدىكى بوغۇملارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق بوغۇملۇق سۆز

C. تەركىبىدە ئوچۇق بوغۇملار بولغان سۆز

D. ئاخىرقى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سۆز

**II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى**

1) ئۇيغۇر تىلىدا (          ) بوغۇم مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. (          ) بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر تەركىبىدىكى ھەرقانداق بىر بوغۇمدا سوزۇق تاۋۇشتىن پەقەت (          ) بولىدۇ، ئۈزۈك تاۋۇشتىن كەم بولغاندا (          )، كۆپ بولغاندا (          ) بولىدۇ.

2) ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ قۇر ئاخىرىغا پاتماي قالغان بوغۇملىرىنى كېيىنكى قۇرغا (          ) كۆچۈرۈپ يازىمىز. بوغۇم ئايرىلغان جايغا (          ) قويىمىز.

3) كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنى قۇردىن - قۇرغا (          )يېزىشقا بولسىمۇ، لېكىن رەقەم بىلەن يېزىلغان سانلارنى (          ) بولمايدۇ.

4) «ئوقۇغۇچىلارغا» دېگەن سۆز تەركىبىدە (          ) بوغۇم، (          ) سوزۇق تاۋۇش بار. بۇ سۆز تەركىبىدە ئوچۇق بوغۇمدىن (          ) بار، يېپىق بوغۇمدىن (          ) بار.

5) «تورمۇش شۇنداق بىر جەڭگاھ، ئىرادىلىكلەر غەلىبە قىلىپ، ئىرادىسىزلەر مەغلۇپ بولۇر» دېگەن بۇ جۈملە تەركىبىدە ئوچۇق بوغۇملۇق سۆزدىن (          ) بولۇپ، بۇ سۆز (          ) دېگەن سۆزدىن ئىبارەت. يېپىق بوغۇمدىن (          ) بار بولۇپ، بۇلار (          ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ جۈملىدە ئاخىرى يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەردىن (          ) بار.

6) «ئوقۇغۇچىلار كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەردە جەمئىي (          ) بوغۇم بولۇپ، بۇ بوغۇملارنىڭ (          ) ئوچۇق بوغۇم، بۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى (          ) دېگەن سۆز ئوچۇق بوغۇملۇق سۆز.



www.uyghurkitap.com

III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بوغۇملارغا ئاجرىتىڭ.

ئىشلەپچىقىرىش، خەلقچىللىق، تەكشۈرۈش، ئەمگەكچىلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇئامىلە، ئىقتىسادچىل، ئادەمگەرچىلىك، مەسئۇلىيەتچانلىق، دۆلىتىمىز، مەملىكەت، ئاكتىپچانلىق، گىراماتىكا، ترانسپورت، خەلقپەرۋەرلىك، خەلقئارا، دەرسخانا، مەشىقلەندۈرۈش، شەرقشۇناس

2. تۆۋەندىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئوقۇپ، تەركىبىدىكى ئوچۇق ۋە يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەرنى، ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنى ئايرىڭ.

1) ئەل ئامانلىقنى تىلەر، دۈشمەن يامانلىقنى (تىلەر).

2) «ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر (كۆكىرەر).

3) هايالىق كىشى، باهالىق كىشى.

4) هەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.

5) ئەجىلى پۈتكەن قاغا قارچۇغا بىلەن ئوينار.

6) دىلى سۇ ئىچمەك، تاش يۈرەك، ئوقۇرى ئېگىز، ئالا كۆڭۈل، تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماق

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى بويىچە بوغۇملارغا بۆلۈپ كۆچۈرۈڭ.

ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، دۆلەت، ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەكچى، تىل - يېزىق، ئەدەبىيات - سەنئەت، ماددىي مائارىپ، شەرق، مەرد، مۇئامىلە، ئىئانە

www.uyghurkitap.com

# III باب لېكسىكا

## مۇھىم بىلىم نۇقتىسى

1. « لېكسىكا » نىڭ نېمە ئىكەنلىكى، نېمىلەرنى تەتقىق قىلىدىغانلىقى، «لېكسىكا» نىڭ سۆز ۋە لۇغەت تەركىبى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ھەمدە لۇغەت تەركىبى بىلەن سۆزنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

2. سۆز، سۆز شەكلى، سۆز مەنىسى، بىر مەنىلىك، كۆپ مەنىلىك، ئەسلىي مەنىلىك، كۆچمە مەنىلىك، مەنىداش، شەكىلداش، قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىش ۋە ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇش كېرەك. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەش خىل سۆز لېكسىكىنىڭ تەرەققىياتى دائىرىسىدىكى مۇھىم بىر مەزمۇن. شۇڭا، بۇ بەش خىل سۆزنى بىلىش ۋە ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ناھايىتى مۇھىم.

3. تىلىمىزدىكى تۇراقلىق تەركىبلەرنىڭ قانداق تەركىبلەر ئىكەنلىكى، قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى، بۇ تۈرلەرگە قانداق تەركىبلەرنىڭ كىرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ھەمدە ئەستە ساقلاش كېرەك. بولۇپمۇ ماقال - تەمسىللەرنىڭ بىر- بىرىدىن پەرقىنى، تەمسىلگە قانداق بىرىكمىلەرنىڭ كىرىدىغانلىقىنى، ئىدىئومنىڭ قانداق بىرىكمە ئىكەنلىكىنى، ئىدىئومنىڭ ماقال بىلەن تەمسىلگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ۋە پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇش، شۇنداقلا تىل - ئالاقە ئىشلىرىدا ئۇلاردىن توغرا پايدىلىنالايدىغان بولۇش كېرەك.

## §1. لېكسىكا توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

لېكسىكا ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسى توغرىسىدا توختىلىشتىن بۇرۇن «لۇغەت»، «لۇغەت تەركىبى»، «لېكسىكا» دېگەن سۆز ۋە ئاتالغۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى، تەرەققىيات دائىرىسى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«لۇغەت» سۆزى ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، بىرەر تىلدىكى سۆزنى مەلۇم تەرتىپ (كۆپىنچە ئېلىپبە تەرتىپى) تە جەملەپ، ئىزاھلاپ بەرگەن ياكى باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن كىتاب دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**«لۇغەت تەركىبى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.**

«لېكسىكا» سۆزى گرېكلارنىڭ «Lexis» (سۆز) دېگەن سۆزىدىن كەلگەن. گرېك تىلىدا«Lexikos» سۆزى «سۆز، لۇغەت» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**«لېكسىكا» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ھازىر مەلۇم بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.**

دېمەك، «لۇغەت تەركىبى» دېگەن سۆز بىلەن «لېكسىكا» دېگەن سۆز باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر بولسىمۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ ھازىرقى مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى ئوخشاش، بۇ ئىككى سۆز كۆپىنچە بىر ئاتالغۇ ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

**بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لۇغەت تەركىبى ياكى لېكسىكا دەپ ئاتىلىدۇ.**

لېكسىكا تىلنىڭ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى، لۇغەت تەركىبىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتى، سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش يوللىرى، سۆز مەنىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر ۋە ئۇلارنى توغرا ئىشلىتىش ھەم پايدىلىنىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىتىدۇ. لېكسىكا (سۆزلۈك) تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولمىسا، ئىمارەت سالغىلى بولمىغىنىدەك، لېكسىكا بولمىسا، تىلنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

# §2. لۇغەت تەركىبى

**بىرەر تىلغا مەنسۇپ بولغان بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لۇغەت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ. لۇغەت تەركىبى بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.**

ھەر قانداق تىلدىكى لۇغەت تەركىبىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن. تارىخى ئۇزۇن، تەرەققىي قىلغان تىل بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى تىلىمىزدىكى قەدەمدىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان سۆزلەر (ئاتا، ئانا، قېرىنداش، سۇ، يەر، ئىش، ئاسمان، ئەتىياز، قىش، ئادەم...) جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان ۋە بولۇۋاتقان سۆزلەر (زۇڭلى گوۋۇيۈەن، كومىتېت، كومپيۇتېر، تېلېفون، ئاپتوموبىل، ۋوگزال، تېلېۋىزور، كىرئالغۇ، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ)؛ يەرلىك شېۋىلەر: تەلپەك (باش كىيىم)، شانا (گىلەمنىڭ ئۇرۇش يىپى)، خارەت (ياغاچچى)، ئايلا (ھەدە)؛ كونىراپ ئىشلىتىلىشتىن قالغان سۆزلەر يىغا (ئۇرۇش)، يۈز بېشى، مىڭبېگى، مىراپ، چېرىك، مۇدەررىس، دەررە ... ۋە پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى كەسپىي سۆزلەر قاتارلىق ناھايىتى كەڭ دائىرىسىدىكى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لۇغەت تەركىبىدىكى تۈمەنلىگەن سۆزلەرنىڭ گىراماتىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ، چۈنكى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئايرىم ئۆزىنىلا تىل دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى لۇغەت تەركىبىدىكى بۇ سۆزلەر ئۆز ئالدىغا مەلۇم ئۇقۇمنىلا بىلدۈرىدۇ، ئەمما تولۇق ئاياقلاشقان ئوي - پىكىرنى بىلدۈرەلمەيدۇ. تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي - پىكىرلەرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ سۆزلەر قانۇنىيەتلىك ھالدا بىر - بىرىگە باغلىنىپ، جۈملە شەكلىگە كېلىشى كېرەك. مانا شۇ چاغدىلا لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر مۇكەممەل تىل بولالايدۇ. دېمەك، تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى (سۆزلۈك) بىلەن گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى شۇ تىلنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ تىلنى باشقا تىللاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر قوللىنىلىش دائىرىسىگە قاراپ ئاساسىي لۇغەت تەركىبى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. ئاساسىي لۇغەت تەركىبى

**لۇغەت تەركىبى ئىچىدىكى ئەڭ تۇراقلىق، ئەڭ مۇكەممەل، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا ئاساس بولىدىغان سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ.**

**ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر كىرىدۇ:**

1) شەيئىناملىرى : تاغ، سۇ، ئاي، ھاۋا، تاش، توپا، كۈن...

2) ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ناملىرى : باش، كۆز، قول، پۇت، بۇرۇن، قاش...

3) ئەمگەك قوراللىرىنىڭناملىرى : هارۋا، زەمبىل، ئارا، كەتمەن، پالتا. . . .
4) ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر : دادا، ئانا، ئاكا، ئۇكا، ئاچا، سىڭىل. . .
5) تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: ئۆي، كىيىم، ئاش، گۆش، چىنە، پىچاق، ياستۇق، كارىۋات. . . .
6) ئۆسۈملۈك، هايۋانات ۋە قۇش ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: دەرەخ، بۇغداي، پاختا، كەندىر، ئات، قوي، توخۇ، كەپتەر، يولۋاس، تۆگە، كالا، كەكلىك. . . .
7) هەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر : ئال، بەر، ماڭ، كەل، ئۇخلا، كۆر. . .
8) شەيئى بەلگىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: ياخشى، قىزىل، كەڭ، ئېگىز، ئورۇق، ئۇزۇن، چوڭ. . . .
9) ۋاقىت هەم ئورۇننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر : بۈگۈن، ئاخشام، ياز، قىش، ئاستى، ئۈستى، يۇقىرى، تۆۋەن. . . .
10) ساننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: بەش، ئون، يۈز، مىڭ، بەش يۈز، سەككىزمىڭ. . .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۇرمۇشتا دائىم قوللىنىلىدىغان ئالماشلار (مەن، سەن، ئۇ، قاچان، قايسى. . .)، ياردەمچى سۆزلەر (ۋە، هەم، لېكىن، ئەمما، چۈنكى. . . .)، تەقلىد سۆزلەر، ئىملىق سۆزلەر (پاڭ ـ پۇڭ، داراڭ ـ دۇرۇڭ، پال ـ پۇل، ئېھ، ئاھ، ۋاييەي. . .) قاتارلىقلارمۇ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ.

**ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:**

1) ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان، كەڭ قوللىنىدىغان سۆزلەردۇر. شۇڭا، ئۇ لۇغەت تەركىبىنىڭ مەركىزى هېسابلىنىدۇ.

2) ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر شۇ تىلدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۆزگەرمەي قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئاممىباب سۆزلەردىن ئىبارەت.

قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردىكى كۆپلىگەن سۆزلەر هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدە ئۆزگەرمەي قوللانماقتا، ئەمما بۇ، ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدە زادى ئۆزگىرىش بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئۇنىڭدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، لېكىن ئۇنداق ئۆزگىرىش ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

3) ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر تىلىمىزدا يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. تىلىمىزدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى باشقا سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان. مەسىلەن:

باش ـ باشچى، باشلىق، باشقۇرۇش، باشپاناھ، باشقارما، باشچىلىق، باشلا، باشلامچى، باشاق، باش قوشماق، باش بولۇش؛ ئىش ـ ئىشچى، ئىشچان، ئىشسىزلىق، ئىشخانا، ئىشلەش. . .

## 2. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى

**تىلىمىزدىكى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە تەۋە بولغان سۆزلەردىن باشقا بارلىق سۆزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ.**

**ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر كىرىدۇ:**

1) كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاز قوللىنىلىدىغان، ئومۇمىي خەلق بىردەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان سۆزلەر : پەلسەپە، ئىجتىھات، تەلىمات، ئىدراك، تەپەككۇر. . .

2) ئىلىم ـ پەن ئاتالغۇلىرى؛ ئاسترونومىيە، ماتېرىيالىزم، لوگارىفما، تەڭلىمە، ئېكۋاتور. . .

3) يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر : سىنئالغۇ، مەنىۋى بۇلغىنىش، زەربىدارلار، هۆكۈمەتسىزلىك، سۈنئىي هەمراھ، ئۈچار تەخسە، زامانىۋىلاشتۇرۇش، ساپا مائارىپى. . .

4) باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر : مۇخبىر، نامزات، سىلياۋ، كومپيۇتېر، پلاستىنكا،

پىرپۇوت، بوكس، كوماندا....

5) ھەر خىل ھۈنەر ـ كەسىپ ساھەسىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر : موكا، رەندە، بەلچە، بىگىز، موم ئىسكىنە، سەندەل، نال، مانجات...

6) يەرلىك شېۋىلەر : سەينا، توگاي، ئايلا، چىتەك، دۆڭگەي، جۇجەم، ئاپقۇر، چامچا (كۆڭلەك)....

7) قوللىنىشتىن قېلىۋاتقان سۆزلەر : باخشى، قۇشناچ، مۇپتى، مەدرىسە، خانىقا، ئەپسۇن...

**ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە :**

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىكلىرىگە ئوخشىمايدۇ. يەنى ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان ئومۇمىي كىشىلەرگە بىردەك چۈشىنىشلىك بولمايدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئايرىم رايونلاردا، بىر قىسىم سۆزلەر ئايرىم كەسىپلەردە، يەنە بىر قىسىم سۆزلەر بەزى ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلار ئارىسىدىلا قوللىنىلىدۇ.

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى تۇراقسىز بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، پەن ـ تېخنىكىسى، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، بېيىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن تېزراق بولىدۇ.

**ئاساسىي لۇغەت تەركىبى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى ئۆزلىرىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا قاراپ، بىر ـ بىرىدىن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ:**

1. ئاساسىي لۇغەت تەركىبىنىڭ دائىرىسى ئانچە كەڭ بولمايدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىنىڭ دائىرىسى كەڭرەك بولىدۇ، يەنى ئاساسىي لۇغەت تەركىبى بىر نەچچە مىڭ سۆزنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى نەچچە ئون مىڭلىغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دائىرىسىدىكى سۆزلەر خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇنچىلىك كەڭ قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن : يەر، سۇ، ئاش، ئادەم، ماڭ، تۇر، كەل، كەت، بار، يوق.... قاتارلىق سۆزلەر كۈندە دېگۇدەك ئىشلىتىلىدۇ. پەلسەپە، تىلشۇناسلىق، گىراماتىكا، مورفولوگىيە دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئۇنداق كەڭ قوللىنىلمايدۇ.

3. تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبى تۇراقلىق بولۇپ، ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن ئاستا بولىدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى نىسبەتەن ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئامبال، بەگ، مىراب دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر كونىراپ، ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىن چىقىپ كەتسە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېزا باشلىقى، ھاكىم، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ، تېلېۋىزور دېگەنگە ئوخشاش يېڭى سۆزلەر لۇغەت تەركىبىگە كىرىپ تۇرىدۇ.

4. ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر ئومۇمىي خەلققە بىردەك چۈشىنىشلىك بولىدۇ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر ئومۇمىي خەلققە بىردەك چۈشىنىشلىك بولمايدۇ. مەسىلەن : ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە، تىلشۇناسلىق، پەلسەپە قاتارلىق ئاتالغۇلارنى شۇ پەن بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن باشقىلار ئاسانلىقچە چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ.


5. ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ. مەسىلەن:
ئىش ـ ئىشچى، ئىشچان، ئىشلە؛ ئاش ـ ئاشپەز، ئاشلىق، ئاشخانا؛ بىل ـ بىلىم، بىلىملىك؛ ئوقۇ ـ ئوقۇغۇچى؛ ياش ـ ياشلىق، سۇ ـ سۇلۇق، سۇخانا؛ يول ـ يوللۇق، يوللاش؛ دەرس ـ دەرسخانا؛ باش ـ باشلا، باشلىق، باشلامچى ۋە باشقىلار.

ئاساسىي لۇغەت تەركىبى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى يۇقىرىقى جەھەتلەردە ئۆزئارا پەرقلىنىسىمۇ، لېكىن بۇلار ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى ئاساسىي لۇغەت تەركىبى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت

تەركىبىنىڭ ھەر ئىككىلىسى لۇغەت تەركىبى ئىچىدە بولىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم سۆزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىن ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە قوشۇلۇپ قېلىشى، ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە چۈشۈپ قېلىشى، ھەتتا كونا سۆز قاتارىدا ئىستېمالدىن تەدرىجىي قېلىش مۇمكىن.

ئاساسىي لۇغەت تەركىبى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە تەرەققىياتىنى تۆۋەندىكى شەكىل ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.




## §3. چۈشەنچە ۋە سۆز

**ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا كىشى مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئۇقۇم چۈشەنچە دەپ ئاتىلىدۇ.**

**چۈشەنچە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.**

كىشىلەر ئۆزىنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت، ھەرخىل شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچە، ئۇقۇم ھاسىل قىلىدۇ. بۇ چۈشەنچىلەر تىلدا مەلۇم سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«قەلەم» دېسەك، بۇ سۆز يېزىقچىلىقتا قوللىنىدىغان بىر خىل قورالنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن خەت يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان مېتال ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان يېزىقچىلىق قورالى دېگەن مەنىنى بىلەلەيمىز.

«كىتاب» دېسەك، بۇ سۆز ھەرخىل ئىلىم - ھېكمەتلەر، پەن - تېخنىكا [illegible]
بىلىملەر خاتىرىلەنگەن پايدىلىنىش ماتېرىيالى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، «قەلەم» ۋە «كىتاب» دېگەن سۆزدىن كېيىن مېڭىمىزدە ئەكس ئەتكەن «خەت يېزىش قورالى»، «پايدىلىنىش ماتېرىيالى» دېگەن ئۇقۇملار چۈشەنچە بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان «خەت يېزىش قورالى» بىلەن « پايدىلىنىش ماتېرىيالى» دېگەن چۈشەنچىلەرنىڭ «قەلەم» ۋە «كىتاب» دەپ ئاتىلىشى سۆز بولىدۇ.

**بەلگىلىك بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئەركىن ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇغۇچى، بۈگۈن، كىيىم، ئادەم، زىرائەت، ئاشلىق، كىتاب، مەكتەپ، بىلىم...

سۆز - تىلدىكى ئەڭ كىچىك فونېتىك بىرلىك، جۈملىنىڭ ئەڭ زۆرۈر قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، سۆز بولمىسا، جۈملە تۈزگىلى بولمايدۇ.

چۈشەنچە بىلەن سۆز بىر- بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، لېكىن ئۇلار بىر نەرسە ئەمەس، ئىككىسىنىڭ پەرقىنى مۇنۇ بىر نەچچە تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1) ھەرقانداق چۈشەنچە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ياردەمچى سۆزلەر بىلەن ئىملىق سۆزلەر گەرچە سۆز ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۇ سۆزلەر نەرسىلەر توغرىسىدا بىرەر چۈشەنچە، ئۇقۇمنى بىلدۈرمەيدۇ.

2) چۈشەنچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بەزى چۈشەنچىلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «دۆلەتباغ» مەلۇم بىر جاينىڭ نامى بولسىمۇ، لېكىن بۇ چۈشەنچە «دۆلەت» ۋە «باغ» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. «ئۈچتۇرپان»، «توققۇزبولاق»، «ئۈچارتەخسە»، «ياۋا قامچىگۈل»، «كۆزەينەكلىك يىلان»... بۇلاردا بىرقانچە سۆز بىرىكىپ بىرلا چۈشەنچىنى ئىپادىلىگەن.

بەزىبىر چۈشەنچىلەر بىر قانچە سۆز ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: يۈز - چىراي، جامال، رۇخسار، ھۆسن دېگەن سۆزلەر بىر خىل مەنىگە ئىگە.

3) بەزىدە بىر سۆز ئارقىلىق بىر چۈشەنچىنىلا ئەمەس، بەلكى بىر قانچە چۈشەنچە ۋە مەنىنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

«چۈش» دېگەن سۆز «چۈش بولدى» (ۋاقىتنى)، «پەسكە چۈش» (پېئىل)، «چۈش كۆردۈم» (ئىسىم) قاتارلىق بىر قانچە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، بۇنىڭدىن بىز سۆز بىلەن چۈشەنچىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، يەنى چۈشەنچە كىشىلەرنىڭ ئويلاش، پىكىر قىلىش جەريانىغا خاس نەرسە، سۆز بولسا كىشىلەرنىڭ ماددىي دۇنيا ھەققىدىكى كونكرېت ۋە ئابستراكت چۈشەنچىلەرنىڭ تىلدىكى ئىپادىسى.

## §4. سۆز شەكلى ۋە سۆز مەنىسى

سۆز تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ، سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ سانى ۋە بىرىكىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ (بىرلا تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن)، ئاق (ئىككى تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن)، ئانا (ئۈچ تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن )، دادا (تۆت تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن) زامانىۋىلاشتۇرۇش (16تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن)

تاۋۇشلار مەلۇم شەكىل ئارقىلىق مەلۇم بىر مەنىنى بىلدۈرگەندىلا، ئاندىن سۆز بولالايدۇ. مەسىلەن: «ئادەم، دەرەخ، شامال، تاغ، ئالەم» دېگەن سۆزلەر ئوخشاش بولمىغان تاۋۇش شەكىللىرى ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، ھەرخىل شەيئىلەرنى ئىپادىلىگەن.

**سۆزلەر تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.**

**سۆز شەكلى**

**سۆزنىڭ تاۋۇشلۇق تۈزۈلۈشى سۆز شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ.**

تاۋۇش سۆزنىڭ تاشقى پوستى، شەكىل سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلى، مەنە سۆزنىڭ مەزمۇنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزدىكى تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشى مۇقەررەر بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق بىر مەنە مەلۇم شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

دېمەك، ھەرقانداق سۆز تاۋۇش، شەكىل، مەنىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنە ئىپادىلىمەيدىغان تاۋۇشلار بىرىكمىسىنى سۆز دېگىلى بولمايدۇ. مەلۇم شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەنمىسە، سۆزمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇنداقلا يەنە شەكىل بىلەن شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەنىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئايرىۋېتىلسە، سۆز مەنىسى يوقىلىدۇ. ياكى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

«بالا» دېگەن سۆز تۆت تاۋۇشنىڭ مەلۇم شەكىل بويىچە بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، ئەگەر بۇ سۆزنىڭ شەكلىنى «تالا» دەپ ئۆزگەرتسەك، سۆز مەنىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. «تاللا» دېسەك، يەنە باشقا سۆزگە ئۆزگىرىدۇ.

دېمەك، بىر تىلغان نىسبەتەن، سۆز شەكلى بىلەن سۆز مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تۇراقلىق بولىدۇ. سۆزنىڭ شەكلى ئۆزگەرسە سۆز مەنىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ. تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشى قانداق تاۋۇش بىلەن قانداق مەنىنى ئىپادىلەشكە قارىتىلغان. شۇ سەۋەبتىن بىر تىلدا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى سۆزلەر بارلىققا كەلگەن.

**سۆز مەنىسى**

سۆزدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن سۆز مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ

**سۆزنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىسى**

**سۆزلەر لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىلەرگە ئىگە.**

مەلۇمكى، سۆزلەر جۈملىدە مەلۇم شەيئى، مەلۇم ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى، خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، ئۇلار ھەققىدە بەزى قوشۇمچە مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

## سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى

**سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇم سۆز مەنىسى دېيىلىدۇ. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، سۆزلەرنىڭ مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ماددىي مەنىسى، يەنى ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشى ئېڭىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىنكاس قىلىنىشى سۆز مەنىسى يەنى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

كىتاب، قەلەم، دەپتەر، سىياھ، يەر، سۇ، ھاۋا، ياز، ماك، قىزىل، ئالما، باھار. . .

«ئۆرۈك، باھار» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلار مېۋىلەرنىڭ كونكرېت بىر تۈرى ۋە يىلنىڭ بىر پەسلى ھەققىدىكى ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. مانا شۇنداق مەنىلەر سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى**

**سۆزلەرنىڭ جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىسى سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

«ئوقۇغۇچىلار كەلدى» دېگەن جۈملىدە ئىككى سۆز بار. بۇنىڭدىن ئالدىنقى سۆز ئوقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخسنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكىسى شۇ شەخسنىڭ ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ مەنىلەر مۇشۇ ئىككى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا «ئوقۇغۇچىلار» دېگەن سۆز ئىسىم بولۇپ، كۆپلۈك ساندا، باش كېلىشتە، جۈملىنىڭ ئىگىسى بولۇپ كەلگەن. «كەلدى» دېگەن سۆز پېئىل بولۇپ، 3- شەخستە ئۆتكەن زاماندا، بولۇشلۇق شەكىلدە، ئاددىي دەرىجە، خەۋەر رايى شەكلىدە كەلگەن ھەم جۈملىدە خەۋەر بولغان. مانا بۇ مەنىلەر مۇشۇ سۆزنىڭ گىرامماتىكىلىق مەنىسى ھېسابلىنىدۇ.

سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بولسا، سۆز ئايرىم تۇرغاندىمۇ، جۈملە ئىچىدە تۇرغاندىمۇ ئىپادىلىنىۋېرىدۇ. سۆزنىڭ گىرامماتىكىلىق مەنىسى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۈستىگە قوشۇلغان مەنىلەر بولۇپ، بۇ مەنىلەر سۆزنىڭ جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن مەلۇم تەرتىپتە ئۆز ئارا باغلىنىشى ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنە دائىرىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى سۆزلەر كەڭ دائىرىدە، بەزى سۆزلەر چەكلىك دائىرىدە مەنە بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

« ئىشچى، دېھقان، زىيالىي» دېگەن سۆزلەر ئۆز كەسپىگە دائىر كىشىلەرنىلا بىلدۈرىدۇ. «ئەمگەكچى» دېگەن سۆز يۇقىرىقى ئۈچ سۆزدىنمۇ كەڭ مەنىنى، يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچى جەمئىيەتتىكى ھەممە كىشىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «كۆزگى بۇغداي » دېگەن سۆز پەسىللىك بۇغداينىڭ تۈرىنىلا بىلدۈرىدۇ، «بۇغداي » دېگەن سۆز ھەرخىل بۇغدايلارنىڭ ئورتاق نامىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاشلىق زىرائەتلىرى» دېسەك، بۇ تېخىمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، بوغداي، قوناق، قىچا، زىغىر، ئارپا، تېرىق، شال قاتارلىق بارلىق ئاشلىق تۈرلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

## §5. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى

تىلىمىزدىكى مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەنىسى بولىدۇ. بۇ خىل مەنە ھەرخىل شەيئىلەر توغرىسىدىكى ھەرخىل ئۇقۇملارنىڭ سۆزلەردە بىۋاستە ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت.

تىلىمىزدىكى سۆزلەر شەيئىلەر توغرىسىدا بىرلا مەنىنى بىلدۈرۈشىمۇ، بىرقانچە مەنىنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

«قۇلاق» دېسەك، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قۇلىقى، ئۇچار قۇش ۋە باشقا جانلىق نەرسىلەردە بار بولغان قۇلاقنى بىلدۈرىدۇ. بۇلار قۇلاق توغرىسىدىكى ئۇقۇمنىڭ ئەسلىي مەنىسى. «تەمبۇرنىڭ قۇلىقى»، «زىرائەت ئىككى قۇلاق بولدى»، « قۇلاقچىنىڭ قۇلىقى»، « قۇلىقى يۇمشاق»، «ئۇزۇن قۇلاق ئادەم» دېسەك، بۇلار ئەسلىي قۇلاق ئەمەس، پەقەت يۇقىرىقى ئەسلىي قۇلاقنىڭ مەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تەقلىدىي مەنىدىكى «قۇلاق» بولۇپ، ئەسلىدىكى « قۇلاق» توغرىسىدىكى ئۇقۇمنىڭ كۆچمە مەنىلىرىدۇر.

**سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى**

**سۆزنىڭ ئەسلىدىكى ئۆزى ئىپادىلىگەن ئوبيېكتنى بىلدۈرگەن ئۆزىگە خاس مەنىسى سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

«كۆز» دېسەك، ئادەم، ھايۋان ياكى ئۇچارقاناتلارنىڭ كۆرۈش سەزگۈ ئەزاسىنى بىلدۈرىدۇ.

«باغۋەن» دېسەك، ھەرخىل مېۋىلەر بولغان مېۋىلىك باغنى پەرۋىش قىلغۇچىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئانا» دېسەك، بىزنى تۇغۇپ، بېقىپ چوڭ قىلغان كىشىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئاچقۇچ» دېسەك، قۇلۇپ قاتارلىق ساقلاش قوراللىرىنى ئاچىدىغان نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى ھېسابلىنىدۇ.

بىر قىسىم سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىدىن باشقا يەنە كۆچمە مەنىلىرىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل مەنە شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇملارنىڭ سۆز بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بولماستىن، بەلكى شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئوخشىتىش ئاساسىدىكى ئوبرازلىق مەنىلەردىن ئىبارەت.

**سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى**

**سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى سۆزلەرنىڭ ئۆزىدە ئېنىق ئىپادىلەنمەيدۇ. پەقەت كونكرېت جۈملىلەردىلا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.** مەسىلەن:

« تۇلكە» دېگەن سۆزدىن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بىر خىلى ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزنى جۈملىدە «بۇ تازىمۇ تۇلكە ئادەم ئىكەن» دەپ قوللىنىلسا، ياۋايى ھايۋاننى ئەمەس، بەلكى شۇ ياۋايى ھايۋانغا ئوخشاش «قۇۋ، ھىيلىگەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

«قۇشنىڭ قانىتى» بۇ يەردىكى «قانات» سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە كەلگەن، «ئىشىكنىڭ قانىتى» «ئايروپىلاننىڭ قانىتى»... «قانات يايدۇرۇش»، «قانات ئاستىغا ئالدى» قاتارلىق سۆزلەردە «قانات» سۆزى كۆچمە مەنىدە كەلگەن.

**سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىنىڭ بىرەر ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى مەنىسى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

بۇ بۇلاقتىن سۇ كۆپ چىقىدۇ. (بۇلاق - ئەسلىي مەنىدە كەلگەن)
مەكتەپ - بىلىم بۇلىقى. (بۇلاق - كۆچمە مەنىدە كەلگەن)
قەشقەر خەلق باغچىسى — ھەم چوڭ ھەم كۆركەم. (باغچە — ئەسلىي مەنىدە كەلگەن)
مەكتەپ بىزنىڭ بىلىم ئالىدىغان باغچىمىز - (باغچە - كۆچمە مەنىدە كەلگەن)
بۇ ئارمىيە زامانىۋى قورال‌لار بىلەن قورال‌لانغان. (قورال - ئەسلىي مەنىدە كەلگەن)
بىز ئىلىم - پەن بىلەن قورال‌لىنىشىمىز لازىم. (قورال - كۆچمە مەنىدە كەلگەن)
بۈركۈت كۆك ئاسماندا قانات قاقماقتا. (قانات - ئەسلىي مەنىدە كەلگەن)
ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەر كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. (قانات - كۆچمە مەنىدە كەلگەن)

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى شۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. يەنى ئەسلىي مەنە بىلدۈرگەن ئۇقۇمغا ئوخشاش بولغان ئۇقۇمدىكى شەيئىنى ئوبرازلاشتۇرۇش، كېڭەيتىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك باغلىنىش بولىدۇ. سۆزلەرنى كۆچمە مەنىدە قوللىنىش سۆز بايلىقىمىزنى ئاشۇرۇش، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىگە ئاساسەن يېڭى مەنىلەرنى قوشۇپ، پىكرىمىزنى ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ.

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئوبرازلىق ۋە ئېنىقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ كونكرېتلىشىشى بولۇپ، سۆز كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەندە كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئابستراكت نەرسە كونكرېت، ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ، چۈشەنچە تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ.

## §6. بىر مەنىلىك سۆزلەر ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر بىرلا مەنىنى، يەنە بىر قىسىم سۆزلەر بىردىن ئارتۇق مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن تىلىمىزدىكى سۆزلەر بىر مەنىلىك سۆزلەر ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. بىر مەنىلىك سۆزلەر

**بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىر مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، ئۇلارغا كۆپىنچە خاس ئىسىملار، پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، چەت ئەللەردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر، يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن: دەرس، قەشقەر، دىپلوم، پېرسوناژ، سىنئالغۇ، تەشەككۇر، لۇغەت، داستان، قوشاق، تەربىيە، يىل، تاغ، ئورمان... بىر مەنىلىك سۆزلەر شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردا باشقا كۆچمە مەنە بولمايدۇ.

## 2. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

**بىر ئاساسىي مەنە ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان بىر قانچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

«ئاچ» سۆزى ئەسلىدە «ئىشىك» ياكى «قۇلۇپ» قا ئوخشاش ئېچىشقا بولىدىغان نەرسىلەرگە قارىتىلغان، كېيىنچە بۇ سۆزنىڭ «يەر ئېچىش»، «چېگرا ئېچىش»، «پال ئېچىش»، «كان ئېچىش»، دېگەندەك كۆپ مەنىلىرى بارلىققا كەلگەن.

سۆزلەر كۆپىنچە كۆپ مەنىلىك بولىدۇ.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر لۇغەت تەركىبىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىر ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرۈشتىن سىرت، يەنە شۇ ئاساسىي مەنىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قانچە قوشۇمچە مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

« باش» سۆزى ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ بېشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنە «باش» سۆزىنىڭ ئاساسلىق مەنىسى هېسابلىنىدۇ. بۇ سۆز يەنە تۈرلۈك سۆز بىرىكمىلىرىدە هەرخىل مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

باش ۋەزىپە- مۇهىم ئاساسىي ۋەزىپە

باش بولۇش - باشلامچىلىق قىلىش

باش كۆتۈرۈش- قەد كۆتۈرۈش، پەيدا بولۇش

باش قوشۇش- مەسلىهەتلىشىش، پىكىرلىشىش

باش ئېگىش- يېڭىلىش، بويسۇنۇش

سۇنىڭ بېشى- سۇنىڭ باشلانغان ئورنى

ئىشنىڭ بېشى- ئىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى

باش تارتىش- رەت قىلىش، ئۇنىماسلىق

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قانداق مەنىدە قوللىنىلغانلىقى كونكرېت تىل شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سۆزلەرنىڭ كۆپ خىل مەنىدە قوللىنىلىشى يالغۇز ئىسىملاردىلا ئەمەس، باشقا مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىدىمۇ بولىدۇ.

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى بىلەن كۆپ خىل مەنىسىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئوچۇق (سۈپەت)، ئىشىك ئوچۇق (ئەسلىي مەنىسى)، هاۋا ئوچۇق، قولى ئوچۇق، ئوچۇق چىراي، ئوچۇق دەرس، ئوچۇق شەهەر (كۆپ خىل مەنىسى)

سال (پېئىل)، نەرسىنى ساندۇققا قاپقا، تاغارغا، قازانغا سېلىش ... (ئەسلىي مەنىسى)، ئۆي سېلىش، قۇلاق سېلىش، گەپكە سېلىش، خەت سېلىش، يولغا سېلىش، ئەن سېلىش، سەپسېلىش، بازارغا سېلىش، ئۇرۇق سېلىش... (كۆپ خىل مەنىسى) .

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى» دە «سالماق» پېئىلىنىڭ مەنىسى 38 خىل ئىزاهلانغان. بەزى كىتابلاردا 180 خىل مەنىسى بار دېيىلگەن.

تىل - ئالاقە ئىشلىرىمىزدا كۆپ خىل مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى پايدىلىق. ئۇ تىلنىڭ لېكسىكىسىنى بېيىتىپ، ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا، تىل ئالاقىسىدە ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى توغرا چۈشىنىپ، توغرا ئىشلىتىشكە ئەهمىيەت بېرىش لازىم.

**ئەسكەرتىش:**

كۆچمە مەنىلىك سۆز بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆز بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىككى سۆزنىڭ پەرقىنى ياخشى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. كۆچمە مەنىلىك سۆزمۇ، كۆپ مەنىلىك سۆزمۇ ئوخشاشلا سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن كۆچمە مەنىلىك سۆزدە ئاۋۋالقى يەنى ئەسلىي ئۇقۇمنىڭ ماهىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئىككىنچى بىر ئابستراكت ئۇقۇم كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«مەكتەپ بىلىم بۇلىقى» دېگەن جۈملىدە مەكتەپنىڭ ئادەمگە بىلىم بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى بۇلاقنىڭ سۈيى ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن.

كۆپ مەنىلىك سۆزدە سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ يەنە نۇرغۇن شەيئىلەردە بارلىقىنى خۇددى مەنىداش سۆزلەرنى گۇرۇپپىلىغاندەك تەكرار كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

«باش» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئەسلىدە ئادەم ياكى ھايۋان قاتارلىق جانلىقلارنى باشقۇرىدىغان ئەزاسى بولغان بېشىغا قارىتىلغان، تىل - ئالاقە جەريانىدا ئادەم ياكى ھايۋانغا ئوخشاش جېنى بولغان جانلىق ياكى ئابستراكت ئۇقۇملاردىمۇ بىر «باش» نىڭ بارلىقى بايقىلىپ، يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغاندەك «باش» سۆزىنىڭ بىر مۇنچە كۆپ مەنىلىرى بارلىققا كەلگەن.

## §7. مەنىداش سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى تەشكىل قىلغان سۆزلەر سان جەھەتتىن قانچە كۆپ بولسا، مەنە جەھەتتىنمۇ شۇنچىلىك خىلمۇخىل. تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ سان ۋە مەنە جەھەتتىن خىلمۇخىل بولۇشى تىلنىڭ مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى، كۆرۈنۈشلەرنى مۇمكىنقەدەر تولۇق، روشەن ئىپادىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تىلنىڭ باي ۋە ئەۋرىشىم بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ. مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان سۆزلەرنىڭ بىرى مەنىداش سۆزلەردۇر.

مەنىداش سۆزلەر تىلشۇناسلىقتا «سىنونىم» ئاتالغۇسى بويىچە قوللىنىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە گرېكچە سۆز بولۇپ، ئۇ گرېكلەرنىڭ «ئوخشاشلىق» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان، بىرىچە «مەنىسى ئوخشاش، مەنىسى يېقىن، مەنىداش سۆز» دېگەندەك مەنىسى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆپ، جىق، تولا، نۇرغۇن، مول؛ چىڭ، مەزمۇت، پۇختا، مۇستەھكەم؛ چىرايلىق، كۆركەم، گۈزەل، ئۇز دېگەندەك سۆزلەر شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەنە جەھەتتىن ئوخشاشلىق ياكى يېقىنلىق مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**شەكلى ھەرخىل، ئەمما مەنىلىرى ئوخشاش ياكى بىر - بىرىگە يېقىن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئۇلۇغ، بۈيۈك، يۈكسەك؛ ھۆسن، چىراي، جامال، رۇخسار؛ يەر، زېمىن، تۇپراق؛ ئادەم، ئىنسان، كىشى؛ تېتىك، جانلىق، جۇشقۇن قاتارلىقلار.

مەنىداش سۆزلەر مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، جۈملە ئىچىدە قوللىنىلغاندا بەزى پەرقلەر بولىدۇ. يەنى بەزى مەنىداش سۆزلەرنى جۈملىدە ئالماشتۇرۇپ قوللانغىلى بولسىمۇ، بەزى مەنىداش سۆزلەرنى جۈملىدە ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

يولداشلار بىرئاز ئارام ئېلىۋالايلى دېگەن جۈملىدىكى «ئارام» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا بۇ سۆزنىڭ مەنىداش سۆزلىرى بولغان «دەم» «ھاردۇق» دېگەن سۆزلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ ھەمدە بۇ سۆزلەر جۈملىدە ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «ئانا» بىلەن«ئاپا» مەنىداش سۆز بولسىمۇ، «ئانا تۇپراق» دېگەننى «ئاپا تۇپراق» دېگىلى بولمايدۇ. «ئۆلۈش» سۆزىنى ئادەمگىمۇ، ھايۋانغىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەمما «قازا قىلدى»، « ۋاپات بولدى»، «قۇربان بولدى» دېگەن سۆزلەر «ئۆلۈم » مەنىسىنى بىلدۈرسىمۇ، جۈملە ئىچىدە بىرىنىڭ ئورنىدا بىرىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، «قازا قىلىش» بىرەر ھادىسە بىلەن ئۆلۈشنى، «ۋاپات بولدى»، «قازا يەتتى» كېسەللىك ياكى قېرىش سەۋەبلىك ئۆلۈشنى، «قۇربان بولۇش» بولسا ۋەتەن، خەلق ئىشى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

بەزى مەنىداش سۆزلەر تۈس مەنىسىگە ئىگە. مەسىلەن:

«ۋاپات بولدى» دېسە، ھۆرمەت تۈسىگە ئىگە، «ئۆلدى» دېسە، بىر خىل مەنسىتمەسلىك تۈسى بولىدۇ.

مەنىداش سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا ئاز - تولا مەنە پەرقىنىڭ بولغانلىقى بىرىنچىدىن، تىلنىڭ لۇغەت

تەركىبىنى بېيىتسا، ئىككىنچىدىن، ئوي - پىكىرنى ئىنچىكە ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مانا بۇلار مەنىداش سۆزلەرنىڭ تىلىمىزدا ساقلىنىپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. ئۇلاردا ئىنچىكە مەنە پەرقى بولغاچقا، ئۇلارنى توغرا قوللىنىشقا، توغرا ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

## §8. شەكىلداش سۆزلەر

تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىدە يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن يېزىلىشى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلار باشقا - باشقا ئورۇندا بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىپ ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

ياش - ئىسىم (كۆزنىڭ يېشى)، ياش - سۈپەت (ياش بالا)

كۆل - ئىسىم (ئوچاقتىكى كۆل)، كۆل - پېئىل (ئۇ ماڭا قاراپ كۈلدى)

چۈش - ئىسىم (چۈش كۆردۈم)، چۈش - رەۋىش (چۈش بولدى)، چۈش - پېئىل (تۆۋەنگە چۈش)

**تەلەپپۇزى، شەكلى، يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر شەكىلداش ياكى ئاھاڭداش سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئات، قاش، يۈز، بوش، ئوت، قوي، تاڭ، نوتا، نۇقتا...

شەكىلداش سۆزلەرنى بىر نەچچە خىل مەنە بىلدۈرىدىغان ئوخشاش بىر سۆز دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى شەكىلدەش سۆزلەر شەكلى ئوخشاش، مەنىلىرى باشقا - باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت. شەكىلداش سۆزلەر كۆپىنچە ھەرخىل سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكى، قانداق مەنە بىلدۈرىدىغانلىقى پەقەت سۆز بىرىكمىلىرى ياكى جۈملىدە ئىپادىلىنىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى، بەزى نەرسىلەرنىڭ ئىسمى، بەلگىلىرى بىلەن ئوخشاش ئەھۋاللارمۇ بار. بۇلارمۇ شەكىلداش سۆزلەرگە كىرىدۇ. مەسىلەن: نوتا، ھەرە، يارلىق، يارماق، ياغلىق، ياڭاق، موما، ناۋا...

قەيسەر جەڭچى - ئادەم سۈپىتى، قەيسەر مامۇت - ئادەم ئىسمى، قۇندۇز- ھايۋاننىڭ نامى، قۇندۇز- ئادەم ئىسمى...

**شەكىلداش سۆزلەر بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى مەزمۇن جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ پەرقلەندۈرۈش كېرەك. كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى بىلەن كۆپ خىل مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولىدۇ. شەكىلداش سۆزلەردە مەنە جەھەتتە قىلچە باغلىنىش مۇناسىۋىتى بولمايدۇ.** مەسىلەن:

ئوچۇق - ھاۋا ئوچۇق، ئىشىك ئوچۇق، قولى ئوچۇق (كۆپ مەنىلىك سۆز)

قوي - (ئىسىم) ھايۋاننىڭ نامى، قوي - (پېئىل) كىتابنى جايىغا قوي (شەكىلداش سۆز)

شەكىلداش سۆزلەر شېئىرلاردا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

قولۇڭدىن كەلگىنىچە چىقار ياخشى ئات، نەسھىتىم ياد قىلىپ ئال پەرزەنتىم.
ياخشىلىق قىل بالام، يامانلىقنى ئات. يالغۇز يۈرسە چاڭ چىقىرالماس ياخشى ئات.

(مۇھەممەتئېلى زۇنۇن شېئىرى)

بۇ شېئىردا «ئات» سۆزى ئۈچ مىسرادا ئۈچ خىل مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

كىشىنىڭ ئەقلى نۇرلانغاي ئىلىم دەرياسىدا ئاقسا،
بىلىملىكلەر بولۇر كەمتەر، قاپاق سۆلەت كېلەر ئاقسا.
ھايات گۈلزارى ئەل يۇرتقا چاچار خۇشبۇي پۇراقلارنى،
مەرىپەت يولىدا كىمنىڭ تىنىمسىز قان - تەرى ئاقسا.

(ياسىن ئىسمايىل ئەلتېرەش شېئىرى)

بۇ شېئىردىمۇ «ئاقسا» سۆزى ئۈچ مىسرادا ئۈچ خىل مەنىدە ئىشلىتىلگەن

www.uyghurkitap.com

## §9. قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەر مەنە جەھەتتىن قارىمۇقارشى، بىر-بىرىگە زىت ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ.
مەسىلەن:
چوڭ - كىچىك، سەت - چىرايلىق، ياخشى - يامان، ئورۇق - سېمىز، ئاق - قارا، ھەق - ناھەق، ئېگىز - پەس، ئاچچىق - تاتلىق، ئىسسىق - سوغۇق، كېچە - كۈندۈز...

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر تىلشۇناسلىقتا ئانتونىم سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئانتونىم ئەسلىي گرېكچە سۆز بولۇپ، گرېكلەرنىڭ «onoma »(قارشى) ۋە «anti» (نامە)دېگەن سۆزلىرىدىن ئېلىنغان. بىرچە ئۇ قارشى مەنىلىك سۆز ياكى قارشى مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەنىلىرى ئۆزرا قارىمۇقارشى بولغان سۆزلەر قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**
مەسىلەن:
ئىسسىق - سوغۇق، ئاق - قارا، قاتتىق - يۇمشاق، تاتلىق - ئاچچىق، كېچە - كۈندۈز، يىراق - يېقىن، ئورۇق - سېمىز، ياخشى - يامان، ئېگىز - پاكار،

تىلىمىزدىكى قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر بىر-بىرىگە زىت سانسىز شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، شەكىللىرى، ھەرىكەتلىرى، ھالەتلىرى، ۋاقتى ۋە ئورنى قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈپ، روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. تىل ئالاقىسىدە بۇنداق زىت مەنىلىك سۆزلەرنى قوللانغاندا شەيئىلەردىكى قارىمۇقارشىلىقنى كۆرسىتىپ بەرگىلى، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. پىكىرنى قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەردىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:
ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن دات(قالىدۇ).
تاتلىق سۆزلۈك دۈشمەندىن، ئاچچىق سۆزلۈك دوست ياخشى.
چوڭ ئىززەت قىلسا، كىچىك خىزمەت قىلىڭلار
ئاچ نېمىنى يېمەيدۇ، توق نېمىنى دېمەيدۇ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولىدۇ، يەنى بىرىنىڭ مەنىسىنى بىرى ئىنكار قىلىدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدىن كەڭ مەنە ئىپادىلەيدۇ.
مەسىلەن:
چوڭ - كىچىك دېسەك چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ، شۇنداقلا چوڭلار بىلەن كىچىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغانلارنىمۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز بولۇش ئۈچۈن ئىككى سۆز بولۇشى، بۇ ئىككى سۆز مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز بولۇشى كېرەك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر كۆپىنچە جۈپ سۆز شەكلىدە كېلىدۇ، ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ.

## لېكسىكىغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى

I تاللاش سوئاللىرى
تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن. سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان جاۋابنى تاللاڭ.
1. لېكسىكا ھەققىدە تۆۋەندىكى ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: (     )

① مەلۇم بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لېكسىكا ياكى لۇغەت تەركىبى دېيىلىدۇ ② لېكسىكا يەنى لۇغەت تەركىبى بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. ③ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى ھازىرقى زاماندا ئىشلىتىلىۋاتقان نەچچە مىڭلىغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ④ لۇغەت تەركىبى ئىچىدىكى بەلگىلىك بىر مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تىل دېيىلىدۇ. ⑤ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر شۇ مىللەت ئىچىدە قوللىنىش دائىرىسىنىڭ كەڭ ياكى تارلىقىغا ئاساسەن ئاساسىي لۇغەت تەركىبى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ⑥ لۇغەت تەركىبى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ ⑦ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزدىن باشقا بارلىق سۆزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ ⑧ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزنىڭ سانى كۆپ، ئۆزگىرىشى نىسبەتەن تۇراقلىق بولىدۇ. ⑨ ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سانى كۆپ نىسبەتەن ئۆزگىرىشچان قوللىنىش دائىرىسى تار بولىدۇ.

A. ②③④⑦　　B. ③④⑥⑧　　C. ②④⑥⑧　　D. ①⑤⑥⑦

2. چۈشەنچە، سۆز، سۆز مەنىسى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: (　　)

A. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا كىشى مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئۇقۇم چۈشەنچە دەپ ئاتىلىدۇ، چۈشەنچە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ

B. بەلگىلىك بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان، ئەركىن ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى سۆز دېيىلىدۇ

C. سۆز لېكسىكىلىق ھەم گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە، سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى سۆز ئايرىم تۇرغاندىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، گىراماتىكىلىق مەنىسى جۈملىدە ئىپادىلىنىدۇ.

D. «بىلىم - كۈچ» دېگەن جۈملىدە بىلىم دېگەن سۆز جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن. مانا بۇ «بىلىم» دېگەن سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى

3. تۆۋەندىكى جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىسى توغرىسىدا ئېيتىلغانلاردىن توغرا بولمىغىنى: (　　)

A. «بىلىم — ئەقىلنىڭ چىرىغى» دېگەن جۈملە تەركىبىدە ئۈچ لېكسىكىلىق مەنە، ئۈچ گىراماتىكىلىق مەنە بار

B. «ۋاقىتنى تېجەش — ئۆمۈرنى ئۇزارتقانلىق» دېگەن جۈملىدىكى «ئۆمۈر» دېگەن سۆز ھايات دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ «ئۆمۈر» دېگەن سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى؛ ئۆمۈر سۆزى جۈملىدە چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، كېيىنكى سۆز بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىش ھاسىل قىلىپ، خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن. بۇ ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى

C. بەزى سۆزلەر بىرلا لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولماستىن بىرقانچە لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ

D. ئوخشاش بىر سۆز ئوخشاش بولمىغان جۈملىلەردە قانداق شەكىلدە كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاش گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ

4. ئەسلىي مەنىلىك، كۆچمە مەنىلىك، بىر مەنىلىك ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر توغرىسىدا تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتا ئېيتىلغىنى: (　　)

A. «تۈلكە ياۋايى ھايۋان»، «ئۇ تۈلكە ئادەم» دېگەن جۈملىلەردىكى «تۈلكە» سۆزى ئالدىنقى جۈملىدە ئەسلىي مەنىدە، كېيىنكى جۈملىدە كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان

B. «بۇلاق» سۆزىنىڭ سۇ چىقىدىغان ئورۇننى كۆرسىتىدىغان مەنىسى «بۇلاق» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى بولىدۇ. «مەكتەپ بىلىم بۇلىقى» دېسەك، «بۇلاق» سۆزى كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ

C. سۆزلەر كۆپىنچە بىر مەنىلىك بولىدۇ، لېكىن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بىر ئاساسىي مەنىدىن باشقا بىرقانچە كۆچمە مەنىسىمۇ بولىدۇ. مۇنداق سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دېيىلىدۇ.

D. «سال - ساندۇققا سال، قازانغا سال»، ئاچ — ئىشىكنى ئاچ، تۈۋاقنى ئاچ»، «ياپ - ئىشىكنى ياپ، تۈۋاقنى ياپ» دېگەن سۆزلەردىكى «سال، ئاچ، ياپ» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئەسلىي مەنە، باشقا مەنىلەرنىڭ ھەممىسى كېيىنكى مەنىسى - كۆچمە مەنىسى بولىدۇ.

5. ① مەكتەپ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدىغان مۇھىم باز. ② جەمئىيەتمۇ ئۆزگىچە بىر خىل مەكتەپ. ③ ئۇ تويۇقسىز چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى. ④ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇت. ⑤ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىغا ناھايىتى پۇختا. ⑥بۇ تامنىڭ ئۇلى بەك پۇختا. ⑦ مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. ⑧ ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ قاپتۇ. ⑨ ئۇ قولى ئوچۇق بىر ئادەم دېگەن جۈملىلەردىكى سۆزلەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. بىرىنچى جۈملىدىكى «مەكتەپ» ئۈچىنچى جۈملىدىكى «چوڭقۇر»، ئالتىنچى جۈملىدىكى «پۇختا» دېگەن سۆزلەر ئەسلىي مەنىدە كەلگەن

B. تۆتىنچى جۈملىدىكى «چىڭ»، يەتتىنچى جۈملىدىكى «پاتتىم»، ئىككىنچى جۈملىدىكى «مەكتەپ» دېگەن سۆزلەرمۇ ئەسلىي مەنىدە قوللىنىلغان

C. يەتتىنچى جۈملىدىكى «چوڭقۇر» كۆچمە مەنىدە كەلگەن، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى چوڭقۇر كۆل، چوڭقۇر ئازگال، چوڭقۇر دېڭىز دېگەن مەنىدە

D. توققۇزىنچى جۈملىدىكى «ئوچۇق» كۆچمە مەنىدە كەلگەن، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئىشىك ئوچۇق، تۈۋاق ئوچۇق، تۆڭلۈك ئوچۇق، ساندۇقنىڭ ئاغزى ئوچۇق بولىدۇ.

6. مەنىداش، شەكىلداش ۋە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر ھەققىدە توغرا بولمىغان قاراش: ( )

A. «چىڭ، پۇختا، مۇستەھكەم»، «كىشى، ئادەم، ئىنسان»، «چىراي، جامال، رۇخسار» دېگەندەك سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر بولىدۇ. مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدە ئىنچىكە پەرق بولىدۇ

B. تەلەپپۇزى، يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. شەكىلداش سۆزلەرنىڭ قايسى مەنىدە قوللىنىلغانلىقىنى جۈملىدە بىلگىلى بولىدۇ

C. «ياخشى ـ يامان، ئاق ـ قارا، كىچە ـ كۈندۈز، ئوڭ ـ تەتۈر دېگەندەك سۆزلەر قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، بۇ خىل سۆزلەر مەنە جەھەتتىن قارىمۇقارشى بولسىمۇ، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

D. مەنىداش، شەكىلداش، قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈش تەس، مۇنداق سۆزلەرنىڭ تىلدا ئانچە چوڭ رولى يوق. شۇڭا مۇنداق سۆزلەرنى كۆپەيتمەسلىك كېرەك

7. تۆۋەندىكىلەردىن خاتاسى: ( )

A. يەر، زېمىن، تۇپراق — ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى» دېگەن جۈملىدە مەنىداش سۆزدىن ئۈچى، شەكىلداش سۆزدىن ئىككىسى بار.

B. «سەن ئاتتىن ئاستا چۈش» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنى يەككە سۆزلەر بويىچە قارىغاندا، شەكىلداش سۆزدىن ئىككىسى، مەنىداش سۆزدىن بىرى بار.

C. «قىل، قوي، توي، كۆل» دېگەن سۆزلەرمۇ كۆپ خىل مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان شەكىلداش سۆزلەردۇر

D. «ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان كۆپۈپ» دېگەن جۈملىدە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز ھاسىل قىلىدىغان سۆزدىن ئىككىسى بار

8. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى سۆزلەر ھەققىدىكى تەھلىللەردىن توغرىسى: ( )

① «قىزغىنلىقى بار بىر ئادەم قىزغىنلىقى يوق توقسان توققۇز ئادەمدىن ئۈلۈغدۇر» دېگەن جۈملىدە مەنىداش سۆزدىن ئىككىسى بار. ② «كۆچلۈكلەر باشقىلارنى بويسۇندۇرسا، قابىللار ئۆزىنى بويسۇندۇرىدۇ» دېگەن جۈملىدە مەنىداش سۆزدىن ئىككىسى بار. ③ ھەرقانچە چوڭ دەرەخمۇ بىر تال كىچىك ئۇرۇقتىن بارلىققا كەلگەن بولىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى ئۇرۇق سۆزى ئەسلىي مەنىدە كەلگەن. ④ « بېلىق پەقەت ئاغزىنى ئاچقان چاغدىلا قارماققا ئىلىنىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «ئاغزى» دېگەن سۆز ئەسلىي مەنىدە كەلگەن ⑤ «ئادەتتىكىچە بىلەن ئادەتتىكىچە بولماسلىقنىڭ پەرقى ئاشۇ «ياق» دېگەن سۆزدە» دېگەن جۈملە تەركىبىدە شەكىلداش سۆز يوق دېسە خاتا بولىدۇ. ⑥ «چېكىنىشتىن مەقسەت ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈندۇر» دېگەن جۈملىدە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز يوق دېيىشكە بولمايدۇ.

A. ①③④⑤ B. ②③⑤⑥ C. ①①⑤⑥ D. ③④⑤⑥

## II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى (        ) ياكى (        ) دەپ ئاتىلىدۇ.

2. لۇغەت تەركىبى سۆز بايلىقى بولغاچقا، ئۇنى تېخى (        ) دېيىشكە بولمايدۇ، پەقەت لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر (        ) قىلىغاندىلا ئاندىن تىل دەپ قاراشقا بولىدۇ.

3. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر قوللىنىش دائىرىسىگە قاراپ (        ) ۋە (        ) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

4. ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سانى (        ) بولىدۇ. تەرەققىياتى (        ) بولىدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سانى (        )، تەرەققىياتى (        ) بولىدۇ.

5. تىلىمىزدىكى كونىراپ ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان سۆلەر، يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر (        ) لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ.

6. مەنىداش سۆزلەرنىڭ (        ) لېكىن (        ) ياكى (        ) بولىسمۇ، ئىشلىتىلىشىدە (        ) پەرق بار.

7. شەكىلداش سۆزلەرنىڭ (        ) بولغانلىقتىن ئايرىم تۇرغاندا مەنىسى پەرقلەنمەيدۇ. قانداق مەنە بىلدۈرىدىغانلىقى پەقەت (        ) دە ئىپادىلىنىدۇ.

8. قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز ھاسىل قىلىش ئۈچۈن چوقۇم (        ) بولۇشى ھەمدە ئۇ سۆزلەر (        ) بولۇشى كېرەك.

9. «ئوغۇزخان ئۈچ ئوغلىغا ئۆز ئېلىدىكى زېمىنلىرىنى سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىپتۇ» دېگەن جۈملىدە تەركىبىدە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزدىن ئىككىسى بولۇپ، بۇ سۆزلەر (        ).

10. «لوگىكا ئىلمى تەرەققىيات نەتىجىسىدە فورمال لوگىكا، دىئالېكتىك لوگىكا ۋە ماتېماتىكىلىق لوگىكا دېگەن ئۈچ ئاساسىي تارماققا بۆلۈنگەن» دېگەن جۈملىدە (        ) دېگەن سۆزلەردىن باشقا سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ.

11. «سوكوت ئەڭ كۈچلۈك قورال ھەم ئاغدۇرۇۋېتىش ئەڭ تەس ھۆكۈم» دېگەن جۈملىدىكى « قورال» سۆزى جۈملىدە (        ) كەلگەن.

12. «باھانە ـ سەۋەب مەغلۇبىيەت ئۆيى» دېگەن جۈملىدىكى ئۆي (        ) كەلگەن.

## III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، پارچە تەركىبىدە قانچە سۆز بارلىقىنى، ئۇ سۆزلەرنىڭ بىر مەنىلىك ياكى كۆپ مەنىلىك، ئەسلىي مەنىلىك ياكى كۆچمە مەنىلىك، مەنىداش، شەكىلداش ياكى قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

1. ھەقىقەتەن تىلىنىڭ ئۆتكۈر ئۇچى ئۇزۇن نەيزە ئۆتمەيدىغان يەرگىمۇ ئۆتىدۇ ۋە نەيزە قىلالمىغان تەسىرنى قىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سۆز بىلەن بىر كىشىنىڭ نومۇس ۋە شەرىپىگە تېگىپ، يۈزىنى چۈشۈرمەك ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەندىنمۇ يامان.

شۇنداق ئىكەن، ئاغزىڭغا كەلگەننى دېيىشتىن ساقلان. ھالبۇكى «نېمىشقا» ۋە «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى قويساڭ، ئالدى ـ كەينىنى ياخشى چۈشىنەلەيسەن.

# §10. تۇراقلىق تەركىبلەر

تىلىمىزدا ئۇزاق قوللىنىش جەريانىدا مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۇراقلىشىپ كەتكەن بىر قىسىم بىرىكمىلەر بار. بۇنداق بىرىكمىلەر ئۇزاق قوللىنىش جەريانىدا مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئوي - پىكرىنى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچە ۋە يەكۈنلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بېلى بوش (بوشاڭ، ئىش خۇشياقمايدىغان)

دوپپىسىغا جىگدە سېلىش (ئالداپ قويۇش)

ئاغزىنى ياغلىماق (خۇشامەت قىلماق)

قوۋۇرغامنى ئەگمە (چوڭ گەپ قىلما، پو ئاتما)

چىشىمغا تەگمە (جېلە قىلما)

ئۆپكەڭنى بېسىۋال (ئالدىراپ كەتمە)

بوگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما (ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىش)

مۇشۈكنىڭ پۇلى يوق گۆشكە ئامراق (ھالىغا باقماي ياكى ھال ئەھۋالىغا قارىماي چوڭچىلىق قىلىش)

بۆلۈنگەننى بۆرە يەر(ئىتتىپاقلىق،ئىناقلىق مۇھىم دېگەن مەنىدە)

بىر تال باش، بىر قوشۇق ئاش(ئاشلىقنىڭ مۇھىملىقى، ئاشلىقنى قەدىرلەش لازىملىقى تەكىتلەنگەن)

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، ئۇزاق قوللىنىش جەريانىدا مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۇراقلىشىپ، بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەر تۇراقلىق تەركىبلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

تۇراقلىق تەركىبلەر شەكىل جەھەتتىن مۇقىملىقتا، مەنە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. تۇراقلىق تەركىبلەر لۇغەت تەركىبىدىكى مۇھىم بىر بايلىق ھەم تەييار تىل ماتېرىيالى بولۇپ، تىلىمىزنىڭ ئالاھىدە بايلىقى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ئەقلىي يەكۈنى ھېسابلىنىدۇ.

**تۇراقلىق تەركىبلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:**

1. تۇراقلىق تەركىبلەر تىل تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، تىلدا كۆپ قوللىنىلىدىغان، ئاممىغا چۈشىنىشلىك، چوڭقۇر مەنىلىك، تەييار لېكسىكىلىق ماتېرىيالدۇر.

2. ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سانىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىرلا ئومۇمىي مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق ئومۇمىي مەنىنى تەشكىل قىلىدىغان سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى مەنىلىرى تامامەن ياكى قىسمەن يىراقلاپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ كۆچمە مەنە بولىدۇ.

3. ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەر مەنىسى ۋە سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۇراقلىق خاراكتېرگە ئىگە. تىلدا خۇددى بىر سۆزگە ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. بىر خىل ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

4. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بولۇپمۇ كۆچمە مەنە ئىپادىلەيدىغان تۈرلىرىنى بىر تىلدىن ئىككىنچى بىر تىلغا سۆزمۇ سۆز ئۇدۇل تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ. پەقەت باشقا تىلدىكى مەنىلىرى ئوخشاش بولغان تۇراقلىق ئىبارىلەر بىلەنلا تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

5. ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا، ئارىسىغا باشقا سۆزلەرنى قوشۇپ

قويۇشقا، بىرەر سۆزنى ئېلىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تۇراقلاشقان مەنىسى يوقىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر مەنىسى ۋە تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئىدىئوملار، ماقال - تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. ئىدىئوملار

«ئىدىئوم » ئاتالغۇسى گرىكچە «idioma» (ئالاھىدە سۆز) دېگەن سۆزدىن كەلگەن.

ئىدىئوملار ئوخشىتىش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. تەركىبىدىكى شۇ سۆزلەرنىڭ يەككە تۇرغان چاغدىكى مەنىسىدىن باشقىچە مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

«ئاچ كۆز»دېگەن تۇراقلىق بىرىكمە «نەپسى يامان» دېگەن مەنىنى؛ « تەخسە كۆتۈرمەك » دېگەن بىرىكمە «خۇشامەت قىلماق»دېگەن مەنىنى؛ « ئۆپكىسى يوق» دېگەن بىرىكمە «ئالدىراڭغۇ»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىدىن باشقا مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

**تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىدىن باشقىچە مەنىنى بىلدۈرىدىغان، ئۇزاق قوللىنىش جەريانىدا مەنە ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن تۇراقلاشقان، قىسقا، ئىخچام تۇراقلىق تەركىبلەر ئىدىئوم دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

«ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك»دېگەن ئىدىئوم ھەرگىز ئاغزى يوغىناپ قۇلىقىغا يەتكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى بەكمۇ خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئۇجمە كۆڭۈل» دېسەك قانداقتۇر كۆڭلى ئۇجمىگە ئوخشاش بولماستىن، بەلكى تۇراقسىز، شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«قولى ئەگرى» دېگەن ئىدىئومنىڭ مەنىسى قانداقتۇر مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قولىنىڭ ئەگرى بولۇپ قالغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالىدىغان ئوغرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىدىئوملار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تۇراقلىق ھالدا بىرىكىپ شەكىللەنگەن تەييار تىل ماتېرىيالى بولۇپ، تىلدا خۇددى بىر سۆزگە ئوخشاش قوللىنىدۇ. بىر خىل ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەمەس، بەلكى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى قوللىنىپ تۇراقلاشقان، باشقا بىر ئومۇمىي (كۆچمە) مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مۇنداق «ئۇجمە كۆڭۈل» كىشىلەر توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. «ئۇجمە كۆڭۈل» دېگەن ئىدىئوم ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن.

بۇ بالا ئاخىرى «قولى ئەگرى » بولۇپ چوڭ بولدى. «قولى ئەگرى» دېگەن ئىدىئوم بۇ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن.

بۇ «ئۆپكىسى يوق» تىن ئاخىر قۇتۇلدۇق. «ئۆپكىسى يوق» بۇ جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن.

## 2. ماقال ۋە تەمسىللەر

### 1) ماقال

« ماقال» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تىلىمىزغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ،ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «ئاتا- بوۋىلار سۆزى» ياكى «چوڭلار سۆزى، نەسىھىتى» دېگەنلىك بولىدۇ.

ماقال — خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، قۇرۇلمىسى ۋە مەنىسى تۇراقلاشقان، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى

كۆچلۈك بولغان تۇراقلىق بىرىكمىلەر بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن هاسىل بولغان پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى قىممەتلىك پىكىرلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر.

ماقاللار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى بولغاچقا، تۇرمۇشىمىزدىكى ھەرقانداق بىر سۆز ـ ھەرىكەت، روھىي ھالەت ياكى خاراكتېرگە ماس كېلىدىغان ماقاللار بار. مەسىلەن:

ئەمگەك قىلىشنىڭ ئەھمىيەتلىك، شەرەپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» ياكى «ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق» دېگەن ماقالنى ئىشلىتىمىز.

بۇزۇلغان ئىشنى ئوڭشىماق، ئەسلىگە كەلتۈرمەكنىڭ تەسلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «كەسكەن ياغاچ يېپىشماس» دېگەن ماقالنى قوللىنىمىز.

ئادەمنىڭ تېشىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىگە قاراشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «ئادەمنىڭ تېشىغا باقماي، ئىچىگە باق» دېگەن ماقالنى ئىشلىتىمىز.

ئەجىر، ئەمگەك قىلىشنى خالىماي، تەييار ھالاۋەتكە ئېرىشىشنى ئويلايدىغان خام خىياللارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەن ماقالنى قوللىنىمىز؛

بىلىملىك، دانا كىشىلەردىن ھەر ۋاقىت ياخشىلىق كېلىدىغانلىقى، بىلىمسىز، قارا قورساق، نادان كىشىلەردىن كىشىگە ھەر ۋاقىت دەرد ـ ئەلەم، خاپىلىق كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، «ئاقىللاردىن ھۆرمەت يانار، نادانلاردىن كۆلپەت (يانار)» دېگەن ماقالنى ئىشلىتىمىز.

كۆرۈنۈشتە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ھوقۇقىغا تايىنىپ، نەپ ئېلىشقا ئادەتلەنگەن پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، «ئالدى ئىشكتىن يىڭنە پاتمايدۇ، كەينى ئىشكتىن ھارۋا قاتنايدۇ» دېگەن ماقالنى ئىشلىتىمىز.

**دېمەك، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، قۇرۇلمىسى ۋە مەنىسى تۇراقلاشقان، ئاڭلىغۇچىلارغا ئۆلگە، ئىبرەت بولىدىغان جۈملىلەر ياكى قاپىيە، ۋەزىن، تۇراقلارغا ئىگە بولغان شېئىرىي پارچىلار ماقال دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

جېنىدىن تويغان جاھانغا سىغماس.
تاغدەك ئىشنىڭمۇ تېرىقتەك تۈگۈنى بولىدۇ.
ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر.
سۇنى سەپ سىڭار يەرگە، سۆزنى قىل سىغار يەرگە.
راستنى كۆرسە يالغان قاچىدۇ، يولۋاسنى كۆرسە تايغان قاچىدۇ.
سورا ـ سورا بىلىم ئالۇر، ئۇيىلا ـ ئۇيىلا كېيىن قالۇر.
ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە، كېچە ـ كۈندۈز غېمىنى يە.
ئۆزگە يۇرتتا سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتتا ئۇلتان بول.
ئەقىللىغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز.

2) تەمسىل

**تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى، ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ قىلىقلىرى، تەبىئىتى ۋە ھالىتىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەلۇم بىر ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان تۇراقلىق بىرىكمىلەر تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

تەمسىل ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئوخشىتىش دېگەن مەنىدە.

تەمسىل بولسا خەلقىمىز تۇرمۇشىدىكى تىپىك ۋە ئەھمىيەتلىك ھادىسىلەرنى تەسۋىرىي يوسۇندا ئىپادىلەپ، كۆچمە مەنىدە قوللىنىش نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. بەزى تەمسىللەردە ھايۋانلاردىكى بەلگە،

خۇسۇسىيەتلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ.

تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىر ئۇدۇل يول بىلەن ئەمەس، شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەتلىرىنى بىر - بىرىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق بىر ئاز ئايلانما يول بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دېگەن بۇ تەمسىلدە ھەركىمنىڭ بالىسى ھەرقانچە كۆرۈمسىز، سەت بولسىمۇ، ئۆزىگە چىرايلىق، يېقىملىق، نۇقسانسىز كۆرۈنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە» بۇ، بىر قىسىم قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئالدىراپ-سالدىراپ بىرەر ئىشنى باشلاپ قويۇپ، ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالمايدىغان خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدۇ.

«توخۇ داڭگال چۇشەر، ئۆچكە جاڭگال چۇشەر» بۇ تەمسىلدە ھەركىم نېمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولسا، پۈتۈن دىققىتى شۇنىڭغا مەركەزلىشىپ، شۇنى ئويلاپ، شۇنىڭ غېمىدە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

« ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپتۇ» بۇ تەمسىلدە تېخى قولغا كەلمىگەن بايلىق، مەرتىۋىدىن ماختىنىش، ھۇزۇرلىنىشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن.

«ئىككى قوچقار سوقۇشسا،بۆرىنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ» بۇ تەمسىل يېقىن كىشىلەر، دوستلار ياكى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا جېدەل - ماجىرا بولسا، دۈشمەنلەرگە پۇرسەت تۇغۇلىدىغانلىقى، شۇڭا ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈپ دۈشمەنگە پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر تىل بايلىقىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، ئۇلاردا خەلقنىڭ دانا قاراشلىرى، ئىلغار پىكىرلىرى، چوڭقۇر پەلسەپىۋى ھېس - تۇيغۇلىرى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ساپ دىل، سەمىمىي، ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ھۇرۇنلۇق، ئالدامچىلىق، ئىككى يۈزلىمچىلىككە ئوخشاش يامان ئىللەتلەرنى قامچىلايدۇ.

ماقال- تەمسىللەرنى ياخشى ئۆگىنىش، تىل - ئالاقە ئىشلىرىدا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش دېمەكچى بولغان ئوي- پىكىرنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. خەلقىمىز ئىچىدە «ئەر كۆركى ساقال، سۆز كۆركى ماقال» دېگەن ماقال بار. بۇ ماقال ماقال- تەمسىل بىلەن باشلانغان ياكى ماقال- تەمسىل ئارىلاشقان پىكىرنىڭ تەسىرلىك، جەلىپ قىلارلىق بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بۇرۇنلا ماقال- تەمسىللەرنىڭ تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم تىل بايلىقى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ھەم ماقال - تەمسىللەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلغان. شۇنداقلا ماقال - تەمسىللەرنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىمۇ ماقال - تەمسىللەرنى ئىجاد قىلغان.

**ماقال بىلەن تەمسىلنىڭ پەرقى**

ماقال بىلەن تەمسىل بىر- بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇڭا، ئادەتتە ئۇلارنى ئايرىماي، بىرىنىڭ ئورنىدا بىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ پەرقى بار.

**ماقال بىلەن تەمسىل تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.**

**ماقالدا خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى توغرىسىدا يەكۈنلەنگەن ئوي - پىكىرلىرى ئۇدۇللا ئىپادىلىنىدۇ.** مەسىلەن:

«بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يېڭەر»، «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىروينىڭ سامان بولماس»، «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا»، «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا كىشىگە» دېگەن ماقاللاردىن ئۈنىڭدىكى پىكىرنى بىۋاسىتىلا ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

**تەمسىلدە بولسا، ئوي- پىكىرلەر ئۇدۇل يول بىلەن ئەمەس، بەلكى ھايۋانات ياكى باشقا شەيئىلەرنىڭ خىلمۇخىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋاستە قىلىنىپ، ئەگىتمە يول بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.** مەسىلەن:

«گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن» دېگەن بۇ تەمسىلدە گۆش ـ ياغ بىلەن پىياز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەمسىل قىلىنغان.

«يىراق بولسا كىشنىشەر، يېقىن بولسا چىشلىشەر» بۇ تەمسىلدە ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى خۇسۇسىيەت ئادەملەر ئىچىدىكى يېقىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقسىزلىققا تەمسىل قىلىنغان.

«مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» مۈشۈك بىلەن چاشقان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەمسىل قىلىنغان.

«بۇغداينىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەن بۇ تەمسىل باشقىلارنىڭ سايىسىدىن پايدىلىنىپ ئىش قىلىدىغان ناچار ئادەتكە تەمسىل قىلىنغان.

«موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە»، «قاغىلار قاق ئېتەر، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتەر»...دېگەن تەمسىللەرمۇ شۇنداق.

### 3. ھېكمەتلىك سۆزلەر

ھېكمەتلىك سۆزلەر «ئەقلىيە سۆزلىرى»، «تەپەككۇر جەۋھەرلىرى»، «تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى»، «تەپەككۇر ئۇنچىلىرى» دېگەندەك كۆپ خىل ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل ھېكمەت، چوڭقۇر پىكىر ـ چۈشەنچە جىلۋە قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇ سۆزلەرنى ئېغىزدىن ئېغىزغا، كىتابتىن كىتابقا ئەينەن كۆچۈرۈپ ئىشلىتىدۇ.

**مەلۇم شەخس تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۆزىدە چوڭقۇر ھېكمەت ۋە پەلسەپىۋى پىكىر ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان تۇراقلىق جۈملىلەر ھېكمەتلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ (ماۋ زېدۇڭ)

ساۋاتسىز ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ (لېنىن)

ئۆزىنى ماختاپ ناخشا ئېيتقان ئادەمنىڭ ناخشىسىنى بىرلا ئادەم ئاڭلايدۇ (ياپونىيە)

ئۆزگىنىڭ سەۋەنلىكى كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى كەينىگە ئۆتۈۋالىدۇ (فرانسىيە)

بىلىم كىشىلەردىن ئەڭ جىددىيلىكنى ۋە ئەڭ زور قىزغىنلىقنى تەلەپ قىلىدۇ (ئامېرىكا)

سالماق ھەم جىدامىلىق بولغاندىلا بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ (گرېتسىيە)

## تۇراقلىق ئىبارىلەردىن ئۆرنەكلەر

ساۋاقداشلارنىڭ تۇراقلىق ئىبارىلەر ھەققىدىكى بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئۆگىنىپ، سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇش، تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ تۈرلىرىنى بىر-بىرىدىن توغرا پەرقلەندۈرۈپ، توغرا قوللىنىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشكە ياردەم بېرىش شۇنداقلا ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئىمتىھان سوئالىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرگە ئائىت سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىگە ئايرىم-ئايرىم مىسال كۆرسىتىلدى ھەمدە بۇ تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مەنىلىرى ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى. ساۋاقداشلار بۇ مىساللار ئارقىلىق تۇراقلىق ئىبارىلەر ھەققىدىكى بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ،

تۇراقلىق ئىبارىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، سۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش، ئىقتىد...

## ماقالىلار:

1. «**ئابرۇيۇڭنى ياشلىقتىن ساقلا، چاپىنىڭنى يېڭى چېغىدىن(ساقلا)**» بۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئابرۇيىنى ياشلىق مەزگىلىدىن باشلاپ ساقلىشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

2. «**ئابرۇيىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ**» بۇ، ئىنساننىڭ بىلىمى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئارقىلىق تىكلەنگەن ئابرۇيىنى پۇلغا ياكى ماددىي نەرسىلەرگە سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

3. «**ئات ئالساڭ مىنىپ ئال، چىنە ئالساڭ چېكىپ**» بۇ، ھەرقانداق نەرسىنى سېتىۋالغاندا ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ كۆرۈش لازىملىقىنى، تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا ئەستايىدىل بولمىغاندا زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

4. «**ئات تاپقىچە ئېشەك مىن**» بۇ، تۇرمۇشتا ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، سۆلەتۋازلىق قىلماسلىق، قۇربىتى يەتمەيدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشكە زورمۇزور قورۇنماسلىق، ياخشىسىنى، چوڭىنى تاپقۇچە تېپىلغىنىدىن پايدىلىنىش كېرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

5. « **ئاتنى بەيگىدە سىنا، مەردنى مەيداندا**» بۇ، ئاتنىڭ ياراملىق ـ يارامسىزلىقى چاپقاندا،بەيگىدە بەسلەشكەندە مەلۇم بولغاندەك، مەرد ئادەم ئېغىر كۈنلەردە ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان باتۇرلۇقىدىن مەلۇم بولىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

6. «**ئاتا بالىسى بولغىچە يۇرت بالىسى بول**» ھەركىم ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن كۆيۈنۈپ، ياخشى ئىش قىلىدىغان، ئەل ـ يۇرتنىڭ مەنپەئىتىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەنپەئىتىدىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغان پەزىلەتلىك، ئۇلۇغ، يۇرت سۆيەر كىشىلەردىن بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

7. «**ئاتا كەسپى بالىغا مىراس**» بۇ، ئاتىسىنىڭ ياخشى ـ يامان كەسپىنى بالىسى ئىگىلەيدۇ، ئاتىسىنىڭ ياخشى كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر روناق تاپىدۇ، يامان كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر خاراب بولىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

8. «**ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ، بالاڭدىن شۇنى كۆرۈسەن**» بۇ، ھەركىم ئاتا ـ ئانىسىنى قەدىرلەش، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىش، رازى قىلىش كېرەكلىكىنى؛ ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ ھالاۋەت، يامانلىق قىلغانلارنىڭ مالامەت كۆرۈدىغانلىقىنى؛ ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقان، رەنجىتكەنلەرنىڭ بالىلىرىدىن ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

9. «**ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى** » بۇ، ئەجدادلار قىلالمىغان، ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشلارنى ئەۋلادلار قىلالايدىغانلىقىنى، ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلاردىن ئېشىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

10. «**ئاچچىق ئالدىدا يۈرىدۇ، ئەقىل كەينىدە**» بۇ، ھەر قانداق ئىشتا سالماق، ئېغىر ـ بېسىق بولۇش، ئويلىنىپ ئىش قىلىش، ئالدىراڭغۇلۇق، قىزىققانلىق، تېرىككەكلىك قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

## تەمسىللەر

1. «**ئات ئازسا،تايغا ئەگىشىدۇ**» بۇ، ئادەم ياشانغانسېرى ئەقىل ـ ئىدراك ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ، ياشلار، ھەتتا بالىلارغا ئەگىشىپ ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

2. «**ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار** » بۇ، ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىنى، يۇرتىنى تاشلاپ، باشقا ياقلارغا كەتكەنلەر ئاخىرى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئەقىل تېپىپ يۇرت ـ ماكانىغا، ئىش ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

3. « **ئات ئايغىنى تاي باسار**» بۇ، بالىلار ئاتىسىنىڭ ئىزىنى باسىدۇ، ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ داۋاملاشتۇرىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

**4. «ئات ئۆلسە، ئىتنىڭ تويى بولۇر» ياشلار بەختسىزلىككە، پېشكەللىككە، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، ۋاقىتسىز قازا قىلسا، ياماان ئادەملەر گويا تويى بولغاندەك خوش بولۇپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.**

**5.** **«ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە،ئىتنى چىشلىمەيدۇ دېمە»** بۇ، ئات بىلەن ئىت هايۋان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن دائىم هەزەر ئەيلەش، ئېهتىيات قىلىشنىڭ مۇهىملىقىنى، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا هوشيار، سەزگۈر بولۇپ، كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**6.** **«ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ»** بۇ، بىر تۈردىكى هايۋانلار بىر- بىرىنىڭ تەپكىنىگە چىدىغاندەك، مەرد ئادەملەر ئۆزئارا جېدەللىشىپ ئارازلىشىپ قالسا، هەتتا ئۇچراپ قالسىمۇ، ئاداۋەت ساقلىماي، كەڭ قورساقلىق بىلەن بىر- بىرىنى ئەپۇ قىلىشىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**7.** **« ئاتنىڭ تەپكىنى هار ئەمەس، ئېشەكنىڭ تەپكىنى هار»** بۇ، مەرد، باتۇر، ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا قىلغان- ئەتكىنى، خاپىلىقى بىر- بىرىگە ئېغىر كەلمەيدۇ. يات، غەيرىي، ياماان ئادەملەرنىڭ قىلغان- ئەتكىنى ياخشىلارغا هار كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**8.** **« ئاغزى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئېمەر»** بۇ، تىلى يۇمشاق، ياۋاش، مۇلايىم ئادەملەرنىڭ، باشقىلار بىلەن چىقىشىپ، ئىناق- ئىتتىپاق ئۆتكەندە كىشىلەرنىڭ هەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، توق، غەمسىز ياشايدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**9.** **« ئالا قاغىدا ئېلىشىڭ بولسا ،بىر كۈنى ئەسقاتىدۇ»** بۇ، بىراۋغا قىلىنغان ياخشىلىق، ئۆتكۈزۈپ قويغان ئالغۇ- بەرگۈ بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى قايتىدۇ. ئۇ هامان هاجەتكە، ئېهتىياجغا ئەسقاتىدۇ، هەرگىز بىكار كەتمەيدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**10.** **«ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق»** بۇ، هەر بىر پەرزەنت ئۆز ئاتا- ئانىسىنىڭ ئىش- ئەمىلى، مىجەز- خۇلقى، ئەخلاق -ئىستىلى بويىچە يېتىلىپ، ئاتا - ئانىنىڭ ئىش - ئەمەلىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئىدىئومىلار

1. **«دىلى سۇ ئىچمەك»** — قىلغان ئىشىدىن ياكى تۇرغان جايىدىن خۇش بولماق، رازى بولماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

2. **« تاش يۈرەك»** — رەهىمسىز، مېهىر - شەپقەتسىز، باشقىلارغا قىلچىمۇ ئىچ ئاغرىتمايدىغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

3. **«قولى ئوچۇق»** — مەرد، سېخىي، باشقىلاردىن هېچقانداق نەرسىسىنى ئايىمايدىغان، كۆڭلى- كۆكسى كەڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

4. **« ئوقۇرى ئېگىز »** — هاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان دېگەن مەنىدە.

5. **« ئالا كۆڭۈل»** — نىيىتى ياماان، باشقىلارغا ياماان نىيەتتە بولىدىغان دېگەن مەنىدە.

6. **« تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك»** — تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت، قوپال، يېقىمسىز دېگەن مەنىدە.

7. **« يۈرىكى ئويناپ كەتمەك»** — هاياجانلىنىپ، خۇش بولۇپ كەتمەك دېگەن مەنىدە.

8. **« قولى گۈل»** — قولى ئەپلىك، ئىشچان، ئىش قىلالايدىغان دېگەن مەنىدە.

9. **«توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىماق»** — پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، باشقىلارنىڭ زىيان — پايدىسى بىلەن كارى بولماسلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

10. **«تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقماق»** — هەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلماق، بولۇپمۇ ۋاقىت - پەيتى مۇهىم بولغان ئىشنى ۋاقتىدا قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

11. **« توخۇ يۈرەك»** — تولىمۇ قورقۇنچاق، يارىماس دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

# تۇراقلىق ئىبارىلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

## 1 تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن. سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن جاۋابنى تاللاڭ

1. تۇراقلىق ئىبارىلەر ھەققىدە تۆۋەندىكى ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. ئىدىئوم تۇراقلىق ئىبارىلەر ئىچىدىكى ئەڭ قىسقا ئىبارە. ئۇز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىدىن باشقا مەنىنى ئىپادىلەش ئىدىئومنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى

B. ماقالىدە ئوي - پىكىر ئۇدۇللا ئىپادىلىنىدۇ. تەمسىلدە بولسا ئۇدۇللا ئەمەس، بەلكى باشقا شەيئىلەرنىڭ خىلمۇخىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋاستە قىلىنىپ ئەگىتمە يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ

C. ھېكمەتلىك سۆزلەر «ئەقلىيە سۆزلەر»، «تەپەككۇر جەۋھەرلىرى»، «تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇنداق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر پىكىر - چۈشەنچە بار

D. تەمسىللەرمۇ ئۆز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىدىن باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، تەمسىل بىلەن ئىدىئومنى پەرقلەندۈرۈشتە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قارايمىز

2. تۆۋەندىكىلەردىن تەركىبىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنى توغرا ئاريالغىنى ۋە مەنىسىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرگىنى: ( )

① « مۇشۈكنىڭ پۇلى يوق گۆشكە ئامراق » بۇ تەمسىل بولۇپ، مۇشۈك گۆشكە ئامراق دېمەكچى

② « دوستنىڭ ئاتقان تېشى باشنى يارماس» ماقال بولۇپ، دوست بولغانلىقى ئۈچۈن ئاغرىتمايدۇ، ئايايدۇ

③ « سۇدا پىشماي كىگىز بولماس، ئوتقا چۈشمەي بىگىز( بولماس) » ماقال بولۇپ، ھەرقانداق نەرسە ئۆز ئۇستىلىرىنىڭ مېھنىتى ۋە ماھارىتى ئارقىلىق پۈتۈپ چىقىدۇ

④ « قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقارماق » بۇ ئىدىئوم. پو ئېتىش، چوڭ گەپ قىلىپ ھىيلە- نەيرەڭ ئىشلىتىش دېگەن مەنىدە دېيىلسە خاتا بولىدۇ

⑤ « بۇلبۇلغا باغ ياخشى،كەكلىككە تاغ (ياخشى ) » بۇ تەمسىل بولۇپ، ھەرقانداق كىشىگە ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يېرى ياخشى دېگەن مەنىدە

⑥ « تۆگەڭ نار بولسا، يۈكۈڭ يولدا قالماس» ماقال بولۇپ، نار تۆگە كۈچلۈك، شۇڭا يولدا قالمايدۇ دېگەن مەنىدە

A. ⑥⑤③①　　B. ⑥⑤④②　　C. ⑥[illegible]③　　D. ⑤④②①

3. تۆۋەندىكىلەردىن تەركىبىدىكى ئىدىئومنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگىنى: ( )

A. «تىلى تۇتۇق» بەزى سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئۇشتۇمتۇت تىلى تۇتۇلۇپ، ئاۋازى چىقمايدىغان بولۇپ قېلىش ياكى تىلى ئېنىق بولماسلىق

B. «قارىغا كەتمەك» بەزىدە مۇناسىۋەت قىلغان كىشىلەرنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي، ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ يامان يولغا مېڭىپ كېتىش

C. « تەخسىسى چېقىلماق » خۇشامەتچىنىڭ خۇشامەتچىلىكى ئاقماي، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوسال بولۇپ، مەقسىتى ئىشقا ئاشماي قېلىش

D. « ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك » تۇيۇقسىز ئاۋازى چىقماي قېلىش ياكى سۆزلىگەندە ئاۋازى ئاستا ئاستا تۆۋەنلەپ كېتىش

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئىدىئوملارنىڭ مەنىسىنى توغرا ئىزاھلاپ بېرەلمىگىنى: ( )

A. «بۈگۈنكى كۈندە بەزىلەر باشقىلارنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالىمەن دەپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى» دېگەن جۈملىدىكى« دوپپىسىغا جىگدە سېلىش» دېگەن ئىدىئوم ئالداش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

B. «دادام دائىم ماڭا : ئوغلۇم، دىققەت قىل، قىلمۇۋاتقان ئىشىڭغا چېچەك چىقىپ قالمىسۇن دەيدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «چېچەك چىقىپ قېلىش» دېگەن ئىدىئوم ئىشىڭغا بىر نەرسە ئارىلىشىپ قېلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ

C. ئۆكام باشقىلار سۆزلەۋاتقاندا «ئۆپكىڭىزنى بېسىپ ئولتۇرۇڭ» دېگەن جۈملىدىكى « ئۆپكىسىنى بېسىش» دېگەن ئىدىئوم «ئالدىرىماي ئۆزىڭىزنى تۇتۇپ ئولتۇرۇڭ» دېگەن مەنىدە

D. « ئۇ لاتارىيە بېلىتى ئېلىپلا ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى» دېگەن جۈملىدىكى «ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى» دېگەن ئىدىئوم خۇشال بولۇپ كېتىش دېگەن مەنىدە

## II بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. تۇراقلىق ئىبارىلەر ئۇزاق مەزگىل قوللىنىش جەريانىدا ( ) جەھەتتىن مۇقىملىشىپ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ( ) شەكىلدە، بەزىلىرى ( ) كېلىدۇ.

2. تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ( )، ئارىسىغا باشقا سۆزلەرنى ( )، بىرەر سۆزنى ( ) ئېلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

3. ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەر مەنىسى ۋە تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ( ) ( ) ۋە ( ) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ .

4. ماقالىدە ئوي ـ پىكىر ( ) ئىپادىلەنسە، تەمسىلدە ( ) ئىپادىلىنىدۇ. ئىدىئوم ئۆز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ( ) مەنىنى ئىپادىلەيدۇ .

5. « پالتا چۈشكىچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ » دېگەن بۇ تۇراقلىق ئىبارە ( ) گە تەۋە، « پۇل تاپقىچە يۈز تاپ » دېگەن بۇ ئىبارە ( ) غا تەۋە. « قوغۇنلۇقنىڭ يولى» دېگەن بۇ ئىبارە ( ) غا تەۋە.

6. «يىراق بولسا كىشنىشەر، يېقىن بولسا چىشلىشەر»، ( )«ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە » ( )، « ئۈچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ »، ( ) «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» ( )

## III مەشىق ئىشلەش سوئالى

1. تۆۋەندىكىلەرنىڭ تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ قايسى تۈرگە كىرىدىغانلىقىنى ئايرىڭ.

ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ توپ مەنبەسى ۋە مەركىزىي نۇقتىسى — ئەقىل. ئىلىم ـ مەرىپەت ئەقىلدىن تارقىلىدۇ ( )

دانا كىشى ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلار ( )

كەمبەغەلنىڭ مۈشۈكى چاشقان تۇتسا، باينىڭ مۈشۈكى توشقان تۇتار ( )

نامەرد خەزىنىدە بەختسىزلىكتىن ئۆلىدۇ، مەرد ئاددىي تاشتىنمۇ ياقۇت ئالىدۇ ( )

ئۇسسۇل ئوينىيالمىغان قىزغا ئۆينىڭ تارلىقى باھانە ( )

دائىم خاتالىشىشتىن قورقۇپ، ئەنسىرەپ يۈرۈشنىڭ ئۆزىلا ھاياتتا يول قويۇشقا بولمايدىغان ئەڭ چوڭ خاتالىقتۇر ( )

ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ ( )

2. تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى تولۇقلاپ يېزىڭ.

راست گەپ بوسۇغىدىن چىققىچە،

... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن،

سېخىينىڭ ئىشكى ئېچىلىپ تۇرار ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... جىدەلنىڭ ئالدى ئويۇن،

... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... زىرەكنىڭ ئاغزى ئاشقا تېگەر،

... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... قەدىم جايدىن ئايرىلما چەت بولسىمۇ،

... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ئايدىن قالساڭ يىلدىن (قالىسەن).

ماختانغاننىڭ ئۆيىگە بارما، ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئالدى ـ ئارقاڭغا باق... ... ... ... ... ... ... ... ...

ھەسەتخوردىن بەختىڭنى يوشۇر، ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

www.uyghurkitap.com

# IV باب گىراماتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## مۇھىم بىلىم نۇقتىلىرى

«گىراماتىكا» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ قانداق مەنىدە قوللىنىلىدىغانلىقى، نېمىنى تەتقىق قىلىدىغانلىقى، قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى ۋە ئۇ تۈرلەرنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ھەققىدىكى بىلىملەرنى پۇختا ئۆگىنىش كېرەك. بولۇپمۇ گىراماتىكا دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ سۆز تۈركۈملىرى ۋە جۈملە ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىش، گىرامَاتىكا دېيىلسە جۈملە ھەققىدىكى ئىلىم دەپ قارىۋالىدىغان خاتا قاراشتىن ساقلىنىش كېرەك.

1. مورفېما، باش مورفېما، ئەگەشمە مورفېما: سۆز ۋە ئۇنىڭ مەنىلىك بۆلەكلىرى؛ سۆز تومۇرى ۋە قوشۇمچە؛ تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، جۈپ سۆز ۋە بىرىككەن سۆز، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە، سۆز ئالدى قوشۇمچىسى، سۆز ئارقا قوشۇمچىسى، مۇستەقىل سۆز، ياردەمچى سۆز، تىركەلمە، يۈكلىمە، باغلىغۇچى دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ قانداق ئاتالغۇلار ئىكەنلىكىنى، بىر - بىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى، قايسىسى قايسىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش ۋە بىلىش كېرەك.

2. سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، سۆزلەرنىڭ قانداق ئۆلچەملەرگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، بولۇپمۇ سۆزلەرنىڭ نېمىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى ۋە ئۇ تۈرلەرنىڭ نامىنى ئېنىق بىلىش، سانىيالايدىغان، پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇش كېرەك.

3. ھەربىر سۆز تۈركۈمىنى ئۆگەنگەندە شۇ سۆز تۈركۈمىنىڭ قانداق سۆز تۈركۈمى ئىكەنلىكىنى، قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، نېمىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى، قانداق گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ بارلىقىنى، قوشۇمچە ئارقىلىق ياسىلىدىغان-ياسالمايدىغانلىقىنى، جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئەستە ساقلاش كېرەك.

**تۈپ سۆز بىلەن ياسالما سۆزنى، ياسالما سۆز بىلەن تۈرلەنگەن سۆزنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك ئەھۋالى ۋە پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى.**

ئوقۇغۇچىلاردا تۈپ سۆز بىلەن ياسالما سۆزنى، ياسالما سۆز بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك ئەھۋالى بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇ ئۈچ خىل سۆز ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب تۆۋەندىكىچە:

1) بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار تۈپ سۆز دېگەن بۇ ئاتالغۇنى قوشۇمچە قوشۇلمىغان سۆز دەپ قارايدۇ. تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز نۇقتىسىدىن بۇ خىل قاراش توغرا بولسىمۇ، لېكىن سۆز مەنىسى نۇقتىسىدىن بۇ خىل قاراشنى مۇكەممەل قاراش دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بەزى سۆزلەرگە قوشۇلغان قوشۇمچىلارنى پەرقلەندۈرۈش نىسبەتەن ئاسان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم سۆزلەرگە ئۇلانغان قوشۇمچىلارنى پەرقلەندۈرۈش نىسبەتەن قىيىن بولغاچقا، بۇنداق سۆزلەر قوشۇمچە قوشۇلمىغان تۈپ سۆزدەكلا بىلىنىپ، ئاسانلا خاتالىشىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: يولداش، يوللۇق؛ ئىشچى، ئىشچان؛ باشلىق، باشقۇر؛ كىتابخانا، كىتابپۇرۇش؛ دەرسلىك، تامچى، ياغاچچى... قاتارلىق سۆزلەرنىڭ

قوشۇمچىلىرىنى پەرق ئېتىش نىسبەتەن ئاسان بولسىمۇ، باسقۇچ، تۇتقۇچ، قاچقۇن، بىچارە، بىئەدەپ، تۇگۇن، كىلىن، يېمىش، تۇرمۇش، تىرىلغۇ، ئارامگاھ، گۇۋاھنامە... دېگەندەك بىر قىسىم سۆزلەر خۇددى شەھەر، مەكتەپ، ئادەم دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش قوشۇمچىسىز، تۈپ سۆزدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن مەنە جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ياسالما سۆزلەردۇر. شۇڭا، تۈپ سۆزنى پەرقلەندۈرۈشتە نوقۇل ھالدا قوشۇمچە قوشۇلمىغان سۆز دەپلا قارىماي، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، قوشۇمچىمۇ قوشۇلمىغان، مەنىلىك بۆلەككىمۇ بۆلۈنمەيدىغان سۆز دەپ قاراش، يەنى بىر سۆزنىڭ تۈپ سۆز ياكى ياسالما سۆز ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئۇ سۆزنىڭ قۇرۇلۇش شەكلىگە قاراش بىلەن بىرگە مەنىسىگىمۇ قاراشنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك.

2) قوشۇمچىنى پەرقلەندۈرەلمەي، تۈپ سۆز بىلەن ياسالما سۆزنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ ياسالما سۆزلەرنى تۈپ سۆز دەپ قاراش. تۈپ سۆز بىلەن ياسالما سۆزنى پەرقلەندۈرۈشتە ئالدى بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى بىلىش، ئەستە ساقلاش ۋە تونۇش كېرەك. قوشۇمچىلارنى پەرقلەندۈرەلمىگەندە تۈپ سۆز بىلەن ياسالما سۆزنى پەرقلەندۈرۈش قىيىن بولىدۇ. بىر سۆزنىڭ تۈپ سۆز ياكى ياسالما سۆز ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشتە سۆزگە ئۇلانغان قوشۇمچە ئارقىلىق پەرقلەندۈرەلمىگەندە يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك سۆز مەنىسىنى تەھلىل قىلىش كېرەك. يەنى شۇ سۆز ئىپادىلىگەن مەنە تەركىبىدە شۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يەنە بىر مەنىلىك بۆلەك بارمۇ ياكى شۇ سۆزنىڭ ئۆزى سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلدۈرۈۋاتامدۇ؟ ئەگەر شۇ سۆزنىڭ تەركىبىدە شۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يەنە بىر مەنىلىك بۆلەك بولسا، بۇ سۆز ياسالما سۆز بولىدۇ. ئەگەر مۇنداق مەنىلىك بۆلەك بولمىسا، ئۇ سۆز تۈپ سۆز بولىدۇ. مەسىلەن: مېھمانتەكەش، يىغىن، قويماق، ئويماق، مەكتەپ، مەملىكەت، يېمىش، ئۆتمۈش، بەئەينى قاتارلىق سۆزلەرگە ئۇلانغان قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇمچە شۇنداقلا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرالمىغاندا بۇ سۆزلەرنى مەنە جەھەتتىن تەھلىل قىلساق: مېھمانتەكەش سۆزىنىڭ مېھمانەت + كەش دەپ ئىككى بۆلەككە؛ يىغىن سۆزىنىڭ يىغ + ىن دەپ ئىككى بۆلەككە؛ قويماق سۆزىنىڭ قوي + ماق دەپ ئىككى بۆلەككە؛ ئويماق سۆزىنىڭ ئوي + ماق تىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدىغانلىقىنى، مەكتەپ، مەملىكەت دېگەن سۆزلەرنىڭ بولسا، مەنىلىك بۆلەككە بۆلۈنمەيدىغانلىقىنى؛ يېمىش سۆزىنىڭ يە + مىش دېگەن بۆلەككە، ئۆتمۈش سۆزىنىڭ ئۆت + مۈش دېگەن بۆلەككە، بەئەينى سۆزىنىڭ بە + ئەينى دېگەن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى سۆزلەر تەركىبىدە مەكتەپ، مەملىكەت دېگەن ئىككى سۆز تۈپ سۆز، باشقا سۆزلەر ياسالما سۆز بولىدۇ.

3) تۈپ سۆز دېگەن ئۇقۇمنى بوغۇم سانى ئاز سۆز، ياسالما سۆز دېگەن ئۇقۇمنى كۆپ بوغۇملۇق سۆز دەپ قاراش. گەرچە سۆزنى تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز دەپ ئايرىشتا سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئۆلچەم قىلىنسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى تۈزۈلۈش سۆز تەركىبىدىكى بوغۇم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى ئۆلچەم قىلمايدۇ. بۇنداق بۆلۈشتە ئۆلچەم قىلىنىدىغان تۈزۈلۈشى ئەمەلىيەتتە مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدىكى تۈزۈلۈش ھېسابلىنىدۇ. تىلىمىزدىكى بەزى ئاز بوغۇملۇق سۆزلەر ياسالما سۆز بولۇشى، بەزى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر تۈپ سۆز بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

«ئىمارەت، ئىقتىساد، ئىدارە، مۇئامىلە، ئاكادېمىيە، مائارىپ، مەملىكەت، دۆلەت» قاتارلىق سۆزلەر كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر بولسىمۇ لېكىن ئۇلارمەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان تۈپ سۆزلەردۇر.

«تۈيغۇ، گۈلزار، يېزىق، ئىپەك، ئاچقۇچ، سۆزگۈچ» قاتارلىق سۆزلەر گەرچە ئىككىلا بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزلەر مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدىغان ياسالما سۆزلەردۇر.

4) ياسالما سۆزلەر بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك ئەھۋالى. ياسالما سۆز دېگەن مەخسۇس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ياكى سۆزگە سۆزنى قوشۇش ئارقىلىق

ياسالغان يېڭى مەنىلىك سۆز. تۇرلەنگەن سۆز دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىككى خىل مەنىدە ئىگە. بىرى، قوشۇمچە قوشۇلغان دېگەن مەنىدە، يەنە بىرى، سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تۇرلەنگەن سۆز دېگەن مەنىدە. ئەمدى ياسالما سۆز بىلەن تۇرلەنگەن سۆزگە كەلسەك، تۇرلەنگەن سۆز دېگىنىمىز، ئەمەلىيەتتە سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۇرلەنگەن سۆزلەرنى كۆزدە تۇتىمىز. سۆزلەرگە ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى، كېلىش ۋە شەخس قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش قوشۇمچىلار قوشۇلسا تۇرلىگۈچى قوشۇمچە بىلەن تۇرلەنگەن سۆز بولىدۇ. مۇنداق تۇرلەنگەن سۆز تۈپ سۆز بولۇشىمۇ، ياسالما سۆز بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

مەكتەپ — مەكتەپلەر، مەكتىپىمىز، مەكتەپلىرىمىز؛ باغ - باغلار، باغلىرىمىز، باغلىرىم؛ ياخشى- ياخشىلار، ياخشىسى، ياخشىلىرىمىز (تۈپ سۆزلەر تۇرلەنگەن)

ئىشچىلار، ئىشچىمىز؛ ئىشچىلىرىمىز، ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلىرىمىز، ئوقۇغۇچىمىز... ياسالما سۆز تۇرلەنگەن.

5) سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ياسالغان سۆزلەرنى ياسالما سۆز دېمەسلىك، بىر سۆزدىن شۇ سۆزنىڭ بەزى تۇرلىرى ياسالغان بولسا، ئۇ سۆزنى ياسالما سۆز دەپ قاراش ئەھۋالى. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر مورفولوگىيىلىك ۋە سىنتاكسىسلىق يولدىن ئىبارەت ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ. سىنتاكسىسلىق يول بىلەن سۆز ياساش سۆزگە سۆزنى قوشۇش ئارقىلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى (بۇ خىل ئۇسۇلدا سۆز ياساش مورفولوگىيىلىك ئۇسۇلدا سۆز ياساشتەك ئۈنۈملۈك ئەمەس). بىر قىسىم ساۋاقداشلار بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ياسالغان سۆزلەرنى ياسالما سۆز دېمەيدۇ. مۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. مۇنداق سۆزلەرنىمۇ ياسالما سۆز دەپ قاراش كېرەك. مەسىلەن: تىل- يېزىق، ئەدەبىيات- سەنئەت، بەخت- سائادەت، كۆزەينەك، بەشكېرەم، تاشقورغان، تەڭرىتاغ، بەشتوغراق، خامقۇم. كۆزەينەكلىك يىلان، ياۋا قامچىگۈل

## §1. گىراماتىكا نېمىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ

بىز ئىلگىرى تىل ئىلمى ھەققىدە توختالغاندا، تىل ئىلمىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا دەپ ئۈچ تەركىبتىن تۈزۈلىدىغانلىقى، گىراماتىكىنىڭ يەنە مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىستىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ ئۆتتۇق. ئالدىنقى دەرسلىرىمىزدە تىل ئىلمىنىڭ تۇرلىرىدىن فونېتىكا ۋە لېكسىكا قىسىملىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئۆگەندۇق. ئەمدى گىراماتىكا توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

گىراماتىكا دېگەن بۇ ئاتالغۇ گرېكچە Gramma(تارازا، مىزان، ئۆلچەم) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۈگۈنكى دەۋردىكى تىل ئىلمىدە گىراماتىكا ئىككى خىل مەنىدە، يەنى بىرىنچىدىن، مەلۇم بىر تىلدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۇرلىنىش قائىدىلىرى ۋە سۆز -جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرى دېگەن مەنىدە؛ ئىككىنچىدىن، ئاشۇ قائىدىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان، ئۆگىتىدىغان پەن دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

گىراماتىكا سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۇرلىنىش ۋە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى. گىراماتىكا تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ تۇرلىنىش قائىدىلىرى بىلەن سۆز- جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەلۇمكى، تىل تىل تاۋۇشى، لۇغەت تەركىبى، گىراماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسىمدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن سىستېما. تىلنىڭ بۇ ئۈچ ئامىلى بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. تىلنىڭ ماددىي پوستى ھېسابلانغان تىل تاۋۇشى لۇغەت تەركىبى ۋە گىراماتىكا (تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنى) ئاساسىدىلا تىلنىڭ ماددىي ئاساسى بولالايدۇ. تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولغان لۇغەت تەركىبىنىڭ ئۆزىلا تىل بولالمايدۇ. چۈنكى، يەككە - يېگانە سۆزلەر ياكى سۆزلەرنى بىر يەرگە تەرتىپسىز يىغىپ قويۇش بىلەن دېمەكچى بولغان پىكىرنى ئىپادىلەپ، ئالاقىلىشىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

مەسىلەن:

«بىز»، «مەكتەپتە»، «ياخشى»، «ئوقۇيمىز» دېگەن سۆزلەر ئايرىم ـ ئايرىم ئېيتىلسا، بىر يەرگە يىغىپ قويۇلسا، ئېنىق بىر پىكىر ئىپادىلەنمەيدۇ. ئۇ سۆزلەر تىلىمىزنىڭ گىرامماتىكىلىق قائىدىسى بويىچە: «بىز مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيمىز» دېگەن شەكىلدە تەشكىللەنگەندىلا (جۈملە شەكلىگە كىرگۈزۈلگەندىلا)، ئاندىن ئېنىق بىر پىكىرنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. دېمەك، گىرامماتىكا تىلنى تەرتىپلىك، چۈشىنىشلىك ۋە ئۇقۇملۇق خاراكتېرگە ئىگە قىلىدۇ.

**گىرامماتىكا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:**

1. گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر ئومۇمىيلىقىقا ئىگە. گىرامماتىكىدىكى ھەرقانداق بىر قائىدە تىلدىكى مەلۇم بىر سۆز ياكى جۈملىگە قارىتىلغان بولماستىن، بىر تىپقا كىرىدىغان بارلىق سۆز ـ جۈملىلەرگە قارىتىلغان. بۇ دېگەنلىك «لار، لەر» قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىق شۇ سۆز ئىپادە قىلغان مەنىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەش قائىدىسى ئىسىم سۆز تۈركۈمىگىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى شۇ قوشۇمچىلارنى قوشۇشقا بولىدىغان بارلىق سۆزلەرگە قارىتىلغان دېگەنلىك.

2. گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر سىستېمىلىقىقا ئىگە. يەنى تىلدىكى بارلىق قائىدىلەر بىر ـ بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ قائىدىلەر ھەرقايسى تۈر تارماقلار بويىچە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ باغلىنىشلىق ھالدا بايان قىلىنىپ تىلنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

3. گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر تۇراقلىقىقا ئىگە. گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر نىسبەتەن تۇراقلىقىقا ئىگە بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى تىل ئىلمى قائىدىلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنىڭ ئاساسلىرى ئۇزۇن زامانغىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ.

**گىرامماتىكا مەزمۇنىغا ئاساسەن، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىستىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.**

## §2. مورفولوگىيە ھەققىدە چۈشەنچە

سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ياسىلىشى، تۈرلىنىشى ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى قائىدىلەرنىڭ يىغىندىسى مورفولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ياسىلىشى، تۈرلىنىشى، تۈركۈملەرگە ئايرىلىشى توغرىسىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

سىنتاكسىس سۆزلەرنى بىرلەشتۈرۈپ جۈملە تۈزۈش، جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تۈرلىرى توغرىسىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

«مەكتەپ، ئوقۇغۇچى، ئىشلە» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، «مەكتەپ» سۆزىنىڭ تۈپ سۆز ئىكەنلىكىنى، «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆزنىڭ «ئوقۇ» دېگەن تومۇر سۆزگە «غۇچى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى، «ئىشلە» دېگەن سۆزنىڭ «ئىش» دېگەن تومۇر سۆزگە «لە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ياسالما سۆز ئىكەنلىكىنى، بۇ سۆزلەرنىڭ مەكتەپلەر، مەكتىپىمىز، مەكتىپىڭلار، مەكتەپلىرى، مەكتەپنىڭ، مەكتەپكە، مەكتەپتە، مەكتەپتىن، مەكتەپلەردە... دېگەندەك ھەرخىل تۈرلىنىشلەردە (ئوقۇغۇچى سۆزىمۇ شۇنداق) تۈرلىنىپ كېلىدىغانلىقى، «مەكتەپ، ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆزنىڭ ئىسىم «ئىشلە» سۆزىنىڭ پېئىل ئىكەنلىكىنى، پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىلدە، ئۈچ زاماندا، ئۈچ شەخستە، بىرلىك ـ كۆپلۈكتە، ئۈچ رايدا، ھەرخىل دەرىجىدە تۈرلىنىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق مەنىلىرى ۋە تۈرلىنىش قائىدىلىرىگە ئاساسەن سۆزلەرنى تىپقا ئىنچىكىلاش ئاساسىدا تۈركۈملەرگە ئايرىشنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ.

# §3. مورفېما

## (سۆز ۋە ئۇنىڭ مەنىلىك بۆلەكلىرى)

**ئايرىم تۇرغاندا مۇستەقىل بىر ئۇقۇم ياكى مەنىنى ئىپادىلەيدىغان، تىلدا ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

سۇ، هاۋا، كۈن، ئادەم، تۇرمۇش، دەريا، تاغ، مەكتەپ، ئوقۇغۇچى، ئوقۇ، ياز، ياخشى...

سۆز تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن هاسىل بولىدۇ. سۆز جۈملىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. سۆز بولمىسا، تىلدا مەنە ئىپادىلىگىلى، جۈملە تۈزگىلى بولمايدۇ. سۆز نۇتۇقتا ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى بولسىمۇ، لېكىن مەنە ئېتىبارى بىلەن سۆز نۇتۇقتا مەنە ئىپادىلىگۈچى ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى هېسابلانمايدۇ. چۈنكى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى هەرقانداق بىر سۆز بىر ياكى بىر قانچىلىغان مەنىلىك بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: سۇ، ئوت، كۈن، هاۋا دېگەندەك سۆزلەر بىرلا مەنىلىك بۆلەكتىن تۈزۈلگەن. سۇلار، كۈنلۈك، هاۋالىق دېسەك، بۇ سۆزلەر ئىككى مەنىلىك بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. يۇقىرىقى سۆزلەرگە «لار، لۈك، لىق» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەسلىدىكى مەنىسىدىن باشقا مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن.

**سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك (باشقا مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدىغان) مەنە بۆلىكى مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

«ئىشچى، ئىشچان، ئىشخانا» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، بۇ سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئىش» ئىش - هەرىكەتنىڭ بىر تۈرىنى بىلدۈرىدۇ. «چى» مورفېمىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. «چان» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىش قىلىشقا ماهىر، هارمايدىغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. «خانا» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىش قىلىدىغان ئورۇن ياكى ئۆي دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. دېمەك، «ئىش» سۆزىگە مورفېمىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىش سۆزىنىڭ مەنىسى ئۆزگەرگەن.

مورفېمىلارنى سۆزنى تەشكىل قىلىشتىكى رولىغا قاراپ باش مورفېما ۋە ئەگەشمە مورفېما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىمىز.

### باش مورفېما

**سۆزنىڭ مۇستەقىل تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان قىسمى باش مورفېما، باش مەنىلىك بۆلەك، تۈپ سۆز، سۆز تومۇرى، سۆز يىلتىزى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئادەم، ئاش، نان، دەريا، تاغ، ئىش، يول، ماڭ، تۇر، كۆل، قىزىل، ئۆي، هاۋا...

### ئەگەشمە مورفېما

**ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرغاندا، بەلگىلىك بىر لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدىغان، پەقەت باش مورفېمىلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ، قوشۇمچە مەنە ئاڭلىتىدىغان بۆلەكلەر ئەگەشمە مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار، باغۋەنلەر... دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، بۇ سۆزلەرگە غۇچى، لار، ۋەن، لەر قاتارلىق مورفېمىلار قوشۇلغان. يۇقىرىدىكى «ئوقۇغۇچىلار» دېگەن سۆزنىڭ باش مەنىلىك بۆلىكى «ئوقۇ» بولۇپ، «غۇچى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى «بىلەن» ئوقۇ دېگەن بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدىن ئوقۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېگەن مەنىدىكى بىر ئىسىم ياسالغان. «لار» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شۇ ئىسىمنىڭ كۆپلۈكى ئىپادىلەنگەن. دېمەك، بۇ سۆزگە ئۇلانغان ئالدىنقى قوشۇمچە بىر يېڭى مەنىلىك سۆز

ياسىغان بولسا، كېيىنكى قوشۇمچە بۇ سۆزدىن يېڭى بىر مەنىلىك سۆز ياسىماي، شۇ ئىسىمنى كۆپلۈك مەنىگە ئىگە قىلغان.

## ئەگەشمە مورفېمىلارنىڭ تۈرلىرى

**ئەگەشمە مورفېمىلار ئۆزلىرىنىڭ رولىغا ئاساسەن قوشۇمچىلار ۋە ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.**

قوشۇمچىلار ئۆزلىرىنىڭ رولىغا قاراپ، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

قوشۇمچە

**ئايرىم تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتمايدىغان ھەم تىلدا ئايرىم قوللىنىلمايدىغان، پەقەت سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، قوشۇمچە مەنە ئاڭلىتىدىغان بۆلەكلەر قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئەسكەرتىش:

بەزى كىتابلاردا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى «سۆزلەرنىڭ يىلتىزىغا ئۆگىنىدۇ» دېيىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار سۆزلەرنىڭ يىلتىزىغىمۇ ياسالما سۆزلەرگىمۇ ئۇلىنىۋېرىدۇ. يەنى بىر تۈپ سۆزگە بىر ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇپ ياسالما سۆز ياسىغاندىن كېيىن، يەنە قوشۇمچە قوشۇپ، يەنە سۆز ياسىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. شۇڭا قوشۇمچىلارنى «سۆزلەرنىڭ يىلتىزىغا ئۇلىنىدۇ» دېيىش توغرا بولمايدۇ.

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە

**سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، يېڭى سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن:

ئىش ـ ئىشچان، ئىشچى، باغ ـ باغۋەن، باغۋەنچىلىك، ئاچ ـ ئاچقۇچ، سىز ـ سىزغۇچ، سۆز ـ سۆزگۈچ، يول ـ يولداش، يوللۇق، بى ـ بىھايا، بە ـ بەھۇزۇر، نا ـ نائىنساپ، بەت ـ بەتنىيەت...

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ قىسمى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدۇ. ئاز بىر قىسمى سۆزلەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلىدۇ.

**ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تۆۋەندىكىدەك رول ئوينايدۇ:**

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلار بولۇپ، ئۇ قوشۇمچىلار سۆزلەرگە ئۇلىنىپ يېڭى مەنىلىك سۆزلەرنى ياسايدۇ (يۇقىرىقىلاردەك).

2. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاز ساندىكى بىر قىسىم سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار نىسبەتەن ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلار بولۇپ، ئۇ قوشۇمچىلار بىر نەچچە ياكى بىرلا سۆزگە ئۇلىنىش بىلەن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن:

گىر ـ جاھانگىر، باجگىر، كەر ـ مىسكەر، سۇل ـ يوقسۇل، نەك ـ كۆزنەك، گەي ـ كۇنگەي، كەي ـ تەسكەي...

3. ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ بەزىلىرى تۈپ سۆزلەرگە ئوخشاپ قالسا، بەزى تۈپ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بەزى بوغۇملار تۈپ سۆزگە ئوخشاپ قالىدۇ. مەسىلەن:

يولداش، ساۋاقداش، كەسىپداش سۆزلىرىگە ئۇلانغان «داش» قوشۇمچىسى داش قازان، داش قايناق دېگەن سۆزلەردىكى «داش» تىن ئىبارەت تۈپ سۆزگە ئوخشاپ قالىدۇ. تىلىمىزدا مۇنداق ئەھۋاللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

4. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ قىسمى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئۇلاپ يېزىلىدۇ. لېكىن تىلىمىزغا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان «بى، بە، بەت، نا، ھەم» قاتارلىق قوشۇمچىلار سۆزلەرنىڭ بېشىغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىھېساب= بى+ ھېساب (ھېسابى يوق، چەكسىز مەنىسىدە)؛

بەھۇزۇر=بە+ ھۇزۇر (ھۇزۇرلۇق، راھەت دېگەن مەنىدە)؛

بەتقىلىق= بەت+ قىلىق (قىلىقى بەك ناچار دېگەن مەنىدە)؛

نائىنساپ= نا + ئىنساپ (ئىنساپى يوق، ئىنساپسىز دېگەن مەنىدە)؛

نامۇۋاپىق= نا + مۇۋاپىق (مۇۋاپىق ئەمەس دېگەن مەنىدە)؛

هەمداستىخان = هەم ـ هەمداستىخان (ئۆزى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالانغۇچى كىشى)
هەمسۆھبەت = هەم + سۆھبەت (بىر سورۇندا بىللە سۆھبەتلەشكەن، سۆھبەتتە بىللە بولغان كىشى)


**سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە**

**سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەي، شۇ سۆزنى باشقا بىر سۆز بىلەن باغلاش ھەمدە شۇ سۆزنىڭ گراماتىكىلىق مەنىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قوشۇمچىلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

«ھازىر قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە پويىز بىلەن بارىدىغان بولدۇق» دېگەن بۇ جۈملىدىكى «دىن، گە، دۇق» قاتارلىق قوشۇمچىلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردۇر.

«تىل خۇددى ئەينەككە ئوخشاش مىللەتنىڭ پۈتۈن مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «كە، نىڭ، نى، ىدۇ» قاتارلىق قوشۇمچىلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردۇر.

مورفېمىلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:




# §4. سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى

**ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۈپ سۆز، ياسالما سۆز دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.**

ئەسكەرتىش: ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابىدا سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، بىرىككەن سۆز، جۈپ سۆز، قىسقارتىلام سۆز دەپ بەش تۈرگە بۆلۈپ كۆرسەتكەن. سۆزلەرنى مۇنداق بۆلۈش توغرا ئەمەس. دەرسلىك كىتابتا مۇشۇنداق بەش تۈرگە بۆلۈپ كۆرسىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بىرىككەن سۆز، جۈپ سۆز، قىسقارتىلام سۆزلەرنىڭ تۈپ سۆز ياكى ياسالما سۆز بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلمىگەن. بۇ مەسىلە ئېنىق چۈشەندۈرۈلمىگەچكە، بەزى ئوقۇتقۇچىلىر بۇ ئۈچ خىل سۆزنى دەرسلىك كىتابتا دېيىلگەندەك قارىسا، يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئۈچ خىل سۆزلەرنى ياسالما سۆز دەپ زىددىيەت كېلىپ چىقماقتا. شۇڭا ئوقۇتقۇچى، توغرىسىنى ئۆگىتىشى، ئوقۇغۇچىلارمۇ توغرىسىنى ئۆزگىنىشى لازىم.

## 1. تۈپ سۆز

**بىرلا مۇستەقىل (باش) مورفېمىدىن تۈزۈلگەن يەنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلمىغان سۆز (سۆز**

**تومۇرى سۆز يىلتىزى) دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

دۇنيا، ئادەم، هاۋا، سۇ، ئاش، نان، يەر، تۇپراق، توپا، دۆلەت، شەھەر، ۋەتەن، مەكتەپ، ئاسمان، يۇلتۇز، ماشىنا، يول تۇز، سىلىق، ئەگرى، بۈگۈن، ئەتە، دەريا، تاغ، ئائىلە، مەملىكەت...

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈپ سۆزلەر مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان، سۆزنىڭ ئەسلىي قىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بولۇپ، باشقا سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ.

## 2. ياسالما سۆز

**سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن هاسىل بولغان سۆزلەر ياسالما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.**

**ياسالما سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساسەن، مورفولوگىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ياسالما سۆز ۋە سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ياسالما سۆز دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.**

**مورفولوگىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ياسالما سۆز**

**سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر ياسالما سۆز يەنى مورفولوگىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ياسالما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| يول+ داش = يولداش | باغ + ۋە = باغۋەن | كىم + لىك = كىملىك |
| ئىش + چى = ئىشچى | ئىش + لە = ئىشلە | ئىش + چان = ئىشچان |
| تۆھپە + كار = تۆھپىكار | تۇت + قۇچ = تۇتقۇچ | كۆل + چەك = كۆلچەك |
| بى + هايا = بىهايا | بە + هەيۋەت = بەهەيۋەت | بەت + نىيەت = بەتنىيەت |
| بەت + بۇي = بەتبۇي | نا + مۇۋاپىق = نامۇۋاپىق | نا + ئىنساپ = نائىنساپ |

يولداش + لىق= يولداشلىق باغۋەن + چىلىك = باغۋەنچىلىك ئىشچان + لىق ئىشچانلىق

موفولوگىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەردۇر. مۇنداق سۆزلەر ئاساسەن تۈپ سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. تۈپ سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇپ ياسالغان ياسالما سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تۈپ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هالدا ياسىلىدۇ. ياسالغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى تۈپ سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىلەن باغلىنىشى بولمىسا، بۇ سۆزلەرنى ياسالما سۆز دېيىشكە بولمايدۇ.

بەزى تۈپ سۆزلەر تەركىبىدىكى بوغۇملار بەزى تۈپ سۆزلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ بوغۇملارنىڭ ئۇ سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا، ئۇ سۆزلەرنى ياسالما سۆز دېيىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن: تۈگمەن دېگەن سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «تۈگ» بوغۇمى، «تۈگ» دېگەن بۇيرۇق پېئىلىغا ئوخشاپ قالىدۇ. لېكىن تۈگمەن سۆزىنىڭ «تۈگ» دېگەن بۇيرۇق پېئىلى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا، بۇ سۆزنى ياسالما سۆز دېمەي، تۈپ سۆز دەيمىز. يەنە «ئاسمان» سۆزىنىڭ ئاس بوغۇمىمۇ «ئاس» دېگەن بۇيرۇق پېئىلىغا ئوخشاپ قالىدۇ. «ئاسمان» سۆزىنىڭ ئاس پېئىلى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا، بۇ سۆزنىمۇ تۈپ سۆز دەيمىز. تىلىمىزدا مۇنداق سۆزلەر خېلى كۆپ.

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇپ سۆز ياساش سۆز ياساشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولغاچقا، بىر سۆزگە بىر قانچە قېتىم قوشۇمچە قوشۇپ بىر نەچچە يېڭى سۆز ياسىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

يول ـ يوللا، يوللۇق، يولداش، يولسىز، يولداشلىق، يولداشلارچە، يولسىزلىق

ئىش ـ ئىشچى، ئىشچان، ئىشخانا، ئىشلەپچىقىرىش، ئىشسىز، ئىشسىزلىق

باش ـ باشلا، باشقۇر، باشقۇرغۇچى، باشلىق، باشلىقلىق، باشلامچى

تىل ـ تىلشۇناس، تىلشۇناسلىق، تىلچى، تىلماچ، تىلسىز، تىلسىزلىق

خەلق ـ خەلقچىل، خەلقچىللىق، خەلقپەرۋەر، خەلقپەرۋەرلىك
بىل ـ بىلىم، بىلىملىك، بىلىمسىز، بىلىمسىزلىك
گۈل، گۈللۈك، گۈلچى، گۈلخانا، گۈلسىز، گۈلزار، گۈلسىمان، گۈلزارلىق
بۇ سۆزلەرگە بىر نەچچە يۇرۇشتىن ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلۇپ يېڭى مەنىلىك سۆزلەر ياسالغان. **مۇنداق بىر تومۇردىن ياسالغان سۆزلەرنى تومۇرداش، يىلتىزداش سۆزلەر دەيمىز.**

**سىنتاكسىزلىق ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ياسالما سۆز**

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، يېڭى لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەر سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ياسالما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئەدەبىيات ـ سەنئەت، بەخت ـ سائادەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئاق ـ قارا، ياخشى ـ يامان، تىل ـ يېزىق، ئاشكۆكى، قىزىلسۇ، يېڭىئۆستەڭ، تاشقۇرغان، ئىشلەپچىقىرىش، كۆكقوتان، تاشتۆپە، چىمەنگۈل.

سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل بىلەن ياسالغان سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن بىرىككەن سۆز، جۈپ سۆز دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**بىرىككەن سۆزلەر**

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بېقىندىلىق باغلىنىشتا زىچ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، بىرلا شەيئى ياكى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىككەن سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.**

بىرىككەن سۆزلەر ئەسلىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئىزچىل قوشۇپ ئىشلىتىش نەتىجىسىدە ئورگانىك بىرىكىپ بىر سۆزنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار جۈملىگە قاتناشقاندا بىرلا سوئالغا جاۋاب بولۇپ بىر خىل بۆلەك بولىدۇ، بۇنداق سۆزلەر ئادەتتە قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بەشكېرەم، كېرەمباغ، تاشقورغان، يېڭىئۆستەڭ، بۇلاقسۇ، كىرئالغۇ، سىرىقبۇيا، مايتاغ، قارىماي، قارىمۆچ، مۇشۇكياپىلاق، قىزىلسۇ، كۆككەپتەر، كۆزەينەك، يىڭناسقۇ، ئاشتاختا، يۇمىلاقشەھەر، كۆلبېشى، مارالبېشى، نەزەرباغ، دۆڭقوتان، نانتاختا، نانجىگدە، نانقايناق...

بىرىككەن سۆزلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە بىرىكىپ تاۋلىنىشى ۋە مەنە جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان مەلۇم شەيئى ياكى بەلگە ـ خۇسۇسىيەت توغرىسىدا پەقەت بىرلا ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان لېكسىكىلىق بىرلىكتۇر.

بىرىككەن سۆزلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىنقى تەركىبىنى ئېنىقلىغۇچى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بىرىككەن سۆزلەر تەركىبىدىكى ھەربىر سۆز ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقىتىپ، بىر ئورتاق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئەمەس. مەسىلەن:

سايباغ سۆزىنى ئالساق، بۇ سۆز قانداقتۇر سايغا سېلىنغان باغنى ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر يەرنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدۇ. قاراماي، سۆزىنى مىسالغا ئالساق، قانداقتۇر رەڭگى قارا بولغان ماي ئەمەس، بەلكى قاراماي شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ... ئەگەر، «قارا» سۆزى بىلەن «ماي» سۆزى ئايرىپ يېزىلسا، ئۇ چاغدا مايلارنىڭ بىر خىلى بولغان قارا مايىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بىرىككەن سۆزلەرنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

**بىرىككەن سۆزلەر تۆۋەندىكىچە يېزىلىدۇ:**

1. ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بىرىككەن سۆزلەر بىر لېكسىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىپ قوشۇپ

يېزىلىدۇ. ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ساقلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن:
ئاشتاختا، تاشپاختا، كۆزەينەك، ئاشقازان، قارىمۇچ، گۈلقەنت، تەرجىمىھال، يىڭناسقۇ.

2. ئىككىنچى تەركىبى «ب» ئۈزۈك تاۋۇشى بىلەن باشلىنىدىغان بىر قىسىم بىرىككەن سۆزلەردە «ب» تاۋۇشى ئېغىزدا «ۋ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، يېزىقتا «ب» تاۋۇشى «ۋ» غا ئۆزگەرتىلمەي «ب» بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:
بەگباش، موزايبېشى، بەلباغ، گۈلباغ، دۆلەتباغ، چىمەنباغ، سايباغ، شامالباغ، مارالبېشى، قاپاقباش، يۇمشاقباش، ئەمەتباقى، توختىباقى، ئابلاباقى

3. ئىككى سۆزنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق قويۇلغان كىشى ئىسىملىرى ياكى يەر-جاي نامىلىرى قوشۇپ يېزىلىدۇ. ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى ساقلانمايدۇ. مەسىلەن:
تۇرسۇنمەھەممەت (تۇرسۇن مەھەممەت ئەمەس)، مەمەتسىدىق (مەمەت سىدىق ئەمەس)،
يېڭىئاۋات (يېڭاۋات ئەمەس)، جىگدەئېرىق (جىگدېرىق ئەمەس).

4. ئۈچ ياكى تۆت سۆزدىن تۈزۈلگەن بىرىككەن سۆزلەردە بىرىكىش دەرىجىسىگە قاراپ ئالدىنقى ئىككى ياكى كېيىنكى ئىككى تەركىبلا قوشۇپ يېزىلىدۇ، ھەممىسىنى بىرلا قوشۇپ يېزىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:
غازقانات ئوت، ئىمىرغازقانات ئوتى، ئاقباش ئوت، ياۋا قامچىگۈل، كۆزەينەكلىك يىلان، ئۇلۇغسۇ باشبۇلاق، بەشكەنت خانئېرىق.

بىرىنچى سۆزىگە «مۇ» باغلىغۇچىسى ياكى ۋە باغلىغۇچىسىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى «ئۇ» ئۇلىنىپ تەكرارلانغان سۆزلەر بىرىككەن سۆز ھېسابلىنىپ، قوشۇپ يېزىلىدۇ. ئوتتۇرىغا سىزىقچە قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:
ئارقىمۇئارقا، قولمۇقول، يولمۇيول، يىلمۇيىل، دەلمۇدەل، دادۇپەرياد، باغۇبوستان، يەرۇئاسمان.

## جۈپ سۆز

**ئىككى سۆزنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قاتارلىشىپ ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلگەن، ھەم يېڭى، ھەم كەڭ مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر جۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:
تىل - يېزىق، ئەدەبىيات - سەنئەت، بەخت - سائادەت، ئاددىي - ساددا، ئويۇن - كۈلكە، چىنە - قاچا، نان - پان، تاراق - تۇرۇق، ئاغرىق - سىلاق، ئاتا - ئانا، خۇشال - خۇرام، مېۋە - چېۋە.
جۈپ سۆزلەر ئۆز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىدىن كەڭرەك مەنە ئىپادىلەيدۇ.

**جۈپ سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك تۈزۈلىدۇ:**

1. بىر خىل ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئىككى مەنىداش سۆزنىڭ قاتار ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:
خۇشال - خۇرام، كۈچ - قۇۋۋەت، بوران - چاپقۇن، بەخت - سائادەت، ئوت - چۆپ.

2. مەنىلىرى ئۆزئارا يېقىن بولغان ئىككى سۆزنىڭ قاتار ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:
پارتىيە - گورۇھ، تىل - يېزىق، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئوق - دورا، ئاچ - يالىڭاچ.

3. بىرى مەنىلىك، يەنە بىرى مەنىسىز ئىككى سۆزنىڭ قاتار ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:
ئاغرىق - سىلاق، ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، خەت - پەت، نان - پان، ئاش - پاش، ئۆي - پۆي، قول - پول، يۈز - پۈز...

4. قارىمۇقارشى مەنىدىكى ئىككى سۆزنىڭ قاتار ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:
قىش - ياز، كېچە - كۈندۈز، چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئاق - قارا، ھايات - مامات، ياخشى - يامان، ئىسسىق - سوغۇق، ئاچچىق - تاتلىق، ئاز - كۆپ، كۈچلۈك - كۈچسىز...

5. ئايرىم تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتمايدىغان، پەقەت قوشۇلۇپ ئىيتىلغاندىلا مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىككى سۆزنىڭ قاپىيىداش ئىيتىلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئوپۇل - توپۇل، ئاپاق - چاپاق، ئوڭتەي - توڭتەي، هاپىلا - شاپىلا، ئوڭغۇل - دوڭغۇل.

6. تەقلىد سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

قاراس - قۇرۇس، لەپ - لەپ، سىم - سىم، ۋال - ۋۇل، جاراڭ - جۇرۇڭ، غاراس - غۇرۇس، يالت- يۇلت، پال - پۇل، غىچ - غىچ، چىك - چىك، تىرىك - تىرىك، پىژ - پىژ، چىم - چىم...

7. بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىپ ئىيتىلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

رەت - رەت، تېز - تېز، چوڭ - چوڭ، ئاستا - ئاستا، كۆرۈپ - كۆرۈپ، ئارقا - ئارقىدىن، جاي - جايىدىن، يول - يولدىن، تەرەپ - تەرەپتىن ...

**جۈپ سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك يېزىلىدۇ:**

1. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ (يۇقىرىقىدەك).

2. ئىككىنچى سۆزى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ تەكرارلانغان سۆزلەرمۇ جۈپ سۆز هېسابلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئارقا - ئارقىدىن، جاي - جايدا، زامان - زاماندىن، يېزا - يېزىدىن، دوقمۇش - دوقمۇشتىن.

3. ئىككىنچىسىگە ياكى هەر ئىككىلىسىگە لاپ، لەپ قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ تەكرارلانغان سۆزلەرمۇ جۈپ سۆز هېسابلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاي - ئايلاپ، كېچە-كېچىلەپ، سائەت - سائەتلەپ، ئايلاپ - ئايلاپ، كۈنلەپ - كۈنلەپ...

4. هەر ئىككى سۆزى ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىككىنچى سۆزگە يەنە كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىش ئارقىلىق تەكرارلىنىدىغان سۆزلەرمۇ جۈپ سۆز هېسابلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ۋاقتى - ۋاقتىدا، ئورنى-ئورنىدا، ئىچ - ئىچىدىن، جايى - جايىدا، يان - يانىدىن...

5. بىرىنچى سۆزى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن، ئىككىنچى سۆزى بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن سۈپەت ياكى رەۋىشلەر تەكرارلىنىپ كەلسە جۈپ سۆز هېسابلىنىپ، ئوتتۇرىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

هېلىدىن - هېلىغا، ياخشىدىن - ياخشىغا، ياماندىن - يامانغا، كىچىدىن -كىچىگە.

6. بىرىنچى سۆزى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن، ئىككىنچى سۆزى بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، تەكرارلانغان ئىسىملار جۈپ سۆز هېسابلىنىدۇ ۋە ئوتتۇرىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆيدىن - ئۆيگە، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، مەكتەپتىن - مەكتەپكە، يېزىدىن - يېزىغا، قولدىن - قولغا، شەهەردىن - شەهەرگە، دادىدىن - بالىغا، ئالدىنقىلاردىن - كېيىنكىلەرگە...

## قىسقارتىلما سۆز

**شۇ سۆزلەرنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ باش هەرپىنى ياكى بوغۇمىنى ئېلىش يولى بىلەن قىسقارتىپ يېزىلغان سۆزلەر قىسقارتىلما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە قىسقارتىلما سۆز دەپ ئاتىلىدىغان سۆز يوق. پەقەت تىل ئالاقە ئەمەلىيىتى داۋامىدا بوغۇم سانى ياكى سۆز سانى نىسبەتەن كۆپ بولغان كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى ياكى كىشىلەر ئارىسىدا نىسبەتەن تەسىرگە ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى بەزىدە قىسقارتىپ ئىشلىتىش جەريانىدا قىسقارتىلما سۆزلەر شەكىللەنگەن. تىلىمىزدا مۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىسقارتىلغان سۆزلەر ياكى كىشى ئىسىملىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ش ئۇ ئا ر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) ، ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى)

ز. سابىر (زوردۇن سابىر) ئە. تۇردى (ئەخمەت تۇردى)

ئا. ئۆتكۈر (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر) ل. مۇتەللىپ (لۇتپۇللا مۇتەللىپ)

م. رېھىم (مۇھەممەد رېھىم) ت. ئېلىيوف (تېيىپجان ئېلىيوف)

كىشى ئىسىملىرىنىڭ كۆپىنچە ئالدىنقى قىسمى قىسقارتىلىدۇ ۋە شۇ ئىسىمنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزنىڭ باش ھەرپىدىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ (يۇقىرىقىدەك).

**ئەسكەرتىش:**

سۆزلەرنى يۇقىرىقىدەك تۈرلەرگە بۆلۈش، لېكسىكا ـ لۇغەت تەركىبىدىكى يەتتە ھالەتتىكى سۆزلەرگە قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، لۇغەتلەردە قىسقارتىلما سۆزلەر يوق. بۇ خىل سۆزلەر پەقەت تىل ئالاقە ئەمەلىيىتى داۋامىدا، قولايلىق بولۇش، قىسقا، ئىخچام بولۇش، ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ شەكىللەنگەن.

لۇغەتلەردە يەنە ئائىلە ـ ئائىلىلەر، ئائىلەم، ئائىلىمىز، ئائىلىنى، ئائىلىگە... دېگەندەك تۈرلەنگەن سۆزلەرمۇ يوق. لېكىن، تىل ئەمەلىيىتى داۋامىدا بۇ خىل سۆزلەر كەڭ قوللىنىلىدۇ. گەرچە بۇ خىل سۆزلەرنى مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولسىمۇ، بۇ خىل سۆزلەرنى ياسالما سۆز دېگىلى بولمايدۇ. دەرسلىك كىتابتا بۇ خىل شەكىلدىكى سۆزلەر تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ خىل سۆزلەرنى تۈرلەنگەن سۆزلەر دەيمىز. ئۆگىنىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا بۇ خىل سۆزلەرنى مورفولوگىيەلىك ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەردىن پەرقلەندۈرۈشنى بىلىۋېلىش كېرەك.

## §5. سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى

سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى شۇنداقلا مورفولوگىيىنىڭ سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە بۆلۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن ھەرخىل تۈركۈملەرگە بۆلۈنىدۇ.

**سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن توپلارغا بۆلۈش سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە بۆلۈش دەپ ئاتىلىدۇ.**

**سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىلىرىگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىلغان ھەربىر توپى سۆز تۈركۈمى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر ئالدى بىلەن ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەش ياكى ئىپادىلىيەلمەسلىكى، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇش ـ بولالماسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇستەقىل سۆزلەر ۋە ياردەمچى سۆزلەر دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### مۇستەقىل سۆزلەر

**ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان، جۈملىدە مەلۇم بىر بۆلەك بولالايدىغان سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

مۇستەقىل سۆزلەر يەنە مەنىسى، تۈرلىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار، ئالماش، پېئىل، رەۋىش، تەقلىد سۆزلەردىن ئىبارەت سەككىز تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ.

### يارده‌مچى سۆزله‌ر

ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مه‌نه ئىپادىلىمه‌يدىغان، ئۆز ئالدىغا جۈمله بۆلىكى بولالمايدىغان، په‌قه‌ت مۇسته‌قىل سۆزله‌رگه ياكى جۈمله‌له‌رگه قوشۇلۇپ، قوشۇمچه مه‌نه بىلدۈرىدىغان، سۆز ۋه جۈمله‌له‌رنى باغلاش رولىنى ئوينايدىغان سۆزله‌ر يارده‌مچى سۆز ده‌پ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى يارده‌مچى سۆزله‌ر مه‌نىسى ۋه گراماتىكىلىق رولىغا قاراپ، تىركه‌لمىله‌ر، باغلىغۇچىلار، يۈكلىمىله‌ر ده‌پ ئۈچ تۈرگه بۆلۈنىدۇ.

تىلىمىزدا يه‌نه يۇقىرىقىلاردىن باشقا مۇسته‌قىل سۆزله‌رگىمۇ، يارده‌مچى سۆزله‌رگىمۇ ته‌ۋه بولمايدىغان ئىملىق سۆز ده‌يدىغان ئالاهىده بىر سۆز تۈركۈمى بار. ئىملىق سۆز مۇسته‌قىل سۆز بىله‌ن يارده‌مچى سۆزله‌رنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدىغان ئالاهىده بىر سۆز تۈركۈمى.

تىلىمىزدىكى بارلىق سۆزله‌ر يه‌نه ئۆزلىرىنىڭ تۈرلىنىش ئالاهىدىلىكىگه ئاساسه‌ن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزله‌ر، پېئىل خاراكتېرلىك سۆزله‌ر دېگه‌ن ئىككى تۈرگىمۇ ئايرىلىدۇ. پېئىلدىن باشقا سۆزله‌ر ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزله‌ر بولىدۇ.

**ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنى كۆرسىتىش جه‌دۋىلى**

| سۆز تۈركۈملىرىنىڭ نامى | | مىساللار |
|---|---|---|
| مۇسته‌قىل سۆزله‌ر | ئىسىم | مه‌كته‌پ، ئوقۇغۇچى، كىتاب، سىنىپ، ئاش، نان |
| | سۈپه‌ت | چوڭ، قىزىل، ياخشى، كۆركه‌م، گۈزه‌ل، تىرىشچان |
| | سان | به‌ش، ئون ، يىگىرمه، يۈزچه، مىڭلارچه، مىليون |
| | مىقدار | مېتىر، كىلومېتىر، گرام، چاره‌ك، مىسقال، پۇڭ، سه‌ر |
| | ئالماش | مه‌ن، بىز، قانداق، قايسى، هه‌ممه، بارلىق، پارچه |
| | ره‌ۋىش | بۈگۈن، ئه‌ته، كه‌چ، ده‌رهال، قه‌سته‌ن، نۆرغۇن، ئه‌ته‌ي |
| | پېئىل | ماڭ، تۇر، ياز، ئوقۇ، ئىشله، ياخشىلا، يوللا، ئال |
| | ته‌قلىد سۆز | ۋاراڭ - چۇرۇڭ، پال - پۇل، ۋاژ - ۋۇژ، گاژ- گۇژ |
| يارده‌مچى سۆزله‌ر | تىركه‌لمه | بىله‌ن، توغرۇلۇق، هه‌ققىده، ئارقىلىق، دائىر، ئائىت |
| | باغلىغۇچى | ۋه، هه‌م، لېكىن، بىراق، چۈنكى، شۇڭا، به‌لكى، هه‌تتا |
| | يۈكلىمه | مۇ، چۇ، غۇ، قۇ، لا، زه، هه، ده، كى، ئا، ئه، يۇ، ئۇ |
| ئىملىق سۆزله‌ر | | پاه، ۋايجان، ئىسىت، ئه‌ستا، هوي، هه‌ي، چۇه، ئاپلا |

## گىراماتىكىغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مه‌شىقلىرى

### I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋه‌ندىكى هه‌ربىر تارماق سوئالغا بېرىلگه‌ن تۆت خىل جاۋابتىن په‌قه‌ت بىرسىلا سوئال ته‌لىپىگه ئۇيغۇن. سوئال ته‌لىپىگه ئۇيغۇن بولغان جاۋابنى تاللاڭ.

1. گىراماتىكا هه‌ققىده تۆۋه‌نده ئېيتىلغانلارنىڭ توغرا بولمىغىنى: ( )

A. گىراماتىكا سۆزله‌رنىڭ ياسىلىشى، تۈرلىنىشى، سۆزله‌ردىن جۈمله تۈزۈش ۋه جۈمله هه‌ققىدىكى قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى

B. گىراماتىكا تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنى بولۇپ، ئۇ سۆزله‌رنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى بىله‌ن سۆز- جۈمله‌له‌رنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش قائىدىنى ئۆز ئىچىگه ئالىدۇ

C. گىراماتىكا دېگەن بۇ ئاتالغۇ سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم دېگەن مەنىدىلا قوللىنىلىدۇ

D. گىراماتىكىلىق قائىدىلەر ئومۇمىيلىققا، سىستېمىلىققا ۋە تۇراقلىققا ئىگە

2. مورفولوگىيە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرا بولمىغىنى: (　　　)

A. سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى تۈرلىنىشى ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى قائىدىلەرنىڭ يىغىندىسى مورفولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ

B. مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى، ياسىلىشى ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ

C. «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆزنىڭ «ئوقۇ+غۇچى» دىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەنلىكى، «ئوقۇ» نىڭ سۆز تومۇرى، «غۇچى» نىڭ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئىكەنلىكىنى مورفولوگىيە تەتقىق قىلىدۇ

D. مورفولوگىيە يەنە سۆز، قوشۇمچە، مورفېما، سۆز مەنىسى، سۆز مەنىسىنىڭ ئىپادىلىنىش يوللىرى، بوغۇم قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ

3. مورفېما ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　　　)

A. مورفېما سۆزنىڭ مەنىلىك بۆلەكلىرى دېگەنلىك بولۇپ، ھەرقانداق بىر سۆزنى بىر قانچە مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولىدۇ

B. مورفېما باش مورفېما ۋە ئەگەشمە مورفېما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر ئىككى مورفېما ئۆز ئالدىغا ئايرىم لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ

C. ئەگەشمە مورفېما ياردەمچى سۆز ۋە قوشۇمچە دېگەن تۈرلەرگە، قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ

D. مورفېمىلار تەركىبىدە يۈكلىمە، تىركەلمە، باغلىغۇچى، سۆز ئالدى قوشۇمچىسى ۋە سۆز ئارقا قوشۇمچىسى قاتارلىقلارمۇ بولۇپ، بۇلاردىن ئالدىنقى ئۈچى باش مورفېمىغا كىرىدۇ

4. تۆۋەندىكى مورفولوگىيىگە ئائىت تەھلىللەردىن توغرا بولمىغىنى: (　　　)

A. « مەكتەپ سۆزى ئادەتتە تىل - ئالاقە جەريانىدا مەكتەپلەر، مەكتەپىمىز، مەكتەپتىكىلار، مەكتەپكە، مەكتەپتە، مەكتەپكە...» دېگەندەك شەكىللەردە تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مۇشۇنداق تۈرلىنىش مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىش بولىدۇ

B. « ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى » دېگەن سۆزلەرنىڭ «ئوقۇ» باش مورفېمىسى، «ت، قۇچى غۇچى» لار ئەگەشمە مورفېمىسى. بۇ سۆزلەرنى «ئو + قۇت + قۇ + چى، ئو + قۇ + غۇ + چى» دېگەندەك مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجرىتىمىز دېگەن تەھلىلمۇ مورفولوگىيىگە تەئەللۇق تەھلىل

C. « يولداش، ياشلىق، شەھەرگە، ئەقىللىق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانغان قوشۇمچىلار ئەگەشمە مورفېما ھېسابلىنىدۇ

D. تىلىمىزدا «بىئەدەپ، بەتقىلىق، نائىنساپ» دېگەندەك بىر قىسىم سۆزلەرمۇ بولۇپ، بۇ سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى ئەگەشمە مورفېما، ئاخىرقى بۆلىكى باش مورفېما ھېسابلىنىدۇ

5. سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى تۈرلىرى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　　　)

A. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، جۈپ سۆز ۋە بىرىككەن سۆز دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ

B. تۈپ سۆز دېگىنىمىز بىرلا باش مورفېمىدىن تۈزۈلگەن، مەنىلىك بۆلەككە بۆلۈنمەيدىغان، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قىسمى يەنى سۆزنىڭ تومۇرى، يىلتىزى دېگەنلىك بولىدۇ.

C. « جۈپ سۆز » دېگەنلىك « ئىككى سۆز» دېگەنلىك. دېمەك، ئىككى سۆز بىرىكىپ كېلىپ بىر لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەپ كەلسە، مۇنداق سۆزلەر جۈپ سۆز بولىدۇ

D. بىرىككەن سۆزلەر ئادەتتە ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ،

بىرىككەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنىڭ بىرىكمىسى بولىدۇ

6. تۆۋەندىكى تەھلىللەردىن خاتاسى: (     )

A. «ۋاقىتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يەتمىگەن ئادەمگە شان - شەرەپ نېسىپ بولمايدۇ» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىككىسى جۈپ سۆز قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تۈپ سۆز.

B. ئادالەت ئىش - ھەرىكىتىمىز ۋە ھەرقانداق ئارزۇلىرىمىزنىڭ ئاساسى بولۇشى لازىم» دېگەن بۇ جۈملىدە «ئىش - ھەرىكەت، ھەرقانداق» دېگەن جۈپ سۆزدىن ئىككىسى بولۇپ، بۇ سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى توغرا بولغان.

C. «يالغانچىلىق ياۋۇزلۇقنىڭ دەل ئۆزى» دېگەن جۈملىدە ياسالما سۆزدىن ئىككىسى، تۈپ سۆزدىن ئىككىسى ، تۈرلىگۈچى قوشۇمچىدىن ئىككىسى، ياسىغۇچى قوشۇمچىدىن ئىككىسى بار.

D. « ئادەمنى ئالدىدا ماختاش خۇشامەتچىلىكنىڭ بەلگىسى» دېگەن جۈملىدە گەرچە ھەممە سۆزگە قوشۇمچە قوشۇلغان بولسىمۇ، بىرى ياسالما سۆز، قالغانلىرى تۈپ سۆز.

II بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. گىراماتىكا مەنىسى ۋە تەتقىقات دائىرىسىگە ئاساسەن (     ) ۋە (     ) تىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

2. مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ (     ) ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ.

3. سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك (     ) مەنە بۆلىكى مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ.

4. مورفېما سۆزنى تەشكىل قىلىشتىكى رولىغا قاراپ (     ) ۋە (     ) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

5. (     ) ئۆز ئالدىغا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېما (     ) دەپ ئاتىلىدۇ

6. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ (     ) قوشۇمچىلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ .

7. سۆزلەرگە قوشۇلۇپ (     ) قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

8. مورفېما (     ) ۋە (     ) غا، ئەگەشمە مورفېما (     ) ۋە (     )غا، قوشۇمچە (     ) ۋە (     ) غا، ياسىغۇچى قوشۇمچە (     ) ۋە (     ) غا بۆلۈنىدۇ.

9. «بىلىم، مەكتەپ، ئۆگىنىش، كىتاب» دېگەن سۆزلەر تەركىبىدىكى (     ) دېگەن سۆزلەر مەنىلىك بۆلەككە ئاجراتقىلى بولمايدىغان باش مورفېمىدىنلا تۈزۈلگەن. (     ) دېگەن سۆزگە ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغان، (     ) دېگەن سۆزگە تۈرلىگۈچى قوشۇمچە قوشۇلغان.

10. « ئەدەپ - ئەخلاقتىن ياتلىشىش ئادىمىيلىكتىن ياتلىشىش دېمەكتۇر » دېگەن جۈملىدىكى جۈپ سۆز (     )، ياسالما سۆز (     ) دىن ئىبارەت. بۇ جۈملىدىكى (     ) دېگەن سۆزگە ئىككى يۈرۈش ياسىغۇچى قوشۇمچە، بىر يۈرۈش تۈرلىگۈچى قوشۇمچە قوشۇلغان.

11. «چاڭقىغانغا سۇ بەر، مۇزلىغانغا ئوت بەر» دېگەن بۇ ماقال تەركىبىدىكى باش مورفېمىدىنلا تۈزۈلگەن سۆز (     )، باش ۋە ئەگەشمە مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر (     )، ياسىغۇچى قوشۇمچىلار (     ) تۈزلىگۈچى قوشۇمچىلار (     ) دىن ئ ىبارەت.

12. «چۆلدە تەشنالىق يامان، يولدا يالغۇزلۇق يامان» دېگەن بۇ ماقال تەركىبىدىكى باش مورفېمىلاردىنلا تۈرلەنگەن سۆزلەر (          ) تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەر (          )، ياسىغۇچى مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر (          ).

www.uyghurkitap.com

### III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى يۈسۈپ خاس ھاجىب ھېكمەتلىرى تەركىبىدىكى ھەربىر سۆزنى مورفولوگىيىلىك نۇقتىدىن تەھلىل قىلىڭ. ( مورفېمىلارغا ئايرىڭ )

1. پاراسەتلىك ئۇقالايدۇ، بىلىملىك بىلەلەيدۇ، بىلىملىكلەر، پاراسەتلىكلەر تىلەكنىگە يېتەلەيدۇ.

2. بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى قۇمدەك بولىدۇ، دەريا كىرسىمۇ تولمايدۇ، ئوت - چۆپ ئۈنمەيدۇ.

3. بىلىمنىڭ قىممىتىنى بىلىملىك بىلىدۇ، ئەقىل - ئىدراكنىڭ قەدرى بىلىمدىن كېلىدۇ.

4. كىشى بىلىمى بىلەنلا ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ، بىلىمدىنمۇ يۈكسەكرەك يەنە نېمە بار؟!

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تۈزۈلۈشى جەھەتتىن قانداق سۆز ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلىڭ
ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىشچان، تۆرمۆش، ئېگىز - پەس، ھەسەتخور، ئەقلى، نادانلىق، نەھاجەت، سىرداش، گۈل - گىياھ، تاشبۇلاق، باققاللىق، ياقتۇرماق، بەخۇۋاشلىق، تارازا، يۇلتۇز، تەنھەرىكەتچى، تۇرالغۇ، چاقىرغۇ، ھۆرۈنباغ، ھۆزۈر - ھالاۋەت، يامانيار

3. تۆۋەندىكى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ سۆز ياساڭ.
- پىل، - گاھ، - كەش، - زار، - ساز، - كەر، - سىز، - سىمان - ماچ، - سىم، -كۈر، - قۇچ، - دان، - گۈچ، - ئالغۇ

4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ سۆز ياساڭ.
يېزىق، گۈل، ئاچ، ئەدەبىيات، ئىلگىرى، ئىلىم، ئەقىل، باش، سوغۇق، دەرد

5. ئۆزىڭىز بىرىككەن سۆزدىن ئوننى يېزىڭ، ئاندىن ئۇ سۆزلەرنىڭ ئىملا جەھەتتىن قانداق يېزىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ.

# V باب ئىسىم توغرىسىدا چۈشەنچە

## §1. ئىسىم توغرىسىدا چۈشەنچە

شەيئىلەرنىڭ، ۋەقە ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملار كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟... دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. بۇلاردىن كىم؟ كىملەر؟ ئادەملەرگە؛ نېمە؟ نېمىلەر؟ نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

1. ئادىل ھوشۇر — مىللىتىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلى. (كىم؟ ئادىل ھوشۇر)
2. ئوقۇغۇچىلار — كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى. (كىملەر؟ ئوقۇغۇچىلار)
3. تارىم دەرياسى دىيارىمىزدىكى ئانا دەريا ھېسابلىنىدۇ. (نېمە؟ تارىم دەرياسى)
4. ھايۋانلار — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى. (نېمىلەر؟ ھايۋانلار)

ئىسىملارنىڭ مەنە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىسىملارغا ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرى، ھايۋانلار، ئۇچارقاناتلارنىڭ ناملىرى؛ ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ نامىنى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر، جۇغراپىيىلىك ناملار، ئورۇق - تۇغقاندارچىلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆز، ئائىلە سايمانلىرىنىڭ ناملىرى، ئىلىم - پەن ئاتالغۇلىرى... قاتارلىق ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى سۆزلەر كىرىدۇ.

**ئىسىملار تۆۋەندىكىدەك گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:**

**1. ئىسىملار بىرلىك ۋە كۆپلۈكساندا كېلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇغۇچى - ئوقۇغۇچىلار، مەكتەپ - مەكتەپلەر، ئادەم - ئادەملەر، شەھەر - شەھەرلەر، كىتاب - كىتابلار، تاغ - تاغلار، دەريا - دەريالار...

**2. ئىسىملار جۈملىدە سان ۋە سۈپەتلەر تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ.** مەسىلەن: يېڭى ئۆي، كۆركەم بىنا، چوڭ يول، چىرايلىق كىيىم، ياخشى ئوقۇغۇچى، بەش ئادەم، 10 مىڭ كىتاب، 1000 نەپەر ئوقۇغۇچى، 500 مىليون ئادەم. 10 مىڭ تۇياق چارۋا، 100 كىلوگىرام ئۇن...

**3. ئىسىملار جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

1) ئوقۇغۇچىلار ئىلىم - پەننى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە.
(ئىگە) (تولدۇرغۇچى)

2) كىتابنى قۇتادغۇبىلىك كىتابخانىسىدىن ئالدىم.
(تولدۇرغۇچى) (ھالەت)

3) ئۇنىڭ دادىسى - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.
(ئىگە) (ئېنىقلىغۇچى) (خەۋەر)

4) سىنىپتىكى ئورۇندۇقلارنى پاكىز سۈرتۈپ چىقتۇق.
(ئېنىقلىغۇچى) (تولدۇرغۇچى)

**4. ئىسىملار تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكىدە كېلىدۇ.** مەسىلەن: دادام (بىرىنچى شەخس بىرلىك)، دادىمىز (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك)، داداڭ (ئىككىنچى شەخس بىرلىك)، داداڭلار (ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك)، دادىسى (ئۈچىنچى شەخس)

**5. ئىسىملار جۈملىدە كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملاردا**

**ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئالتە كېلىش بولۇپ، باش كېلىشتىن باشقا كېلىشلەرنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق قوشۇمچىسى بار.** مەسىلەن:

مەكتەپ (باش كېلىش)، مەكتەپنىڭ (ئىگىلىك كېلىش)، مەكتەپنى (چۈشۈم كېلىش)، مەكتەپكە (بېرىش كېلىش)، مەكتەپتىن (چىقىش كېلىش)، مەكتەپتە (ئورۇن پەيت كېلىش)

**6. ئىسىملار ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە، ئىسىم ياكى باشقا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولغان سۆزلەرگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇپ ئىسىم ياسىغىلى بولىدۇ.** مەسىلەن:

ئىش ـ ئىشچى، ئىشخانا؛ باغ ـ باغۋەن، باغۋەنچىلىك؛ كىتاب ـ كىتابخانا، كىتابچى، كىتابپۇرۇش؛ ئاچ ـ ئاچقۇچ؛ يول ـ يولداش؛ ياخشى ـ ياخشىلىق

ئىسىملار شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئىسىملار تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ئادەملەرنىڭ ئىسىم ـ ئاتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

گۈلنار، گۈلشەن، بارات، ياقۇپ، سادىر پالۋان، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مەھمۇد قەشقەرى

2) كەسىپىي ناملارنى بىلدۈرىدۇ.

ئوقۇتقۇچى، دېھقان، باغۋەن، تامچى، ئاشپەز، چارۋىچىلىق...

3) ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار نامىنى بىلدۈرىدۇ.

ئات، قوي، تۆگە، بۆرە، بۈركۈت، كەپتەر، بۇلبۇل، كاككۇك...

4) ۋەقە ھەم ھادىسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇرۇش، توپىلاڭ، گۈلدۈرماما، يامغۇر، يەر تەۋرەش، يانار تاغ، ئىنقىلاب

5) تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇغداي، قوناق، تېرىق، شال، ئارپا، قارىغاي، گۈل، چىم، توغراق، تېرەك...

6) جۇغراپىيىلىك ناملارنى بىلدۈرىدۇ.

شەھەر، تاغ، دەريا، ئارال، ئوكيان، قىتئە، خەرىتە، قانال، كۆل، قولتۇق...

7) كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ.

ئاتا، ئانا، ئاچا، ئاكا، بوۋا، تاغا، ھاماما، ئىنى، سىڭىل، بالا، نەۋرە، ئەۋرە...

8) ئائىلە سايمانلىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ.

قازان، تەڭنە، كات، يوتقان، كارىۋات، كۆرپە، چېلەك، چەينەك...

9) ئىلىم ـ پەن ئاتالغۇلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئېلېمېنت، سۇنئىي ھەمراھ، راكېتا...

ئىسىملارنىڭ مەنە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، يەنە نۇرغۇن تۈرلەرنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

## §2. خاس ئىسىم ۋە ئومۇمىي ئىسىم

ئىسىملار ئىپادىلىگەن مەنىنىڭ بىر خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىيسى ياكى يەككە تۈرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەنە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن خاس ئىسىم ۋە ئومۇمىي ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**ئومۇمىي ئىسىم**

**بىر خىلدىكى شەيئىلەرگە ئورتاق قويۇلغان ناملارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئومۇمىي ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

دۆلەت، شەھەر، دەريا، تاغ، ئادەم، كىتاب، شائىر، يازغۇچى...

يۇقىرىقى ئىسىملار ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق بولۇپ، شۇ خىلدىكى شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەككە تۈرىنى ئېلىپ، جۇڭگو، قەشقەر، تارىم دەرياسى، تەڭرى تېغى، «قۇتادغۇبىلىك»، ل. مۇتەللىپ، زوردۇن سابىر دېسەك، ئاشۇ شەيئىلەرنىڭ يەككە تۈرىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە بۇ ئىسىملار ئۆزى ئىپادىلەپ كەلگەن شەيئىلەرنىڭ خاس نامى بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىسىملار خاس ئىسىملار بولىدۇ.

### خاس ئىسىم

**بىر خىلدىكى شەيئىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، شۇ شەيئىنىڭ يەككە تۈرىگە قويۇلغان خاس نامىلارنى خاس ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.**

شەيئى - ھادىسىلەر تۈرلۈك تۈمەن خىل بولغاچقا، مەلۇم تۈرلەر يەنە بىر تۈرگە نىسبەتەن خاس ئىسىم بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ تۈرلىرىگە نىسبەتەن ئومۇمىي ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن: ئاشلىق دېگەن ئىسىمغا نىسبەتەن ئۇنىڭ تۈرلىرى بولغان بۇغداي، قوناق، تېرىق، شال خاس ئىسىم؛ لېكىن بۇغداي، قوناق، تېرىق، شال ئۆزلىرىنىڭ تۈرلىرىگە نىسبەتەن ئومۇمىي ئىسىم بولىدۇ. چۈنكى بۇغداينىڭ ئۆزىلا بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ...

## §3. تۈپ ئىسىم ۋە ياسالما ئىسىم

ئىسىملار ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن، تۈپ ئىسىم ۋە ياسالما ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### تۈپ سۆز

**مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم تۈپ ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئىش، ئاش، دەرس، باغ، يول، كىتاب، شەھەر...

يۇقىرىقى ئىسىملارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. تۈزۈلۈشى جەھەتتىن بىرلا مەنىلىك بۆلەكتىن تۈزۈلگەن.

**سۆزلەرگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئىسىملارنى ياسالما ئىسىم دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن:**

ئىش - ئىشچى، ئىشخانا؛ ئاش - ئاشخانا، ئاشپەز؛ دەرس - دەرسخانا؛ باغ - باغۋەن، باغۋەنچىلىك؛ يول - يولداش؛ كىتاب - كىتابخانا، كىتابپۇرۇش،

ياسالما ئىسىملار يۇقىرىقىدەك ئىسىملاردىنلا ياسىلىپ قالماستىن، بەلكى باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىنمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى - ياخشىلىق، چوڭ - چوڭچىلىق، باتۇر - باتۇرلۇق، (سۈپەتتىن ياسالدى)

ئاچ - ئاچقۇچ، ئىل - ئىلغۇچ، ياز - يېزىق، چاق - چاقماق (پېئىلدىن ياسالدى)

قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسىم ياساش ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا ئۇنۇملۇك ئۇسۇل بولۇپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى مەنە بىلدۈرىدىغان ئىسىملار مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ياسالغان.

### ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

**ئىسىم ياكى باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئۇلىنىپ، يېڭى مەنە بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدىغان**

قوشۇمچىلار ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:
-چى - ئىشچى، -خانا - ئىشخانا، -ۋەن - باغۋەن، -قۇچ- ئاچقۇچ، -داش - يولداش...
ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قايسى خىلدىكى سۆزلەرگە قاراپ، ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، سۈپەت ۋە ساندىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار، پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەپ بىر قانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ.

## 1. ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

بىر قىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەخس ياكى نەرسىنى، شۇ مەنىگە مۇناسىۋەتلىك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى ئۇنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان شەخسنى بىلدۈرىدىغان يېڭى مەنىلىك ئىسىملارنى ياسايدۇ.

| قوشۇمچىلار | ياسالغان سۆزلەر |
|---|---|
| -چى | ئىشچى، ياغاچچى، ئىنقىلابچى، جەڭچى، تۆمۈرچى... |
| -داش | ساۋاقداش، مەكتەپداش، يۇرتداش، قەلبداش، تەقدىرداش... |
| -چىلىق، -چىلىك | تۇغقانچىلىق، يوقسىزچىلىق، شېرىكچىلىك، ئادەمگەرچىلىك |
| -چە | قەلەمچە، باغچە، كىتابچە... |
| -خانا | ئىشخانا، مېھمانخانا، پوچتىخانا، كىتابخانا، ساتىراشخانا... |
| -زار | گۈلزار، ئۈزۈمزار، چىمەنزار، ئالمىزار، لالىزار... |
| -دان | چايدان، كۈلدان، شامدان، ئوقدان، سۇدان... |
| -نامە | گۇۋاھنامە، تەقدىرنامە، شەرتنامە، مۇسابىقىنامە... |
| -ستان، -ئىستان | قەبرىستان، قازاقىستان، گۈلىستان... |
| -ۋاز،باز | بۆيرۈقۋاز، كەپتەرۋاز، شەكىلۋاز، كىتابباز، قىلىپباس، تەرەپباز... |
| خور | قانخور، جازانىخور، پارىخور، ئوتخور، گۆشخو، قەسەمخور... |
| -كار | جاۋابكار، گۇناھكار، سەنئەتكار، مەدەتكار، ئىجاتكار، نىجاتكار... |
| -گەر،كەر | سودىگەر، دەۋاگەر، مىسكەر... |
| -كەش | ھارۋىكەش، ھايانكەش، كىراكەش، جاپاكەش، مېھنەتكەش |
| -ۋەن | باغۋەن، سارايۋەن، ھۈنەرۋەن، دەرۋازىۋەن |
| -پۇرۇش | دورىپۇرۇش، كىتابپۇرۇش، چايپۇرۇش، مەيپۇرۇش |
| -گاھ | ئارامگاھ، سەيلىگاھ، تەكىگاھ، دەستىگاھ، جەڭگاھ... |
| -دۇرۇق، -تۇرۇق، -دۇرۇك | ئېغىزدۇرۇق، بويۇنتۇرۇق، كەمەندۇرۇك... |
| -دارچىلىق | قوشنىدارچىلىق، ئاغىنىدارچىلىق، مېھماندارچىلىق |
| -گەرچىلىك | ئادەمگەرچىلىك، سىپايىگەرچىلىك، سودىگەرچىلىك... |
| -ساز | قۇلۇپساز، كىمىساز، جاھانساز، ماشىنىساز... |
| -شۇناس | تىلشۇناس، تارىخشۇناس، قانۇنشۇناس، مائارىپشۇناس... |
| -ھەم | ھەمسەپەر، ھەمسۆھبەت، ھەمداستىخان، ھەميان... |

## 2. سۈپەتتىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

سۈپەتتىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىر قىسىم سۈپەتلەرگە ئۇلىنىپ، شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نامىنى ۋە شۇ بەلگە - خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ياخشىلىق، تەڭلىك، ئېگىزلىك، چىرايلىقلىق، قۇرغاقچىلىق، توقچىلىق، تىرىشچانلىق، كۆيۈمچانلىق، ئىرادىسىزلىك، يوقسىزلىق، ھوقۇقسىزلىق، نومۇسسىزلىق...

## 3. ساندىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

ساندىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار سانلارغا ئۇلىنىپ، بەلگىلىك مىقداردىكى نەرسىنى ئاڭلاتقان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

بىرلىك، ئونلۇق، بەشلىك، ئۈچلۈك...

## 4. پېئىللاردىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار پېئىلنىڭ يىلتىزىغا ئۇلىنىپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى، نەتىجىسىنى، ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن: تېرىلغۇ، سۈپۈرگە، ئوقۇغۇچى، يازغۇچى، ئۆگىنىش، ئىشلەپچىقىرىش، تېپىشماق، ئىلمەك، ئاچقۇچ، كۆرسەتكۈچ، ئۈيۈشما، كۆرسەتمە...

پېئىللاردىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تۆۋەندىكىچە:

| قوشۇمچىلار | ياسالغان سۆزلەر |
|---|---|
| -غۇ، -قۇ، //-گۈ، كۈ | تېرىلغۇ، ئاچقۇ، سەزگۈ، تەپكۈ، ئىلغۇ... |
| غۇچى، -قۇچى، //-گۈچى، -كۈچى | تولدۇرغۇچى، ئۈچقۇچى، ئەزگۈچى، كۈتكۈچى... |
| -ش، -ىش، ۇش، ۈش | تونۇش، ئۆگىنىش، تۈتۈش، قوشۇش، كۆرۈش... |
| -ماق، -مەك | چاقماق، تېپىشماق، ئىلمەك، سوقماق... |
| -غۇچ، -قۇچ، //-گۈچ، - كۈچ | سىزغۇچ، تۈتقۈچ، ئۆچۈرگۈچ، كۆرسەتكۈچ... |
| -ما، -مە | ئۈيۈشما، بىرىكمە، سۈزمە، تىركەلمە، كۆرسەتمە... |
| -م، ىم، -ۇم، -ۈم | سايلام، كىيىم، كىرىم، ئۇقۇم، بوغۇم، ئۈنۈم... |
| -غىن، -قىن، -كىن -غۇن، -قۇن، -گۈن، -كۈن | يانغىن، ساتقىن، تەسكىن، تۇرغۇن، ئۈچقۇن، سۈرگۈن، كەلكۈن، سەپكۈن... |
| -ق، -اق، -ۇق، -ۈك، - ك، - ەك، ۈك | سوراق، ياتاق، سۇنۇق، تېرەك، تۈنەك، تۆكۈرۈك... |
| -ىن، -ۇن، -ۈن | ئېقىن، تولۇن، تۈگۈن، قۇيۇن، يۇلۇن |
| -دۇق، - تۈك | ھاردۇق، تاشلاندۇق، قالدۇق، كەمتۈك... |
| -مىش، -مۇش، -مۈش | يېمىش، تۇرمۇش، ئۆتمۈش، كەچۈرمۈش |
| -غاق، -قاق، -گەك، -كەك | تۇزغاق، ئورغاق، پاتقاق، ئىلگەك، تەشكەك... |
| -چە، -چا | پۈركەنچە، يېپىنچا، سىلىنچا... |
| -مچى | تىلەمچى، باشلامچى، مايلامچى، ئالدامچى... |
| -غۇلۇق، -قۇلۇق، -گۈلۈك، -كۈلۈك | قىلغۇلۇق، تارتقۇلۇق، كۆرگۈلۈك، ئىچكۈلۈك... |

www.uyghurkitap.com

## §4. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار بىرلىك ياكى كۆپلۈكنى بىلدۈرگەنلىكىگە قاراپ بىرلىك ساندىكى ئىسىملار ۋە كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بىرلىك ساندىكى ئىسىملار بىرلا شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

دۆلەت، شەھەر، تاغ، دېھقان، ئوقۇتقۇچى، كىتاب...

كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملار بىردىن ئارتۇق شەيئىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىسىملار گەرچە شۇ خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق نام بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىسىملار شۇ خىل شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس، بىرىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت بۇ ئىسىملارنى دۆلەتلەر، شەھەرلەر، تاغلار، دېھقانلار، ئوقۇتقۇچىلار، كىتابلار دەپ ئېيتساق، ئاندىن شۇ خىلدىكى شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ.

**بىرلىك ساندىكى ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، شۇ ئىسىملار ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

مەكتەپ ـ مەكتەپلەر، شەھەر ـ شەھەرلەر، كىتاب ـ كىتابلار، تاغ ـ تاغلار...

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ساندىكى ئىسىملار بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق نامنى ئىپادىلەپ كەلسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىسىملار سان جەھەتتىن بىرلىك مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسىملارغا «لار، لەر» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق كۆپلۈك سانىنى ئىپادىلەيمىز. شۇڭا، «لا، لەر» قوشۇمچىسىنى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى دەيمىز. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار، لەر » سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ.

**ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئىسىملارغا تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئۇلىنىدۇ:**

1.كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇشقا بولىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلغاندا شۇ ئىسىم ئىپادە قىلغان مەنىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

تاغلار، بالىلار، كىتابلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچىلار، دېھقانلار ئادەملەر، شەھەرلەر...

2. ساناق سانلار بىلەن بىۋاسىتە ئېنىقلىنىپ كەلگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

200 ئادەم، 5000 دانە كىتاب، 50 مەكتەپ دېگەن بىرىكمىلەردىكى ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشۇپ 200 ئادەملەر، 5000 دانە كىتابلار، 50 مەكتەپلەر دېگىلى بولمايدۇ.

3. ئىسىملاردىن كەلگەن تەڭداش بۆلەكلەر ئالاھىدە تەكىتلەنسە، كۆپلۈك قوشۇمچىسى ھەربىرىگە ئۇلىنىدۇ. تەكىتلەنمىسە، ئەڭ ئاخىرقى بىرسىگىلا ئۇلىنىپ، ھەممىسىگە ئورتاق بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

يولداش ماۋ زېدۇڭ:« ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار بىر ئاكوپتىكى سەپداشلار» دېگەنىدى.

بۈگۈنكى يىغىنغا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قاتناشتى.

ئوقۇغۇچىلار ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردىن تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

سەنئەتكارلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، رەسساملار ئوبراز ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

4. جىسمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا ياكى مىقدار بىرلىكى تۈرلۈك ئۆلچەشلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، شۇ شەيئىنىڭ كۆپلۈكىنى ئەمەس، شۇ شەيئى تۈرىنىڭ ياكى مىقدارىنىڭ بىرلىكىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: «سۇلار» دېسەك ناھايىتى كۆپ سۇ دېگەنلىك بولماستىن، ئېرىق - ئۆستەڭ سۈيى، كۆل سۈيى، دەريا سۈيى، دېڭىز - ئوكيان سۈيى دېگەن مەنىنى ياكى بىر قانچە خىل نەرسىلەرگە ئېلىپ قويۇلغان سۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

5. ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئىسىملارغا ئادەتتە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، شۇ ئىسىم ئىپادە قىلغان مەنىنىڭ كۆپلۈكىنى ئەمەس، شۇ ئىسىمنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

«ئىنقىلاب»، «تىنچلىق» دېگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشقىلى بولمايدۇ. «ئوقۇش، ئۆگىنىش» دېگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ، «ئوقۇشلار، ئۆگىنىشلەر» دېيىلسە، سان جەھەتتىكى كۆپلۈكنى ئەمەس، ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەن ئالاقىدار ئىشلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

6. خاس ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ، ئەگەر قوشۇلسا، سانىنىڭ كۆپلۈكىنى ئەمەس شۇ خاس ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئىلەرنى قوشۇپ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

«قاسىملار كەلدى» دېسەك، نۇرغۇن قاسىم ئىسىملىكلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى قاسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە كىشىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

7. جۈپ شەيئىلەر ياكى پەقەت بىرلا شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، مەنىنى كۈچەيتىش، تەسىرنى ئاشۇرۇش، تەكىتلەش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

(1) يولۇڭغا تولا قاراپ، كۆزلىرىم تېلىپ كەتتى.

(2) ئادىل ھوشۇرنىڭ دار ئۈستىدىكى ماھارەتلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، يۈرەكلىرىم دۇپۇلدەپ كەتتى.

8. بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈكى ئۆزىدىنلا مەلۇم بولغاچقا، كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن: ھايۋانات، ئادەمزات، كائىنات، ئېكىنزار.

## §5. ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى

ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىملارنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا نەرسىلەرنى ئىگىلىگۈچى شەخس ئۈچ شەخستە، بىرلىك ياكى كۆپلۈك ساندا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىمۇ ئۈچ شەخستە، ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك، كۆپلۈكىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

«مەكتەپ» دېگەن ئىسىمنى ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدە تۈرلىسەك: مەكتىپىم، مەكتىپىمىز؛ مەكتىپىڭ، مەكتىپىڭلار؛ مەكتىپى شەكلىدە تۈرلىنىدۇ. بۇ ئىسىمغا قوشۇلغان «-ىم، -ىمىز، -ىڭ، -ىڭلار، -ى» قوشۇمچىلىرىنى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى دەيمىز.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار ماسلىشىشچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ھەربىر شەخسكە تەۋە بىرنەچچە يۇرۇشتىن قوشۇمچىسى بار.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| شەخسلەر | شەخس تۈرى | قوشۇمچىلار | مىساللار |
|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | بىرلىك | ـم، ـىم، ـۇم، ـۈم | بالام، ئىشىم، يولۇم، كۆزۈم |
| | كۆپلۈك | ـمىز، ـىمىز | بالىمىز، ئىشىمىز، يولىمىز، كۆزىمىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ـڭ، ـىڭ، ـۇڭ، ـۈڭ | بالاڭ، ئىشىڭ، يولۇڭ، كۆزۈڭ |
| | كۆپلۈك | ـڭلار، ـىڭلار، ـۇڭلار، ـۈڭلار | بالاڭلار، ئىشىڭلار، يولۇڭلار، كۆزۈڭلار |
| | سىپايەت تۈرى | ـڭىز، ـىڭىز، ـ | بالىڭىز، ئىشىڭىز، يولىڭىز، كۆزىڭىز |
| | ھۆرمەت تۈرى | ـلىرى | بالىلىرى، كۆزلىرى |
| 3 ـ شەخس | بىرلىك، كۆپلۈك تۈرى ئوخشاش | ـى، ـسى | بالىسى، ئىشى، يولى، سۆزى، كۆزى، ئۆزە |

**تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى سۆزلەرگە تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئۇلىنىدۇ:**

بىرىنچى شەخسنىڭ بىرلىك قوشۇمچىلىرىدىن «م، ـىم»، كۆپلۈك قوشۇمچىسى «مىز، ـىمىز»، ئىككىنچى شەخسنىڭ بىرلىك قوشۇمچىلىرىدىن «ڭ، ىڭ»، «كۆپلۈكى ڭلار، ـىڭلار»، ھۆرمەت تۈرىنىڭ قوشۇمچىلىرى «ڭىز، ـىڭىز، لىرى»، ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى «ى، سى» لار ئۆزى ئۇلىنىدىغان ئىسىم ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنىڭ ئوچۇق ياكى يېپىق بوغۇم ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

بالام ـ بالام، بالاڭ، بالىڭىز، بالىسى، بالىمىز، بالاڭلار، بالىسى

يېزا ـ يېزام، يېزاڭ، يېزىلىرى، يېزىسى، يېزىمىز، يېزىڭلار، يېزىسى

باش ـ بېشىم، بېشىڭ، باشلىرى، بېشى، بېشىمىز، بېشىڭلار، بېشى

ماشىنا ـ ماشىنام، ماشىناڭ، ماشىنىسى، ماشىنىمىز، ماشىناڭلار، ماشىنىسى

يەر ـ يېرىم، يېرىڭ، يېرىڭىز، يېرى، يېرىمىز، يېرىڭلار، يېرى

ئىرادە ـ ئىرادەم، ئىرادەڭ، ئىرادىڭىز، ئىرادىمىز، ئىرادەڭلار، ئىرادىسى

كۆلكە ـ كۆلكەم، كۆلكەڭ، كۆلكىڭىز، كۆلكىمىز، كۆلكەڭلار، كۆلكىسى

بىرىنچى شەخسنىڭ بىرلىك قوشۇمچىلىرىدىن «ۇم، ۈم»، ئىككىنچى شەخسنىڭ بىرلىك قوشۇمچىلىرىدىن «ۇڭ، ۈڭ»، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىدىن «ۇڭلار، ۈڭلار» ئۆزى ئۇلىنىدىغان ئىسىم ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن، يېپىق بوغۇملۇق سۆز بولۇشىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

يول ـ يولۇم، يولۇڭ، يولۇڭلار

پۇت ـ پۇتۇم، پۇتۇڭ، پۇتۇڭلار

ئوغۇل - ئوغلۇم، ئوغلۇڭ، ئوغلۇڭلار
ساندۇق - ساندۇقۇم، ساندۇقۇڭ، ساندۇقۇڭلار
يۈز - يۈزۈم، يۈزۈڭ، يۈزۈڭلار
كۆز - كۆزۈم، كۆزۈڭ، كۆزۈڭلار
ئۆكۈز - ئۆكۈزۈم، ئۆكۈزۈڭ، ئۆكۈزۈڭلار
ئۈزۈم - ئۈزۈمۈم، ئۈزۈمۈڭ، ئۈزۈمۈڭلار
سەزگۈ - سەزگۈم، سەزگۈڭ، سەزگۈڭلار

## §6. ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى

**ئىسىملارغا ئۇلىنىپ، شۇ ئىسىملارنى باشقا سۆزلەر بىلەن باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ھەمدە ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

«دادام بۇ كىتابلارنى كىتابخانىدىن سېتىۋاپتۇ» دېگەن جۈملىدە «كىتابلار»، «كىتابخانا» دېگەن ئىسىملار «نى، دىن» قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، «سېتىۋاپتۇ» دېگەن پېئىل بىلەن باغلىنىپ كەلگەن.

«بىلمىگەن جايلارنى مەكتەپتە مۇئەللىمدىن سوراپ بىلىۋالىمەن» دېگەن بۇ جۈملىدە «جايلار، مەكتەپ، مۇئەللىم» دېگەن سۆزلەر «نى، تە، دىن» قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئۆزى بېقىنغان سۆزلەرگە باغلىنىپ كەلگەن. شۇنداقلا بۇ قوشۇمچىلارغا ئاساسەن ئۇ ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنىمۇ بىلەلەيمىز. مانا بۇ قوشۇمچىلارنى كېلىش قوشۇمچىسى دەيمىز.

**ئۇيغۇر تىلىدا ئالتە كېلىش بار. ئۇلار:**

1. باش كېلىش - قوشۇمچىسى يوق
2. ئىگىلىك كېلىش - قوشۇمچىسى «نىڭ»
3. چۈشۈم كېلىش - قوشۇمچىسى «نى»
4. بېرىش كېلىش- قوشۇمچىسى «غا، قا، گە، كە، قە»
5. چىقىش كېلىش - قوشۇمچىسى «دىن، تىن»
6. ئورۇن- پەيت كېلىش - قوشۇمچىسى «دا،تا، دە، تە»

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىغا ئاساسەن ئۇلىنىدۇ.

ئىسىم جۈملىدە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ ھەر خىل ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

قەشقەر - قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر.

ھازىر ھەر يىلى قەشقەرگە نەچچە مىڭلىغان ساياھەتچىلەر كېلىپ تۇرىدۇ.

قەشقەردە - مەشھۇر تارىخىي ئاسارئەتىقىلەر، مەدەنىي يادىكارلىقلار بار.

قەشقەرنىڭ قول ھۈنەر - سەنئىتى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

قەشقەردىن 2 ـ 3 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلدى.

قەشقەرنىڭ ئۆزگىچە مىللىي ھۈنەر - سەنئەتلىرى قەشقەرنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتماقتا.

يۇقىرىقى ئالتە جۈملىدە « قەشقەر » دېگەن ئىسىم ئالتە خىل شەكىلدە كېلىپ (بەش جۈملىدە كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن)، ئالتە خىل ۋەزىپە ئۆتىگەن.

قەشقەر سۆزىگە ئۇلانغان كېلىش قوشۇمچىلىرى «قەشقەر» سۆزىنى جۈملىدىكى باشقا سۆزلەرگە باغلاپ

كېلىش بىلەن بىرگە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئالتە كېلىش بولۇپ، ھەربىر كېلىش بەلگىلىك بىر مەنىگە ئىگە. باش كېلىشتىن باشقا كېلىشلەر ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلارغا ئىگە بولۇپ، بەلگىلىك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇمچىلىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| تەرتىپى | كېلىشلەرنىڭ نامى | قوشۇمچىلىرى | سوئاللار | | مىساللار |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئادەملەرگە | نەرسىلەرگە | ئادەم، كىتاب |
| 1 | باش كېلىش | يوق | كىم ؟ | نېمە ؟ | ئادەم، كىتاب |
| 2 | ئىگىلىك كېلىش | نىڭ | كىمنىڭ ؟ | نېمىنىڭ؟ | ئادەمنىڭ، كىتابنىڭ |
| 3 | چۈشۈم كېلىش | نى | كىمنى ؟ | نېمىنى؟ | ئادەمنى، كىتابنى |
| 4 | بېرىش كېلىش | غا، قا، گە، كە، قە | كىمگە؟ | نېمىگە؟ | ئادەمگە، كىتابقا |
| 5 | چىقىش كېلىش | دىن، تىن | كىمدىن؟ | نېمىدىن؟ | ئادەمدىن، كىتابتىن |
| 6 | ئورۇن - پەيت كېلىش | دا، تا، دە، تە | كىمدە؟ | نېمىدە؟ | ئادەمدە، كىتابتا |

## 1. باش كېلىش

باش كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى يوق.

باش كېلىش شەكىل جەھەتتىن ئىسىمنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. باش كېلىشتىكى ئىسىم كۆپىنچە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. ئىگە بولۇپ كەلگەندە جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچى شەخس ياكى نەرسىنى بىلدۈرىدۇ. باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

**باش كېلىشتىكى ئىسىم تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلدە كېلىپ ئىگە رولىنى ئوينايدۇ.**

1) ھېچقانداق قوشۇمچىسىز كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەكتەپ — دۆلەتنىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەيدىغان مۇھىم تەربىيىلەش بازىسى.

بۇ تاغ ھەرقانچە ئېگىز بولسىمۇ يولىمىزنى توسۇۋالالمايدۇ.

ئوقۇغۇچى— ئۆگەنگۈچى، بىلىم ئالغۇچى، تەربىيىلەنگۈچى.

2) ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ قان تەرى ئارقىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدۇ.

3) ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

خەلقىمىز — ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر خەلق.

ۋەتىنىمىز بىزنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەكتە، بىزدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە.

سىز كۆرۈۋاتقان بۇ تام گېزىتىنى بىزنىڭ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىشلىدى.

بىلىمنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىنسانلار ئەمەلىيەت داۋامىدا تونۇپ يەتتى.

## 2. ئىگىلىك كېلىش

ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى - «نىڭ».

ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ كىمگە، نېمىگە، قەيەرگە، نەگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، «كىمنىڭ نېمىنىڭ؟ قەيەرنىڭ؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب

بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەكتەپنىڭ تۈزۈمى، شەھەرنىڭ كوچىلىرى، ۋەتەننىڭ تۇپرىقى، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى...

ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «نىڭ» ۋارىيانتىسىز بىرلا قوشۇمچە بولغانلىقتىن ھېچقانداق ئاھاڭداشلىقنى ئاساس قىلماي ئۇلىنىۋېرىدۇ.

بەزىدە ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملار بىلەن كەلگەندە، ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «نىڭ» چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدىمۇ ئۇ ئىسىم يەنىلا ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم ھېسابلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

شىنجاڭ ياشلىرى، تارىم دەرياسى، قەشقەر ئانارى، خوتەن گىلىمى، تاغ سۈيى، قەلب كۆيى، دۆلەت زېمىنى، خەلق رايى، قۇياش نۇرى...

ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار كۆپىنچە ئۆزى باغلىنىپ كەلگەن ئىسىملار بىلەن يانمۇيان كېلىدۇ. بەزىدە ئۆزى باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەردىن يىراق كېلىدۇ. يەنى ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن سۆز بىلەن بۇ سۆز باغلانغان سۆز ئوتتۇرىسىدا باشقا سۆزلەر كېلىدۇ. مەسىلەن:

دۆلەت قانۇنى، دۆلەتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى. (يىراق كەلگەن)

مەكتەپنىڭ تۈزۈمى، مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى تۈزۈمى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى.

## 3. چۈشۈم كېلىش

چۈشۈم كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى -«نى».

چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىمغا باغلىنىدىغان (ئۆتىدىغان) لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزىدە چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار كىمنى؟ نېمىنى؟ قەيەرنى؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ كەلسە تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىدۇ. مەسىلەن :

ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر تىلىنى خېلى مۇكەممەل ئۆگەندى.

ھەممەيلەن بۈگۈنكى تازىلىقنى ياخشى قىلىشتى.

چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىم جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرى بىلەن يانمۇيان كەلگەندە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولۇپ كىتاب ئوقۇدۇم.

مەن بۈگۈن قىزىق تىياتىر كۆردۈم.

مەن تۈنۈگۈن كىتابخانىدىن كىتاب سېتىۋالدىم.

تاماق يېدىم، مەشىق ئىشلىدىم، رەسىم سىزدىم، ناخشا ئېيتتىم، ئۇسسۇل ئوينىدىم.

چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» ۋارىيانتىسىز بىرلا قوشۇمچە بولغانلىقتىن ھېچقانداق ئاھاڭداشلىقنى ئاساس قىلماي ئۇلىنىۋېرىدۇ.

## 4. يۆنىلىش كېلىش

يۆنىلىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «-غا، -قا، -گە، -كە، -قە».

يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدۇ.

يۆنىلىش كېلىشتە تۈرلەنگەن ئىسىملار كىمگە؟ نېمىگە؟ قەيەرگە؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلانسا، ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن «غا، قا» تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارنىڭ ياكى باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا ۋە ئوچۇق بوغۇملىرىغا «غا»، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا «قا» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

يول — يولغا، بازار — بازارغا، بالا — بالىغا، يېزا — يېزىغا، هايات — هاياتقا، باش — باشقا

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملار ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا ۋە ئوچۇق بوغۇملىرىغا «گە»، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا «كە» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

يەر — يەرگە، ئەل — ئەلگە، ئىدارە — ئىدارىگە، مەنزىرە — مەنزىرىگە،
ئۈلگە — ئۈلگىگە، مۇئامىلە — مۇئامىلىگە، ئېكسكۇرسىيە — ئېكسكۇرسىيىگە،
دەرس — دەرسكە، كەنت ـ كەنتكە، گۆش — گۆشكە، مەكتەپ — مەكتەپكە

«قە» قوشۇمچىسى «ق» بىلەن ئاياغلاشقان بەزى ئىسىملارغا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

شەرق — شەرققە، مەشىق—مەشىققە، خەلق ـ خەلققە...

## 5. چىقىش كېلىش

**چىقىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «دىن، تىن»**

چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار كىمدىن؟ نىمىدىن؟ قەيەردىن؟ نەدىن؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. بۇ خىل كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋرىگە باغلانسا، هالەت بولىدۇ.

چىقىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاهاڭداشلىقىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ. يەنى «دىن» ئاخىرى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە، «تىن» جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

شەهەر ـ شەهەردىن، ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇغۇچىدىن، ئەمگەكچى ـ ئەمگەكچىدىن، سىنىپ ـ سىنىپتىن

## 6. ئورۇن كېلىش

**ئورۇن كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «ـ دا، ـ تا، دە، تە» دىن ئىبارەت.**

ئورۇن كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ خەۋرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ هەرىكەتنىڭ ئورنىنى، پەيتىنى ۋە بىرەر نەرسىنىڭ كىمدە، نىمىدە، قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار كىمدە؟ نىمىدە؟ قەيەردە؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋرىگە باغلانسا هالەت بولۇپ كېلىدۇ.

ئورۇن كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاهاڭداشلىقىنى، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەهەتتىكى ئاهاڭداشلىقىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ. تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن ياكى ئاخىرى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىم ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا ۋە ئوچۇق بوغۇملىرىغا «دا»، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا «تا» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

يول ـ يولدا، قول ـ قولدا، بازار ـ بازاردا، يېزا ـ يېزىدا، سۇ ـ سۇدا
باش ـ باشتا، زاۋۇت ـ زاۋۇتتا، تارىخ ـ تارىختا، ئوزۇق ـ ئوزۇقتا، ئورۇق ـ ئورۇقتا

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن ئىسىم ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا ۋە ئوچۇق بوغۇملىرىغا «دە»، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرىغا «تە» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ۋەتەن — ۋەتەندە، شەھەر ـ شەھەردە، يەر — يەردە، ئۆي — ئۆيدە، ئائىلە — ئائىلىدە، مۇئامىلە ـ مۇئامىلىدە، مەكتەپ — مەكتەپتە، ئەمگەك ـ ئەمگەكتە، دەرس — دەرستە

مەشىق ـ مەشىقتە، ئۆتۈك ـ ئۆتۈكتە، ئۆرۈك ـ ئۆرۈكتە، بازار ـ بازاردا، يېزا ـ يېزىدا، ئوتۇن ـ ئوتۇندا، تاۋۇش ـ تاۋۇشتا، تارىخ ـ تارىختا، ئوت ـ ئوتتا...

تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن بىرلىك سانىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| كېلىشلەر | 1 ـ شەخس | 2 ـ شەخس | 3 ـ شەخس | ئۇلانغان كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|---|
| باش كېلىش | سۆز+ۈم<br>يېزا +م<br>باغ +ىم | سۆز + ۈڭ<br>يېزا + ڭ<br>باغ + ىڭ | سۆز + ى<br>يېزا + سى<br>باغ + ى | يوق |
| ئىگىلىك كېلىش | سۆز+ۈم+نىڭ<br>يېزا+ م+ نىڭ<br>باغ+ ىم + نىڭ | سۆز + ۈڭ + نىڭ<br>يېزا + ڭ + نىڭ<br>باغ +ىڭ + نىڭ | سۆز+ى + نىڭ<br>يېزا + سى + نىڭ<br>باغ +ى + نىڭ | نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | سۆز +ۈم+ نى<br>يېزا+ م + نى<br>باغ + ىم + نى | سۆز + ۈم+نى<br>يېزا + ڭ + نى<br>باغ +ىڭ + نى | سۆز+ ى + نى<br>يېزا+ سى +نى<br>باغ + ى + نى | نى |
| يۆنىلىش كېلىش | سۆز +ۈم + گە<br>يېزا + م + غا<br>باغ + ىم + غا | سۆز + ۈڭ + گە<br>يېزا + ڭ + غا<br>باغ + ىڭ+ غا | سۆز + ى + گە<br>يېزا + سى + غا<br>باغ + ى + غا | گە، غا |
| چىقىش كېلىش | سۆز+ۈم+ دىن<br>يېزا+م + دىن<br>باغ+ ىم+ دىن | سۆز + ۈڭ + دىن<br>يېزا + ڭ + دىن<br>باغ + ىڭ + دىن | سۆز+ ى +دىن<br>يېزا+ سى +دىن<br>باغ+ ى + دىن | دىن |
| ئورۇن كېلىش | سۆز + ۈم + دە<br>يېزا + م + دا<br>باغ + ىم + دا | سۆز + ۈم + دىن<br>يېزا+ ڭ+دا<br>باغ + ىڭ + دا | سۆز+ ى +دىن<br>يېزا+ سى +دا<br>باغ+ ى +دا | دە دا |

تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن كۆپلۈك سانىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| كېلىشلەر | 1 ـ شەخس | 2 ـ شەخس | 3 ـ شەخس | ئۇلانغان قوشۇمچىلار |
|---|---|---|---|---|
| باش كېلىش | سۆز + ىمىز<br>يېزا + مىز<br>باغ+ ىمىز | سۆز+ۈڭلار<br>يېزا+ڭلار<br>باغ+ىڭلار | سۆز + ى<br>يېزا + سى<br>باغ + ى | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىگىلىك كېلىش | سۆز+ـىمىز+نىڭ<br>يېزا+مىز+ نىڭ<br>باغ+ـىمىز+نىڭ | سۆز+ۋېڭلار+نىڭ<br>يېزا+ڭلار+نىڭ<br>باغ+ـىڭلار+نىڭ | سۆز+ى+نىڭ<br>يېزا+ـسى+نىڭ<br>باغ+ـى+نىڭ | ـ نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | قول+ىمىز+ نى<br>يېزا+مىز+نى<br>باغ+ـىمىز+نى | سۆز+ۋېڭلار+نى<br>يېزا+ڭلار+نى<br>باغ+ـىڭلار+نى | سۆز+ ـى+نى<br>يېزا+ ـسى +نى<br>باغ+ ـى +نى | نى |
| يۆنىلىش كېلىش | قول+ىمىز+غا<br>يېزا+مىز+غا<br>باغ+ـىمىز+غا | قول+ۋېڭلار+غا<br>يېزا+ڭلار+غا<br>باغ+ـىڭلار+غا | قول+ـى+غا<br>يېزا+ ـسى +غا<br>باغ+ ـى + ىدا | ـ غا |
| چىقىش كېلىش | قول+ـىمىز+دىن<br>يېزا+مىز+دىن<br>باغ+ـىمىز+دىن | قول+ۋېڭلار+دىن<br>يېزا+ڭلار+دىن<br>باغ+ـىڭلار+دىن | قول + ـى +ىدىن<br>يېزا +ـسى + ىدىن<br>باغ + ـى + ىدىن | ـ دىن |
| ئورۇن ـ كېلىش | قول+ـىمىز+دا<br>يېزا+مىز+دا<br>باغ+ـىمىز+دا | قول+ۋېڭلار+دا<br>يېزا+ڭلار+دا<br>باغ+ـىڭلار+دا | قو ل+ ـى +دا<br>يېزا+ ـسى + دا<br>باغ + ـى + دا | ـ دا |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## §7. ئىسىملارغا قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى

ئىسىملار جۈملىدە بەزىدە ھېچقانداق قوشۇمچە ئۇلانمىغان شەكىلدە كەلسە، بەزىدە ھەرخىل شەكىلدىكى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. ئىسىملارغا قوشۇمچىلار مەلۇم قائىدە ـ تەرتىپ بويىچە ئۇلىنىدۇ ۋە قوشۇپ يېزىلىدۇ.

بەزى ئىسىملارغا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچە قاتار ئۇلىنىپ كېلىۋېرىدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا ئاۋۋال ياسىغۇچى قوشۇمچە، ئاندىن تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ئىش — ئىشچى، يول — يولداش، باش — باشلىق، جاۋاب — جاۋابكارلىق،
مۇلۇك — مۇلۇكدارلىق، مۇلۇكدارلىرىمىزنىڭ، بۇيرۇق— بۇيرۇۋازلىقتىن.

ئىسىملارغا ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك، تەۋەلىك كېلىش قوشۇمچىلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا قوشۇشقا توغرا كەلسە، ئاۋۋال كۆپلۈك قوشۇمچىسى، ئاندىن تەۋەلىك قوشۇمچىسى، ئاندىن كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ئوقۇتقۇچى + لار+ىمىز +غا= ئوقۇتقۇچىلىرىمىزغا، يول +لار+ىم+غا=يوللىرىمغا
ئوقۇغۇچى +لار + ىمىز +غا = ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا، باغ +لار +ىمىز+غا= باغلىرىمىزغا

## §8. ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

مۇستەقىل سۆزلەر جۈملىدە بەلگىلىك بىر سوئالغا جاۋاب بولۇپ، مەلۇم بىر گىراماتىكىلىق ۋەزىپىنى ئۆتەپ كېلىدۇ. سۆزنىڭ بۇ خىل ۋەزىپىسى جۈملىدىكى ۋەزىپىسى دېيىلىدۇ.

ئىسىم مەنە دائىرىسى كەڭ، كۆپ قوللىنىلىدىغان، كۆپ خىل گىراماتىكىلىق شەكىلگە ئىگە سۆز

تۈركۈمى بولغاچقا، جۈملىدە ھەرخىل شەكىللەردە كېلىپ، ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كېلىدۇ.

**1. ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى باش كېلىشتە كېلىپ، ئىگە بولۇپ كېلىش. باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ كىم، نېمە تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

ئاتا ـ ئانىلار — ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى ئۇستازى.

مەكتەپ — ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئاساسلىق ئۆگىنىش ئورنى.

ئىسىم — مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى.

**2. باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ خەۋەر بولىدۇ.** مەسىلەن:

«ئانا يۇرت» رومانى— ئۇيغۇر رومانلىرى ئىچىدىكى ياخشى كىتاب.

سۇ — رەڭسىز، تەمسىز، پۇراقسىز سۇيۇق جىسىم.

ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىلارنىڭ بىرى — ھاۋا.

**3. باش كېلىشتە كەلگەن ئاز بىر قىسىم ئىسىملار بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئالدىدا يانداش مۇناسىۋەتتە كېلىپ ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.** مەسىلەن:

مەن بازاردىن ئالتۇن سائەت سېتىۋالدىم.

تۆمۈر ئورۇندۇق ئاسانلىقچە بۇزۇلمايدۇ.

باغۋەن بوۋاي بىزنى باغقا باشلاپ كىردى.

**ئىسىملار ئىسىم ھالىتىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل شەكىلدە كېلىدۇ:**

1) باش كېلىشتە، ھېچقانداق قوشۇمچىسىز كەلگەن بىر ئىسىم يەنە بىر ئىسىمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ( يۇقىرىقى جۈملىدىكى ئاستى سىزىلغان ئىسىملاردەك).

2) ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن بىر ئىسىم يەنە بىر ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ، شۇ ئىسىمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

شەھەرنىڭ كوچىلىرىدىكى ئېلېكتر چىراغلار يوپيورۇق يېنىپ تۇراتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئىرادىسى — پولاتتەك مۇستەھكەم.

**4. ئىسىملار جۈملىدە باش ۋە ئىگىلىك كېلىشلەردىن باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. بۇ كېلىشلەردە تۈرلەنگەن ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىشتە تۈرلەنگەنلىرى شۇ جۈملىنىڭ پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرىگە باغلانسا شەرتسىز تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىشتە تۈرلەنگەنلىرى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

مەن بۇ كىتابنى مۇئەللىمدىن ئالدىم. (تولدۇرغۇچى، ھالەت)

ئاكامغا ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان ساۋاقدىشىدىن خەت كەلدى. (ھالەت)

مەن بۇ خەۋەرنى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دىن كۆردۈم. (تولدۇرغۇچى، ھالەت)

مېھمانلارنى ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. (تولدۇرغۇچى، ھالەت)

بۈگۈن چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمانلار مەكتىپىمىزنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. (تولدۇرغۇچى)

مەن كىتابخانىدىن يېڭى كىتابلاردىن بىر نەچچىنى سېتىۋالدىم. (ھالەت)

بۇ خىل گۈللەر بىزنىڭ باغدا ئەتىيازدا ناھايىتى كۆپ ئېچىلىدۇ. (ھالەت)

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ـــــــ» بەلگىسى قويۇلغان ئىسىملار ئادەم ۋە نەرسىلەرنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن تولدۇرغۇچى، «ـــ» بەلگىسى قويۇلغان ئىسىملار يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن ـ پەيت كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ ئورۇن ـ جاينى، ۋاقىت ـ پەسىلنى بىلدۈرۈپ ھالەت بولۇپ كەلگەن.

**5. ۋاقىت ـ پەسىلنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار سانلار بىلەن ئېنىقلىنىپ ياكى بىرىكىپ كەلگەندە ھالەت بولىدۇ.** مەسىلەن:

ئاكام 2006 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈردى.

2008 ـ يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى دۆلىتىمىزدە ئۆتكۈزۈلدى.
مەن بۇ ۋەزىپىنى 15 سائەتتە ئورۇنلاپ بولىمەن.
مېھمانلار مەكتىپىمىزگە ئەتە سائەت 10 دا يېتىپ كېلىدىكەن.
مەن سىنى تۈنۈگۈن سائەت 11 غىچە ساقلىدىم.

**6. باش كېلىشتە كېلىپ بىرەر جايىنى، ئورۇننى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا «ياقىقا قاراپ، تەرەپكە قاراپ، تەرىپىگە قاراپ» دېگەندەك سۆز بىرىكمىلىرى قوشۇلۇپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

مېھمانلار شەھەر تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ. بىزمۇ شۇ ياقىقا قاراپ ماڭايلى.
يىراقتىن چىراغ نۇرى كۆرۈندى. ھەممەيلەن شۇ ياقىقا قاراپ يۈگۈردى.
ئۇلار ئاۋرال تاغلىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، چۈشۈم كېلىش، بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىشلەردە تۈرلەنگەن ئىسىملار تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت بولۇش ئۈچۈن شۇ جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىشى كېرەك. ئەگەر جۈملىنىڭ پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرىگە باغلانماي، جۈملە تەركىبىدىكى باشقا پېئىللارغا باشلانسا، تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت بولماي، باشقا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ئۈرۈمچىدە» دېگەن ئىسىم ئورۇن كېلىش بىلەن، «چەتئەلدىن» دېگەن ئىسىم چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بولسىمۇ، شۇ جۈملىلەرنىڭ «كەلدى، ئېكىسكۇرسىيە قىلدى» دېگەن پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرىگە باغلانماستىن، شۇ جۈملىلەر تەركىبىدىكى «ئوقۇۋاتقان»، «كەلگەن» دېگەن پېئىللارغا باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ھالەت بولماي، باشقا ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن (ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن)

## ئىسىم سۆز تۈركۈمىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى

**I تاللاش سوئاللىرى**

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان جاۋابلارنى تاللاڭ.

1. ئىسىم ۋە ئىسىمنىڭ مەنە ھەم تۈزۈلۈش جەھەتتىكى تۈرلىرى توغرىسىدا تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. ئىسىم شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان مەنە دائىرىسى كەڭ، سانى ئەڭ كۆپلۈك، تەۋەلىك، كېلىش قاتارلىق گىراماتىكىلىق شەكىللەرگە ئىگە سۆز تۈركۈمى

B. ئىسىملار مەنە جەھەتتىن خاس ئىسىم ۋە ئومۇمىي ئىسىمغا، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن تۈپ ئىسىم ۋە تۈرداش ئىسىمغا بۆلۈنىدۇ

C. تۈپ ئىسىملار ئاساسەن ئىسىملارنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار بولۇپ، كۆپىنچە بىر بوغۇملۇق ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ

D. «مەكتىپىم»، «ئائىلەم» دېگەن ئىسىملار سۆزلىگۈچىگە تەۋە ئىسىم بولغاچقا، خاس ئىسىم ھېسابلىنىدۇ

2. خاس ئىسىم، تۈرداش ئىسىم، تۈپ ئىسىم، ياسالما ئىسىم ۋە ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. شەيئىنىڭ بىرىنىڭ يەككە بىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىسىم شۇنداقلا خاس ئىسىم بولىدۇ

B. بەزى ئىسىملار مەلۇم تۈردىكى ئىسىملارغا نىسبەتەن خاس ئىسىم بولسا، ئۆزىنىڭ تۈرىگە نىسبەتەن ئومۇمىي ئىسىم بولىدۇ.

C. ئىسىمنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار تۈپ ئىسىم، ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە ئارقىلىق ياكى سۆزگە سۆزنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان ئىسىملار ياسالما ئىسىم بولىدۇ.

D. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى «لار، لەر» دىن ئىبارەت ئىككىلا قوشۇمچە بولغانلىقتىن،



www.uyghurkitap.com

تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىنى ئاساس قىلماي ئۇلىنىۋېرىدۇ.

3.« ئىدىقۇت — تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئانا يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ جاينىڭ نەچچە مىڭ يىللىق پارلاق مەدەنىيەت تارىخى بار. تۇرپاندىكى ھازىرغىچە ئىزى ئۆچمىگەن يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئىدىقۇت خارابىلىكى، بېزەكلىك مىڭئۆيى قاتارلىق ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرى ئىدىقۇت مەدەنىيىتىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ» دېگەن پارچىدىكى ئىسىملار ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. يۇقىرىقى پارچىدا خاس ئىسىمدىن يەتتىسى بولۇپ، تۆت خاس ئىسىم، ئىككىدىن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن

B. تۇرداش ئىسىمدىن 11 سى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئىسىم قوشۇمچە قوشۇلۇپ ياسالغان ياسالما ئىسىم

C. پارچە تەركىبىدە ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىمدىن ئۈچى، كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىمدىن تۆتى بار

D. بۇ پارچە تەركىبىدە قوشۇمچە قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىمدىن يەتتىسى بار

4. ئىسىم ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. «كومېدىيىنىڭ تۈپ قورالى كۈلكە بولۇپ، ئۇ كۈلكە سەنئىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ» دېگەن جۈملىدە ئىسىمدىن بەشى بولۇپ، بىرى خاس ئىسىم تۆتى ئومۇمىي ئىسىم، ھەممىسى تۈپ ئىسىم

B. «رومانتىزم— خۇددى رېئالىزمغا ئوخشاش دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى» دېگەن جۈملىدە ئىسىمدىن يەتتىسى بولۇپ، ھەممىسى تۈپ ئىسىم

C. «ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك چىرايلىق گەپتىلا ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە بېغىشلانغان ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىشى لازىم» دېگەن جۈملە تەركىبىدە ئىسىمدىن يەتتىسى بولۇپ ھەممىسى ياسالما ئىسىم

D. يۇقىرىقى جۈملە تەركىبىدىكى بىر ئىسىمغا بىر قېتىم قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم قوشۇمچە قوشۇلۇپ يەنە بىر ياسالما ئىسىم ياسالغان

5. ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. ئۆزى قوشۇلغان ئىسىم ئىپادە قىلغان شەيئىنىڭ قايسى شەخسكە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ

B. ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىسىنىڭ ئۈچ شەخسكە، ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈككە تەۋە تۈرلىرى بار. ھۆرمەت تۈرىنىڭ قوشۇمچىسى «لىرى» دىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى مەلۇم ئاھاڭداشلىقنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ

C. ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا تەۋە قوشۇمچىلار بولۇپ، پەقەت ئىسىملارغىلا قوشۇلىدۇ. باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قوشۇلمايدۇ

D. ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بولسىمۇ، بەزىلىرى سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىنى بەزىلىرى بوغۇم تۈزۈلۈشىنى ئاساس قىلىپ قوشۇلىدۇ

6. ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى قاراشلاردىن خاتا ئېيتىلغىنى: ( )

A. « كۆزۈم ئاغرىپ قالغاچقا، قولۇمنى كۆزۈمدىن نېرى قىلالمايۋاتىمەن» دېگەن جۈملىدە ئۈچ ئىسىمغا ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىسى ئۇلانغان بولۇپ، ئۈچىلىسى بىرىنچى شەخسنىڭ بىرلىك قوشۇمچىسى

B. يۇقىرىقى جۈملە تەركىبىدىكى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئۈچ ئىسىمغا ئۇلانغان شەخس قوشۇمچىسى لەۋ ھالىتىنى ئاساس قىلىپ ئۇلانغان

C. «مەن ئائىلەمدىكىلەرگە ئەتە دوستلىرىمنى ئۆيىمىزگە باشلاپ كېلىمەن دەپ قويغان» دېگەن جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئۈچ ئىسىمغا ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن

D. يۇقىرىقى جۈملە تەركىبىدە « دوست، ئۆي» دېگەن ئىككى سۆزگىلا ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك

قوشۇمچىسىدىن بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن

7. ئىسىملاردىكى كېلىش ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا تۆۋەندە ئېيتىلغان قاراشلاردىن خاتا ئېيتىلغىنى: ( )

A. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملاردا ئالتە كېلىش بولۇپ، ھەر بىر كېلىش بەلگىلىك مەنىگە ئىگە. باش كېلىشتىن باشقا كېلىشلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قوشۇمچىسى بار

B. ئۆزى قوشۇلغان سۆز باغلانغان سۆزنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان قوشۇمچىلار كېلىش قوشۇمچىلىرى دېيىلىدۇ

C. بېرىش كېلىش، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى سۆزلەرگە قوشۇلغاندا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقىنى ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز بولۇش جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ

D. ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرى سۆزلەرگە قوشۇلغاندا ھېچقانداق ئاھاڭداشلىقنى ئاساس قىلماي قوشۇلۇۋېرىدۇ

8. كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ رولى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلانسا، تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، باغلانمىسا باشقا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ

B. ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

C. بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرىگە باغلانسا ھالەت بولىدۇ.

D. بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلانمىسىمۇ ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋېرىدۇ

9. تۆۋەندىكى تەھلىللەردىن توغرا بولمىغىنى: ( )

A. «مەكتەپكە باردىم»، «كىتابخانىدىن ئالدىم»، «ئۆيدە ئولتۇردۇم» دېگەن بىرىكمىلەردىكى كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار ھالەت، «گېزىتنى كۆردۈم»، «خەتنى يازدىم»، «خەۋەرنى ئاڭلىدىم» دېگەن بىرىكمىدىكى ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولىدۇ

B. «جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس» دېگەن جۈملىدىكى چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن سۆزنىڭ ئالدىنقىسى ئېنىقلىغۇچى، كېيىنكىسى تولدۇرغۇچى بولىدۇ

C. « ئەتىيازدا ئېچىلىدىغان گۈللەر ئادەتتە 5-ئايدا ئېچىلىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى « ئەتىيازدا» دېگەن سۆز ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بولسىمۇ، جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ

D. «بىز بۇ يىل ئەتىيازدا سىلەرنى يوقلاپ بارىمىز» دېگەن جۈملىدىكى « ئەتىيازدا» دېگەن سۆز جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ

10. «مۇقام دۇنيادا تاڭنىڭ ساباسى، ھېچ تەڭ كەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
جانانغا جانكى ھەر بىر ناۋاسى. جاھاندا يوقتۇر ئۇنىڭ باھاسى.

(قېيدىرخان)

بۇ بىر كۇپلېت شېئىر تەركىبىدىكى ئىسىملار ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرا بولغىنى: ( )

A. شېئىر تەركىبىدە ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىمدىن يەتتىسى بولۇپ، تۆتى 3-شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن

B. بۇ شېئىر تەركىبىدە بېرىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىمدىن ئۈچى بولۇپ، ئۇلانغان كېلىش قوشۇمچىلىرى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ھەم جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشلۇق ئاھاڭداشلىقنى ئاساس قىلىپ ئۇلانغان

C. شېئىرنىڭ 1- مىسراسى تۆت تۆپ سۆزدىن تۈزۈلگەن، تۆت سۆزنىڭ ھەممىسى ئىسىم بولۇپ، ئىككىسى كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن، ئىككىسى شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن

D. شېئىرنىڭ ھەر بىر مىسراسىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەرمۇ ئىسىم بولۇپ، بۇ ئىسىملار ئىسىملارنىڭ

ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن

11. ئىسىملارنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدىكى قاراشلاردىن خاتاسى تولۇق گۇرۇپپىلانغىنى: ( )

① ئىسىملار مەنە دائىرىسى كەڭ، كۆپ قوللىنىلىدىغان، ئۆزگىچە گىراماتىكىلىق شەكىلگە ئىگە سۆز تۈركۈمى. ② ئىسىملارنى قوشۇمچە قوشۇپ ياسىغىلى بولۇپلا قالماي، ئىسىملاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىمۇ ياسىغىلى بولىدۇ. ③ ئىسىملارنىڭ ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئىسىمنىڭ ئالدىغا، بەزىلىرى ئاخىرىغا قوشۇلىدۇ. ④ ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئاساسەن ئىسىملار، سۈپەتلەر ۋە پېئىللاردىن ئىسىم ياسايدۇ. ⑤ ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى ۋە تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارمۇ باش كېلىشتىكى ئىسىم بولىدۇ. ⑥ باش كېلىشتە كېلىپ ئىگە ياكى خەۋەر بولغان ئىسىملار ھېچقانداق قوشۇمچە ئۇلانمىغان شەكىلدە كېلىدۇ. ⑦ ئىسىملار جۈملىدە ئىسىمدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ. ⑧ ئىسىملار جۈملىدە كۆپىنچە باش كېلىش شەكلىدە كېلىپ ئىگە ياكى خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ⑨ بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

A. ①③⑤⑦ B. ②③⑥⑨ C. ②④⑥⑧ D. ③⑥⑦⑨

12. «بىز قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە پويىزغا ئولتۇرۇپ كەلدۇق» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. بۇ جۈملىدە جەمئىي ئالتە سۆز بولۇپ، ئىسىمدىن تۆتى بار. بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بىر ئىسىم تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن

B. بۇ جۈملىدە ئىسىمدىن ئۈچى بولۇپ، بىرى چىقىش كېلىش بىلەن، ئىككىسى بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن. «پويىزغا» دېگەن ئىسىم نەرسىنى بىلدۈرۈپ تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن

C. بۇ جۈملىدە بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىككى ئىسىم بولۇپ ئالدىنقى ئىسىم تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى، كېيىنكى ئىسىم ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

D. بۇ جۈملىدىكى قەشقەردىن، ئۈرۈمچىگە دېگەن ئىسىملار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولماي، ھالەت بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىسىملار ئورۇن - جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار

13. «خوتەن گىلىمى — خوتەننىڭ داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتى» دېگەن جۈملىدىكى ئىسىملارنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغان قاراشلاردىن خاتاسى: ( )

A. «خوتەن گىلىمى» دېگەن بىرىكمىدىكى «خوتەن» سۆزى تەركىبىدىكى ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى«نىڭ» چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، «خوتەن» دېگەن ئىسىم ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

B. بۇ جۈملىنىڭ خەۋىرى ئىسىمدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، خەۋەرنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئۈچ سۆز خەۋەرگە باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

C. جۈملىدە ئۈچ ئىسىم بولۇپ، بىر ئىسىم ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «نىڭ » بىلەن تۈرلىنىپ، خەۋەرگە باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

D. جۈملىدىكى« داڭلىق، يەرلىك» دېگەن سۆزلەرمۇ ئىسىم بولۇپ، جۈملىنىڭ ئىسىمدىن كەلگەن خەۋىرىگە باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن.

14. ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلاردا ۋەزىننىڭ ئاھاڭدارلىقى ۋە بۇ ئاھاڭدارلىقنىڭ شېئىرنىڭ پۈتۈن مىسرالىرىدا بىردەكلىككە ئىگە بولۇشى ئارۇز ۋەزىننىڭ بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلاردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم بىر بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ» دېگەن بۇ پارچىدىكى ئىسىملار توغرىسىدىكى قاراشلاردىن توغرا ئېيتىلغىنى: ( )

A. باش كېلىشتىكى ئىسىملاردىن بەشى بولۇپ، ئۈچ ئىسىم تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن

B. كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىمدىن سەككىزى بولۇپ، تۆتى ئىگىلىك كېلىش بىلەن، تۆتى بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن

C. بۇ پارچىدا بىر ئىسىم ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىپ ئۈچ خىل كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن. بۇ ئىسىمنى

مەنە جەھەتتىن خاس ئىسىم دېسەك توغرا بولىدۇ.

D. بىر ئىسىمغا ئىككى قېتىم ئوخشاش ئىككى يۈرۈش ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلۇپ، بىياسالما ئىسىم ياسالغاندىن كېيىن بىرسىگە يەنە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن

15. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى — ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئەڭ باي، يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئەدەبىيات» دېگەن جۈملىدىكى ئىسىملار ھەققىدىكى قاراشلاردىن توغرىسى: ( )

A. ئىسىمدىن بەشى بولۇپ، ئۈچى باش كېلىشتە كەلگەن، ئىككىسى بېرىش كېلىشتە تۈرلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دېگەن ئىككى ئىسىم بىرلىشىپ ئىگە بولۇپ كەلگەن

B. بۇ جۈملىدە باش كېلىشتە كەلگەن بىر ئىسىم خەۋەر ۋەزىپىسىدە، بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بىر ئىسىم تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن

C. بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ ئىسىمدىن كەلگەن بولۇپ، ئىگە خاس ئىسىم، قوشما ئىگە، خەۋەر ئومۇمىي ئىسىم. جۈملىدە بىر ئىسىم بېرىش كېلىش بىلەن بىر ئىسىم ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بولسىمۇ، تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت بولماي، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

D. بۇ جۈملىدە ئىگە ۋە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىملاردىن باشقا يەنە ئىككى ئىسىم بولۇپ، بىرى بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن. بىرى باش كېلىشتە كېلىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

16. «مۇزىكىنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتنى ئاچىدىغانلىقى ھازىرقى زامان پەن- تېخنىكىسى ئارقىلىق ئىسپاتلاندى» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئىسىم توغرىسىدىكى قاراشلاردىن خاتاسى: ( )

A. «مۇزىكىنىڭ» دېگەن ئىسىم تۈپ ئىسىم بولۇپ، ئىگىلىك كېلىشتە تۈرلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى بېجىرىپ كەلگەن.

B. «قابىلىيەتنى» دېگەن ئىسىم چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن دېسەك توغرا بولمايدۇ

C. بۇ جۈملىدە ئىسىمدىن جەمئىي تۆتى بولۇپ، «پەن-تېخنىكىسى» دېگەن ئىسىمنى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن دېيىلسە توغرا بولىدۇ.

D. پارچىدا بىر ئىسىم ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن، بۇ جۈملىدە ئىگە، ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، خەۋەر قاتارلىق تۆت بۆلەك بار.

## II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. ئىسىملار مەنە جەھەتتىن( )ۋە ( )غا، تۈزۈلۈش جەھەتتىن ( ) ۋە ( ) غا بۆلۈنىدۇ. ئىسىملار كۆپىنچە ( ) كېلىدۇ. ئىسىملارغا ( ) قوشۇمچىلىرىنى قوشقاندىن كېيىن كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملارغا ئايلىنىدۇ.

2. ئىسىملارنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى( )، كۆپلۈك قوشۇمچىسى ( )، ئىككىنچى شەخس بىرلىك ( )، كۆپلۈكى ( ) دىن ئىبارەت.

3. بېرىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى ( )، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى ( )، چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى ( ) لاردىن ئىبارەت.

4.«جەمئىيەت، يېزا، قول، كۆز» دېگەن ئىسىملارغا بىرىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشساق، ( ) بولىدۇ. قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن ( ) دېگەن ئىسىملاردىكى ( ) تاۋۇشلىرى ( ) تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان. يۇقىرىقى سۆزلەرگە ئۇلانغان شەخس قوشۇمچىسى بوغۇملارنىڭ ( ) ياكى ( ) ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدىغان قوشۇمچە.

5. سۆزلەرگە بىرلا ۋاقىتتا ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك، ئىگىلىك شەخس ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشقا توغرا كەلگەندە، ئاۋۋال ( ) قوشۇمچىسى، ئاندىن ( ) قوشۇمچىسى،



www.uyghurkitap.com

ئاخىرىدا (            ) قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

6. «ئائىلە، مەكتەپ، بىلەك، قۇلاق، باغ» قاتارلىق سۆزلەرگە ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسىنىڭ ماس كېلىدىغانلىرىنى قوشساق (            ) بولۇپ، ھەممە سۆزدە تاۋۇشلارنىڭ (            ) ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ.

7. «ئوقۇغۇچىلار» دېگەن ئىسىم مەنە جەھەتتىن (            ) ئىسىم، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن (            ) ئىسىم بولۇپ ـ بۇ ئىسىمنىڭ تومۇرى (            )، قوشۇمچىلىرى (            ) دىن ئىبارەت.

8. «دانلىق زىرائەتلەر — بۇغداي، قوناق، تېرىق، شال» دېگەن جۈملىدىكى ئومۇمىي ئىسىم (            )، خاس ئىسىملار (            ) دىن ئىبارەت.

9. «ئۇيغۇر تىلى — ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي تىللارنىڭ بىرى» دېگەن جۈملىدىكى خاس ئىسىم (            )، ئومۇمىي ئىسىم (            ) لاردىن ئىبارەت. بۇ جۈملىدە (            ) دېگەن ئىسىملار ئىسىملارنىڭ (            ) قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن.

10. « كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئۈمىدىڭنى ئۈزمە»دېگەن ماقال تەركىبىدىكى (            ) دېگەن ئىسىملارغا ھەم ئىسىملارنىڭ (            )، ھەم (            ) ئۇلىنىپ كەلگەن.

11. «ئاتامنىڭ تاپقىنى ئانامنىڭ بارىكاللىسىغا يەتمەپتۇ» دېگەن ماقال تەركىبىدىكى (            ) دېگەن سۆزدىن باشقا (            ) سۆزگە ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن. بۇلاردىن (            ) ئىگىلىك كېلىش، (            ) چۈشۈم كېلىش، (            ) بېرىش كېلىشتە تۈرلىنىپ كەلگەن.

12. « باشقىلارنىڭ ئەيىبىگە نەزەر سېلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭ ئىبرەت ئال» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىم (            ) دېگەن ئىسىملار بولۇپ، بۇ ئىسىملار جۈملىدە (            ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

13. « ئەجدادلار تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى ئەۋلادلار يەيدۇ» دېگەن جۈملىدىكى (            ) دېگەن ئىسىم ئىگە، (            ) دېگەن ئىسىم تولدۇرغۇچى، (            ) دېگەن ئىسىملار ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن.

14. «بەڭگىنى بالام دېمە، بۇقىنى كالام دېمە» دېگەن ماقالدىكى كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار (            ) دېگەن ئىسىملار بولۇپ، بۇ ئىسىملار (            ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

### III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى پارچىدىن ئىسىملارنى تېپىڭ، ئاندىن مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن قانداق ئىسىم ئىكەنلىكىنى، قانداق قوشۇمچىلار قوشۇلغانلىقىنى ئېنىقلاڭ.

VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن، موڭغۇلىيىدىكى ئورخون دەرياسى ۋادىلىرى ۋە سىبىرىيىدىكى يېنسەي دەرياسى بويلىرىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرپان، جىمسار، كۇچار، مارالۋېشى، خوتەن قاراشەھەر، چاقىلىق قاتارلىق جايلار ھەمدە گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار، مەڭگۈ تاشلارغا يېزىلغان تەزكىرىلەر، كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى، پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە ئائىت بولغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا خېلى تەرەققىي قىلغان پارلاق مەدەنىيەتكە، خېلى مۇكەممەل تەرەققىي قىلغان مىللىي تىلغا، بۇ تىلنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان ئېلىپبەلىك يېزىققا ئىگە مەدەنىيەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ(تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىك كىتاب 1 ـ قىسىمدىن).

2. تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، تەۋەلىك قوشۇمچىسى ۋە كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنى تېپىڭ ھەمدە قانداق قوشۇمچە قوشۇلغانلىقىنى ئېنىقلاڭ.

www.uyghurkitap.com

ۋەتەندۇر شەۋكىتىم ـ شانىم، ۋەتەن مەڭگۈ جېنىم، بەختىم،
ۋەتەنىنىڭ ساپ ھاۋا، تۇپراق، سۈيى روھىم، قېنىم، بەختىم.
ۋەتەندە ئېچىلىپ گۈلدەك پۇراق چاچقاي تېنىم، بەختىم،
ۋەتەندۇر جان ئانام، ئۆلمەس ئانامنى سۆيگىنىم بەختىم،
ۋەتەن ئىشقىڭدا مەجنۇندەك ئۆمۈرلۈك سۆيگۈنۈم بەختىم.

ۋەتەنىنىڭ قوينىدا تاپتىم ئەقىل ـ ھوش، ئېتىقاد، ئارمان،
ۋەتەن ھەردەم ئاتا قىلدى گۈزەل ئارمانغا بار دەرمان.
ئېتەرمەن پەرق قارا ـ ئاقنى، يېتىلگەچ چىن غۇرۇر، ۋىجدان،
ۋەتەن باقتى بېرىپ ئاق سۈت، بولۇپ ئۆستۈم قىران ئوغلان،
ئادا قىلماقتا بۇرچۇمنى بىلەكنى تۈرگىنىم بەختىم.

تېغىنى تاش دېمەڭ ھەرگىز، ئۇنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ـ زەر،
چۆلىنى قۇم دېمەڭكى ئاستىدا مول بايلىقى مۇز مەر.
كېيىكمەن شوخ، چىمەنزارىم گۈزەل ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر،
ۋەتەن قوينى ماڭا جەننەت گىياھمۇ ئېسىل گۆھەر،
توپاسىنى بىلىپ ئەنبەر، تېنىمگە سۈرگىنىم بەختىم.

ۋەتەنگە بارلىقىم تەڭداش، بۆلەككە رىشتە چاتمايمەن،
شەرەپ ـ شان، مال دەرمەنىڭ ئالدىدا ۋىجداننى ساتمايمەن.
قانائەت، ئەيش ـ ئىشرەت ئىلكىدە تۆشەكتە ياتمايمەن،
ھەقىقىي ئىشلىمەك ئەۋزەل، قۇرۇق لاپ ـ پونى ئاتمايمەن.
بولۇپ كارۋان ئېغىر يۈكنى يۈدۈپ تېز يۈرگىنىم بەختىم،

ۋەتەن مېھرى ھاياتلىقتۇر، ئاۋامنىڭ قارغىشى ئوقتۇر،
ۋەتەن ئەل ئىچىدە يۈز تاپسام شەرەپتۇر، شۇ دىلىم توقتۇر.
قەلەمنى ماڭا تۇتقۇزغان مۇھەببەت ئىشتىياق ـ زوقتۇر،
ۋەتەن بەختى مېنىڭ بەختىم ئۇنىڭسىز تەلىيىم يوقتۇر،
ئىشق جان پىدا ئەيلەپ تۆكۈپ تەر ئۆتكىنىم بەختىم.

(تۇرغۇن يىلتىز شېئىرى)

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇپ ئىسىم ياساڭ، ئاندىن ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭ.

تىل، ھارۋا، ھۆكۈم، سەنئەت، سودا، كەپتەر، ھوقۇق، قارا، شەرت، ئاش......

4. تۆۋەندىكى قوشۇمچىلاردىن ئىسىملارنى ياساڭ، ئاندىن ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭ.

ـلىك، ـلەك، ئاق، قوچ، ماق، ئالغۇ، دان، ـق ـلاق

# VI باب سۈپەت

## §1. سۈپەت توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

**شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

قارا، ئاچچىق، تاتلىق، ياخشى، ئېگىز، كەڭ، باتۇر، قەھرىمان، تىرىشچان، ئەقىللىق...

شەيئىلەر تۈرلۈك - تۈمەن خىل بولغاچقا، شەيئىلەرنىڭ بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىمۇ كۆپ خىل بولىدۇ.

سۈپەت شەيئىلەرنىڭ، بەلگىسى، خۇسۇسىيىتى سۈپىتى رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى بولغانلىقتىن، «قانداق» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

**سۈپەتلەر تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:**

**1. ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ.**

ياخشى (ئادەم، ئۆي)، گۈزەل (مەزىرە، قىز)، كۆركەم (دالا، مەنزىرە)، خۇشخۇي (ئادەم، بالا)، مۆلايىم (كىشى، ئادەم)، ئەدەپلىك (ئوقۇغۇچى، خىزمەتچى)، تىرىشچان (بالا، ئوقۇغۇچى)، ئىشچان (ئادەم، دېھقان)

**2. شەيئىلەرنىڭ رەڭگىنى بىلدۈرىدۇ.**

قىزىل (رەڭ، ئالما)، ئاق (بۇلۇت، قەغەز)، قارا (رەڭ، كىيىم)، سېرىق (رەڭ، ئەتىرگۈل)، قارامتۇل (ئادەم، رەخت)

**3. نەرسىلەرنىڭ تەمىنى بىلدۈرىدۇ.**

تاتلىق (تاماق، قوغۇن)، ئاچچىق (لازا، سەي)، چۈچۈمەل (ئالما)، مەززىلىك (تاماق)...

**4. شەيئىلەرنىڭ ھەجمىنى بىلدۈرىدۇ.**

چوڭ (شەھەر، زال)، كەڭ (دالا، مەيدان)، يوغان (ئۆي، ئالما)، تار (كوچا، يول)، كىچىك (بالا، ئىش)، بىپايان (زېمىن، دالا)

**5. شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ.**

ئەگرى (يول، تاياق)، ئېگىز (بىنا، تاغ)، قەۋەتلىك (ئۆي)، سوقا (تاۋۇز)، قىڭغىر (يول)

**6. ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ.**

ئىشچان (ئادەم، بالا)، قەھرىمان (جەڭچى، خەلق)، چېقىمچى (ئادەم، كىشى)

**7. سۈپەتتىكى بەلگىنىڭ سۈپەت قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىمدا ئارتۇق ياكى كەملىكىنى بىلدۈرىدۇ.**

گۆشلۈك (تاماق، غىزا)، تاتلىق (قوغۇن، تاماق)، ياغلىق (توقاچ، گۆش)، تۇزلۇق (ئاش، قورۇما)، ساقاللىق (ئادەم، كىشى)، ئەقىللىق (بالا)، گۆشسىز (تاماق، غىزا)، تۇزسىز (ئاش، نان)، سۇسىز (چۆل، كۆل)، ئەقىلسىز (ئادەم، كىشى)، گىياھسىز (چۆل - جەزىرە)

**8. بەزى نەرسىلەرنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ.**

قىشلىق (قوغۇن، كىيىم)، ئەتىگەنلىك (ناشتا، گىمناستىكا)، ئاخشامقى (تاماق، ئويۇن)، يازلىق

(زىرائەت، كىيىم)، كەچكى (شەپەق، مەنزىرە)، ئىلگىرىكى (ھېكايە، ئىشلار)

**دىمەك، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تۈرلۈك بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىنى — رەڭگىنى، تەمىنى، شەكلىنى، ھەجمىنى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.**

**سۈپەتلەر تۆۋەندىكىدەك گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە:**

**1. سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىسىملارغا باغلىنىپ، شۇ ئىسىملارنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

بىز شەھەردىكى چوڭ - كىچىك كىتابخانىلارنى ئارىلاپ چىقتۇق.
گۈزەل مەنزىرە، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ.

**2. سۈپەتلەر يەنە جۈملىدە باشقا ۋەزىپىلەردىمۇ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

سىڭلىم خەنزۇ تىلىنى مەندىن ياخشى سۆزلەيدۇ. (رەۋىش رولىدا كەلگەن — ھالەت)
ياخشىدىن ئات قالۇر، ياماندىن دات. (ئىسىم رولىدا كەلگەن — ھالەت)
ياخشىلار ھەر دائىم باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. (ئىسىم رولىدا كەلگەن — ئىگە)
ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ناھايىتى ياخشى. (پېئىل رولىدا كەلگەن — خەۋەر).

**3. سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس دەرىجە شەكلىگە ئىگە، سۈپەتلەردە بەش دەرىجە بار.** مەسىلەن:
كۆك ئاسمان (ئاددىي دەرىجە)، كۆپكۆك ئاسمان (ئاشۇرما دەرىجە)، كۆكرەك ئاسمان (سېلىشتۇرما دەرىجە)، كۆكۈش ئاسمان (كېمەيتىش دەرىجىسى)...

**4. سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە.** مەسىلەن:
-چان — ئىشچان، -لۇق — يوللۇق، -لىك — بەختلىك، -كۇر — ئۆتكۇر، -لۇق — تۇزلۇق، -سىز — تۇزسىز، -قۇر — ئۇچقۇر، -چىل — خەلقچىل، -كى — بۈگۈنكى

**5. سۈپەتلەر ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك، تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

چوڭلار كىچىكلەرنى ئاسرىشى كېرەك.
مەن رەڭلەرنىڭ قىزىلىنى ياخشى كۆرىمەن.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزى مېنىڭ ئاكام.
قوينىڭ ئورۇقىنىڭ گۆشى تاتلىق، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولىدۇ.

**6. سۈپەتلەر جۈملىدە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:
ياخشى ئىدى، چوڭ ئىكەن، چىرايلىق ئىمىش، كۆڭۈللۈك بولدى، چوڭ بولدى...

## §2. سۈپەتلەرنىڭ تۈرلىرى

سۈپەتلەر مەنىسى ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈپ سۈپەت، ياسالما سۈپەت، قوشما سۈپەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. تۈپ سۈپەت

سۈپەتنىڭ ئەسلىي قىسمىنى بىلدۈرىدىغان، مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان سۈپەتلەر تۈپ سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى، ئېگىز، يامان، چوڭ، كىچىك، قىزىل، كۆك، ياش، قېرى، قاتتىق، مەرد، سوغۇق، ئاچچىق، تاتلىق، كەڭ، تار، ئورۇق، سېمىز.

## 2. ياسالما سۈپەت

**باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە تۈرلۈك سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەر ياسالما سۈپەت (مورفولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ياسالغان سۈپەت) دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئىشچان، ئەقىللىق، كۆڭۈللۈك، غوللۇق، ئۇچلۇق، كۈچلۈك، كۈچسىز، يولسىز، ئەقىللىق، ئەقىلسىز، سۇسىز، نەزەرىيىۋى، تارىخىي، ئىلمىي، ئەدەبىي...

تىلىمىزدىكى ياسالما سۈپەتلەر بىر قىسىم تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق، يەنە بىر قىسىم ياسالما سۈپەتلەر تۈپ سۆزلەرنىڭ ئالدىغا بەزى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

كۆپرەك ئۇچرايدىغان سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تۆۋەندىكىچە:

| قوشۇمچىلار | ياسالغان سۆزلەر |
|---|---|
| - لىق، -لىك، لۇق، -لۈك | بالىلىق، ھەيۋەتلىك، غوللۇق، ئۇچلۇق، كۈچلۈك، ئۆيلۈك |
| - سىز | كۈچسىز، پەمسىز، سۇسىز، بەختسىز، يولسىز، گۆشسىز، تەمسىز |
| - غى، -قى، -گى ،-كى | ئاۋۋالقى، يازغى، كەچكى، كۈزگى، بۇرنقى، بۇگۈنكى، ئاخشامقى |
| - ۋى، -ىي، يى | ئىلمىي، ئەدەبىي، نەزەرىيىۋى، ئائىلىۋى، ئىنقىلابىي، سەۋدايى |
| - چاق، -چەك، -چۇق | ماختانچاق، ئېرىنچەك، قىزغانچۇق، ياسانچۇق |
| - غۇر، -قۇر، -گۈر، -كۈر | ئالغۇر، جىمغۇر، تاپقۇر، ئۇچقۇر، سەزگۈر، ئۆتكۈر |
| - ق، -ك، - ىق، - ىك، - ۇق، - ۈك | يالتىراق، سەگەك، تىپىك، يېپىق، تۈزۈك، سۇنۇق |
| - غىن،- قىن، -گىن، -كىن، -غۇن، -قۇن، -گۈن، -كۈن | ھارغىن، ساتقىن، كەسكىن، تۇيغۇن، قاچقۇن، تۇرگۈن، چۈشكۈن غەمكىن |
| - چان | ئىشچان، ئەمگەكچان، سوغۇقچان، سەۋرچان، تىرىشچان، نومۇسچان |
| -چى | چاتاقچى، پوچى، تەۋەككۈلچى، گەپچى، توپىلاڭچى، نەمۇنچى |
| - چىل | خەلقچىل، ئىنقىلابچىل، ئەپچىل، راستچىل |
| - سىمان | ئادەمسىمان، ئورۇندۇقسىمان، مايمۇنسىمان، ياپراقسىمان |
| - پەرەس | ئابرۇيپەرەس، ئەمەلپەرەس، شۆھرەتپەرس، بىھاجەت |
| - پەرۋەر | خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر |
| - بى | بىچارە، بىئەدەپ، بىمەنە، بىھايا، بىھېساب، مەنپەتپەرەس |
| - بە | بەھۇزۇر، بەھەيۋەت، بەقۇۋۋەت، بەئەينى |
| - نا | نائۇمىد، نائىنساپ، نامۇۋاپىق، ناھەق، نامەرد، ناتوغرا، نارىسىدە |
| - بەت | بەتتام، بەتخۇي، بەتقىلىق، بەتنىيەت، بەتبۇي، بەتخەج |
| - ما، - مە | ئاسما(سائەت)، سىيرىلما (ئىشىك)، كۆتۈرمە(ئۆي)، پۈكلىمە(كارۋات)، |
| - غاق، - قاق، -گەك، -كەك | توڭغاق، تېيىلغاق، ئۇرۇشقاق، بۇدۇشقاق، ئۈركەك، تەپكەك، كۈلگەك |
| - غۇ، - ڭگۇ، -اڭغۇ، -ەڭگۇ | قاراڭغۇ، ئالدىراڭغۇ، چېچىلاڭغۇ، كۆتۈرەڭگۇ، ئېگىشەڭگۇ، ئېزىلەڭگۇ |

www.uyghurkitap.com

### 3. قوشما سۈپەت

**ئىككى سۆزنىڭ، بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۈپەتلەر قوشما سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.**

قوشما سۈپەتلەر سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل بويىچە ياسىلىدۇ.

قوشما سۈپەتلەرنىڭ بەزىلىرى جۈپ سۆز شەكلىدە كەلسە، بەزىلىرى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

چوڭ ـ كىچىك، ئېگىز ـ پەس، ياخشى ـ يامان، ئىسسىق ـ سوغۇق، ئاق ـ قارا، ياش ـ قېرى، ئالىيېشىل، ئالچىپار، ئاچ سېرىق، قىممەت باھالىق، ئەلا سۈپەتلىك، ئالتۇن رەڭ، مايسارەڭ، سۇس يېشىل، توق قىزىل...

## §3. سۈپەت دەرىجىلىرى

**ئادەم ۋە نەرسىلەردە بولىدىغان بىر خىل تۈردىكى سۈپەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق ـ كەملىك دەرىجىسى جەھەتتىن پەرقلىنىشى سۈپەت دەرىجىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

«ياخشى ئوقۇغۇچى» دېگەن بىرىكمىدىكى «ياخشى» دېگەن سۈپەت «ئوقۇغۇچى» دېگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتىنى ئادەتتىكىچە ئىپادىلەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ سۈپەتنى يەنە «ياخشىراق»، «بەك ياخشى» دەپ ئىپادىلەشكە بولىدۇ. «چوڭ يول» دېگەن بىرىكمىدىكى «چوڭ» دېگەن سۈپەتنى بەك چوڭ، چوڭراق، چوڭغىنە دەپ بىرنەچچە خىل شەكىلدە (دەرىجىدە) ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مانا بۇلار «ياخشى»، «چوڭ» دېگەن سۈپەتلەرنىڭ سۈپەت دەرىجىلىرى بولىدۇ.

**ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەردە بەش دەرىجە بار. ئۇلار:**

1. ئەسلىي دەرىجە (ئاددىي دەرىجە)
2. سېلىشتۇرما دەرىجە
3. كېمەيتمە دەرىجە
4. ئەركىلەتمە دەرىجە
5. ئاشۇرما دەرىجە

### 1. ئەسلىي دەرىجە (ئاددىي دەرىجە)

**شەيئىلەرنىڭ بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاشۇرماي ـ كېمەيتمەي ئادەتتىكىچە ئىپادىلەيدىغان سۈپەت شەكلى ئەسلىي دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئاق، قارا، ياخشى، يامان، ئاچچىق، تېتىك، ساغلام، مۇلايىم، ئورۇق، سېمىز...

ياخشى ئوقۇغۇچى، ساغلام ئادەم، ئاق قەغەز، ئەقىللىق بالا، تەلەپچان ئوقۇتقۇچى...

ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەر سۈپەتنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. سۈپەتنىڭ باشقا دەرىجىلىرىنى ياساشتا ئاساس بولىدۇ.

### 2. سېلىشتۇرما دەرىجە

**شەيئىلەرنىڭ بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، بىرىنى ئىككىنچىسىدىن ئاشۇرۇپ ياكى كېمەيتىپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت شەكلى سېلىشتۇرما دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.**

سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى «-راق، -رەك» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

چوڭ — چوڭراق، ياخشى — ياخشىراق، ئاق — ئاقراق، قاتتىق — قاتتىقراق، ئېگىز — ئېگىزرەك، يۇمشاق — يۇمشاقراق، پاكار — پاكارراق، تاتلىق — تاتلىقراق، كىچىك ـ كىچىكرەك...

### 3. كىمەيتمە دەرىجە

**شەيئىلەرنىڭ بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىنى ئادەتتىكىدىن سەل كىمەيتىپ كۆرسىتىدىغان دەرىجە شەكلى سۈپەتنىڭ كىمەيتمە دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.**

سۈپەتلەرنىڭ كىمەيتمە دەرىجىسى رەڭ، تۈس سۈپەتلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، باشقا سۈپەتلەر بۇ خىل دەرىجە بىلەن تۈرلەنمەيدۇ.

**سۈپەتلەرنىڭ كىمەيتمە دەرىجىسى «-ۇچ، -غۇچ، -مىتۇل» قاتارلىق قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئاق + ۇچ = ئاقۇچ، كۆك + ۇچ = كۆكۇچ، قىزىل + غۇچ = قىزغۇچ، سېرىق+ غۇچ=سارغۇچ، قارا + مىتۇل = قارامتۇل

«غۇچ» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان دەرىجىدە تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش هادىسىسى كۆرۈلىدۇ.

كىمەيتمە دەرىجە بەزىدە ئىككى رەڭ - تۈسنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن::

سۇس يېشىل، سۇس قىزىل، سۇس قارا، ئاچ يېشىل، ئاچ سېرىق، ئاچ قىزىل

### 4. ئەركىلەتمە دەرىجە

**شەيئىلەرنىڭ بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ سۆزلىگۈچىگە يېقىملىق تۇيۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت شەكلى سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.**

سۈپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «-غىنا، - قىنا، -گىنە، -كىنە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

چوڭ + غىنا = چوڭغىنا، تاتلىق + قىنا = تاتلىققىنا، ئوماق + قىنا = ئوماققىنا، يۇمشاق+قىنا= يۇمشاققىنا، تۈزۈك + كىنە = تۈزۈككىنە، تەمكىن + گىنە = تەمكىنگىنە

### 5. ئاشۇرما دەرىجە

**شەيئىلەرنىڭ بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىنى ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت شەكلى سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ.**

سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى ياسايدىغان مەخسۇس قوشۇمچىلىرى يوق. بۇ دەرىجە تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:

1) ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئالدىغا «بەك، تازا، ناهايىتى، ئىنتايىن، تېخىمۇ، ئەڭ، خېيمۇ، ئاجايىپ، شۇنداق» دېگەنلەردەك كۈچەيتىش رەۋىشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بەك چوڭ، ناهايىتى چىرايلىق، ئىنتايىن ياخشى، تېخىمۇ گۈزەل، ئەڭ زور، خېيمۇ بەلەن، تازا ياخشى، ئاجايىپ كۆركەم، شۇنداق گۈزەل، ئىنتايىن چىرايلىق.

2) سۈپەتنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا «پ» ئۈزۈك تاۋۇشىنى قوشۇپ، ئاندىن ئۇنى ئەسلىي سۈپەتنىڭ ئالدىغا قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئاق - ئاپئاق، قارا - قاپقارا، قىزىل - قىپقىزىل، تۈز - تۈپتۈز (بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت)، چوڭ - چوپچوڭ (هەجمىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت)، تىنچ - تىپتىنچ (هەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت)...

# §4. سۇپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

**1. سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىسىملارغا باغلىنىپ، ئىسىملارنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

كىچىك باللار سۈزۈك سۇغا چۆمۈلمەكتە.

بىلىملىك كىشى مىڭنى يېڭەر، بىلىمسىز كىشى بىرنى (يېڭەر).

كەڭ دالىدىكى رەڭگارەڭ چىمەنلەر مەيىن شامالدا ئاستا دولقۇنلاپ تۇراتتى.

ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر كىشىگە ھەقىقىي زوق ئاتا قىلالايدۇ.

**2. سۈپەتلەر پېئىللارغا باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

ساۋاقداش ئەركىن خەنزۇ تىلىنى ياخشى سۆزلەيدۇ.

بىز تۈنۈگۈنكى دالا سەيلىسىدە بەك كۆڭۈللۈك ئوينىدۇق.

خەتتات نىياز كېرىم ھۆسنخەتنى ناھايىتى چىرايلىق يازىدۇ.

ئۇ خەنزۇ تىلىنى توغرا، راۋان سۆزلىيەلەيدۇ.

**3. سۈپەتلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئىگىنىڭ ھەرخىل سۈپەتلىرىنى بىلدۈرۈپ، خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

ئۇنىڭ ئۆگىنىشى مەندىن خېلىلا ياخشى.

كۇنەس يايلىقىنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل.

يەكەن ناھىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيىلەر ئىچىدە ئەڭ چوڭ.

ئۈرۈمچى خوتەن تاش يولىنىڭ مۇساپىسى ئەڭ ئۇزۇن.

**4. سۈپەتلەر جۈملىدە ئۆزى ئېنىقلايدىغان ئىسىملار قىسقىراپ كەتكەندە ئىسىملىشىپ، ئىسىملار ئۆتىگەن ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان كۆپۈپ (سۆزلەيدۇ).

ئەقىلسىز سۆزلىسە، ئەقىللىق ئاغزىنى يۇمۇپتۇ. (ئىگە)

چوڭلار كىچىكلەرنى ئاسرىشى، كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. (ئىگە، تولدۇرغۇچى)

ياش كەلسە ئىشقا، قېرى كەلسە ئاشقا. (ماقال) (ئىگە)

چاپاننىڭ يېڭىسى ياخشى، دوستنىڭ كونىسى ياخشى. (ئىگە)

**5. سۈپەتلەر جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغاندا باش ۋە ئىگىلىك كېلىشلەردىن باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

تۇرمۇشتىكى ئەڭ قىيىن ئىش ئەقىلسىزنى يولغا سېلىش. (تولدۇرغۇچى)

ياخشىدىن ئات قالۇر، ياماندىن دات قالۇر. (ھالەت).

بۇنىڭ قىزىلىنى قايتۇرۇۋەتتىم، يېشىلىنى ئېلىپ كېلىڭ دېدىم. (تولدۇرغۇچى)

مەن بۇ كۆڭلەكنىڭ ئېقىدىن بىرنى، سېرىقىدىن بىرنى ئالاي. (ھالەت)

.پاسىقتىن ھايا تىلىمە، زالىمدىن ۋاپا تىلىمە (ناۋايى) (ھالەت)

# سۈپەت سۆز تۈركۈمىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

## I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن. شۇ جاۋابنى تاللاڭ.

1. سۈپەتلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرا بولمىغىنى: (　　)

A. شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت دېيىلىدۇ

B. سۈپەتلەر شەيئىلەرنىڭ رەڭگىنى، تەمىنى، ھەجمىنى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ

C. شەيئىلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ بەلگە- خۇسۇسىيەتلىرى تۈرلۈك- تۈمەن خىل بولغاچقا، سۈپەت سۆز تۈركۈمىگە كىرىدىغان سۆزلەر شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ، خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرمەيدۇ

D. شەيئىلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، سۈپەتلەردە ئوخشاشمىغان دەرىجىلەر پەيدا بولغان

2. سۈپەتلەرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　　)

A. سۈپەتلەر مەنە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈپ سۈپەت، قوشما سۈپەت، ياسالما سۈپەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ

B. بىر باش مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۈپەت تۈپ سۈپەت، ئىككى باش مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۈپەت قوشما سۈپەت بولىدۇ

C. سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ ھەر خىل سۈپەتلەرنى ياسايدۇ

D. «ئاچچىق، تاتلىق، تىرىشچان، ئاچ سېرىق، مايسىرەڭ» قاتارلىق سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا تومۇردىن تۈزۈلگەن بولغاچقا تۈپ سۈپەت ھېسابلىنىدۇ

3. سۈپەت ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　　)

A. شەيئىلەرنىڭ بەلگە -خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىر- بىرىدىن پەرقلىنىشى سۈپەت دەرىجىلىرى دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەردە تۆت دەرىجە بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ياسىغۇچى قوشۇمچىسى بار

B. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەت دەرىجىلىرىدىن ئەسلىي دەرىجە بىلەن ئاشۇرما دەرىجىدىن باشقا دەرىجىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىسى بار

C. سۈپەتلەرنىڭ كېمەيتمە دەرىجىسىنىڭ ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىدىن «ۇش، ۈش، غۇچ، متۇل» بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلار ھەرخىل سۈپەتلەرنى كېمەيتمە دەرىجىدە ئىپادىلەيدۇ

D. سۈپەتلەرنىڭ ئەسلىي دەرىجىسى سۈپەتلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى، كېمەيتمە دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ

4. سۈپەتلەرنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ھەققىدە توغرا ئېيتىلغانلىرى: (　　)

A. ياسالما سۈپەتلەرمۇ، سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىلىرىمۇ (ئەسلىي دەرىجىلىرىدىن باشقىسى) ئۆزگە خاس قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىدىغان بولغاچقا، ھەر ئىككىلىسى ياسالما سۈپەت بولىدۇ

B. سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇش. بۇ دېگەنلىك سۈپەتلەر باشقا ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس

C. سۈپەتلەر جۈملىدە ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەخس ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ ئىگە، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىشىمۇ، باشقا ۋەزىپىدە كەلمەيدۇ

D. سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى ياسايدىغان قوشۇمچىلارنى باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قوشۇپ، شۇ سۆز تۈركۈملىرىدىن سۈپەت دەرىجىلىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ ھەمدە بۇ سۈپەت ياسالما سۈپەت بولىدۇ.

5. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى سۈپەتلەر ھەققىدىكى تەھلىللەردىن خاتاسى: ( )

A. «ياخشى ئىشى بىلەن ياخشى» دېگەن جۈملىدە ئىككى سۈپەت بولۇپ، ئىككىلىسى تۈپ سۈپەت، ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەت، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئالدىنقىسى ئىگە، كېيىنكىسى خەۋەر بولۇپ كەلگەن

B. «مۇلايىم خۇلق كىشىگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «مۇلايىم» دېگەن سۈپەت تۈپ سۈپەت بولۇپ، جۈملىدە ئىسىمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

C. «بۇ سورۇنغا چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش ھەممەيلەن كەلدى» دېگەن جۈملىدىكى «چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش» دېگەن سۈپەتلەر ئىككى سۈپەتنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما سۈپەت بولۇپ، ئەسلىي دەرىجىدە كەلگەن

D. «تىرىشچانلىق كىشىنى ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى تىرىشچانلىق دېگەن سۈپەت«تىرىشچان» دېگەن ياسالما سۈپەتكە «لىق» دېگەن ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ياسالما سۈپەت

6. «ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئۇيغۇرلار ـ مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى» دېگەن جۈملىدىكى سۈپەتلەر توغرىسىدىكى تەھلىللەرنىڭ توغرىسى: ( )

A. سۈپەتتىن بەشى بولۇپ، ئۈچى ياسالما سۈپەت، ئىككىسى تۈپ سۈپەت، بىر سۈپەت ئاشۇرما دەرىجىدە كەلگەن

B. جۈملىدىكى «ئۇلۇغ، چوڭ» دېگەن سۈپەتلەر تۈپ سۈپەت بولۇپ، جۈملىدە ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

C. بۇ جۈملىدىكى «مەملىكىتىمىزدىكى، مەدەنىيەتلىك» دېگەن سۆزلەرمۇ سۈپەت بولۇپ، ئىسىملارغا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ياسالما سۈپەت

D. «ئەڭ قەدىمكى» دېگەن سۈپەت سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىدە كەلگەن بولۇپ، سۈپەتكە سۈپەتنى قوشۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان

7. «ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە ھەيۋەتلىك تاغ - دەريالار، گۈزەل باغلار، پايانسىز ئېتىزلار، ئۇزۇن - ئۇزۇن دەريالار، يايپېشىل يايلاقلار، چوڭ-چوڭ كۆللەر بار» دېگەن جۈملىدىكى سۈپەتلەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. بۇ جۈملىدىكى ئالدىنقى ئۈچ سۈپەتنىڭ ئىككىسى تۈپ سۈپەت، بىرى ياسالما سۈپەت بولۇپ،

ياسالما سۆپەت ئىسمغا سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان

B. بۇ جۈملىدە ياسالما سۆپەتتىن ئىككىسى، قوشما سۆپەتتىن ئىككىسى بولۇپ، بۇ ئىككى قوشما سۆپەت ئىككى سۆپەتنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان

C. جۈملىدە سۆپەتتىن جەمئىي يەتتىسى بولۇپ، بىر سۆپەت سۆپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىدە، باشقا سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسى سۆپەتنىڭ ئەسلىي دەرىجىسىدە كەلگەن

D. جۈملىدىكى سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

8. «ئەدەبىي ئاخبارات — رېئال تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق جانلىق، تەسىرلىك ھەم تېز ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، ئەدەبىيلىككە، ئاخباراتچانلىققا، دەۋرچانلىققا ئىگە بىر خىل مۇستەقىل ژانىردۇر» دېگەن بۇ تەبىر تەركىبىدىكى سۆپەتلەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: (　　)

A. بۇ جۈملىدىكى سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسى سۆپەتنىڭ ئەسلىي دەرىجىسىدە كەلگەن. باشقا دەرىجىدە كەلگەن سۆپەت يوق

B. سۆپەتتىن جەمئىي سەككىزى بولۇپ، بىر سۆپەت سۆپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىدە كەلگەن

C. «جانلىق، تەسىرلىك» دېگەن سۆپەتلەر «جان ۋە تەسىر» دېگەن ئىسىملارغا سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ياسالما سۆپەت

D. سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسىملارغا باغلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

9. «مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى كۆك تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرى خەزىنىسىدىكى نۇرلۇق نامايەندىدۇر» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆپەتلەر توغرىسىدىكى توغرا ھۆكۈم: (　　)

A. «سۆپەتتىن يەتتىسى بولۇپ، مەڭگۈ، كۆك» دېگەن ئىككىسى تۈپ سۆپەت

B. جۈملىدە ياسالما سۆپەتتىن تۆتى بولۇپ، بىرى رەۋىشتىن، قالغانلىرى ئىسىمدىن ياسالغان

C. بۇ جۈملىدىكى سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسى سۆپەتلەرنىڭ ئەسلىي دەرىجىسىدە كېلىپ، ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

D. سۆپەتتىن جەمئىي بەشى بولۇپ، پەقەت بىرىلا تۈپ سۆپەت قالغانلىرى ياسالما سۆپەت

10. «ئەخلاقلىق ئادەمنىڭ چوقۇم سۆزىمۇ گۈزەل بولىدۇ، لېكىن سۆزى گۈزەل كىشىنىڭ ئەخلاقلىق بولۇشى ناتايىن، مېھرىبان ئادەم چوقۇم قەيسەر بولىدۇ، لېكىن قەيسەر ئادەمنىڭ مېھرىبان بولۇشى ناتايىن» دېگەن ئەقلىيە سۆز تەركىبىدىكى سۆپەتلەر ھەققىدىكى تەھلىللەردىن توغرىسى: (　　)

A. سۆپەتتىن جەمئىي بەشى بولۇپ، ھەر بىر سۆپەت ئىككى قېتىمدىن تەكرارلىنىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن جۈملىدە بەش قوشما سۆپەت بولغان

B. جۈملىدىكى« قەيسەر، گۈزەل» دېگەن سۆپەتلەر تۈپ سۆپەت بولۇپ، ئەسلىي دەرىجىدە كېلىپ، جۈملىدە بىرىنچى قېتىم خەۋەر، ئىككىنچى قېتىم ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

C. « ئەخلاقلىق» دېگەن سۆپەتمۇ جۈملىدە ئىككى قېتىم تەكرارلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بىرىنچى قېتىم ئېنىقلىغۇچى، ئىككىنچى قېتىم ھالەت بولۇپ كەلگەن

D. جۈملىدە سۆز ئالدى قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان ئىككى سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنى ياسالما سۆپەت

www.uyghurkitap.com

## II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. سۆپەت شەيئىلەرنىڭ (      ) بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى. سۆپەتلەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن (      ) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
2. باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە تۈرلۈك (      ) قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆپەتلەر ياسالما سۆپەت دېيىلىدۇ.
3. سۆپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى (      ) قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسىلىدۇ، لېكىن بۇ سۆپەتلەرنى مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ياسالما سۆپەت دېمەيمىز.
4. سۆپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى (      ) بولۇپ، كېلىش، سۆپەتلەر بەزىدە (      ) باغلىنىپ كېلىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.
5. سۆپەتلەر ئۆزىگە خاس (      ) ئىگە، سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئاساسەن (      ) قوشۇلۇپ شۇ سۆز تۈركۈملىرىدىن تۈرلۈك سۆپەتلەرنى ياسايدۇ.
6. « ئىشچان ئېشىنى يەر، ھورۇن بېشىنى (يەر)» دېگەن ماقالدىكى (      ) دېگەن سۆزلەر سۆپەت بولۇپ، (      ) دېگەن سۆپەت تۈپ سۆپەت، (      ) دېگەن ياسالما سۆپەت.
7. «نامەرد-بېخىلنىڭ ئىشكىنى قېقىش ئالىيجاناب، سېخىي ئادەم ئۈچۈن ئۆتتۇر چىشلىرىنى يۇلغاندىنمۇ بەك ئازاب» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز تەركىبىدە سۆپەتتىن جەمئىي (      ) بار. (      ) دېگەن سۆپەتلەر قوشما سۆپەت، (      ) دېگەن سۆپەتلەر تۈپ سۆپەت.
8. سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن لىق،لىك، لۇق، لۈك قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا قوشۇلسا، (      ) ياسايدۇ. سۆپەتلەرگە قوشۇلسا (      ) ياسايدۇ.
9. «باللار سەممىي، سادىق، ئاقكۆڭۈل، ساددا، شەخسىيەتسىز، راستچىل بولىدۇ. كۆڭلىدە نېمە بولسا، شۇنى دەۋېرىدۇ. ئۇلار چوڭلار جەمئىيىتىنىڭ ئەينىكى» دېگەن بۇ جۈملىدە (      ) قاتارلىق سۆپەتلەر بولۇپ، بۇلاردىن (      ) دېگەن سۆپەتلەر تۈپ سۆپەت، (      ) دېگەن سۆپەتلەر ياسالما سۆپەت.
10. «ئۆششاق ئىشلارنى كۆرەلمىگەن ئادەم جەزمەن چوڭ ئىشلارنى كۆرەلمەيدۇ. بىراق چوڭ ئىشلارنىلا كۆرەلىگەن ئادەمنىڭ ئۆششاق ئىشلارنى كۆرەلىشى ناتايىن. بۇ ئىنتايىن مۇھىم ساۋاق.» دېگەن جۈملىدە (      ) دېگەندەك سۆپەتلەر بار. بۇ سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسى تۈزۈلۈشى جەھەتتىن (      ) سۆپەت. بۇ جۈملىدىكى (      ) دېگەن سۆپەت سۆپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىدە كەلگەن سۆپەت بولۇپ، جۈملىدە (      ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

## III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، سۆپەتلەرنى تېپىڭ ئاندىن ئۇ سۆپەتلەرنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىن قانداق سۆپەت، سۆپەتنىڭ قايسى دەرىجىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

## ئىلى ئېتى

ئىلى ئېتى — بويى ئېگىز، بەدىنى تەكشى ھەم چىڭ، كۆزى چوڭ ھەم ئۆتكۈر، ماڭلىيى(پېشانىسى) كەڭ، بۇرنى تۈز، بويىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى مۇۋاپىق، دۇمبىسى تەكشى-تۈز، گەۋدىسى كەڭ، كۈچلۈك ھەم يۈگۈرۈش سۈرئىتى تېز بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئېسىل نەسىل. ئۇنى يىل بويى يايلىتىپ بېقىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ سوغۇق تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىش، يىرىك يەم - خەشەككە چىداشلىق بېرىش ئىقتىدارى، كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش كۈچى يۇقىرى بولۇپ، چىغىر يوللاردا يۈرۈشكە ماھىر، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.(«شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ رەڭلىك ئاتلىسى» دېگەن كىتابتىن)

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن سۈپەتلەرنى تېپىڭ، ئاندىن ئۇ سۈپەتلەرنىڭ مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن قانداق سۈپەت ئىكەنلىكىنى، جۈملىدە قانداق ۋەزىپىنى ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

1) شىنجاڭنىڭ قاقاس داللىرى، گىياھسىز تاغلىرىدا قىممەتلىك يەر ئاستى بايلىقلىرى مول.

2) ئىلى دىيارىدىكى كۆركەم، گۈزەل تاغلار، پايانسىز كەڭ داللار، ياپيېشىل ئوتلاقلار بۇ زېمىننىڭ گۈزەللىكىنى ھەقىقىي نامايەن قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن جەننەتتەك گۈزەل زېمىن.

3) قەشقەردىكى قەدىمىي ئاسارئەتىقىلەر، ئۆزگىچە مىللىي ھۈنەر-سەنئەتلەر بۇ يۇرتنىڭ مىللىيلىكى ۋە قەدىمىيلىكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ئامىللار ھېسابلىنىدۇ.

4) «ئەقىللىق ئويلانغىچە، ئەقىلسىز ئىش پۈتتۈرەر.» (ماقال)

5) رېئالىزم- تەپسىلاتلارنىڭ چىن ۋە ھەقىقىي بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

6) ساخاۋەتسىز ئادەم يېغىنسىز بۇلۇتقا، پۇرىقى يوق ئەنبەرگە ئوخشايدۇ.

3. تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنى سۈپەت دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلەڭ.

ئاق، قارا،پاكىز، سېمىز، ئۆتكۈر، كۈچلۈك

4. تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنىڭ مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن قانداق سۈپەت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاڭ ھەمدە ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭ. ئاندىن سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ھەسەتخور، ئۇرۇشقاق، ئاتاقلىق، مۇۋەپپەقىيەتلىك، كەمچىل، چوپچوڭ، مەشھۇر، غەيرەتلىك، دەھشەتلىك، توق يېشىل

# VII باب    سان

## §1.   سان ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

**شەيئىلەرنىڭ سانىنى، ھېسابىنى، سان جەھەتتىكى تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر سان دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

بىر، بەش، سەككىز، 10، 11، 25، 53، 100، 122، 0.3، 1000، 10000...

سان «قانچە، نەچچە، قانچىلىك؟ نەچچىلىك، قانچىنچى؟ نەچچىنچى؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

تىل ئىلمىدە دېيىلىۋاتقان سان تەبىئىي پەنلەردە ياكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدا قوللىنىلىدىغان سان - رەقەمدىن ئىبارەت. تىل ئىلمىدە بىز ئۇنىڭ رەقەم بىلەن يېزىلغان شەكلىنى ھەم تاۋۇشلۇق تۈزۈلۈشىنى كۆزدە تۇتىمىز.

سانلار شەيئىلەرنىڭ سانىنى، دەرىجىسىنى، مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

دېھقانلار زامانىۋى پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 600 كىلوگرامدىن ئاشۇردى. (مىقدارى)

جۇڭگو — بىر مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسى بار تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. (سانىنى)

تەنھەرىكەتچىلىرىمىز مۇسابىقىدە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. (دەرىجىسىنى)

پويىزنىڭ بىر ۋاگونىغا 60 - 70 توننا يۈك قاچىلىغىلى بولىدۇ. (مىقدارىنى)

**سانلار تۆۋەندىكىدەك گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە:**

1. سانلارنىڭ جۈملىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىسىملارغا باغلىنىپ، ئۇلارنى سان جەھەتتىن ئېنىقلاپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەكتىپىمىزدە 1800 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. ئۇلارنىڭ 860 نەپىرى ئوغۇل، 940 نەپىرى قىز.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتادغۇبىلىگ» داستانى — 82 باب، 6644 بېيىت، 13 مىڭ 288 مىسرادىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك دىداكتىپكىلىق داستان.

2. سانلار سان ۋەزىپىسىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە ھەرخىل قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. سان ئېنىقلاپ كەلگەن ئىسىملار تۈرلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

بەش ئوقۇغۇچى - بەش ئوقۇغۇچىمىز، بەش ئوقۇغۇچىنىڭ، بەش ئوقۇغۇچىدىن، بەش ئوقۇغۇچىدا، بەش ئوقۇغۇچىمىزنىڭ، بەش ئوقۇغۇچىمىزدىن. بەش ئوقۇغۇچىمىزنى

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە بەش ئوقۇغۇچىمىز ئالدىنقى 10 ماھىر قاتارىغا كىردى.

3. سانلار ئىسىملىشىپ كەلگەندە يەنى ئىسىم رولىدا كەلگەندە ھەرخىل قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىۋېرىدۇ ھەمدە ھەرخىل ۋەزىپىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ماھىرلارنىڭ بەشى بىزنىڭ كوماندىنىڭ ئەزالىرى. (ئىگە)

مەن يېڭى كىتابلاردىن بەشىنى سېتىۋالدىم. (تولدۇرغۇچى)

ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئوندىن دەپتەر تارقىتىپ بېرىلدى. (ھالەت)

2003 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالۋېشى، پەيزاۋات ناھىيىسىدە قاتتىق يەر تەۋرىدى. (ھالەت)



www.uyghurkitap.com

2007 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئوقۇغۇچى 20 مىليوندىن ئاشتى. ( ھالەت ).

4. سانلارنىڭ سان ياسىغۇچى قوشۇمچىسى يوق. يەنى سانلارنى قوشۇمچە قوشۇپ ياسىغىلى بولمايدۇ سان مۇشۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

5. سانلار جۈملىدە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:
ئۇلارنىڭ سىنىپىدىن بۇ پائالىيەتكە قاتناشقانلارنىڭ سانى 15 ئىكەن.
بۇ كىتابلارنىڭ سانى 150 ئىدى. ھازىر 149 چىقتى.

# §2. سانلارنىڭ تۈرلىرى

سانلار ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ، ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. ئاددىي سان

**بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سانلار ئاددىي سان دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئاددىي سانلار بىردىن ئونغىچە بولغان توققۇز سان (بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتە، يەتتە، سەككىز، توققۇز)؛ يۈزگىچە بولغان ھەر ئونلۇق سان ئون، يىگىرمە، ئوتتۇز، قىرىق، ئەللىك، ئاتمىش، يەتمىش، سەكسەن، توقسان، يۈز؛ مىڭ، مىليون، مىليارد قاتارلىق سانلاردىن ئىبارەت.

«ئاددىي سان» دېگەن بۇ ئاتالغۇ سان تەركىبىدىكى رەقەمنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئەمەس، بەلكى شۇ رەقەمنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىشىگە قارىتىلغان.

## 2. مۇرەككەپ سان

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن سانلار مۇرەككەپ سان دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن:

11 — ئون بىر، 15 — ئون بەش، 18 — ئون سەككىز، 22 — يىگىرمە ئىككى، 55 — ئەللىك بەش، 98 — توقسان سەككىز، 166 — بىر يۈز ئاتمىش ئالتە، 1520 — بىر مىڭ بەش يۈز يىگىرمە، 255 — ئىككى يۈز ئەللىك بەش، 172 — بىر يۈز يەتمىش ئىككى

ئەسكەرتىش:

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئاددىي سان بىلەن مۇرەككەپ سان تەبىئىي پەنلەردە دېيىلىۋاتقان ئاددىي سان بىلەن مۇرەككەپ سانغا ئوخشىمايدۇ.

**سانلار ئۆزلىرىنىڭ بىلدۈرگەن مەنىلىرىگە قاراپ ساناق سان، مۆلچەر سان، دەرىجە سان، كەسىر سان تەقسىم سان، رەۋىش سان، كىشىلىك سان، ئالماش سان دەپ سەككىز تۈرگە بۆلۈنىدۇ.**

## 1. ساناق سان

**شەيئىلەرنىڭ ئېنىق سانىنى بىلدۈرىدىغان سانلار ساناق سان دەپ ئاتىلىدۇ.**

ساناق سانلار «قانچە؟ نەچچە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بەش ئوقۇغۇچى، 10 دەپتەر، 2000 تۇياق قوي، 1500 جىڭ ئاشلىق، 100 تونىنا كۆمۈر

### 2. كىشىلىك سان (ئۆملۈك سان)

**مەلۇم بىر ئىشتا، ھەرىكەتتە بىرقانچە كىشىنىڭ توپىنى، بىللە بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان سانلار كىشىلىك سان دەپ ئاتىلىدۇ.**

كىشىلىك سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «ئەيلەن، يلەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىپ، «قانچەيلەن؟ نەچچەيلەن؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بەش + ئەيلەن = بەشەيلەن، سەككىز + ئەيلەن= سەككىزەيلەن، ئىككى + يلەن = ئىككىيلەن

بىز ئۈچەيلەن بىرلىشىپ، ئۇلاردىن بەشەيلەننى يېڭىۋالدۇق.

مۇئەللىم ئۈچەيلەنگە مۇھىم ۋەزىپە تاپشۇردى.

### 3. تەرتىپ سان (دەرىجە سان)

**شەيئىلەرنىڭ سان جەھەتتىكى رەت تەرتىپىنى، دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سانلار تەرتىپ سان (دەرىجە سان) دەپ ئاتىلىدۇ.**

دەرىجە سانلار ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «ىنچى، نچى» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىپ، «قانچىنچى؟ نەچچىنچى؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئالتە + نچى= ئالتىنچى، بىر + ىنچى = بىرىنچى، ئىككى + نچى = ئىككىنچى...

دەرىجە سانلار رەقەم بىلەن يېزىلغاندا ئاخىرىغا سىزىقچە(-) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: بىز تولۇق 3 - يىللىق 5 - سىنىپتا ئوقۇيمىز.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە، 1-، 2 -، 3 - دەرىجە بويىچە مۇكاپات تارقىتىلىدۇ.

### 4. كەسىر سان

**پۈتۈن نەرسىنىڭ پارچىسىنى، بۆلەكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سانلار كەسىر سان دەپ ئاتىلىدۇ.**

كەسىر سانلار مەخرەجنى ۋە سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ساناق ساندىن تۈزۈلىدىغان بولغاچقا، مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان سان «دىن ياكى تىن» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ ئالدىدا كېلىدۇ، ئاندىن سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان سان كېلىدۇ. كەسىر سانلار قانچىدىن قانچە؟ نەچچىدىن نەچچە؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۈچتىن ئىككى (2/3)، بەشتىن بىر (1/5)، نۆل پۈتۈن يۈزدىن يىگىرمە بەش (0.25)،

بەزىدە يېرىم، چارەك سۆزلىرىمۇ كەسىر سان ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر يېرىم سائەت، بەش يېرىم توننا كۆمۈر، چارەك ئەسىر، چارەك سائەت

مەكتىپىمىز قۇرۇلغان يېرىم ئەسىردىن بۇيان شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولدى.

بۇگۈنگىچە شەھىرىمىز ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ھاللىق سەۋىيىگە يەتتى.

### 5. مۆلچەر سان

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى تەخمىنەن مۆلچەر بىلەن كۆرسىتىدىغان سانلار مۆلچەر سان دەپ ئاتىلىدۇ.**

مۆلچەر سانلار «قانچىچە؟ نەچچىچە؟ قانچىلىغان؟ نەچچىلىگەن؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئەمگەككە 10 مىڭچە ئەمگەك كۈچى سەپەرۋەر قىلىندى.

ئىسلاھات مىليونلىغان كىشىنى نامراتلىقتىن قوتۇلدۇردى.

مەكتىپىمىز نەچچە يۈزلىگەن تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

**مۆلچەر سانلار مۇنداق ياسىلىدۇ:**

1) ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «چە» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بەشچە، ئونچە، يىگىرمىچە، ئەللىكچە، يۈزچە، مىڭچە، مىليونچە...

2) ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «لاپ، لەپ» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئونلاپ، يۈزلەپ، مىڭلاپ، تۈمەنلەپ، مىليونلاپ، مىلياردلاپ...

3) ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «-لىغان، -لىگەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قوشۇمچە ئونلۇق ۋە يۈزلۈك، مىڭلىق سانلارغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئونلىغان، يۈزلىگەن، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن، مىليونلىغان، مىلياردلىغان...

4) ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا «- دەك، - تەك» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بەشتەك، ئوندەك، يىگىرمىدەك، يۈزدەك، مىڭدەك، 45ـ 50 تەك، 200ـ 300 دەك.

5) ئىككى ساناق ساننىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپىدە قاتارلىشىپ ئىپتىلىشىدىن ئىپادىلىنىدۇ. (بۇنداق مۆلچەر سانلاردا كىچىك سان بۇرۇن، چوڭ سان كېيىن كېلىدۇ).

5ـ6 ئادەم، 30ـ 35 كىتاب، 100 ـ 150 چارۋا، 40ـ 50 شەھەر

6) نەچچە (قانچە) ياكى بىرنەچچە (بىر قانچە) سۆزلىرىنىڭ سانلارنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىشى بىلەن مۆلچەر سانلار ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىر نەچچە ئادەم، نەچچە پارچە كىتاب، بىرقانچە ئوقۇغۇچى، نەچچە يۈز چارۋا، نەچچە يۈز ئىشچى، بىرنەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى، ئون نەچچە ئادەم، يۈزنەچچە ماشىنا، سەكسەن نەچچە تۇياق چارۋا، نەچچە يۈز ئالىم...

7) سانلارنىڭ ئاخىرىغا ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-لار، -لەر» ئاندىن ئورۇن كېلىشىنىڭ قوشۇمچىلىرىدىن «-دا، -دە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مۆلچەر سان ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئونلاردا، ئون بەش - ئون ئالتىلەردە، يىگىرمە بەشلەردە، يەتمىش - سەكسەنلەردە، سەكسەن بەش - توقسانلاردا...

8) سانلارنىڭ ئاخىرىغا «يېقىن»، «ئارتۇق»، «ئەتراپىدا»، «كۆپ» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق مۆلچەر سانلار ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئونغا يېقىن ئوقۇغۇچى، ئوندىن كۆپ ئوقۇغۇچى، ئون بەشتىن ئارتۇق ماشىنا، ئون بەشتىن كۆپ تىراكتور، بەش يۈز پارچىدىن ئارتۇق ماقالە، ئىككى مىڭ پارچىدىن كۆپ ئەدەبىي ئەسەر...

### 6. رەۋىش سان

كۆپ سانلىق شەيئىلەرنىڭ مەلۇم ھەرىكەت بىلەن شۇ سان كۆپلۈكى بويىچە مۇناسىۋەتلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سان رەۋىش سان دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىش سان ساناق سانلارغا ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا «-لاپ، -لەپ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كۆپىنچە تەكرارلانغان شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ قۇرۇلۇشقا مىليونلاپ ئادەم سەپەرۋەر قىلىندى.

تاجاۋۇزچىلار مىڭلاپ - مىڭلاپ يوقىتىلدى.

ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا بەزىلەر تۈمەنلەپ ـ تۈمەنلەپ پۇل ئىئانە قىلدى.
چارۋا ماللاردىن ھەر يىلى مىليونلاپ تۇل ئېلىنىۋاتىدۇ.

**7. تەقسىم سان**

مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ شۇ سان بويىچە بۆلۈنۈشىنى بىلدۈرىدىغان سان تەقسىم سان دەپ ئاتىلىدۇ.

تەقسىم سانلار قانچىدىن؟ نەچچىدىن؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ.

تەقسىم سان ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلارنىڭ ئاخىرىغا «ـ دىن، ـ تىن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىردىن، ئىككىدىن، ئۈچتىن، بەشتىن، ئالتىدىن، ئىككىدىن ـ ئۈچتىن، تۆتتىن ـ بەشتىن، ئوندىن ـ يىگىرمىدىن، ئىككىيۈزدىن ـ ئۈچيۈزدىن

ئولىمپىك چېمپىيونلىرىغا بىردىن ماشىنا، بىردىن ئالىي دەرىجىلىك تۇرالغۇ ئۆي مۇكاپات بېرىلدى.

ھەربىر ئوقۇغۇچى بەشتىن دەپتەر ئېلىپ كەلسۇن.

ئوقۇغۇچىلار بەشتىن ـ تۆتتىن كېلىشكە باشلىدى.

ئوقۇغۇچىلار ئىككىدىن ـ ئۈچتىن بۆلۈشۈپ مۇھاكىمە قىلىشىۋاتىدۇ.

**8. ئالماش سان**

مەلۇم ئومۇمىيەتنىڭ بىرىگە ياكى بىر قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياكى مەلۇم شەخستىكى ئېنىق سانلىق ئادەمنى بىلدۈرىدىغان سان ئالماش سان دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالماش سان ساناق سان، مۆلچەر سان، كەسىر سان ۋە تەرتىپ سانلارغا ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىدىن 1 ـ، 2 ـ شەخسنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى، 3 ـ شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىرىمىز، ئىككىمىز، ئالتىمىز، ئونىمىز، ئون بەشىمىز، بىرىڭلار، ئىككىڭلار، ئۈچىڭلار، ئالتىڭلار، ئونىڭلار، بىرى، ئىككىسى، بەشى يەتتىسى، ئون بەشى...

ئۈچىمىز كىتابخانىغا بىرلىكتە باردۇق. بىرنەچچە كىتاب سېتىۋالدۇق.

ھازىرغىچە كەلگەنلەرنىڭ ئۈچى ئوغۇل، يەتتىسى قىز.

بەشىڭلار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇپ كېلىڭلار.

ئىككىڭلار بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار!

## §3. سانلارنىڭ يېزىلىشى

**سانلار تۆۋەندىكىدەك يېزىلىدۇ:**

1. بىردىن ئونغىچە بولغان ئىككى خانىلىقتىن تۆۋەن سانلار ھەرپلىك ئىپادە بىلەن يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

بۈگۈنكى تازىلىقتا بەش ئوقۇغۇچى سىنىپنى، سەككىز ئوقۇغۇچى مەيداننى تازىلىدى.

مەن يىغقان پۇللىرىمغا سەككىز دەپتەر، ئىككى قەلەم، بىر سومكا سېتىۋېلىپ، قىيىنچىلىقى بار دوستلارغا ياردەم قىلدىم.

2. ئىككى خانىلىقتىن بەش خانىلىققىچە بولغان تۆت خانىلىق سانلار رەقەم بىلەن، بەش خانا ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى سانلار ئارىلاش يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ سىنىپتا 20 نەپەر ئوغۇل، 26 نەپەر قىز، جەمئىي46 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. مەكتىپىمىزدە 57 سىنىپ، 3100 ئوقۇغۇچى بار.

بۇ قېتىمقى ئەمگەكتە 1110 ئوقۇغۇچى 9990 تۈپ كۆچەت تىكتى.

بۇ كان يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىنى 15 مىليون 250 مىڭ 750 توننىدىن ئاشۇردى. (750، 250، 15شەكلىدە يېزىلسىمۇ بولىدۇ )

3. قوشۇمچە ئۇلانمىغان بىر، ئىككى خانىلىق ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ خانىلىق دەرىجە سانلار رەقەم بىلەن يېزىلىپ، ئاخىرىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز 5 - رايون، 52 - بىنا، 4 - ئىشىك، 254 - ئۆيدە ئولتۇرىمىز.

دادا، ئانا، بىز 950- قېتىملىق پويىزنىڭ 25 - ۋاگون، 33- 35- نومۇرلۇق ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرۇپ ماڭىدىغان بولدۇق.

4. رەت - تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان قاتار سانلاردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. سانلارنىڭ 10 دىن كىچىكلىرىمۇ رەقەم بىلەن يېزىلىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل سۆزلەر: 1. ئىسىم ؛ 2. سۈپەت ؛ 3. سان ؛ 4. مىقدار ؛ 5. ئالماش ؛ 6. پېئىل ؛ 7. رەۋىش ؛ 8. تەقلىد سۆزلەردىن ئىبارەت.

5. رىم رەقەملىرى بىلەن يېزىلغان سانلار مەيلى دەرىجە سان بولسۇن ياكى ساناق سان بولسۇن ھېچقانداق بەلگە قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى جەنۇبىي شىنجاڭدا VIII - XIX ئەسىرلەرگىچە، تۇرپان، قومۇللاردا XIV - XV ئەسىرلەرگىچە، خوراسان ۋە ئالتۇن ئوردىدا XVI ئەسىرگىچە، گەنسۇدا ياشىغۇچى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا XIX ئەسىرگىچە قوللىنىلغان.

6. بىرەر ئىش ياكى ۋەقەنىڭ باشلىنىش ۋاقتى بىلەن تاماملىنىش ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان سانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنمىسا ئوتتۇرىغا سىزىق (—) قويۇلۇپ، ئۇڭدىن سولغا (كىچىك سان ئوڭغا، چوڭ سان سولغا)، تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى سانلاردا چوڭ سان ئوڭغا، كىچىك سان سولغا يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1922 — 1945) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر شائىرى.

ئەلشىر نەۋائىي (1441 — 1501) كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەڭ بۈيۈك نامايەندىلەرنىڭ بىرى.

لۇشۈن (1881 — 1936) جوڭگونىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى.

ئارستوتېل (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 384 — 324)

پىلاتون (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 427 — 347)

**ئەسكەرتىش:**

بەزىدە ئىككى ساناق ساننىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن مۆلچەر سانلارمۇ يۇقىرىقى تەرتىپتە تىرناق ئىچىگە ئېلىنماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

دۆلىتىمىزدە 1961 — 1962 - يىللىرى ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئاچارچىلىق ئاپىتى كېلىپ چىققان.

بۇ قېتىمقى ئىللىقلىق يەتكۈزۈلۈش پائالىيىتىگە 5 — 6 مىڭچە ئوقۇغۇچى قاتناشتى.

7. رەقەم بىلەن يېزىلغان سانلار ياكى پىرسەنتلىك سانلارغا شەخس قوشۇمچىسى ياكى باشقا قوشۇمچىلارنى قوشۇشقا توغرا كەلسە، قوشۇمچىلار رەقەملەرگە بىۋاستە ئۇلاپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ماشىنىلارنىڭ 2 سى يولدا بۇزۇلۇپ قالدى.

ۋەزىپىنىڭ 90% ى ئورۇنلىنىپ بولدى.

بۇ قېتىمقى كۆرسقا 20 دىن ئارتۇق ئورۇن 10 دىن 12 گىچە ئادەم قاتناشتۇردى.

8. كەسىر سانلار ھەرپلىك ئىپادە بىلەن يېزىلغاندا مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان ساندىن كېيىن چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «دىن» ياكى «تىن » ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

1/2 (ئىككىدىن بىر)، 3/5 (بەشتىن ئۈچ)، 10.25 (ئون پۈتۈن يۈزدىن يىگىرمە بەش)...

9. رەقەم بىلەن يېزىلغان كۆپ خانىلىق سانلارنىڭ ھەر ئۈچ خانىسىدىن كېيىن بىر تەتۈر پەش قويۇلىدۇ، ئونلۇق كەسىردە بولسا، پۈتۈن سانلار بىلەن پارچە سان ئارىسىغا چېكىت (.) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

275, 110, 10جىڭ ئاشلىق. 555, 555, 5 نەپەر ئادەم.

10.5 توننا كۆمۈر 0.25 كىلوگرام ئالتۇن

10. بىر قانچە دەرىجە سان ياكى ساناق سان قاتار كەلگەندە مەيلى ھەرپ ياكى رەقەم بىلەن يېزىلسۇن ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى سىنىپلار ئۆتۈپ چىقتى.

6، 8، 10 ئىككىگە كەسىرسىز بۆلۈنىدىغان پۈتۈن سانلار.

دۆلىتىمىزدە ھەرىيلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ كۈنلىرى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئېلىنىدۇ.

11. فورمۇلىلار سولدىن ئوڭغا يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

$$(a+b)^2=a^2+2ab+b^2$$

## §4. سانلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

1. سانلارنىڭ جۈملىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىپ ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

مەكتىپىمىزدىن 3160 ئوقۇغۇچى 10 تۈر بويىچە مۇسابىقىگە قاتنىشىدۇ.

بۇ سۇ قورۇلۇشىغا 10 مىڭ ئادەم، 1200 ماشىنا، تراكتور سەپەرۋەر قىلىندى.

تولۇق 3 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپتا 55 نەپەر ئوقۇغۇچى بار.

2. سانلار جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ خەۋەرمۇ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ساۋاقداشلارغا تارقىتىلغان كىتابلارنىڭ سانى جەمئىي 550 پارچە.

قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 1500 كىلومېتىر.

جۇمۇلاڭما چوققىسى ئەڭ ئېگىز چوققا، ئېگىزلىكى 8882 مېتىر.

3. سانلار بەزىدە جۈملىدە باش كېلىشتە ياكى ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، بەزىدە شەخسلىك ئالماشلار بىلەن ياندىشىپ كېلىپ ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

يىگىرمە بەش بەشكە كەسىرسىز بۆلۈنىدۇ.

بىز بەشىمىز ئۆگىنىش، تەشكىلىي ئىنتىزام ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە بەسلەشتۇق.

ئوڭدىن سانىغاندا بەشىنچىسى — بىزنىڭ پېشقەدەم تۆھپىكار ئۇستازىمىز.

4. سانلار جۈملىدە ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىش، بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن- پەيت كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە باغلىنىپ تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت ۋەزىپىسى ئۆتەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

چېچىلىپ تۇرغان بۇ كىتابلاردىن مەن بەشنى، تۇرسۇن ئالتىنى تېرىپ كەلدۇق. (تولدۇرغۇچى)

توققۇز سانان سان، ئاددىي سان، توققۇزنى ئۈچكە كەسىرسىز بۆلۈشكە بولىدۇ. (تولدۇرغۇچى)

مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 3000 دىن ئېشىپ كەتتى. (ھالەت)

5. سانلار بەزىدە ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار، بەزىدە مىقدارلار بىلەن بىرىكىپ، پېئىللارغا باغلىنىپ ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى، مىقدارىنى ئىپادىلەپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بۇ يەرگە سائەت 8 دە كېلىدۇ، بىز ئەڭ ئالدىرىغاندىمۇ سائەت 10 غىچە ساقلىشىمىز لازىم.

سىڭلىمنىڭ تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنلىرىنىڭ سانى ئاجايىپ قىزىقارلىق. ئۇ 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سائەت 9 دا تۇغۇلغان.

تۈنۈگۈن سېنى ئىزدەپ ئۆيۈڭگە ئۈچ قېتىم باردىم.

بەزى مەكتەپلەر بىر كۈندە 10 سائەتتىن دەرس ئورۇنلاشتۇرغان.

بۇ ھەرىكەتنى ھەربىرىمىز بەش قېتىمدىن ئىشلىدۇق.

بۇ تەجرىبىنىڭ نەتىجىسى 5 - قېتىمدا چىقتى.

ئالمىنى ھەربىر ئادەمگە 50 كىلوگرامدىن بۆلۈپ بەردۇق.

بۇ يولنى تۆت ئەترەتنىڭ ھەربىرى 10 كىلومېتىردىن ياسايدۇ.

# VIII باب مقدار سۆز

## §1. مقدار سۆز ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى

**شەيئىلەرنىڭ مقدارى ۋە ھەرىكىتىنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر مقدار سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

بۈگۈن دادام ماڭا كىتابخانىدىن ئىككى پارچە كىتاب ئېلىپ بەردى.

ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە بەش جان ئادەم بار ئىكەن.

مەن «ئانا يۇرت» رومانىنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم.

قىيىنچىلىقى بارلارغا، نامراتلارغا 500 خالتا ئۇن بېرىلدى.

**مقدار سۆز تۆۋەندىكىدەك گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە:**

1. مقدار سۆزلەر گەرچە مۇستەقىل سۆز تۈركۈمىنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، بۇ سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولغان سۆزلەرنى ئايرىم قوللانغىلى بولمايدۇ. مقدار سۆزلەر سانلار بىلەن بىرىكىپ سان ـ مقدار بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ (يۇقىرىقى مىساللاردىكىدەك).

2. مقدارلارنىڭ ئۆزىگە خاس گراماتىكىلىق شەكىللىرى يوق. بەزىدە ئىسىمنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ماشىنىغا 100 كىلومېتىر يولغا بەش كىلوگرامدىن بېنزىن كېتىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ 15 نەپىرىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى خېلىلا ئېغىر ئىكەن.

3. خاس مقدارلارنى ساناپ كۆرسەتكىلى بولسىمۇ، كۆچمە مقدارلارنى ساناپ كۆرسەتكىلى بولمايدۇ.

4. مقدارلار ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە. بۇ قوشۇمچىلار باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن (ئاساسەن پېئىللاردىن) بىر قىسىم مقدارلارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ـ م: ئوتلا + م = ئوتلام، باغلا + م = باغلام، چىشلە+ م = چىشلەم، ـ ۇم: يۇت + ۇم = يۇتۇم. . .

5. مقدارلار رەۋىشلەر، ئالماشلار ۋە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھەر قېتىم، كۆپ قېتىم، نۇرغۇن قېتىم،

قانچە قېتىم، شۇ قېتىم، قايسى قېتىم، ھەر قېتىم

نەپەر ئىدى، نەپەر ئىكەن، نەپەر ئىمىش، قېتىم ئىدى، قېتىم ئىكەن، قېتىم ئىمىش

بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1500 نەپەر ئىدى.

6. بىر قىسىم مقدارلار «لاپ، لەپ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەۋىشكە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

مىسقاللاپ، سەرلەپ، جىڭلاپ، تۇتاملاپ، قولتۇقلاپ

كېسەل جىڭلاپ كىرىپ، سەرلەپ چىقىدۇ (ماقال)

بۇ يىخسىق مىسقاللاپ بېرىپ، سەرلەپ ئالىدۇ.

مقدارلار مەنىسى ۋە كېلىش مەنبەسىگە ۋە قوللىنىش دائىرىسىگە قاراپ خاس مقدار ۋە كۆچمە

مىقدار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. خاس مىقدار

**ئىزچىل ھالدا شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنىلا بىلدۈرۈپ، مىقدار رولىدا قوللىنىلىدىغان مىقدارلار خاس مىقدار دېيىلىدۇ.**

خاس مىقدارلارغا ئاساسەن ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرى، ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكلىرى شەيئى مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى كىرىدۇ. مەسىلەن:

مىكروگرام، مىللىگرام، گرام، سەر، جىڭ، كىلوگرام، چارەك، مىسقال، پۇڭ، قاداق، تونىنا، مىكرومېتىر، مىللىمېتىر، سانتىمېتىر، غېرىچ، قەدەم، چامدام، مېتىر، كىلومېتىر، گەز، چى، سۇڭ، لىتىر، نەپەر، دانە، قېتىم، نۆۋەت، باغلام، چىمدىم، ئوتلام، يۇتۇم، تۇتام، سىقىم، دۆۋە...

### 2. كۆچمە مىقدار

**ئۆزىنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئىسىملار كۆچمە مىقدار دەپ ئاتىلىدۇ.**

شەيئىلەرنىڭ ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئېنىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا شۇ نەرسىلەرنىڭ مىقدارى مەلۇم ھەجىمدىكى نەرسىلەر ئۆلچەم قىلىنىپ ئۆلچىنىدۇ ياكى كۆرسىتىلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ھەجىمنى ياكى سىغىمنى ياكى ئۇزۇنلۇقنى ئىپادىلەپ كەلگەن بىر قىسىم ئىسىملار سان بىلەن بىرىكىپ كۆچمە مىقدار بولۇپ كېلىدۇ.

كۆچمە مىقدار رولىدا كېلىدىغان مىقدارلارنى ئادەتتە خاس مىقدارلارغا ئوخشاش ئايرىم سىناپ كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. پەقەت كونكرېت جۈملە ئارقىلىق كۆرسەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

تۆت خالتا ئاشلىق ئادەتتە بىر تاغار كېلىدۇ. (خالتا، تاغار)

قىشلىق ئىسسىتىش ئۈچۈن 10 ماشىنا كۆمۈر تەييارلاندى. (ماشىنا)

بۈگۈنكى پائالىيەتكە بىزنىڭ مەكتەپتىن بەش سىنىپ ئوقۇغۇچى قاتناشتى. (سىنىپ)

**ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدارلار مەنىسى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىغا قاراپ شەيئى مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.**

### 1. شەيئى مىقدارلىرى

**ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ، شەيئىلەرنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار شەيئى مىقدارلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

نەپەر، دانە، تال، تۇپ، ئورام، جۈپ، قۇر، يۈرۈش، پارچە...

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاندا پايدىلىنىشىغا دائىر بىر يۈرۈش كىتابلار نەشر قىلىندى.

ئوقۇغۇچىلارغا بىر تامچە سۇ بېرىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلاردا بىر چېلەك سۇ بولۇشى كېرەك.

بۇ سومكىنىڭ ئېغىرلىقى ئېشىپ كېتىپتۇ، ئىچىدە 12 پارچە كىتاب، 15 دانە دەپتەر بار ئىكەن.

بىز 60 تونىنا يۈك كۆتۈرىدىغان چوڭ تىپتىكى يۈك ماشىنىسى سېتىۋالدۇق.

### 2. ھەرىكەت مىقدارلىرى

**پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ھەرىكەت مىقدارلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

قېتىم، نۆۋەت، مەرتەم، مەررە، مەرتىۋە

مەن ئۈچ قېتىم باردىم، بىراق سىلەر بىر قېتىممۇ كەلمىدىڭلار.
بەش مەيدان مۇسابىقىدە ئۈچ مەيدان ئۇتتۇق، ئىككى مەيدان ئۇتتۇردۇق.
ئۇ مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە ئۇدا ئۈچ نۆۋەت چېمپىيون بولدى.

## §2. مىقدارلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

مىقدار ئادەم ۋە نەرسىلەر ياكى ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى بولغاچقا، ئايرىم قوللىنىلمايدۇ. كۆپىنچە سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ سان - مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە كېلىدۇ.

**مىقدار سۆزلەر جۈملىدە تۆۋەندىكىدەك گىرامماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.**

1. مىقدارلار ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى نەپەر زاگىزۇ يول باشلىغۇچى بەش نەپەر چەت ئەللىك تەنھەرىكەتچىگە ھەمراھ بولۇپ جومولاڭما چوققىسىغا چىقتى. بۇ چوققىنىڭ ئېگىزلىكى 8882 مېتىر كېلىدۇ.

بۇ 60 توننا يۈك كۆتۈرەلەيدىغان چوڭ تىپتىكى يۈك ماشىنىسى.

2. مىقدارلار جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ خەۋەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلار سانى 45 نەپەر.

كۇتۇپخانىمىزدىكى كىتابلارنىڭ سانى 150 مىڭ پارچە.

3. مىقدارلار، چىقىش كېلىش، بېرىش كېلىش، ئورۇن - پەيت چۈشۈم كېلىش، كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ شۇ جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ، ھالەت ياكى تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھەربىرىمىز بەش باغلامدىن شاخ باغلىدۇق. (ھالەت)

ئۇيغۇر تىلى كىتاب ساۋاقداشلارنىڭ بەش نەپىرىگە يەتمىدى. (ھالەت)

بۇ يولنىڭ 25 كىلومېتىرىنى 1 - ئەترەت، 10 كىلومېتىرىنى 2 - ئەترەت ياسايدۇ. (تولدۇرغۇچى)

4. مىقدارلار ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىگىسىنى كۆرسىتىپ ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئالتۇن مېدال ئالغان تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ 10نەپىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى.

سىنىپىمىزدىكى 45 ئوقۇغۇچىنىڭ 25 نەپىرى قىز، 20 نەپىرى ئوغۇل.

بۇ ئامباردىكى ئاشلىقلارنىڭ 200 توننىسى بۇغداي، 100 توننىسى قوناق، 50 توننىسى زىغىر، 40 توننىسى گۈرۈچ.

5. مىقدارلار جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە ياكى پېئىل بىرىكمىسىگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئىلغارلىقنى بىر قېتىممۇ قولدىن بەرمىدى.
مەن ھازىرغىچە ئۈرۈمچىگە بەش قېتىم باردىم.
ئۇ مېنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا ئىككى نۆۋەت كەلدى.
ئۇ بۇ ۋەزىپىنى بىر قېتىمدىلا ئورۇنلاپ بولدى.

# سان ۋە مىقدار سۆزگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاپ

1. سان ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. شەيئىلەرنىڭ سانىنى، ھېسابىنى، سان جەھەتتىكى تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سان دەپ ئاتىلىدۇ. سانلار ئادەتتە قانچە؟ نەچچە؟ قانچىنچى؟ نەچچىنچى؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ

B. سانلار تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ

C. سانلارنى ئاددىي سان، مۇرەككەپ سانلارغا بۆلۈشتە سان تەركىبىدىكى خانا سانى ئۆلچەم قىلىنماستىن، شۇ سانلارنى ھەرپلىك ئىپادە بىلەن يازغاندا نەچچە سۆز بىلەن يېزىلىدىغانلىقى ئۆلچەم قىلىنغان

D. تىل دەرسىدە دېيىلىۋاتقان سان بىلەن تەبىئىي پەنلەردە دېيىلىۋاتقان سان ئوخشاش بولۇپ، ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سانمۇ تەبىئىي پەنلەردىكى سان بىلەن ئوخشاش

2. سان ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. سانلار بىلدۈرگەن مەنىلىرىگە ئاساسەن ساناق سان، ئاددىي سان، مۆلچەر سان، كەسىر سان دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ

B. ئىككى خانىلىق سانلار ئاددىي سان، ئىككى خانىلىقتىن يۇقىرى سانلار مۇرەككەپ سان بولىدۇ

C. مەلۇم بىر ئىشتا، ھەرىكەتتە بىر قانچە كىشىنىڭ توپىنى، بىللە بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان سانلار ئۆملۈك سان دەپ ئاتىلىدۇ

D. سانلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

3. سانلارنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرا بولغىنى: ( )

A. سانلارنىڭ جۈملىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىش، سانلار جۈملىدە يەنە باشقا ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كېلەلەيدۇ

B. سانلارنى قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ياسىغىلى بولمايدۇ ھەمدە سانلارغا قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىمۇ پەقەتلا ياسىغىلى بولمايدۇ

C. مۆلچەر سان، دەرىجە سان، كەسىر سان، ئۆملۈك سانلارنىڭ ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى بار. شۇڭا بۇ قوشۇمچىلار بىلەن ياسالغان سانلارنى ياسالما سان دەيمىز

D. ساناق سانلارنىڭ 10 دىن كىچىكلىرى ھەرپلىك ئىپادە بىلەن، 10دىن چوڭلىرىنىڭ ئىككى خانا ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى رەقەم بىلەن يېزىلىدۇ

4. مىقدار سۆز تۈركۈمى ھەققىدە تۆۋەندىكى قاراشلاردىن خاتاسى: ( )

A. شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى مىقدار دەپ

ئاتىلىدۇ

B. مىقدارلار ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپىنچە سانلار بىلەن بىرلىكتە سان ـ مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ

C. مىقدارلار سانلار بىلەن بىرىكىپ سان ـ مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى، جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋرىگە باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدە يەنە ئىگە ـ خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدىمۇ كېلىدۇ

D. مىقدارلارنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىسى بار. مىقدارلارغا قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىمۇ ياسىغىلى بولىدۇ

5. مىقدار سۆز ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغان قاراشلاردىن خاتاسى: ( )

A. كۆچمە مىقدارلارنى ئايرىم كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. ئەسلىي مىقدارلارنى ئايرىم كۆرسەتكىلى بولسىمۇ، لېكىن ئايرىم قوللانغىلى بولمايدۇ

B. مىقدار سۆز تۈركۈمى گەرچە مۇستەقىل سۆز تۈركۈمى بولسىمۇ، مۇستەقىل قوللىنىلمىغانلىقى ئۈچۈن جۈملىدە بەلگىلىك گىراماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كېلەلمەيدۇ

C. مىقدارلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىش ئۈچۈن چوقۇم جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋرىگە باغلىنىپ كېلىشى كېرەك

D. ھەرىكەت مىقدارى ئاساسەن پېئىللارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىدۇ

6. «رۇبائىي تۆت مىسرادىن تۈزۈلىدىغان شېئىرىي شەكىل بولۇپ، قاپىيە تۈزۈلۈشى ئاساسەن 1، 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيىلىنىپ، 3 ـ مىسراسى قاپىيىسىز بولىدۇ» دېگەن بۇ قوشما جۈملە تەركىبىدىكى سانلار ھەققىدىكى تۆۋەندىكى قاراشلارنىڭ توغرىسى: ( )

A. بۇ جۈملىدە جەمئىي تۆت سان بولۇپ، ھەممىسى دەرىجە سان

B. بەش سان بولۇپ، بىرى ساناق سان، تۆتى دەرىجە سان

C. جۈملىدىكى «تۆت» دېگەن سان ساناق سان، قالغانلىرى دەرىجە سان بولۇپ، ھەممىسى جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن

D. جۈملە تەركىبىدىكى سانلارنىڭ ھەممىسى تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاددىي سان بولغاچقا «تۆت» دېگەن سانمۇ رەقەم بىلەن يېزىلسا توغرا بولاتتى

7. «بۇ قېتىمقى ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا 50 نەپەر ئوقۇغۇچى 1 ـ دەرىجىلىك، 100 نەپەر ئوقۇغۇچى 2 ـ دەرىجىلىك، 150 نەپەر ئوقۇغۇچى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپاتلانغۇچىلار ئومۇمىي ئوقۇغۇچىنىڭ 10% نى تەشكىل قىلىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى سان ـ مىقدار ھەققىدىكى توغرا قاراش: ( )

A. «50، 100، 150» دېگەن سانلار ساناق سانلار بولۇپ، مۇرەككەپ سانغا تەۋە

B. «1 ـ، 2 ـ، 3 ـ،» دېگەن سانلار دەرىجە سان، «10%نى» دېگەن سان كەسىر سان

C. «50، 100،150» دېگەن سانلارغا «نەپەر» دېگەن شەيئى مىقدارى قوشۇلۇپ، سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىپ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن

D. بۇ جۈملىدە جەمئىي يەتتە سان بولۇپ، بۇ سانلارنىڭ ھەممىسى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

8. «قاراخانىيلار ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان سۇلالە بولۇپ، تەخمىنەن840 ـ يىلدىن1212 ـ



www.uyghurkitap.com

يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ سۇلالە دەسلەپ بالاساغۇننى، 893 ـ يىلدىن باشلاپ كاشغەرنى پايتەخت قىلغان» دېگەن پارچە تەركىبىدىكى سانلار توغرىسىدىكى توغرا قاراش: ( )

A. بۇ پارچە تەركىبىدە جەمئىي ئۈچ سان بولۇپ، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن مۇرەككەپ سان، مەنە جەھەتتىن دەرىجە سان

B. بۇ پارچىدا جەمئىي ئۈچ سان بولۇپ، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن مۇرەككەپ سان، مەنە جەھەتتىن ساناق سان ھېسابلىنىدۇ

C. بۇ پارچىدىكى سانلار گەرچە ئۈچ ۋە تۆت خانىلىق سانلار بولسىمۇ، يېزىلىشى توغرا بولغان

D. بۇ پارچىدىكى سانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يېزىلىشى توغرا، بۇ سانلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

9. «بەزىلەر 2ـ3 سائەت ئۆگىنىپ چارچاپ كەتتىم دېسە، بەزىلەر بىرەر مەسىلە توغرىسىدا 1ـ2 سائەت ھەپىلىشىپلا زادىلا بىلەلمىدىم، ئەقلىم يەتمەيلا قالدى دېيىشىدۇ. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئېدىسونغا ئوخشاش ئۆمۈر بويى تەتقىقات، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ 14 مىليارد نېرۋا ھۈجەيرىسىنىڭ ئىشلىگەن قىسمىنىڭ پەقەت 10% كىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى، قالغان 90% تىن ئارتۇق نېرۋا ھۈجەيرىسىنىڭ ئىشلىتىلمەي زاپاس ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى» بۇ پارچىدىكى سانلار ھەققىدىكى توغرا ھۆكۈم: ( )

A. جەمئىي بەش سان بولۇپ، ئىككىسى دەرىجە سان، بىرى ساناق سان

B. جەمئىي بەش سان بولۇپ، ئىككىسى مۆلچەر سان، ئىككىسى كەسىر سان، بىرى ساناق سان

C. «2ـ 3، 1 ـ 2» دېگەن سانلار ئىككى ساننىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان دەرىجە سان

D. يۇقىرىقى جۈملىدىكى سانلارنىڭ ھەممىسى جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن

10. «ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۈچ يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا ئۈچ قېتىم ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى، بەش قېتىم ئىلغار سىنىپ كادىرى بولۇپ مۇكاپاتلاندى» دېگەن جۈملىدىكى مىقدار ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. مىقداردىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى كۆچمە مىقدار، بىرى ئەسلىي مىقدار

B. ئىككىسى مىقدار بولۇپ، بىرى تەبىئىي مىقدارى، بىر ـ ركەت مىقدارى

C. مىقداردىن ئىككىسى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ھەرىكەت مىقدارى

D. جۈملىدىكى سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى ئىسىملارغا باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن

**II بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرى**

1. سان ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ( ) ۋە ( ) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ( ) سانلار ئاددىي سان، ( ) بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سانلار مۇرەككەپ سان دەپ ئاتىلىدۇ.

2. ئۆملۈك ساننىڭ قوشۇمچىسى ( ) بولۇپ، ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سانلارغا ( ) قوشۇمچىسى، يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان سانلارغا ( ) قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ.

3. مىقدارلار كېلىش ۋە قوللىنىش دائىرىسىگە ئاساسەن ( ) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئىزچىل ھالدا مىقدار رولىدا كېلىدىغان ( ) دېگەندەك مىقدارلار ئەسلىي

مىقدار بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ ( ) سۆزلەر كۆچمە مىقدار دەپ ئاتىلىدۇ.

4. مىقدارلار مەنىسى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىغا قاراپ ( ) ۋە ( ) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ، شەيئىنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ( ) دەپ ئاتىلىدۇ.

5. پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ( ) دەپ ئاتىلىدۇ. مىقدارلار ئادەتتە ( ) سۆز تۈركۈمىگە قوشۇلۇپ ( ) شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

6. سان - مىقدار بىرىكمىلىرى جۈملىدە ( ) ئالدىدا كەلسە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. ( ) تۈرلىنىپ، ئىگە، خەۋەر تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. بىر قىسىم مىقدارلار ( ) قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەۋىشكە ئايلىنىدۇ.

7. «سىنىپىمىزدا 55 نەپەر ئوقۇغۇچى بار، 30 نەپىرى قىز، 25 نەپىرى ئوغۇل» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ( ) دېگەن سانلار مۆرەككەپ سان،( ) دېگەن سان ئاددىي سان، جۈملىدە قوللىنىلغان مىقدار ( )مىقدار، ( )مىقدارى.

8. «بىر قاداق 450 گرامغا تەڭ» دېگەن جۈملىدىكى سانلار مەنە جەھەتتىن ( ) سان، جۈملىدە( ) دېگەن مىقدارلار قوللىنىلغان. ( ) دېگەن مىقدار ئىگە ۋەزىپىسىنى، ( ) دېگەن مىقدار تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

9.«سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ 5-6 نەپىرى ئۈنى يوقلاپ 2 - 3 قېتىم باردى» دېگەن جۈملىدىكى سانلار مەنە جەھەتتىن ( ) بولۇپ، ئالدىنقى سان جۈملىدە ( ) ۋەزىپىسىدە، كېيىنكى سان ( ) ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

10. «بىز بۇ گۈللەردىن ھەر 10 تال گۈلنى بىر باغ قىلىپ باغلاپ چىقتۇق» دېگەن جۈملىدىكى سان مەنە جەھەتتىن ( ) سان، جۈملىدە ( ) دېگەن مىقدارلار قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ مىقدارلار ( ) مىقدار ھېسابلىنىدۇ.

III مەشىق ئىشلەش سوئالى

1. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى سان - مىقدارلارنى تېپىڭ، ئاندىن سانلارنىڭ قانداق سان، مىقدارلارنىڭ قانداق مىقدار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

بوكسىت — ئاليۇمىن تاۋلاشتىكى ئاساسلىق خام ئەشيا. دۇنيا بويىچە زاپىسى 29 مىليارد 750 مىليون توننا، بۇنىڭ ئىچىدە ئافرىقا قىتئەسىدىكى زاپىسى 11 مىليارد 950 مىليون توننا بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئومۇمىي زاپىسىنىڭ 40.02% نى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى زاپىسى 6 مىليارد 500 مىليون توننا بولۇپ 21.08% نى، ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى زاپىسى 6 مىليارد 100 مىليون توننا بولۇپ، 20.5% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئۈچ رايوندىكى زاپىسى دۇنيادىكى ئومۇمىي زاپىسىنىڭ 82.5% نى ئىگىلەيدۇ.

2. 2003-يىلى 2- ئاينىڭ 24- كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دىن 3 مىنۇت ئۆتكەندە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزىۋات، مارالبېشى ناھىيىلىرىدە 6.8 بال يەر تەۋرەپ، 18 مىڭ ئائىلىنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن سان ۋە مىقدارلارنى تېپىپ، جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېنىقلاڭ.

1) مەن ئۈچ قۇتا رەڭ، ئىككى قۇتا بوياق، بەش تال قېرىنداش، 20 دانە دەپتەر سېتىۋالاي.

2) بىزنىڭ ئۆي بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. مەن ۋېلىسىپىت بىلەن 15 مىنۇتتا بېرىپ بولىمەن. شۇنداق بولغاندا ھەر بەش مىنۇتتا بىر كىلومېتىر يول ماڭىدىكەنمەن.

3) كۈنىگە 2ـ3 ئىستاكان سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ ئىچىپ بەرسە، سالامەتلىككە ئالاھىدە پايدىلىق. 7ـ 8 مىڭ قەدەم يول ماڭسا، سالامەتلىككە تېخىمۇ پايدىلىق.

4) پۇتكۇل ئېھرام تەخمىنەن 2 مىليون 300 مىڭ پارچە تاشتىن قوپۇرۇلغان، ھەر بىر پارچە تاشنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 2.5 توننا، ئەڭ چوڭىنىڭ 16 توننا كېلىدۇ.

5) فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى ئېففىر تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 320 مېتىر، 100 قەۋەت بىنانىڭ ئېگىزلىكىگە باراۋەر كېلىدۇ. بىر قېتىم سىرلاشقا نەچچە توننا سىر كېتىدۇ.

6) مىسىردىكى ئېھراملارغا ئىشلىتىلگەن گرانىت تاشلار 900 كىلومېتىر يىراقلىقتىن ئېلىپ كېلىنگەن.

4. ئۆزىڭىز تەركىبىدە ئەسلىي مىقدار بولغان جۈملىدىن بەشنى، كۆچمە مىقدار بولغان جۈملىدىن بەشنى تۈزۈڭ. ئاندىن بۇ مىقدارلارنىڭ قانداق سانلار بىلەن بىرىكىپ كەلگەنلىكىنى ۋە جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

www.uyghurkitap.com

# IX باب ئالماش

## §1. ئالماش توغرىسىدا چۈشەنچە

**جۈملىدە ئۆزىدىن باشقا مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئۇ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ جۈملىدىكى «ئۇ» دېگەن ئالماش سۆزلىگۈچى كۆرسەتكەن كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

سارس كېسىلى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل، 2003 ـ يىلى بۇ كېسەل بىلەن نۇرغۇن ئادەم يۇقۇملاندى ھەمدە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھاياتىدىن ئايرىلدى. («بۇ» دېگەن ئالماش «سارس كېسىلى» دېگەن ئىسىمنىڭ ئورنىغا، «ئۇلارنىڭ» دېگەن ئالماش «ئادەم» دېگەن ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن)

بۇ باغدا بادام، پىستە قاتارلىق مېۋىلەر بار، مۇنداق مېۋىلەر باشقا باغلاردا يوق. «مۇنداق» دېگەن ئالماش «بادام، پىستە» دېگەن ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

ئۇ خەتنى ئاجايىپ چىرايلىق يازىدۇ. مەنمۇ شۇنداق يازالايمەن. «شۇنداق» دېگەن ئالماش «چىرايلىق« دېگەن سۈپەتنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

يىگىرمە پۈتۈن سان، ئۇ بەشكە كەسىرسىز بۆلۈنىدۇ. «ئۇ» دېگەن ئالماش «يىگىرمە» دېگەن ساننىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

تۈنۈگۈن كەچتە قاتتىق بوران چىقتى، شۇ چاغدا بىز مەكتەپتە ئىدۇق. «شۇ چاغدا» دېگەن ئالماش «كەچتە» دېگەن رەۋىشنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

ئۇ نەرسىلەرنى چېقىۋەتتى، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىنى ئويلىماپتىمەن «مۇنداق قىلىشىنى» دېگەن ئالماش «چېقىۋەتتى» دېگەن پېئىلنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن

**ئالماشلار تۆۋەندىكىدەك گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە:**

1. ئالماشلار ئايرىم تۇرغاندا ئىپادىلىگەن مەنە باشقا سۆز تۈركۈملىرىدەك ئېنىق بولمايدۇ. مەسىلەن:

«ئۇ، بۇ، شۇ، شۇنداق، بىراۋ، ئاللىقانداق» دېگەندەك ئالماشلاردىن شەيئى، بەلگە ـ خۇسۇسىيەت ياكى باشقىلار ھەققىدە كونكرېت ئۇقۇمنى بىلگىلى بولمايدۇ.

2. ئالماشلارنىڭ ئۆزىگە خاس گراماتىكىلىق شەكىللىرى بولمىسىمۇ، لېكىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىۋېرىدۇ. لېكىن مۇنداق تۈرلىنىش ئەسلىي سۆز تۈركۈمىدەك سىستېمىلىق بولمايدۇ. مەسىلەن:

«كىمدۇ؟ نېمىدۇ؟ ئاللىقانداق، ئاللىنېمە» قاتارلىق ئالماشلار ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ.

3. ئالماشلارنىڭ سۆز ياساش رولى يوق دېيەرلىك، بەزى ئالماشلارغا قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق بىرنەچچە سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. لېكىن ئالماشلارنى قوشۇمچە ئارقىلىق ياسىغىلى بولمايدۇ.

4. ئالماشلارنىڭ سانى نىسبەتەن چەكلىك، ھەتتا بەزى ئالماشلارنىڭ سانى بىر ياكى بىر نەچچە بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مەسىلەن:

شەخسلىك ئالماشلار:«مەن، بىز، سەن، سىز، سىلى، سىلەر، ئۇ، ئۇلار» دىن ئىبارەت. ئۆزلۈك ئالماش

«ئۆز» دېگەن بىرلا ئالماشتىن ئىبارەت.

5. ئالماشلار ئۆزىدىن باشقا مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ. قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكىنى كونكرېت جۈملە ئىچىدە بىلگىلى بولىدۇ.

سىز قاچان قايتىپ كېلىسىز؟ (ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن)

داداڭنىڭ سالامەتلىكى قانداق؟ (سۈپەتنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن)

ئۇچىنىڭ ئۈچ ھەسسىسى توققۇز بولىدۇ. ئۇنىڭغا بەشنى قوشساق 14 بولىدۇ. (سانىنىڭ ئورنىغا)

سىزنىڭ سۆزلەشىڭىز بەك تېز ئىكەن. بىراق مەن ئۇنداق سۆزلىيەلمەيمەن. (رەۋىشنىڭ ئورنىغا)

سىز تاراق ‒ تۇرۇق ئاۋاز چىقارماي ئولتۇرۇڭ، مەن ئۇنداق ئاۋاز چىقارمىدىم؟ (تەقلىد سۆز)

6. ئالماشلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى باشقا سۆز تۈركۈملىرىدەك ئېنىق بولمىغاچقا، ئايرىم تۇرغاندا قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىنى بىلىش تەس. پەقەت كونكرېت ئالاقە شارائىتىدىلا قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن:

«كىتاب، دەپتەر، چوڭ، ياخشى، يامان» قاتارلىق سۆزلەردە ئۇقۇم ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. بىراق «ئۇ»، «بۇ»، «شۇ»، «ھەرقاچان»، «ھەركىم» دېگەن ئالماشلاردا ئىپادىلەنگەن ئۇقۇم (مەنە) يۇقىرىقى سۆزلەردەك ئېنىق بولمايدۇ.

« بىز كوللېكتىپنىڭ مال ‒ مۈلكىنى ئاسرىشىمىز كېرەك» دېگەن بۇ جۈملىدە «بىز» كونكرېت بىر ئادەمنى ئىپادىلىمەستىن، بەلكى سۆزلىگۈچى ئورنىدا تۇرغان كۆپلۈكتىكى ھەرقانداق ئادەمنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئۇ بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك» دېگەن جۈملىدىكى «ئۇ» سۆزلىگۈچى كۆزدە تۇتقان 3 ‒ شەخس ئورنىدا كەلگەن بىر شەخسنى كۆرسىتىدۇ.

7. ئالماشلار ياردەمچى پېئىللار ۋە تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئىدىم، بىز ئىدۇق، ئۇ ئىكەن، ئۇلار ئىمىش، قانداق ئىدى، قايسى ئىكەن، مەن بىلەن، سەن بىلەن، سەن توغرۇلۇق، ئۇلار توغرىسىدا، سىلەرگە ئائىت.

## §2. ئالماشلارنىڭ تۈرلىرى

ئالماشلار لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە تىلدىكى رولىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

### 1. شەخس ئالماشلىرى

**شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان ئالماشلار شەخسلىك ئالماشلار دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى شەخس ئالماشلىرى لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن سۆزلىگۈچى، (1 ‒ شەخس) ئاڭلىغۇچى، (2 ‒ شەخس) سۆزلەنگۈچىدىن ياكى ئۆزگە (3‒ شەخس) دىن ئىبارەت ئۈچ شەخسنى ئىپادىلەيدۇ.

شەخسلىك ئالماشلار: مەن، بىز، سەن، سىز، سىلى، سىلەر، ئۇ، ئۇلاردىن ئىبارەت.

شەخس ئالماشلىرى ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ.

1 ‒ شەخس: مەن، مېنىڭ، مېنى، مەندىن، ماڭا، مەندە

2 ‒ شەخس: سەن، سېنىڭ، سېنى، سەندىن، ساڭا، سەندە

3 ‒ شەخس: ئۇ، ئۇنىڭ، ئۇنى، ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدا

شەخس ئالماشلىرى يەنە تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ.

مەن بىلەن، سىز توغرۇلۇق، سىلى بىلەن، ئۇنىڭغا ئائىت، ئۇلار ھەققىدە، سىلەرگە قارىغاندا، سىزگە ئائىت، سەن بىلەن، سىلەربىلەن، ئۇلاربىلەن بىزبىلەن، ئۇلار توغرىسىدا...

شەخسلىك ئالماشلار تۆۋەندىكىچە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 ـ شەخس | | بىرلىك تۈرى | مەن |
| | | كۆپلۈك تۈرى | بىز |
| 2 ـ شەخس | بىرلىك | ئاددىي تۈرى | سەن |
| | | سىپايە تۈرى | سىز |
| | | ھۆرمەت تۈرى | سىلى، ئۆزلىرى |
| | كۆپلۈك | ئاددىي تۈرى | سىلەر |
| | | سىپايە، ھۆرمەت تۈرى | ھەرقايسىلىرى، ھەربىرلىرى |
| | | سەتلىمە تۈرى | سەنلەر، ھەرقايسىڭ |
| 3 ـ شەخس | | بىرلىك تۈرى | ئۇ |
| | | كۆپلۈك تۈرى | ئۇلار |

شەخسلىك ئالماشلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| كېلىشلەر | بىرلىك | | | كۆپلۈك | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| باش كېلىش | مەن | سەن | ئۇ | بىز | سىلەر | ئۇلار |
| ئىگىلىك كېلىش | مېنىڭ | سېنىڭ | ئۇنىڭ | بىزنىڭ | سىلەرنىڭ | ئۇلارنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | مېنى | سېنى | ئۇنى | بىزنى | سىلەرنى | ئۇلارنى |
| بېرىش كېلىش | ماڭا | ساڭا | ئۇنىڭغا | بىزگە | سىلەرگە | ئۇلارغا |
| چىقىش كېلىش | مەندىن | سەندىن | ئۇنىڭدىن | بىزدىن | سىلەردىن | ئۇلاردىن |
| ئورۇن كېلىش | مەندە | سەندە | ئۇنىڭدا | بىزدە | سىلەردە | ئۇلاردا |

**ئەسكەرتىش:**

ئالماشلاردىن «مەن، سەن، ئۇ» ئالماشلىرى بەزى كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەندە بەزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ.

1. «مەن، سەن» ئالماشلىرى ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىشتە تۈرلەنگەندە «ئە» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. ئاخىرىدىكى «ن» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە «ماڭا، ساڭا» بولىدۇ.

2. «ئۇ» ئالمىشى بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن كېلىشلەردە تۈرلەنگەندە ئاۋۋال ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، ئاندىن شۇ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ.

## 2. كۆرسىتىش ئالماش

**شەيئىلەر ياكى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئالماشلار كۆرسىتىش ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.**

www.uyghurkitap.com

ئالماشلار شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى شۇ شەخس ۋە شەيئىنىڭ ئۆزىنى، شەيئىلەرنىڭ سان ـ مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، بۇ، شۇ، مۇشۇ، مۇنۇ، ئاشۇ، ئاۋۇ، ئەنە، مانا دېگەندەك ئالماشلار شەخس ۋە شەيئىلەرنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار. ئۇنداق، مۇنداق، شۇنداق، ئانداق، ئاشۇنداق، مۇشۇنداق دېگەندەك ئالماشلار شەيئىلەرنىڭ ھالىتى ياكى خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار.

ئانچە، ئانچىدىن، مۇنچىدىن، ئانچىلىك، مۇنچىلىك، شۇنچىلىك، مۇشۇنچىلىك دېگەندەك ئالماشلار سان ـ مىقدارىنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار.

سۆزلىگۈچىنىڭ كۆز ئالدىدىكى شەخس ۋە شەيئىلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ، مۇشۇ، شۇ، مانا دېگەن ئالماشلار قوللىنىلىدۇ. سۆزلىگۈچىگە يىراقراق ياكى سۆزلىگۈچىگە شۇنداق تونۇلغان جايلاردىكى شەخس ۋە شەيئىلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاۋۇ، ئاشۇ، ئەنە دېگەن ئالماشلار قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاۋۇ كۆرۈنگەن ـ بىزنىڭ ئۆي. سەن ئىزدىگەن كىتاب ـ مانا مۇشۇ.

چىراغ نۇرى كۆرۈنگەن ئاشۇ جاي ـ بىزنىڭ يېتىپ بارىدىغان مەنزىلىمىز.

**ئەسكەرتىش:**

شەخسلىك ئالماش، «ئۇ» بىلەن كۆرسىتىش ئالماش «ئۇ» شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش. ئەمما، كونكېرت جۈملىدە ئىپادىلىگەن مەنىسى ئوخشىمايدۇ. يەنى بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئۇ» ئادەمنى كۆرسەتسە، شەخسلىك ئالماش، نەرسىنى كۆرسەتسە، كۆرسىتىش ئالماش بولىدۇ. مەسىلەن:

خالمۇرات غوپۇر تېببىي پەنلەر دوكتورى، ئۇ روسىيەنىڭ پېتىربۇركتا ئوقۇغان. (ئۇ ـ شەخسلىك ئالماش)

ئۇ ئادەم ئەدەبىيات نەزەرىيەسى تەتقىقاتچىسى (ئۇ ـ شەخسلىك ئالماش)

«ئانا يۇرت» رومانى ـ زوردۇن سابىر يازغان تارىخىي رومان. ئۇ كىتابنى ھەربىر كىشى چوقۇم ئوقۇشى كېرەك. (ئۇ ـ كۆرسىتىش ئالماش)

شىنجاڭنىڭ تاغلىرى ئومۇمەن قاقاس، لېكىن ئۇ قاقاس تاغلاردا نۇرغۇن قىممەتلىك بايلىقلار بار. ( ئۇ ـ كۆرسىتىش ئالماش)

## 3. سوئال ئالماش

**شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، سانى، مىقدارى، ئورنى، ۋاقتى ھەققىدىكى سوئالنى ئىپادىلەيدىغان ئالماش سوئال ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوئال ئالماشلارغا كىم؟ قەيەر؟ قانچە؟ نەچچە؟ قانچىلىك؟ نەچچىلىك؟ قانداق؟ قايسى؟ قاچان، قېنى؟ نېمىشقا؟ قاتارلىقلاردەك ئالماشلار كىرىدۇ. مەسىلەن:

— ئىسمىڭىز نېمە؟
— دىلبەر.
— قەيەردىن كەلدىڭىز؟
— ئاتۇشتىن.
— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟
— 20 ياشقا.
— قاچان ئوقۇش پۈتكۈزگەن؟
— 2005 ـ يىلى.

— سىز قانداق كىتابلارنى ئوقۇۋاتىسىز؟
— مەن تىل تەتقىقاتىغا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇۋاتىمەن.
— سىزنىڭ كېيىنكى ئارزۇيىڭىز نېمە؟
— تىل تەتقىقاتچىسى بولۇش.
— قايسى تىلنى تەتقىق قىلىسىز؟
— ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئانا تىلنى تەتقىق قىلىمەن ـ دە!

## 4. ئۆزلۈك ئالماش

**شەخس ۋە شەيئىلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئالماش ئۆزلۈك ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۆزلۈك ئالماشلار «ئۆز» دېگەن بىرلا ئالماشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. بەزىدە تىركەلمىلەر بىلەنمۇ بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزلىرى قەيەردىن كەلدىلە؟
مەن ئۆزۈمگە تەئەللۇق نەرسىگە ئىگە بولۇشۇم كېرەك.
ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا. (ماقال)
ئۆزۈڭدە يوق، ئالەمدە يوق. (ماقال)
سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتسىڭىز بولمايدۇ.

«ئۆز»دېگەن ئالماشقا بەزى تىل تەركىبلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئۆزلەر ياسىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئالماش بولماستىن، باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزئارا، ئۆزلۈكىدىن( رەۋىش)، ئۆزگىچىلىك (ئىسىم)، ئۆزگە، ئۆزۈمچىل (سۈپەت).
بىز ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەردى. (رەۋىش)
ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچىدە قورۇنغان تەنلىرىم. (سۈپەت)

## 5. ئېنىقلاش (بەلگىلەش) ئالماش

**مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ياكى ھەرخىل بەلگە، سان، مىقدار، ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ مۇستەسناسىزلىقىنى (ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى) بىلدۈرىدىغان ئالماشلار ئېنىقلاش (بەلگىلەش) ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېنىقلاش (بەلگىلەش) ئالماشلىرى «ھەممە، جىمى، پۈتكۈل، بارلىق، بارچە، ھەر، ھەريەر، ھەرجاي، ھەر ۋاقىت، ھەركىم، ھەرنەرسە، ھەرقانداق، ھەرقايسى، ھەرقاچان» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئېنىقلاش (بەلگىلەش) ئالماشلار ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ھەممىمىزنى يىغلىتىۋەتتى. بۇ ئىش ھەممىمىزگە بىر ساۋاق بولدى. (تولدۇرغۇچى، ھالەت)
قانۇن ئالدىدا ھەممىمىز باراۋەر. قانۇنغا رىئايە قىلىش — ھەممە ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى. (ئىگە، ئېنىقلىغۇچى)
بىز ھەر قايسىڭلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز. (تولدۇرغۇچى)

## 6. بولۇشسىز (ئىنكار) ئالماش

**شەيئى، بەلگە، خۇسۇسىيەت، سان، مىقدار ھەققىدىكى ئىنكار (يوقلۇقىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار بولۇشسىز ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىز ئالماشلار «ھېچ» دېگەن سۆزگە سوئال ئالماشلىرى ۋە «نەرسە، گەپ، ئىش، يەر، بىر» دېگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بولۇشسىز ئالماشلار كەلگەن جۈملىنىڭ خەۋىرى كۆپىنچە بولۇشسىز شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچكىم، ھېچنېمە، ھېچقانداق، ھېچقايسى، ھېچقانچە، ھېچقاچان، ھېچنەرسە، ھېچگەپ، ھېچ ئىش، ھېچ يەر، ھېچ بىر

قاراڭغۇدا ھېچ يەرنى پەرق ئېتەلمىدىم.
مەن ھېچ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىدىم.
مەن ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىسىگە چېقىلمىدىم.
بۇ كەسپىنى ھېچقايسىمىز سىزچىلىك ئىگىلىيەلمىدۇق.
ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدۇ.
مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق يەرگە بارمايمەن.



www.uyghurkitap.com

### 7. ئېنىقسىز (بەلگىسىز) ئالماش

**شەيئى، بەلگە، خۇسۇسىيەت، سان، مىقدار ھەققىدە ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار ئېنىقسىز ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئېنىقسىز ئالماشلار سوئال ئالماشلىرىغا «دۇر، تۇر» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بەزىلىرى «ئاللا، بىر» سۆزلىرىگە سوئال ئالماشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ قانداقتۇر بىر نەرسىگە قاراپ ئولتۇراتتى.

قاچاندۇر بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدىم.

نېمىدۇر بىر نەرسىلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئۇخلىيالمىدىم

يىراقتىن ئاللىكىملەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.

كاللامغا ئاللىقانداق خىياللار كىرىۋالدى.

## §3 . ئالماشلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

1. ئالماشلار جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئىگىلىرى.

ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

2. ئالماشلار جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ خەۋەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

سىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيىڭىز قانداق؟

سىزنى بۇ يەرگە چاقىرغان — مەن.

ۋەزىپىنى بالدۇر ئورۇنلىغانلار — بۇلار.

مېنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىم قەيەردە؟

3. ئالماشلار جۈملىدە ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچىمۇ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى بىلىشى كېرەك.

سىز قانداق كىتابلارنى ئوقۇدىڭىز؟

بۈگۈنكى يىغىنغا ھەممە ئوقۇغۇچى قاتنىشىدۇ.

بىزنىڭ ئىرادىمىز پولاتتىنمۇ مۇستەھكەم.

4. ئالماشلار جۈملىدە چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، پېئىلدىن كەلگەن خەۋەرگە باغلىنىپ تولدۇرغۇچى، بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىشلەردە تۈرلىنىپ پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سىلەرنى بۇ قېتىمقى دوستلۇق پائالىيىتىگە تەكلىپ قىلىمىز. (تولدۇرغۇچى)

بالام، بىز سەندىن چوڭ ئۈمىد كۈتىمىز.

مەن بۇ مەخپىيەتلىكنى ھېچكىمگە ئېيتمىدىم.

دادام ماڭا يېڭى كىتابلارنى ئەكېلىپ بەردى.

5. ئالماشلار جۈملىدە. باش كېلىش شەكلىدە كېلىپ جۈملىدە پېئىلدىن كەلگەن خەۋەرگە باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەمدە ھەر دائىم يۈكسەك غايە بولۇشى كېرەك.

ئۇ خەنزۇ تىلىنى قانداق سۆزلەيدۇ؟

سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارنى ھەرۋاقىت ئۇنۇتمايمىز.

www.uyghurkitap.com

# ئالماش سۆز تۈركۈمىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ

1. ئالماش ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. جۈملىدە ئۆزىدىن باشقا مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ

B. شەخسلىك ئالماش ئۈچ شەخستە، ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكىدە كېلىدۇ

C. ئالماشلار گەرچە باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى بولسىمۇ، مۇستەقىل سۆز تۈركۈمىنىڭ بىرى بولغاچقا، لېكسىكىلىق مەنىسى ئېنىق بولىدۇ

D. ئالماشلار گەرچە مۇستەقىل سۆز تۈركۈمى بولسىمۇ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق شەكلى يوق، ئەمما ئىسىملارنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ

2. ئالماش توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى قاراشلارنىڭ توغرىسى: ( )

A. ئالماشلارنىڭ تۈرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، بەزى ئالماشلار بىر نەچچىدىن ئالماشتىن، بەزى ئالماشلار ھەتتا بىرلا ئالماشتىن تەركىب تاپقان

B. ئالماشلارمۇ مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، بارلىق ئالماشلار جۈملىنىڭ ھەممە بۆلەكلىرىدە ۋەزىپە ئۆتەپ كېلەلەيدۇ

C. ئالماشلارنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىسى يوق، لېكىن ئالماشلارغا قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق باشقا مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىگە خاس بولغان خېلى كۆپ سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ

D. بولۇشسىز ئالماشلىرى يوقلۇقنى ئىپادىلىسىمۇ، بولۇشسىز ئالماشلىرى كەلگەن جۈملە بولۇشسىز مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئالماشلار توغرىسىدىكى تەھلىللەردىن خاتاسى: ( )

A. « ئەدەبىياتتا قانداق مۇھىت بولسا، شۇنداق خاراكتېر يېتىلىدۇ دەيدىغان بىر گەپ بار» دېگەن بۇ جۈملە تەركىبىدە ئالماشتىن ئىككىسى بار. بىرى سوئال ئالماش، بىرى كۆرسىتىش ئالماش

B. «بىز ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك» دېگەن جۈملىدە ئالماشتىن ئىككىسى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى شەخسلىك ئالماش بولۇپ، بىرى ئىگە، بىرى تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن

C. « مەن ھەممىنى بىلىمەن دەپ، ھەممىگە چات كېرىۋالماسلىق كېرەك» دېگەن جۈملىدە ئالماشتىن ئۈچى بولۇپ، بىرى شەخسلىك ئالماش، ئىككىسى بەلگىلەش ئالماش

D. « مەن ھېچكىمنى كۆرمىدىم، ھېچقانداق گەپنى ئاڭلىمىدىم » دېگەن جۈملىدە ئالماشتىن ئۈچى بولۇپ، بىرى شەخسلىك، ئىككىسى بولۇشلۇق ئالماش، ئىككى ئالماش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن

4. « كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىش ياخشى ئىش ئەمەس، مەن ھېچكىمنى رەنجىتمەيمەن. شۇڭا ھەممەيلەن ماڭا ئامراق» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئالماشلار توغرىسىدىكى قاراشلاردىن توغرىسى: ( )

A. بۇ جۈملە تەركىبىدە ئالماشتىن بەشى بولۇپ، شەخسلىك ئالماشتىن ئىككىسى بار. شەخسلىك ئالماشنىڭ ھەر ئىككىلىسى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن

B. كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئالماشتىن ئىككىسى بولۇپ، بىر ئالماش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولغان

C. كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئالماشلارنىڭ بىرى ئىگىلىك كېلىش بىلەن، بىرى چۈشۈم كېلىش بىلەن، ئىككىسى ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن

D. بۇ جۈملىدىكى ئالماشلار ئېنىقلىغۇچى، ئىگە، تولدۇرغۇچى، ھالەت قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلگەن

5. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئالماشلار ھەققىدە ئېيتىلغان توغرا جاۋاب: ( )

A. ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بىز ھەرگىزمۇ ياخشى ياكى يامان بولمايمىز، بەلكى ئۆزىمىزگە تېخىمۇ ئوخشاپ قالىمىز » دېگەن جۈملىدە بىر ئالماش ئىگە، بىر ئالماش ھالەت بولۇپ كەلگەن

B. «بوينىڭىزدىكى كاللا سىزنىڭ كاللىڭىز بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاپىرىدە بولىدىغان ئەقىل، مەقسەت، جۈرئەت ۋە مەدەنىيەت مىللەتنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ!» دېگەن جۈملىدە ئالماشتىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى ئېنىقلىغۇچى، بىرى ھالەت بولۇپ كەلگەن

C. « ئەگرى يولدىن ئۆزۈڭنى تارتساڭ، توغرا يولدا مەقسەت سېنى كۈتىدۇ» دېگەن جۈملىدە ئالماشتىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى شەخسلىك ئالماش، بىرى ئۆملۈك ئالماش

D. «ئۇلار ئالىقاچان كېتىپ بولدى» دېگەن جۈملىدە ئالماشتىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى شەخسلىك ئالماش، بىرى بولۇشسىز ئالماش

6.« فۇرقەت ئۆزبېك خەلقى ئۈچۈن قانداق سۆيۈملۈك، قانداق ئەزىز بولسا، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈنمۇ شۇنداق سۆيۈملۈك، شۇنداق ئەزىز شائىردۇر» (A. ئۆتكۈر) دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئالماشلار توغرىسىدىكى ھۆكۈملەردىن خاتاسى: ( )

A. جۈملىدە ئالماشتىن تۆتى بولۇپ، ئىككىسى سوئال ئالماش، ئىككىسى كۆرسىتىش ئالماش

B. ئالماشتىن تۆتى بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى ئالماش مەنە جەھەتتىن ئوخشاش تۈردىكى ئالماش

C. كېيىنكى ئىككى ئالماش سۈپەتكە باغلىنىپ، شۇ سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى ئىپادىلىگەن

D. جۈملىدىكى ئاخىرقى ئىككى ئالماش ئىسىمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن

7.« ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل دەرىجىدىكى ھوقۇقلار ھەر قايسى قاتلام، ھەر قايسى رايون ۋە ھەر قايسى كەسىپلەرگە تارقالغان» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئالماشلار توغرىسىدىكى تەھلىللەردىن توغرىسى: ( )

A. ئالماشتىن بەشى بولۇپ، ھەممىسى، ئىككى ئالماشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن

B. بۇ جۈملىدىكى ئالماشلارنىڭ ھەممىسى «ھەر» دېگەن ئالماشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، مەنە جەھەتتىن بىرلا تۈرگە تەۋە ئالماشلار ھېسابلىنىدۇ

C. جۈملىدىكى «قايسى؟» دېگەن ئالماش سوئال ئالماش بولسىمۇ، «ھەر» ئالمىشى بىلەن بىرىكىپ بەلگىلەش (ئېنىقلاش) ئالمىشىغا تەۋە بولغان

D. ئالدىنقى ئىككى ئالماش سۈپەتكە باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولغان، كېيىنكىلىرى بولسا پېئىللارغا باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن

8. «ئالەمگە مېھمان بىز دېدى بىر دانا، ئىجتىھات سەھنىسى بىز ئۈچۈن ئالەم
بىلمىدىم، بۇ گەپتە بار قانداق مەنا؟ كەل ئاڭا گۈل- نەقىش چېكەيلى، رەنا.»
(ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن)

بۇ رۇبائىيدىكى ئالماشلار ھەققىدىكى تەھلىللەردىن خاتاسى: ( )

A. بۇ رۇبائىينىڭ بىرىنچى مىسراسىدا بىر ئالماش بولۇپ، بۇ ئالماش شەخسلىك ئالماش

B. رۇبائىينىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا ئىككى ئالماش بولۇپ، بىرى كۆرسىتىش ئالماش، بىرى

سوئال ئالماش، ھەر ئىككىلىسى جۈملىدە ئىنىقلىغۇچى بولغان
C. ئۈچىنچى مىسراسىدا بىر ئالماش بولۇپ، بۇ ئالماش شەخسلىك ئالماش ھەمدە بىرىنچى شەخسنىڭ كۆپلۈك ئالمىشى
D. تۆتىنچى مىسراسىدا بىر ئالماش بولۇپ، ئۇ ئالماشنى بىر كۆرسىتىش ئالماشنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دېيىلسە توغرا بولمايدۇ

## II بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. ئالماشلار جۈملىدە (          ) سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ. شەخسلىك ئالماشلىرى كېلىش بىلەن تۈرلىنىدۇ. (          ) قاتارلىق شەخسلىك ئالماشلار كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەندە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ.

2. «مەن، سەن» ئالماشلىرى بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە (          ) بولىدۇ. ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە (          ) بولىدۇ. چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە (          ) بولىدۇ. بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى (          ) دېگەن سۆزگە (          ) ۋە (          ) دېگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. تەركىبىدە بولۇشسىز ئالماشلىرى بولغان جۈملىنىڭ خەۋىرى (          ) كېلىدۇ.

3. «ھېچكىم ھېچكىمگە ھېچنىمە دېمىدى» دېگەن جۈملىدىكى ئالماشلار مەنە جەھەتتىن (          ) ئالماشلاردۇر. بۇ جۈملىدىكى (          ) دېگەن ئالماش ئىگە ۋەزىپىسىنى، (          ) دېگەن ئالماشلار تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

4. «سەن نېمىگە مۇنچىۋالا چېچىلىسەن» دېگەن جۈملىدە ئالماشتىن (          ) بولۇپ، بىرىنچى ئالماش جۈملىدە (          )، ئىككىنچى ئالماش (          )، ئۈچىنچى ئالماش(          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

5. «بۇ پىلان شۇنداق ياخشى پىلان بوپتۇ، ھەممەيلەن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىشتى» دېگەن جۈملىدە (          ) ئالماش بولۇپ، بۇ ئالماشلار (          ) (          ) (          ) ئالماش تۈرلىرىگە كىرىدۇ.

6. «مەن ھېچنېمىگە ئېھتىياجلىق ئەمەس» (چېخوف) دېگەن بۇ جۈملىدە ئالماشتىن (          ) بولۇپ، (          ) دېگەن ئالماش شەخسلىك ئالماش، جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن. (          ) دېگەن ئالماش بولۇشسىز ئالماش بولۇپ، جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

7. «سەن مېنى ئۇ يەرگە قاچان باشلاپ بارىسەن؟» دېگەن بۇ جۈملىدە (          ) قاتارلىق ئالماشلار بار. جۈملىدىكى شەخسلىك ئالماش (          )، سوئال ئالماش (          ) شەخسلىك ئالماشنىڭ بىرىنچىسى (          ) ئىككىنچىسى(          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

8. «بۇ جاھاندا ھەر كىشى ئۆز كەسپىنى مەشىق قىلىش ئارقىلىق كامالىغا يېتىدۇ. ئەگەر ئۆز ئىشىغا ئادەتلەنمىسە، ئۇنىڭغا ھەممە ئىش مۇشكۈل بولغۇسىدۇر.» موللا سىدىق يەركەنىنىڭ بۇ سۆزىدە (          ) قاتارلىق ئالماشلار قوللىنىلغان بولۇپ، (          ) دېگەن ئالماش بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

## III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ ئالماشلارنى تېپىڭ، ئاندىن بۇ ئالماشلارنىڭ قايسى تۈردىكى ئالماش ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.



www.uyghurkitap.com

پارتىيە قويغان كۆچەتمەن، سەندە ئۆستۇم ئانىجان،
ۋەتىنىم بەختىم مېنىڭ سەن سەندە كۆلدۇم جانىجان.

سوتسىيالىزم قۇرۇشتا پارتىيەم بەردى نىشان،
مەن شۇ يولدا ئۆمۈرۋايەت تۆكمەن تەر ھەر قاچان.

سېنى گۈللەتمەك مۇرادىم، دىلدىكى ئەھدىم مېنىڭ،
ھەر جاپا ـ مۇشكۈلگە تەييار جەڭچىمەن، ئەي مېھرىبان.

گۈل ـ گۈلىستان باغلىرىڭدا سېنى كۈيلەش زور شەرەپ،
ساڭا باغلانغان مۇھەببەت قىپقىزىل چوغدەك ھامان.

مەدھىيەڭنى كۈيلىرىمدە ياڭرىتاي پەيزىم بىلەن،
جانىجان جۇڭخۇا ئېلىم سەن ياشنا، گۈللە ھەر زامان.
(قۇربان ئىمىن شېئىرى)

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن ئالماشلارنى تېپىڭ ۋە ئۇ ئالماشلارنىڭ قانداق ئالماش ئىكەنلىكى، جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

1) سىز قانداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىسىز؟
2) ئۇ ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەيلا كېتىپ قالدى.
3) يىراقتىن ئاللىكىملەرنىڭدۇر ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.
4) ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ۋەزىپىسى بار.
5) بالىلارنىڭ ئاللىنېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.
6) ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما. (ماقال)
7) سىز بىزگە قانداق خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىز؟
8) بۇ ئىشتا قايسى خىل ئۇسۇل مۇۋاپىق كېلەر؟
9) ھەر كىم ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۆز بېشىغا كەلمىگىچە بىلمەيدۇ.
10) ھەممىنى كۆرگەن كۆز ئۆزىنى كۆرمەس. (ماقال)

3. تۆۋەندىكى ئالماشلار ئالماشلارنىڭ قايسى تۈرىگە كىرىدىغانلىقىنى ئېنىقلاڭ.

ھېچكىم، ھەممەيلەن، قانداق، قاچاندۇر، ھەممە، سىز، شۇنچىلىك، بىرقانچە، ھېچبىر، سىلى، ھەرنەرسە، بارلىق، ئۆزلىرى، قەيەردە، ھېلىقىدەك، ھەركىم، ئاشۇنداق، ئاللىنېمە، ھېچقايسى، قانداقتۇر.

4. ئۆزىڭىز تەركىبىدە ئالماشلار بولغان 10 جۈملە تۈزۈڭ. ئاندىن ئۇ ئالماشلارنىڭ قانداق ئالماش ئىكەنلىكىنى، جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# X باب رەۋىش

## §1. رەۋىش توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

**شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سەۋەبى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.**

«رەۋىش» دېگەن سۆز «ھالەت» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

رەۋىشلەر كۆپىنچە «قاچان؟ قاچاندىن بېرى؟ قاچانغىچە؟ قانداق؟ قانداقچە؟ قانداقسىگە؟ قەيەردە؟ نەدە؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۈرۈمچىگە تۈنۈگۈن كەچتە قايتىپ كەلدى. (قاچان؟ قاچاندا؟)

سەن ئىشنى تۈگىتىپ چاپسان قايتىپ كەلگىن. (قانداق؟)

تۈنۈگۈندىن بېرى ھېچ نەرسە يېگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. (قاچاندىن بېرى؟)

ئۇلارنى سوۋغا سالام بىلەن چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويدۇق. (قانداقچە؟)

بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا بۈگۈنلا يېتىپ بارايلى. (قەيەرگە؟، قاچان؟)

تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىدا مەن ئولتۇردۇم. (قەيەردە؟)

**رەۋىشلەر تۆۋەندىكىدەك گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە:**

1. رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىلدىن كەلگەن خەۋەرگە باغلىنىپ ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى، ئورنىنى، ۋاقتىنى، مەقسىتىنى، سەۋەبىنى، بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى بولغاچقا، جۈملىدە ئاساسەن ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ناھايىتى تېز يۈگۈرەيدۇ. (ھالىتى)

مەن تۈنۈگۈن قايتىپ كەلدىم. (ۋاقتى)

ئىلاجىسىزلىقتىن بۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. (سەۋەبى)

مەكتەپكە ئوقۇش ئۈچۈن كەلدىم. (مەقسىتى)

2. رەۋىشلەرنىڭ ئۆزىگە خاس گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىسى يوق، شۇڭا ئاساسەن تۈرلەنمەيدۇ. ئاز بىر قىسىم رەۋىشلەر سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى سېلىشتۇرما دەرىجىسى ۋە ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بۇ يەرگە ھېلىراق يېتىپ كەلدى. سەن ئەتە بالدۇرراق قايتىپ كەلگىن.

ئۇ مەندىن بۇرۇنراق تۇغۇلغان. بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرما.

بۈگۈندىن باشلاپ ئەتىگەنچە بىر كۈن شامال چىقىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى بۈلتۈردىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇۋاتىمىز.

بەك بۇرۇن، ناھايىتى كېيىن، بەك ئەتىگەن، بەك تېز، ناھايىتى چاپسان دېگەندەك شەكىلدىكى رەۋىشلەر سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن رەۋىشلەر ھېسابلىنىدۇ.

3. رەۋىشلەرنىڭ ئۆزىگە خاس رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى بار. «ئەن، ئانا، لاپ، لەپ، چە»

قاتارلىق قوشۇمچىلار رەۋىش ياسايدىغان ئاساسلىق قوشۇمچىلاردۇر. مەسىلەن:

ئاساس ـ ئاساسەن، مەجبۇر ـ مەجبۇرەن، تامام ـ تامامەن، باتۇر ـ باتۇرانە، مەرد ـ مەردانە، ـخشى ـ ياخشىلاپ، كۆپ ـ كۆپلەپ، قۇۋۋەت ـ قۇۋۋەتلەپ، هازىرچە، بۈگۈنچە

4. بەزى رەۋىشلەر ئايرىم تۇرغاندا مەنە ئاڭلانمايدۇ. مەسىلەن:

بەك، تازا، ناهايىتى، ئىنتايىن، خېيمۇ، ئەجەبمۇ قاتارلىق رەۋىشلەر ئايرىم تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتمايدۇ.

5. رەۋىشلەر جۈملىدە ئاساسەن هالەت بولۇپ كېلىدۇ، بەزى رەۋىشلەر باشقا سۆزلەرنىڭ رولىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈنكى يىغىندا ئۇ ناهايىتى تېز سۆزلىدى. (هالەت)

ئۇ بۇ ئىشنى قەستەن بۇزۇپ قويدى. (هالەت)

ئۆتكەن يىلى مەكتىپىمىزدىن 404 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. (هالەت)

يېقىندىن بۇيان هاۋا ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ. (هالەت)

بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە ناهايىتى كۆپ ئوقۇغۇچى قاتناشتى. (ئېنىقلىغۇچى)

يولغا چىققىشقا تېخى بالدۇر. (خەۋەر)

بۇ مالنىڭ ئۆتكەنكىسى تۆگەپ كەتتى. (ئىگە)

# §2. رەۋىشلەرنىڭ تۈرلىرى

## 1. رەۋىشلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشلەرنى بىلدۈرىدىغان مەنىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلىمىز:

### 1) ۋاقىت رەۋىشلىرى

**شەيئىلەرنىڭ هەرىكىتىنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ۋاقىت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ۋاقىت رەۋىشلىرىگە: بۈگۈن، ئەتە، ئۆگۈن، تۈنۈگۈن، ئاداققىچە، بۇ يىل، بۇلتۇر، كېلەر يىلى ئىلگىرى، بۇرۇن، مۇقەددەم، كېچە، ئاخشام، مەڭگۈ، ئەبەدىي، ھەمىشە، ئەتىگەن، بەزىدە، بايا، ئەمدى، كۈن بويى، گاھىدا، ئاۋۋال، هېلى، هېلىغىچە، قىشىچە، يازىچە، تېخىچە، ئەزەلدىن، بارغانسېرى، هېلىتىن، ئاندىن، ۋاقىتلا، ۋاقتىدا، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، پات ـ پات، ئارىلاپ قاتارلىقلارغا ئوخشاش رەۋىشلەر كىرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يىل تەبىئىي ئاپەت بەك كۆپ بولدى. مەن مەكتەپكە هەر كۈنى ئەتىگەندە كېلىمەن.

بىز هازىر يولغا چىقىمىز. تۈنۈگۈن مەكتىپىمىزدە پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

سەن كۈن بويى بىكار يۈرەمسەن؛ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ.

### 2) ئورۇن رەۋىشلىرى

**شەيئىلەر هەرىكىتىنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ئورۇن رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئورۇن رەۋىشلىرىگە: نېرى، بېرى، ئالدى، سىرت، ئارقا، كەينى، يۇقىرى، تۆۋەن، ئىچكىرى، تاشقىرى، هەر تەرەپتە، شۇ يەردە، پەستە، تەرەپ ـ تەرەپتە، هەر ياندىن، هەرياققا، ئالدى ـ كەينى، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتارلىقلارغا ئوخشاش رەۋىشلەر كىرىدۇ.

يىراقتىن مۇڭلۇق نەي ئاۋازى ئاڭلاندى، بىز شۇياققا قاراپ ماڭدۇق.

ھەممە يەردە بايرام مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.
ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتا يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ يۈرمەكتە.

### 3) ھالەت رەۋىشلىرى

**شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ تۇرلۇك ھالەتلىرىنى بىلدۇرىدىغان رەۋىشلەر ھالەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ھالەت رەۋىشلىرىگە: تېز، ئاسان، پات، مەردانە، بىردەك، بىرلىكتە، بىللە، بىمالال ئۆچقاندەك، پائال، قولمۇقول، ۋاللىدە، گۈپپىدە، تىغمۇتىغ، يۈزمۇيۈز، قاتلامىمۇ قاتلام، چاقاقانلىق بىلەن، تەشتە، شارتتىدە نامايان، نائىلاج، نىمانچە، نىمانداق، مۇنداقچە، مىسقالچە، مۇنكىنقەدەر، قاتارلىقلارغا ئوخشاش رەۋىشلەر كىرىدۇ.

ئۇ بۇ ئىشنى ئەپچىللىك بىلەن بىرتەرەپ قىلىۋەتتى.
بىز ناھايىتى چاپسان ماڭدۇق.
يېنىمىزدىن بىر ماشىنا ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى.
ۋەزىپە بەك ئېغىر، ھەممىمىز قولمۇقول ئىشلەيلى.
ئىسمايىل مەمەت ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىدا مەردلەرچە قۇربان بولدى.
ھەممىمىز قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئالغا باسايلى.

### 4) سەۋەب ـ مەقسەت رەۋىشلىرى

**شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى ياكى مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر سەۋەب ـ مەقسەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

سەۋەب ـ مەقسەت رەۋىشلىرىگە: ئەتەي، قەستەن، ئامالسىزلىقتىن، بىكاردىن ـ بىكار، دۈشمەنلىك بىلەن، ئاتايىن، بىلەلمىگەنلىكتىن، ياخشى بولسۇن دەپ، ئۆگىنىپ قالارمىكىن دەپ، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق، زورمۇزور، مەقسەتلىك ھالدا، سۈيىقەست بىلەن، تەجرىبىسىزلىكتىن، ئۆچمەنلىك بىلەن قاتارلىقلارغا ئوخشاش رەۋىشلەر كىرىدۇ.

سەن مېنى قەستەن ئاۋارە قىلىۋاتىسەن.
ئۇ ئېھتىيات قىلمىغانلىقتىن يىقىلىپ چۈشتى.
مەن بۇ گەپلەرنى ساڭا پايدىلىق بولسۇن دەپ دېدىم.
ئۇلار بۇ ئىشنى مەقسەتلىك ھالدا قىلدى.
مەن سىزنى ياردەم بېرەرمىكىن دەپ ئىزدەپ كەلدىم.
بەزىلەر ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق سوقۇشۇپ كېتىدۇ.

### 5) دەرىجە رەۋىشلىرى

**شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋە شەيئىلەر سۈپىتىنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر دەرىجە رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرىجە رەۋىشلىرىگە: تازا، پۈتۈنلەي، ئاساسەن، ئۇزۇل ـ كېسىل، راسا، دەل، ناھايىتى، بەك، تولىمۇ، ئىنتايىن، سەل ـ پەل، خويمۇ، خېلى، ئېخىمۇ، ئاجايىپ، جەزمەن، ھەرگىز،

چوقۇم، زادى، پەقەت مۇنچە، بۇنچە، مۇنچىلىك، بۇنچىلىك، شۇنچىلىك قاتارلىقلارغا ئوخشاش رەۋىشلەر كىرىدۇ.

بۈگۈنكى يىغىندا تولىمۇ ياخشى سۆزلىدىڭ.

زىياندىش قۇرتلار ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىلدى.

ئۇنىڭ كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ.

بۈگۈنكى مۇسابىقە تولىمۇ قىزىقارلىق بولدى.

مەن بۇندىن كېيىن ۋەدەمگە جەزمەن ئەمەل قىلىمەن.

ئۇلار بىزنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتۇ.

ساۋاقداشلار، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشايلى.

## 2. رەۋىشلەرنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىكى تۈرلىرى

رەۋىشلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئاددىي رەۋىش، ياسالما رەۋىش، قوشما رەۋىش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1) ئاددىي رەۋىش

**باش مورفېمىدىنلا تۈزۈلگەن رەۋىش ئاددىي (تۈپ) رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن:

چاپسان، ئاستا، بۈگۈن، ئەتە، ھازىر، كېچە، تۈرغۇن، ھېلى، بۇرۇن، كېيىن، سەل، ھامان، دەرھال، خويمۇ، تازا، ئاران، ئىنتايىن، ناھايىتى، بەك، تازا، خويمۇ...

### 2) ياسالما رەۋىش

**تۈپ سۆزلەرگە رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ياكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان رەۋىشلەر ياسالما رەۋىشلەر دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ھازىرچە، بۈگۈنچە، پاقىچىلاپ، تاغارلاپ، مەردلەرچە، كۆزگىچە، ۋاراقىچە، ئاساسەن، مەجبۇرەن

**رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار تۆۋەندىكىچە:**

**«-چە، -بچە، -لارچە، -لەرچە، -چىلاپ، -چىلەپ، -چىسىغا، -چىسىگە، -لاپ، -لەپ، -ئەن، ئانە، ئىدە»** قاتارلىق قوشۇمچىلار رەۋىش ياسايدىغان ئاساسلىق قوشۇمچىلار بولۇپ، بۇلار ئىسىملار، سۈپەتلەر، ئالماش، سۈپەتداش، سانلار، مىقدارلار، پېئىللارغا، شۇنداقلا يەنە رەۋىشلەرگە قوشۇلۇپ يەنە رەۋىش ياسايدۇ. مەسىلەن:

**- چە، - مچە، لارچە، لەرچە -**

ھازىر +چە=ھازىرچە، كېيىن + چە=كېيىنچە، بۈگۈن + چە= بۈگۈنچە، بۇ يىل +چە= بۇ يىلچە، كېچە+ بچە=كېچىچە، قىش + بچە =قىشىچە

مەرت +لەرچە =مەردلەرچە، ۋەھشىي +لەر = ۋەھشىيلەرچە، قەھرىمان + لارچە = قەھرىمانلارچە

**- چىلاپ، - چىلەپ**

پاقا +چىلاپ = پاقىچىلاپ، ئۆپكە + چىلەپ =ئۆپكىچىلەپ

ـ چىسغا، ـ چىسگە

دېھقان + چىسغا = دېھقانچىسغا، ئەسكەر + چىسگە = ئەسكەرچىسگە

ـ لاپ، ـ لەپ

ئاي + لاپ = ئايلاپ، پاتمان + لاپ = پاتمانلاپ، خالتا + لاپ = خالتىلاپ، كۆپ + لەپ = كۆپلەپ،

كەچ + لەپ = كەچلەپ، چارەك + لەپ = چارەكلەپ، تۇتام + لاپ = تۇتاملاپ

ـ ىدە

جىغ + ىدە = جىغىدە، لەپ + ىدە = لەپپىدە، گۇر + ىدە = گۇررىدە، پالاق + ىدە = پالاققىدە،

دوك + ىدە = دوككىدە

ـ ئەن

شەكىل + ئەن = شەكلەن، ئاساس + ئەن = ئاساسەن، جاۋاب +ئەن = جاۋابەت، تامام + ئەن = تامامەن

ـ ئانە

جەسۇر + ئانە ـ جەسۇرانە، مەرد + ئانە = مەردانە، قەھرىمان + ئانە = قەھرىمانانە

ـ ى

يازلىق + ى = يازلىقى، كۆزلۈك + ى = كۆزلۈكى، كۆنلۈك + ى = كۆنلۈكى، چۈشلۈك + ى + چۈشلۈكى

**3) قوشما رەۋىش**

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان رەۋىشلەر قوشما رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئىلگىرى ـ كېيىن، كېچە ـ كۈندۈز، بىرى ـ بىرى، ئالدى ـ كەينى، ئىلگىرـ ئاخىر، بىكاردىن ـ بىكار، مەقسەتلىك ھالدا، بىردەمدە، چاققانلىق بىلەن، مۇقەررەر ھالدا، ئۆچمەنلىك بىلەن . . .

## §3. رەۋىشلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

1. رەۋىشلەر جۈملىدە ئاساسەن پېئىللارغا باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

تويغا بارسەڭ بۇرۇن بار، بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار (ماقال)

ئۇ ئىلگىرى بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان.

بىز ھەر كۈنى مەكتەپكە ئەتىگەندە كېلىمىز.

2. بىر قىسىم رەۋىشلەر ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىزگە يۇقىرى نومۇر، تۆۋەن قابىلىيەت لازىم ئەمەس.

ئۇلارنىڭ ھايۋانلارچە ھەركىتى ھەممە كىشىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى.

بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ. (ماقال)

مەن بۇ يەردە ھەر قىسما ئادەملەرنى ئۇچراتتىم.



www.uyghurkitap.com

3. رەۋىشلەر چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ تولدۇرغۇچىمۇ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇگۈنكى خىزمەت ئەتىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن. كۆپنى كۆرگەن ئادەم كۆپنى بىلىدۇ.

چېنىقىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ئەتىگەن.

ئۇلار ئۆز ئالدىغا سىياسەت بەلگىلەپ تۆۋەننى زورلۇق بىلەن باسقان.

4. رەۋىشلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ خەۋەرمۇ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مىللەتىمىزنىڭ مەدەنىيەتكە يۈزلەنگەن ۋاقتى ناھايىتى بۇرۇن.

ئۇلار بىلەن تۈزگەن توختامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى بۈگۈن.

5. بەزى رەۋىشلەر جۈملىدە ئىگىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى لاياقەتلىك.

ئەۋزەل سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئەتىمىز تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كەشپىياتلىرى بىلەن ئەتىنى يارىتىدۇ.

## رەۋىش سۆز تۈركۈمىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

**I تاللاش سوئاللىرى**

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ

1. رەۋىش ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. رەۋىش شەيئىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنىڭ تۈرلۈك بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى

B. رەۋىشلەر شەيئىلەر ئىش - ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى

C. رەۋىشلەر ئادەتتە پېئىل ياكى سۈپەتلەرگە بېقىنىدۇ، ئىسىملارغا بېقىنمايدۇ

D. رەۋىشلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلدۈرگەن مەنىسىگە ئاساسەن بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ

2. رەۋىش ھەققىدە تۆۋەندىكى ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. «بۈگۈننىڭ تەدبىرى سەۋەبلىك ئەتىنىڭ تەدبىرىگە ئېھتىياجى قالمىغان كىشى ئەقىللىقتۇر» دېگەن جۈملىدە رەۋىشتىن ئىككىسى بولۇپ، ئىككىلىسى ۋاقىت رەۋىشى

B. يۇقىرىقى جۈملىدە رەۋىشتىن ئىككىسى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن

C. بۇ جۈملىدىكى ئىككى رەۋىشنىڭ بىرى ئېنىقلىغۇچى، بىرى تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

D. بۇ جۈملىدىكى ھەر ئىككى رەۋىش ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

3. «بىز ئىلگىرى ئۇ يەرگە كۆپ قېتىم بارغان، ھازىر ئانچە - مۇنچە بىرىپ قويىدىغان بولدۇق» دېگەن جۈملىدىكى رەۋىشلەر توغرىسىدا ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. بۇ جۈملىدە رەۋىشتىن بەشى بولۇپ، بىرىنچى رەۋىش ۋاقىت رەۋىشى

B. ۋاقىت رەۋىشىدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى ئالدىنقى جۈملىدە، يەنە بىرى كېيىنكى جۈملىدە

C. بىر سۈپەت مىقدار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

D. بۇ جۈملىدە قوشما رەۋىش يوق، جۈملىدىكى رەۋىشلەرنىڭ ھەممىسى ھالەت بولۇپ كەلگەن

4. «تۆنۈگۈن ھاۋا تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىپ، يامغۇر يېغىپ كەتكەچكە، مۇشۇ يەردە قونۇشقا مەجبۇر بولدۇق» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى رەۋىشلەر توغرىسىدىكى توغرا ھۆكۈم: ( )

A. ۋاقىت رەۋىشىدىن بىرى، ھالەت رەۋىشىدىن بىرى، ئورۇن رەۋىشىدىن بىرى بار

B. ۋاقىت رەۋىشىدىن بىرى، مەقسەت رەۋىشىدىن بىرى، سەۋەب رەۋىشىدىن بىرى بار

C. دەرىجە رەۋىشىدىن بىرى، سەۋەب - مەقسەت رەۋىشىدىن بىرى، ھالەت رەۋىشىدىن بىرى بار

D. ھالەت رەۋىشىدىن بىرى، دەرىجە رەۋىشىدىن بىرى، ئورۇن رەۋىشىدىن بىرى بار

5. «سىز تولىمۇ ئالدىراڭغۇ ئىكەنسىز. ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. بىز بۇ مەسىلىنى ھازىرلا ئۇزۇل - كېسىل بىر تەرەپ قىلىمىز» دېگەن جۈملىلەر تەركىبىدىكى رەۋىشلەر توغرىسىدىكى توغرا ھۆكۈم: ( )

A. بۇ جۈملە تەركىبىدە رەۋىشتىن تۆتى بولۇپ، ئىككىسى ھالەت رەۋىشى، ئىككىسى دەرىجە رەۋىشى

B. رەۋىشتىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى ھالەت رەۋىشى، بىرى دەرىجە رەۋىشى

C. رەۋىشتىن ئۈچى بولۇپ، بىرى ۋاقىت رەۋىشى، ئىككىسى دەرىجە رەۋىشى

D. بىرىنچى جۈملىدىكى رەۋىش ھالەت ۋەزىپىسىنى، ئىككىنچى جۈملىدىكى رەۋىشلەر ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

6.«مەن تۈنۈگۈن ھېلىقى ئىشنى ئەپچىللىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋەتتىم» دېگەن جۈملىدىكى رەۋىش توغرىسىدىكى تەھلىللەردىن توغرىسى: ( )

A. رەۋىشتىن ئۈچى بار، بىرىنچى رەۋىش ۋاقىت رەۋىشى، ئىككىنچى رەۋىش كۈچەيتىش رەۋىشى

B. رەۋىشتىن ئىككىسى بار، بىرى ئاددىي رەۋىش، بىرى قوشما رەۋىش

C. رەۋىشتىن ئۈچى بار، بىرى ۋاقىت رەۋىشى، بىرى ھالەت رەۋىش، بىرى مەقسەت رەۋىشى

D. جۈملىدىكى رەۋىشلەر بىر خىل ۋەزىپە ئۆتۈپ كەلگەن دېيىلسە توغرا بولمايدۇ

7. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى رەۋىشلەر ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ توغرىسى: ( )

A. « ساۋاقداشلارنىڭ كۆپىنچىسى مەكتەپكە ۋېلىسىپىت بىلەن كېلىدۇ» دېگەن جۈملىدە رەۋىشتىن بىرى بولۇپ، بۇ رەۋىش جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن

B. «ئاۋۋال ئويلا، ئاندىن سۆزلە» دېگەن ماقالىدا رەۋىشتىن ئىككىسى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ۋاقىت رەۋىشى، جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن

C. «ئەتىگەندە نېمە يېسەڭ، كەچكىچە شۇ» دېگەن ماقالدا رەۋىشتىن ئۈچى بولۇپ، ئىككىسى ۋاقىت

رەۋىشى، بىرى ھالەت رەۋىشى

D. «ئاچچىق ئالدىدا يۈرىدۇ، ئەقىل كەينىدە يۈرىدۇ» دېگەن ماقالدا رەۋىشتىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى بېرىش كېلىش بىلەن، يەنە بىرى ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن

8. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى رەۋىشلەر توغرىسىدىكى تەھلىللەردىن توغرىسى: (    )

A. « ئۇ بۇ ئىشنى قەستەن قىلدى» دېگەن جۈملىدىكى رەۋىش دەرىجە رەۋىشى بولۇپ، جۈملىدە سۈپەتكە باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

B. «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما» دېگەن ماقالدا رەۋىشتىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى ۋاقىت رەۋىشى، يەنە بىرى ھالەت رەۋىشى. ھەر ئىككى رەۋىش جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن

C. «ھازىر تەييارلىقىمىز ئاساسەن پۈتۈپ بولدى» دېگەن جۈملىدە رەۋىشتىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى ياسالما رەۋىش، بىرى تۈپ رەۋىش، ھەر ئىككىلىسى جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن

D. « ئارىمىز يىراق، كۆڭلىمىز يېقىن» دېگەن جۈملىدە رەۋىشتىن ئىككىسى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئورۇن رەۋىشى جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن

9. تۆۋەندىكىلەردىن ھەممىسى رەۋىشكە تەۋە بولغانلىرى: (    )

A. قەتئىي، چىلىك، تەسلىكتە، شۇنداق    B. بىرلىكتە، قەستەن، پائال، ئالدىدا

C. كونا بويى، چوقۇم، پۇختا، كۈچلۈك    D. مۇستەھكەم، پائال، ئەتەي، ئەبەدىي

10. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى رەۋىشلەر توغرىسىدىكى قاراشلاردىن توغرىسى: (    )

A. جەمئىيىتىمىزدىن ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار كۆپلەپ مەيدانغا چىقماقتا» دېگەن جۈملىدە رەۋىشتىن ئىككىسى بولۇپ، بىرسى ھالەت بولۇپ كەلگەن

B. «يېزىمىزنىڭ قىياپىتى تامامەن ئۆزگەردى» دېگەن جۈملىدە رەۋىشتىن بىرى بولۇپ، بۇ رەۋىش ياسالما رەۋىش، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن

C. « بۈگۈنكى كۈنىمىزنى قەدىرلىشىمىز كېرەك» دېگەن جۈملىدە بىر رەۋىشكە قوشۇمچە قوشۇلۇپ يەنە رەۋىش ياسالغان

D. «ھەر قانداق ئىش قىلغاندا ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىش كېرەك» دېگەن جۈملىدە بىر رەۋىش بولۇپ، بۇ رەۋىش ۋاقىت رەۋىشى، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن.

## II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ (    ) بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دېيىلىدۇ.

2. رەۋىشلەر بىلدۈرگەن مەنىسىگە ئاساسەن (    )، (    )، (    )، (    )، (    )، (    ) ، دەپ (    ) تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

3. شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ (    ) ياكى (    ) بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر سەۋەب ـ مەقسەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

4. رەۋىشلەر جۈملىدە (    ) باغلىنىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە

كېلىدۇ.

5. «ئۇ بۇ ۋەقەنى مەقسەتلىك ھالدا كەلتۈرۈپ چىقاردى» دېگەن جۈملە تەركىبىدە (          ) دېگەن رەۋىش بولۇپ، (          ) رەۋىشكە كىرىدۇ.

6. « بۇ تۆۋرۈكنى ئىنتايىن پۇختا دەپ ئويلايتتىم، لېكىن سەل- پەل بوشاپ كېتىپتۇ» دېگەن جۈملە تەركىبىدە (          ) دېگەندەك رەۋىشلەر بولۇپ، بۇ رەۋىشلەر مەنە جەھەتتىن (          ) رەۋىشكە كىرىدۇ. كېيىنكى رەۋىش جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

7. « مەندە چوقۇم غەلىبە قىلىمەن دەيدىغان ئىرادە بار، قەتئىي بوشاشمەيمەن» دېگەن جۈملىدىكى رەۋىشلەر (          )دېگەن رەۋىشلەردىن ئىبارەت. بۇ رەۋىشلەر مەنە جەھەتتىن (          ) كىرىدۇ. جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

8. « بىز مۇزېيغا تۈنۈگۈن باردۇق، تارىخىي، مەدەنىي يادىكارلىقلار بىلەن تونۇشتۇق» دېگەن جۈملە تەركىبىدە (          ) دېگەن رەۋىش بار. بۇ رەۋىشلەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن (          ) رەۋىش. جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

9. «بۈگۈن ئەتىنى يارىتىدۇ» دېگەن ماقالىدا (          ) دېگەن رەۋىشلەر بولۇپ، بۇ رەۋىشلەر مەنە جەھەتتىن (          ) رەۋىشگە كىرىدۇ. تۈزۈلۈشى جەھەتتىن (          ) رەۋىش.

10. «باشتا قاتتىق ئىش، ئاياغدا تاتلىق ئىش» دېگەن ماقالىدا (          ) دېگەن رەۋىشلەر بولۇپ، بۇ رەۋىشلەر مەنە جەھەتتىن (          ) رەۋىشى.

### III مەشىق ئىشلەش سوئالى

تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، رەۋىشلەرنى تېپىڭ.

بىز يېقىندا ئالىي مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلار يىغىلىشى ئۆتكۈزدۇق. ھەممىمىز بىرلىكتە ئىلگىرى بىرگە ئوقۇغان چاغلارنى ئەسلەشتۇق. بىز تولىمۇ قىزغىن پاراڭلاشتۇق، ئۇ چاغلاردا تۇرمۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. كۈنلىرىمىز ئۆگىنىش بىلەن غەمسىز ئۆتەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەممىمىز ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىمىزغا كەتتۇق. ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپتۇ. بەزى ساۋاقداشلار سەل - پەل ئۆزگىرىپتۇ، بەزى ساۋاقداشلار خېلىلا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالساق تونۇيالمىغىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ھازىر ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى- تۆۋەن خىزمەت ئورۇنلىرىدا بەجاندىل خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ. بەزىلىرى خىزمەتتە زور شان-شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۆپ قېتىم مۇكاپاتلىنىپتۇ. بەزىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى مىجەزى تامامەن ئۆزگىرىپ، ئېغىر بېسىق، سالماق، سالاپەتلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىن رەۋىشلەرنى تېپىڭ. ئاندىن ئۇنىڭ قانداق رەۋىش ئىكەنلىكىنى، جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

1) ئۇلار بۇ يەرگە يىراقتىن كەلگەن.

2) ئۇلار ئارقىمىزدىن چاپسانلا يېتىشىۋالدى.

3) تۈنۈگۈن ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ يامغۇر ياغدى.

4) بۈگۈن بۇ مۇسابىقىنى كۆرۈشكە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم كەلدى.

5) ئۇلار بۇ يەردىن بۇرۇنلا كېتىپ بولغانىدى.

6) مۇئەللىم دەرس مەزمۇنىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

7) دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى كۈنسېرى ياخشىلانماقتا.

8) مەن سېنى ياردەم بېرەرمىكىن دەپ ئىزدەپ كەلگەن.

9) مەن بۇ ئىشنى مەقسەتلىك ھالدا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان.

10) جەڭچىلىرىمىز دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

3. تۆۋەندىكى رەۋىشلەرنى رەۋىشلەرنىڭ قايسى تۈرىگە كىرىدىغانلىقىنى ئايرىڭ.

ھارماي -تالماي، ئىلگىرى، يۇقىرى، بۇرۇن، ئەپچىللىك بىلەن، كۆپ، سەل-پەل، ئىنتايىن، قەستەن، نۇرغۇن، ئانچە-مۇنچە، ئاتايىن، مەقسەتلىك ھالدا، تەستە، قەتئىي، دەلمۇدەل، يىراقتىن.

6. ئۆزىڭىز تەركىبىدە رەۋىش بولغان 10 جۈملە تۈزۈڭ. ئاندىن ئۇ رەۋىشلەرنىڭ قايسى تۈرگە كىرىدىغانلىقىنى، جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# XI باب پېئىل

## §1. پېئىل توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

**ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇ، ئىشلە، ياز، ئوقۇدى، يازدى، ئوقۇۋاتىدۇ، ئوقۇيدۇ، ئوقۇمايدۇ، يازمايدۇ...

پېئىللار «نېمە قىلدى؟ نېمە بولدى؟ نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ نېمە قىلىندى؟ نېمە قىلغان؟ نېمە قىلماقچى؟ نېمە قىلسا؟ نېمە بولسا؟ نېمە بولمىسا؟..» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

پېئىللار مەنە جەھەتتىكى كەڭلىكى، تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، ئۆزىگە خاس گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

**پېئىللار تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە:**

1. پېئىللار بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكلىگە ئىگە. مەسىلەن:

ئوقۇدى ـ ئوقۇمىدى، ئىشلىدى ـ ئىشلىمىدى، ماڭدى ـ ماڭمىدى، يازدى ـ يازمىدى، ئوقۇۋاتىدۇ، ئوقۇماۋاتىدۇ، ئوقۇيدۇ، ئوقۇمايدۇ، مېڭىۋاتىدۇ، ماڭماۋاتىدۇ، ماڭىدۇ، ماڭمايدۇ...

2. پېئىللار راي كاتېگورىيىسىگە ئىگە. مەسىلەن:

ئوقۇ، ئوقۇما (بۇيرۇق رايى)، ئوقۇسا، ئوقۇمىسا (شەرت رايى)، ئوقۇدى، ئوقۇمىدى (خەۋەر رايى).

3. پېئىللار زامان كاتېگورىيىسىگە ئىگە، پېئىللاردا ئۈچ زامان بار. مەسىلەن:

ئوقۇدى، ئوقۇمىدى، يازدى، يازمىدى (ئۆتكەن زامان)،

ئوقۇۋاتىدۇ، ئوقۇماۋاتىدۇ، يېزىۋاتىدۇ، يازماۋاتىدۇ (ھازىرقى زامان)،

ئوقۇيدۇ، ئوقۇمايدۇ، يازىدۇ، يازمايدۇ (كېلىدىغان زامان).

4. پېئىللار شەخس (سان) كاتېگورىيىسىگە ئىگە، پېئىللار ئۈچ شەخستە، بىرلىك، كۆپلۈك ساندا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇدۇم، ئوقۇمىدىم، ئوقۇدۇق، ئوقۇمىدۇق (1 ـ شەخس)،

ئوقۇدۇڭ، ئوقۇمىدىڭ، ئوقۇدۇڭلار، ئوقۇمىدىڭلار (2 ـ شەخس)،

ئوقۇدى، ئوقۇشتى، ئوقۇمىدى، ئوقۇشمىدى (3 ـ شەخس).

5. پېئىللار ئۆزىگە خاس دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە. پېئىللاردا بەش دەرىجە بار. مەسىلەن:

ئوقۇدى، ئوقۇمىدى، يازدى، يازمىدى (ئېنىق دەرىجە)

ئوقۇلدى، ئوقۇلمىدى، يېزىلدى، يېزىلمىدى (مەجھۇل دەرىجە)

ئوقۇتتى، ئوقۇتمىدى، يازدۇردى، يازدۇرمىدى (مەجبۇرىي دەرىجە)

ئوقۇشتۇق، ئوقۇمىدۇق، يازدۇق، يازمىدۇق (ئۆملۈك دەرىجە)

تارتىندىم، تارتىنمىدىم، تارتىندۇق، تارتىنمىدۇق (ئۆزلۈك دەرىجە)

7. پېئىللار ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە. مەسىلەن:

باش ـ باشلا، باشقۇر، ئىش ـ ئىشلە، تۇز ـ تۇزلە

8. پېئىللار جۈملىدە باشقا سۆزلەرنى تەشكىللەپ، جۈملىنى تەشكىللەشتىكى ئەڭ مۇھىم بۆلەك خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەلدى. دەرس باشلاندى.

9. پېئىللارنىڭ تۈرلىرىدىن ياردەمچى پېئىللار ئىسىم، سۈپەت قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىگە قوشۇلۇپ ئۇ سۆزلەرنى پېئىللاشتۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىمىزدىكى مەكتەپ ئىكەن. قولۇمدىكى ئۇيغۇر تىلى كىتاب ئىدى. ئىلى دەرياسىنىڭ بويلىرى ناھايىتى گۈزەل ئىكەن.

ئۈرۈمچى بەك چوڭ، بەك گۈزەل ئىكەن، سىلەرنى چاقىرغان بىز ئىدۇق...

10. باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ شەكىللىرىدە ئۆزئارا ئۆتۈشۈش ئەھۋالى بولسىمۇ، لېكىن پېئىللارنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرى باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئۆتمەيدۇ. مەسىلەن:

ئىسىم، سۈپەتلەر پېئىللاردەك بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىلدە كەلمەيدۇ.

## §2 . شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىللار

پېئىللار شەخسنى بىلدۈرۈش ـ بىلدۈرمەسلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن شەخسلىك پېئىللار ۋە شەخسسىز پېئىللار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. شەخسلىك پېئىللار

**پېئىللارغا شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، شۇ پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخس تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار شەخسلىك پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

مەن ئوقۇۋاتىمەن، بىز ئوقۇۋاتىمىز، سەن ئوقۇۋاتىسەن، سىلەر ئوقۇۋاتىسىلەر، ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ، ئۇلار ئوقۇۋاتىدۇ، مەن ئوقۇيمەن، مەن ئوقۇمايمەن، بىز ئوقۇيمىز، بىز ئوقۇمايمىز...

يۇقىرىقى جۈملىدە «ئوقۇ» دېگەن پېئىلنىڭ ئاخىرىغا پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى ۋە شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن «ئوقۇش» ھەرىكىتىنىڭ كىم تەرىپىدىن ئورۇندىلىۋاتقانلىقى، ئورۇنلىنىدىغان ياكى ئورۇنلانمايدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. ئەنە شۇنداق پېئىللارنى شەخسلىك پېئىل دەيمىز.

شەخسلىك پېئىللار ئۈچ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ ئۈچ زاماندا كېلىدۇ.

| تۈرلىرى / شەخسلەر | زامانلار | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| 1ـ شەخس | ئۆتكەن زامان | مەن ئالدىم | بىز ئالدۇق |
| | ھازىرقى زامان | مەن ئېلىۋاتىمەن | بىز ئېلىۋاتىمىز |
| | كېلىدىغان زامان | مەن ئالىمەن | بىز ئالىمىز |
| 2ـ شەخس | ئۆتكەن زامان | سەن ئالدىڭ | سىلەر ئالدىڭلار |
| | ھازىرقى زامان | سەن ئېلىۋاتىسەن | سىلەر ئېلىۋاتىسىلەر |
| | كېلىدىغان زامان | سەن ئالىسەن | سىلەر ئالىسىلەر |
| 3ـ شەخس | ئۆتكەن زامان | ئۇ ئالدى | ئۇلار ئالدى |
| | ھازىرقى زامان | ئۇ ئېلىۋاتىدۇ | ئۇلار ئېلىۋاتىدۇ |
| | كېلىدىغان زامان | ئۇ ئالىدۇ | ئۇلار ئالىدۇ |

### 2. شەخسسىز پېئىللار

**ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدىغان، ئىسىم، سۈپەت، رەۋىشلەرنىڭ رولىدىمۇ كېلىدىغان پېئىللار شەخسسىز پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.**

شەخسسىز پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن سۈپەتداش، رەۋىشداش ۋە ئىسىمداش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## شەخسلىك پېئىللارنىڭ شەكىللىرى

## §3. تۈپ پېئىل ۋە ياسالما پېئىل

پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ مەنە جەھەتتىكى تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن، تۈپ پېئىل ۋە ياسالما پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. تۈپ پېئىل

**پېئىلنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، ھېچقانداق قوشۇمچە ئۇلانمىغان قىسمى، تومۇرى تۈپ پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇ، ياز، بىل، كەت، ماڭ، تۇر، قىل، چىق، قوي، ئال، يەر، كەل، ئات...

تۈپ پېئىللار پېئىللارنىڭ تۈرلىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ.

### 2. ياسالما پېئىل

**باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان پېئىللارنى ياسالما پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئىش ـ ئىشلە، ئىشلىمەك؛ يول ـ يوللا، يوللىماق، يوللاش؛ باش ـ باشلا، باشقۇر، باشقۇرۇش؛ تۈز ـ تۈزلە، چىڭ ـ چىڭدا، سۆز ـ سۆزلە

**باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئۇلىنىپ پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچىلار تۆۋەندىكىچە:**

**1. ئىسىملارغا ئۇلىنىپ پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچىلار:**

لا، لە: ئىش + لە = ئىشلە، باش + لا = باشلا، يول +لا= يوللا

ا، ە : ئوت + ا = ئوتا، سان + ا = سانا، كۈچ + ە = كۈچە، تۈن +ە = تۈنە

لان، لەن: ئوزۇق + لان = ئوزۇقلان، گەۋدە + لەن = گەۋدىلەن، پەخىر + لەن= پەخىرلەن

سىرا: ياغ + سىرا = ياغسىرا، ئۇيقۇ + سىرا = ئۇيقۇسىرا، ماي+ سىرا = مايسىرا

لاش، لەش: قانۇن + لاش = قانۇنلاش، مەسلىھەت + لەش = مەسلىھەتلەش

غار، قۇر: سۇ + غار = سۇغار، باش + قۇر = باشقۇر

ئاڭغىرا ، ئەنكىرە: ياش + اڭغىرا = ياشاڭغىرا، ئەس + ەنكىرە = ئېسەنكىرە

دا، دە: شامال + دا = شامالدا، ئۈن + دە = ئۈندە، ھۆل +دە= ھۆلدە

**2.سۈپەتلەرگە ئۇلىنىپ پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچىلار:**

ا، ە : يوغان + ا = يوغىنا، تۈز +ە = تۈزە

ر، ار، ەر: كونا + ر = كونار، ئاق + ار= ئاقار، كۆك + ەر = كۆكەر

ي، اي، ەي: قارا + ي = قاراي، چوڭ + اي = چوڭاي، كەڭ + ەي = كېڭەي

لان، لەن: ياخشى + لان = ياخشىلان، تۈز + لەن = تۈزلەن

دا، دە: چىڭ + دا = چىڭدا، نەم + دە = نەمدە

لا، لە: يېڭى + لا = يېڭىلا، كىچىك + لە = كىچىكلە، تۈز + لە = تۈزلە

لاش، لەش: ئېغىر + لاش = ئېغىرلاش، سەت + لەش = سەتلەش، بىر + لەش= بىرلەش

**3. سانلارغا ئۇلىنىپ پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچىلار:**

لەن، لىك ـ ئىككى+ لەن= ئىككىلەن، بىر + ىك= بىرىك

**4. مىقدارغا ئۇلىنىپ پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچىلار:**

لا، لە: توپ + لا = توپلا، ۋاراق + لا = ۋاراقلا، تۇتام + لا = تۇتاملا، تۈپ + لە = تۈپلە

رەت + لە = رەتلە، گرام + لا = گراملا، سەر+ لە = سەرلە مېتىر + لا = مېتىرلا، غېرىچ + لا = غېرىچلا،،

**5. رەۋىشلەرگە ئۇلىنىپ پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچىلار:**

لا، لە، ەي: هازىر + لا = هازىرلا، ئىلگىرى + لە = ئىلگىرىلە، كۆپ + ەي = كۆپەي

تەكرار + لا = تەكرارلا، كەچ + لە = كەچلە، ئىچكىرى + لە= ئىچكىرىلە

يۇقىرى + لا = يۇقىرىلا، تۆۋەن + لە= تۆۋەنلە، ئىلگىرى + لە= ئىلگىرىلە

**6. تەقلىد سۆزلەرگە ئۇلىنىپ پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچىلار:**

رە، ىرا: مە + رە = مەرە، يالت... + ىرا = يالتىرا

ىلە، ىلدە: ۋىژ + ىلدا = ۋىژىلدا، لەپ + ىلدە = لەپىلدە، غىچ + ىلدا = غىچىلدا

شى: تاراق + شى = تاراقشى، هاۋ + شى = هاۋشى، جىرىڭ + شى = جىرىڭشى

ئۇلدا، ئۇلدە: بۇژ + ۇلدا = بۇژۇلدا، گۇر + ۇلدە = گۇرۇلدە

لا، لە: ۋىچىر + لا = ۋىچىرلا، پىچىر + لا = پىچىرلا

**7. بىر قىسىم ئالماشلارغا ئۇلىنىپ پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچىلار:**

لا، لە: سەن + لە = سەنلە، سىز + لە = سىزلە

# §4. بولۇشلۇق پېئىل ۋە بولۇشسىز پېئىل

پېئىللار ئىش ـ هەرىكەت ياكى هالەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ياكى ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ئاساسەن بولۇشلۇق پېئىل ۋە بولۇشسىز پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. بولۇشلۇق پېئىل

**ئىش ـ هەرىكەت ياكى هالەتنىڭ بولغانلىقىنى، بولۇۋاتقانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل بولۇشلۇق پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

يازدى، يېزىۋاتىدۇ، يازىدۇ، ئىشلىدى، ئىشلەۋاتىمەن، ئىشلەيمەن، ئىشلەيمىز

www.uyghurkitap.com

### 2. بولۇشسىز پېئىل

**ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ بولمىغانلىقىنى، بولمايۋاتقانلىقىنى، بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلى بولۇشسىز پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى پېئىللارغا «ـ ما، ـمە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلىنى ئىپادىلەيدىغان «ـ ما، ـمە» قوشۇمچىسى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقىنى ئاساس قىلىپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

بار-بارما، بارمىدى، بارمايۋاتىدۇ، ئىشلىمە، ئىشلىمىدى، ئىشلىمەيۋاتىدۇ.

ياز- يازما، يازمىدى، يازمايۋاتىدۇ، يازمايدۇ، كۆر- كۆرمە، كۆرمىدى.

پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكلى پېئىللارنىڭ زامانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پېئىل مەيلى بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز بولسۇن، ئۇنىڭدا زامان ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

## §5. پېئىل زامانلىرى

پېئىل زامانلىرى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «پېئىل زامانلىرى» دېگەن ئۇقۇمدىكى «زامان» ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. پېئىللاردا ئىپادىلىنىدىغان ۋاقىت زامان بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**پېئىللارنىڭ ۋاقىت بىلەن باغلىق بولغان مەنىلىرى پېئىل زامانلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

بەزى پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەت سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مەن كىتاب ئوقۇۋاتىمەن، ئۇكام كىتاب ئوقۇمايۋاتىدۇ.

يەنە بەزى پېئىللار ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بەزى پېئىللار ئىش ـ ھەرىكەت سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

«گۇرۇچتىن خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپتۇ» (ئۆتكەن زامان)

ئاكام شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىيولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتىدۇ ( ھازىرقى زامان).

دادام ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. (ئۆتكەن زامان)

باھار كەلگەندە بۇ گۈللەر ئېچىلىدۇ، بىز شۇ چاغدا سۈرەتكە چۈشىمىز. (كېلىدىغان زامان)

پېئىللار ئۆزى ئىپادىلىگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراپ، ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان، كېلىدىغان زامان دەپ ئۈچ زامانغا بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئۆتكەن زامان

**ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ئۆتكەن زامان پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇدۇم، ئوقۇمىدىم، ئوقۇدى، ئوقۇمىدى، ئوقۇدۇق، ئوقۇمىدۇق.

ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالاندى.

مەن ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر يازغان «ئانا يۇرت» رومانىنى ئوقۇدۇم.

مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن بولساممۇ گەپ- سۆز قىلمىغان.

### 2. ھازىرقى زامان

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ھازىرقى زامان پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇۋاتىمەن، ئوقۇمايۋاتىمەن، ئوقۇۋاتىمىز، ئوقۇمايۋاتىمىز.

ۋاقىت توشقان بولسىمۇ ئۇلار ھازىرغىچە كەلمەيۋاتىدۇ.

بىز ئەمگەك قىلىۋاتىمىز، ئۇلارنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار دەرس ئوقۇۋاتىدۇ.

بىز ھازىر پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز.

### 3. كېلىدىغان زامان

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار كېلىدىغان زامان پېئىلى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇيمەن، ئوقۇمايمەن، ئوقۇيمىز، ئوقۇمايمىز، ئوقۇيسەن، ئوقۇمايسەن.

مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاخبارات كەسپى ئوقۇيمەن.

مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە چوقۇم مۇيەسسەر بولالايمەن.

بىز يازلىق تەتىلدە ئۈرۈمچىگە غۇلجىغا ساياھەتكە بارىمىز.

**ئەسكەرتىش:**

پېئىللارنىڭ كېلىدىغان زامان شەكلى بەزىدە ئۆتكەن زامان مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئاشۇ يىللاردا قەشقەردىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە بارىدۇ، بىر مەزگىل جان بېقىش ئۈچۈن مەدىكار بولۇپ ئىشلەيدۇ. كېيىنچە ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

## §6. پېئىل رايى ( مەيللىرى )

**جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتكە نىسبەتەن سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق شەكىللەر پېئىل رايى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

«ياز، ئوقۇ، ماڭ، تۇر، كۆر، يۈر» دېگەن پېئىللارنى ئالساق، بۇ پېئىللار تۈزۈلۈش جەھەتتىن پېئىلنىڭ يىلتىز شەكلى ھېسابلىنىدۇ. مەنە جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ پېئىللار سۆزلىگۈچىنىڭ ئاشۇ ئىش- ھەرىكەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئىككىنچى بىر شەخسكە بۇيرۇق بېرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىش- ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ پېئىللار ئىش - ھەرىكەتنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى، سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بۇ پېئىللارغا «سا، سە» قوشۇمچىلىرىنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى قوشۇپ «يازسا، ئوقۇسا، ماڭسا، تۇرسا، كۆرسە، يۈرسە» شەكلىدە ئىپادىلىسەك، بۇ پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى، بۇ پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىككىنچى بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىشىغا شەرت بولۇپ قويۇلۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بۇ پېئىللارنى «يازدى، يازدۇق، ئوقۇدى، ئوقۇدۇق، ماڭدى، مېڭىۋاتىدۇ، تۇردى،

تۇرۇۋاتىمىز» دېگەن شەكىللەردە ئىپادىلىسەك، ئىش - ھەرىكەتنىڭ كىملەر تەرىپىدىن قايسى تەرزدە ئەمەلگە ئاشقانلىقى - ئورۇندالغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ خەۋەر بېرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاردا خەۋەر رايى، بۇيرۇق رايى، شەرت رايىدىن ئىبارەت ئۈچ راي بار.

### 1. خەۋەر رايى (بايان رايى)

**سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ئىش - ھەرىكەت توغرىسىدىكى بايانىنى بىلدۈرىدىغان راي شەكلى خەۋەر رايى دەپ ئاتىلىدۇ.**

مۇئەللىم دەرسنى چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق سۆزلىدى.

بىز باشتىن - ئاخىر ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدۇق، دەرسلىكتىكى بارلىق مەزمۇنلارنى تولۇق چۈشىنىۋالدۇق.

ئوقۇش ھاياتىمىزدا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىدۇق، زور بىلىم ئاساسىنى ھازىرلىدۇق، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش بىز ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئىمتىھاندىن چوقۇم ئۆتەلەيمىز.

خەۋەر رايى تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

**1. خەۋەر رايىدىكى پېئىللار ئۈچ شەخستە، ئۈچ زاماندا، بىرلىك - كۆپلۈك ساندا، بولۇشلۇق - بولۇشسىز شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:**

بىز ھەرخىل دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمىز = (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك، ھازىرقى زامان، بولۇشلۇق شەكىلدە كەلگەن).

تىرىشىپ ئۆگەنمىسەڭ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلمەيسەن. (ئىككىنچى شەخس، كېلىدىغان زامان، بولۇشسىز شەكىلدە كەلگەن).

ئۇلار تاپشۇرۇقنى ناھايىتى ياخشى ئىشلىدى (ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك، ئۆتكەن زامان، بولۇشلۇق شەكىلدە كەلگەن).

**2. خەۋەر رايىدىكى پېئىللار شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:**

مەن تۈنۈگۈن كىتابخانىغا باردىم، بىراق سىلەر بارماپسىلەر.

بىز ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قىزىقىپ ئوقۇۋاتىمىز، ئەدەبىي ئەسەرلەر نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىدۇ. شۇڭا سىلەرمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇڭلار.

سىلەر ۋەزىپىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇندىدىڭلار.

### 2. شەرت رايى

**مەلۇم بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ياكى ئورۇندالماسلىقىغا شەرت بولۇپ كەلگەن پېئىللار شەرت رايى دەپ ئاتىلىدۇ.**

شەرت رايى پېئىل تومۇرىغا «سا، سە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە بىرلا ۋاقىتتا بىرلىك - كۆپلۈك، بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز، تەۋەلىك مەنىلىرىمۇ ئىپادىلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

تىرىشىپ ئۆگەنسەم، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن.

قايسى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى ياخشى بولسا، شۇ سىنىپنىڭ ئۆگىنىش

ئەھۋالى ياخشى بولىدۇ.

دوستۇڭنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەپەرگە چىق. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيسەن.

## 3. بۇيرۇق رايى

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش - ئورۇندالماسلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇق تەلىپىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل بۇيرۇق رايى دەپ ئاتىلىدۇ.**

بۇيرۇق پېئىللار ئىككىنچى شەخستىكى پېئىللار يەنى پېئىللارنىڭ تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. بۇيرۇق رايىنىڭ قوشۇمچىلىرى ئەنە شۇ تومۇرغا قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ، ماڭ، تۇر، ئوقۇڭ، ئوقۇت، ماڭدۇر، تۇرغۇز...

ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگەنسۇن، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلسۇن، يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقسۇن. كەلگۈسىدە ۋەتەن، خەلققە تېگىشلىك تۆھپە قوشسۇن.

ساۋاقداش ئاينۇر، ساۋاقداشلارغا ئېيتىڭ، ئۇلار ھازىرلا سىنىپقا كىرسۇن.

**بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار تۆۋەندىكى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:**

1) بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار ئاساسەن 2 - شەخستىكى پېئىللار بولغاچقا، بىرىنچى شەخستە بىۋاستە ئىپادىلەنمەيدۇ، ئەمما، بىرىنچى شەخسنىڭ بىرلىك تۈرى «- ي، -اي، -ەي» قوشۇمچىلىرى، كۆپلۈك تۈرى «- يلى، - ايلى، -ەيلى» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ - ئوقۇي، بار - باراي، ئىشلە - ئىشلەي، قارا - قاراي، كۆر - كۆرەي، كۆر - كۆرەيلى، تۈز - تۈزەي تۈزەيلى، ياز - يازاي، يازايلى...

2) بۇيرۇق رايىنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك تۈرى پېئىل يىلتىزلىرىغا «غىن، قىن، گىن، كىن» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ياز - يازغىن، بار - بارغىن، تۇت - تۇتقىن، كۆر - كۆرگىن، كەل - كەلگىن، كەت - كەتكىن...

3) بۇيرۇق رايىنىڭ ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە تۈرى «-ڭ، -ىڭ، -ۇڭ، - ۈڭ، - سىلا، - سىلە» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇ - ئوقۇڭ، سۆزلە - سۆزلەڭ، تۇت - تۇتۇڭ، ياز - يېزىڭ، كۆر - كۆرۈڭ كۆر - كۆرسىلە، ياز - يازسىلا، ئال - ئالسىلا...

4) ئىككىنچى شەخسنىڭ كۆپلۈك تۈرى پېئىل يىلتىزلىرىغا «ڭلار، - ىڭلار، - ۇڭلار، ۈڭلار» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن، سىپايە تۈرى ھەرىكەتناملارنىڭ ئاخىرىغا «- سىلا، - سىلە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ - ئوقۇڭلار، باشلا - باشلاڭلار، تۇر - تۇرۇڭلار، كۆر - كۆرۈڭلار، تۈز - تۈزۈڭلار، ئوقۇشسىلا، يېزىشسىلا، كۆرۈشسىلە، تۈزۈشسىلە.

5) بۇيرۇق رايىنىڭ 3 - شەخس بىرلىك، كۆپلۈك تۈرى ئوخشاشلا «سۇن» قوشۇمچىسى ئارقىلىق، سىپايە تۈرى «غاي، قاي، گەي، كەي» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ - ئوقۇسۇن، ياز - يازسۇن، كۆر - كۆرسۇن، بار - بارسۇن، سۆزلە - سۆزلىسۇن

ئوقۇ - ئوقۇغاي، ياز - يازغاي، تۇت - تۇتقاي، كۆر - كۆرگەي، بار - بارغاي، سۆزلە - سۆزلىگەي، كەت - كەتكەي...

www.uyghurkitap.com

# §7. پېئىل دەرىجىلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەردە ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن ئۇنى ئورۇندىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جۈملىدىكى پېئىل ئارقىلىق بىرنەچچە خىل دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

1) بۇ زاۋۇت يېڭى مەھسۇلاتلارى ياسىدى. 2) بۇ مەھسۇلاتلار زاۋۇتتا ياسالدى.

3) ئۇ سەھنىگە چىقىشقا ياساندى. 4) ئۇ چېچىنى يېڭىچە پاسوندا ياساتتى.

5) بۇ مەھسۇلاتنى ئىشچىلار بىرلىكتە ياساشتى.

يۇقىرىدىكى جۈملىلەردە «ياسا» پېئىلى بىلەن ھەرىكەت ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەش خىل دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن.

**جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن ھەرىكەت ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق شەكىللەر پېئىل دەرىجىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاردا ئەسلىي دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجە، مەجھۇل دەرىجە، مەجبۇرىي دەرىجە، ئۆملۈك دەرىجىدىن ئىبارەت بەش دەرىجە بار.

## 1. ئەسلىي دەرىجە

**پېئىلنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان شەكلى ئارقىلىق ھەرىكەتنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى ئەسلىي دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

شامال چىقتى. مەن كىتاب ئوقۇدۇم. ئۇلار تاپشۇرۇق ئىشلىدى.

تەبىئەت ئىقتىدارسىز ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئىقتىدارلىق، راستچىل، ساپ كىشىلەرگە باش ئېگىدۇ. ئۆز سىرىنى بېرىدۇ. (گوركى)

پېئىلنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى پېئىلنىڭ ھېچقانداق قوشۇمچە ئۇلانمىغان شەكلى بولۇپ، پېئىلنىڭ باشقا دەرىجە شەكىللىرىنى ياساشقا ئاساس بولىدۇ. ئەسلىي دەرىجىنىڭ ياسايدىغان قوشۇمچىسى يوق.

## 2. ئۆزلۈك دەرىجە

**ئىش ـ ھەرىكەتنى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئورۇنداپ يەنە ئۆزى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى ئۆزلۈك دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.**

پېئىلنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ـ ل، ـ ىل، ـ ۇل، ـۈل، ن، ـ ىن، ـ ۇن، ـ ۈن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كىي + ىن + دى = كىيىندى. ئىل + ىن + دى = ئىلىندى.

ئۇ چىرايلىق كىيىندى. بىلىق قارماقتا ئىلىندى.

ماختا + ن = ماختان + دى = ماختاندى.

ئۇ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن ماختاندى.

تۇت + ۇن + دى = تۇتۇندى. ئۇ بۇ ئىشقا تۇتۇندى.

**ئەسكەرتىش:**

تىلىمىزدىكى «ماڭ، ياز، ئىشلە، ئوقۇ» قاتارلىق بىر قىسىم پېئىللار ئۆزلۈك دەرىجىدە تۈرلەنمەيدۇ.

### 3. مەجھۇل دەرىجە

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىغۇچىسىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى مەجھۇل دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.**

پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى پېئىللارغا «- ل، - ىل، //-ۇل، - ۈل، -ن، -ىن، //-ئۇن، ئۈن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

چاپ + ىل + دى= چېپىلدى. ئۈستەڭ چېپىلدى.

قوش + ۇل + دى = قوشۇلدى. جەمئىيەتكە زور تۆھپە قوشۇلدى.

كۆر + ۈل + دى = كۆرۈلدى. ۋەزىپىنى ئورۇنداش جەريانىدا سەۋەنلىكلەر كۆرۈلدى.

ئال + ىن + دى= ئېلىندى. يوشۇرۇن خەۋپنىڭ ئالدى ئېلىندى.

**ئەسكەرتىش:**

1) ئۆزلۈك دەرىجىسىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن مەجھۇل دەرىجىنىڭ قوشۇمچىلىرى شەكىلداش (ئوخشاش) بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى خىل دەرىجە شەكلىنى جۈملىدىكى مەنىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بازارغا بېرىشقا تەييارلاندىم، بېلىق قارماققا ئىلىندى (ئۆزلۈك).

ئۈستەڭ چېپىلدى، يىغىن ئېچىلدى، كىر يۇيۇلدى، دەس ئۆتۈلدى (مەجھۇل).

2) ئۇيغۇر تىلىدىكى «شادلاندى، ئىككىلەندى، خۇشاللاندى» پېئىللىرى ئۆزلۈك دەرىجىدىكى پېئىللارغا شەكىل جەھەتتىن ئوخشىشىدۇ ھەم ئۆزلۈك دەرىجە مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ياسىلىش جەھەتتىن، «لان، لەن» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلۈك دەرىجىدىكى پېئىل ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

### 4. مەجبۇرىي دەرىجە

**ئىش - ھەرىكەتنى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئۆزى ئورۇندىماي باشقا بىر شەخسنى مەجبۇرلاش ئاساسىدا ئورۇنداتقۇزغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى مەجبۇرىي دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.**

**پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى تۆۋەندىكىدەك قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىدۇ:**

1) ئاخىرى يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا «دۇر، تۇر، //دۈر، تۈر، //غۇر، قۇر، //گۈر، كۈر» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ياز - يازدۇر، تاپ - تاپتۇر، كىي - كىيدۈر، كەل - كەلتۈر، ماڭ - ماڭدۇر، ماڭ - ماڭغۇز، تاپ - تاپقۇز، يە - يېگۈز، تىك - تىككۈز...

2) ئاخىرى ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا ۋە «- ار، - ەر، - اي، - ەي» لار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا «ت» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوينا - ئوينات، سەكرە - سەكرەت، سانا - سانات، ئاقار - ئاقارت، كۆەر - كۆكەرت، زوراي - زورايت، كېڭەي - كېڭەيت

3) «چ» ياكى «ش» بىلەن ئاخىرلاشقان ئايرىم بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا «- ار، - ەر» ياكى «ۇر، ۈر»

قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۈچ - ئۈچۈر

چۇش - چۈشەر، چۈش - چۈشۈر

ئىچ - ئىچۈر، ئىچ - ئىچەر

**5. ئۆملۈك دەرىجە**

ھەرىكەتنىڭ بىرقانچە شەخس تەرىپىدىن بىرلىكتە ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى ئۆملۈك دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجە شەكلى پېئىللارغا «- ش، - ىش، - ۇش، - ۈش» قوشۇمچىلىرى ۋە شەخس، زامانني ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوينا + ش + تى = ئويناشتى، ياز + ىش + تۇق = يېزىشتۇق، كىر + ىش + تى = كىرىشتى، قوي + ۇش + تى = قويۇشتى. كۆر + ۈش + تۇق = كۆرۈشتۇق،

## پېئىل سۆز تۈركۈمىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى (1)

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ

1. پېئىل ۋە پېئىللارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: (     )

A. شەيئىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ

B. ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى پېئىللار شەخسنى بىلدۈرسە، بەزى پېئىللار شەخسنى بىلدۈرمەيدۇ

C. پېئىللار بولۇشلۇق، بولۇشسىز، زامان، راي ۋە دەرىجە شەكىللىرىگە ئىگە

D. پېئىللار تۈزۈلۈش جەھەتتىن بولۇشلۇق پېئىل ۋە بولۇشسىز پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ

2. تۈپ پېئىل ۋە ياسالما پېئىل ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (     )

A. تۈپ پېئىل پېئىلنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قىسمى، يەنى پېئىلنىڭ تومۇرى، يىلتىزى

B. تۈپ پېئىل دېگەنلىك بىرلا پېئىلدىن تۈزۈلگەن پېئىل دېگەنلىك

C. ياسالما پېئىل دېگەنلىك پېئىللارغا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پېئىل دېگەنلىك

D. پېئىللارغا بەزى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىقمۇ ياسالما پېئىللارنى ياسىغىلى بولىدۇ

3. بولۇشلۇق پېئىل ۋە بولۇشسىز پېئىل ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (     )

A. بولۇشلۇق پېئىل دېگەنلىك ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولغان، بولۇۋاتقان ۋە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دېگەنلىك

B. بولۇشلۇق پېئىل دېگەنلىك، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دېگەنلىك

C. پېئىللار ئادەتتە ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىپادىلىگەچكە بولۇشلۇق شەكىلدە كېلىدۇ، بولۇشسىز شەكىلدە كەلمەيدۇ

D. «دەرس باشلاندى» دېگەن جۈملىدىكى «باشلاندى» دېگەن پېئىل شەخسلىك پېئىل، بولۇشلۇق پېئىل، تۈپ پېئىل ھېسابلىنىدۇ

4. تۆۋەندىكىلەردىن ھەممىسى پېئىل سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولغانلىرى: ( )

A. باشلاندى، كۆچەيدى، قەتئىي، تامامەن، تۈتماس، قاچاندىن بېرى، ئۇچقۇر، كۆرۈلگەن

B. كۆرەر، سەزگۈ، چاپقۇر، باتۇر، كۆركەم، چىداملىق، تۈتاملاپ، تىككۈزدى

C. ئوقۇش، يازماق، بارار، كۈلمەي، قورققان، كەلمەس، پۈتمىگەن، قىسقار، گۈركىرە

D. ياسالدى، بەرمىدى، ھەرگىز، قورقۇش، تاپار، باشقىچە، ھەسەتخور، تاماملا

5. «نادان قازانغا قارايدۇ، تادان ئوچاققا قارايدۇ» دېگەن ماقالدىكى پېئىللار ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. پېئىلدىن ئىككىسى بولۇپ، ھەر ئىككىسى بولۇشسىز پېئىل، بولۇشلۇق پېئىل يوق

B. بىر پېئىل ئىككى قېتىم كەلگەن بولۇپ، بۇ پېئىل شەخسلىك پېئىل

C. بۇ پېئىلدا شەخس بولمىغانلىقى ئۈچۈن شەخسلىك پېئىل دېيىشكە بولمايدۇ

D. بۇ جۈملىدىكى پېئىل بولۇشلۇق پېئىل، شەخسلىك پېئىل، ياسالما پېئىل

6. ‹‹ئىچىڭنى بىزە،سىرتىڭنى بوياپ پارقىراتما، ھەممە نەرسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئىچىدە بولىدۇ، ئىچى ياخشى بولمىسا سىرتى ھېچنىمىگە يارىمايدۇ›› (يۈسۈپ خاس ھاجىپ) دېگەن جۈملىدىكى پېئىل توغرىسىدىكى قاراشلاردىن خاتاسى: ( )

A. پېئىلدىن ئالتىسى بولۇپ، بەشى شەخسلىك پېئىل، بىرى شەخسسىز پېئىل، زامانغا تەۋە بولغان پېئىلدىن بەشى بار

B. پېئىللارنىڭ ھەممىسى تۈپ پېئىل بولۇپ، ياسالما پېئىللار يوق. ئىككىسى بولۇشلۇق پېئىل، ئۈچى بولۇشسىز پېئىل

C. زامانغا تەۋە پېئىلدىن بەشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىككىسى بولۇشلۇق شەكىلدە، ئۈچى بولۇشسىز شەكىلدە كەلگەن

D. شەخسلىك پېئىللارنىڭ ئىككىسى بۇيرۇق رايدا، ئىككىسى خەۋەر رايدا، بىرى شەرت رايدا كەلگەن

7. «بۈگۈن بىز مۇسابىقە ئۆتكۈزىمىز، سىلەر قاتناشساڭلار بالدۇرراق كېلىڭلار، بولمىسا ئورۇن قالمايدۇ» دېگەن جۈملىدىكى پېئىللار ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. بۇ جۈملىدە جەمئىي بەش پېئىل بولۇپ، شەخسلىك پېئىلدىن ئىككىسى بار

B. پېئىلدىن جەمئىي تۆتى بولۇپ، شەرت رايىدا كەلگەن پېئىلدىن ئىككىسى بار

C. بولۇشلۇق پېئىلدىن ئىككىسى، شەرت رايىدا كەلگەن بولۇشسىز پېئىلدىن ئىككىسى بار

D. ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك، بۇيرۇق رايىدا كەلگەن بولۇشلۇق پېئىلدىن بىرسى بار

8. «تارىخ ئۆگەنسەڭ زېرەك بولىسەن، ماتېماتىكا ئۆگەنسەڭ سەزگۈر بولىسەن. ئەدەبىيات ئۆگەنسەڭ

www.uyghurkitap.com

پىكىرلىك بولىسەن» دېگەن جۈملىلەردىكى پېئىل رايلىرى ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنىڭ توغرىسى: (　　)

A. بۇ جۈملىدە پېئىللارنىڭ راي شەكلىدە كەلگەن پېئىلدىن ئالتىسى بار

B. بۇ جۈملىدىكى راي شەكلىدە كەلگەن پېئىللار ئۈچ رايدا كەلگەن

C. بۇ جۈملىدىكى پېئىللاردىن ئىككىسى ئۈچىنچى شەخسكە، تۆتى ئىككىنچى شەخسكە تەۋە پېئىللار

D. بۇ پېئىللارنىڭ ھەممىسى شەرت رايىدا، ئۈچىنچى شەخستە تۇرلىنىپ كەلگەن

9. «دۈشمىنىڭگە بىخۇد بولما، يېقىنلاشما، نېرى تۇر، دۈشمەننى سەن بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇنى تورغا چۈشۈر» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ) دېگەن ئىككى مىسرا شېئىردىكى پېئىللار ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　　)

A. بۇ جۈملىدە پېئىلدىن جەمئىي بەشى بولۇپ، تۆتى بۇيرۇق رايىدا كەلگەن

B. بۇ جۈملىدە بولۇشسىز پېئىلدىن ئىككىسى بولۇپ، ئىككىلىسى ياسالما پېئىل

C. بۇ جۈملىدىكى پېئىللارنىڭ ئىككىسى ياسالما پېئىل بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى سۈپەتتىن ياسالغان

D. بۇ جۈملىدە جەمئىيي تۆت پېئىل بولۇپ، ئىككىسى خەۋەر رايىدا، ئىككىسى بۇيرۇق رايىدا كەلگەن

10. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى سۆزلەر ھەققىدىكى قاراشلاردىن توغرىسى: (　　)

A. «دۇنيادىكى ئىغىرچىلىقلار ئىچىدە ئىستىقبال قايغۇسى ھەممىدىن ئىغىر» دېگەن جۈملە تەركىبىدە ئىسىمدىن تۆتى، ئالماشتىن بىرى، سۈپەتتىن ئىككىسى بار بولۇپ، پېئىل يوق

B. «ئەگەر سەن ئەقلىڭنى توغرا ئىشلىتەلىسەڭ، ياتقان ئورنۇڭ كىچىدىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن دائىم يورۇپ تۇرىدۇ» دېگەن جۈملىدە رەۋىشتىن ئۈچى بار

C. «كىمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىشىدىن ئۈمىد يوق» دېگەن جۈملىدە كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن سۆزدىن تۆتى بولۇپ، ھەممىسى ئىسىم

D. «كۆز كۆرىدۇ، ئېتىمايدۇ، ئىغىز كۆرمەيدۇ، ئېتىيدۇ» دېگەن جۈملىدە پېئىلدىن جەمئىي تۆتى بولۇپ، ھەممىسى تۈپ پېئىل، خەۋەر رايىدا، ئىككىسى بولۇشلۇق شەكىلدە ئىككىسى بولۇشسىز شەكىلدە كەلگەن

## II بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەنلىكى ياكى ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ئاساسەن پېئىللار (　　　　　　　) ۋە (　　　　　　　) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بولۇشسىز پېئىل بولۇشلۇق پېئىللارغا (　　　　　　　) قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

2. ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ (　　　　　　　) بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكىللىرى پېئىللارنىڭ زامان شەكىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاردا (　　　　)، (　　　　)، (　　　　) دەپ ئۈچ

زامان بار، (          )، (          ) (          ) دىن ئىبارەت ئۈچ راي بار.

3. شەرت راي پېئىل ئۆزەكلىرىگە (          ) قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شەرت رايىدا كەلگەن پېئىللاردا (          )، (          )ۋە (          ) مەنىلىرىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

4. بۇيرۇق رايىنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك شەكلى(          ) قوشۇمچىلىرى بىلەن، كۆپلۈك شەكلى (          ) قوشۇمچىللىرى بىلەن، ئۈچىنچى شەخس شەكلى(          ) قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

5. «مەن يېڭى كىتابتىن بىرنى سېتىۋالدىم»دېگەن جۈملىدىكى پېئىل (          )دېگەن سۆز بولۇپ، مەنە جەھەتتىن (          )، زامان جەھەتتىن (          )، راي جەھەتتىن (          )، شەخس جەھەتتىن (          ).

6. «دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىڭ» يگەن جۈملىنىڭ خەۋىرى (          ) دېگەن پېئىل بولۇپ، زامان جەھەتتىن(          )، راي جەھەتتىن (          )، شەخس جەھەتتىن (          )شەخس.

7. «مەن دەرسنىڭ خاتىرىسىنى يېزىۋالالمىغان» دېگەن جۈملىنىڭ خەۋىرى (          )دېگەن سۆز بولۇپ، سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن (          ) سۆز تۈركۈمىگە تەۋە. زامان جەھەتتىن(          )، مەنە جەھەتتىن (          )، راي جەھەتتىن (          ) راي.

8. «كىم تىرىشچان بولسا، شۇ ئالغا باسىدۇ»دېگەن جۈملىدە (          ) دېگەن پېئىل شەرت رايىدا، (          ) دېگەن پېئىل خەۋەر رايىدا كەلگەن. ھەر ئىككى پېئىل زامان جەھەتتىن (          ) زاماندا كەلگەن.

### III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى جۈملە ۋە پارچىلارنى ئوقۇپ، تەركىبىدىكى پېئىللارنى تېپىڭ.

1) كەمتەر كىشىلەر كۆپ سۆزلەشتىن قاچىدۇ، كۆپ ئاڭلاشنى خالايدۇ ۋە ياقتۇرىدۇ.

2) بىرىپ ئۇلارغا ئېيت، ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلىسۇن.

3) شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ. (ماقال)

4) تېرىساڭ ئالارسەن، تىلىسەڭ تاپارسەن. (ماقال)

5) ئالدىرىماي تۇرۇڭلار، ياز كەلسۇن، مېۋىلەر پىشسۇن، بىز ئەنە شۇ چاغدا يېزىغا باغ سەيلىسىگە بارىمىز، يازنىڭ مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىمىز.

6) بىز تىككەن كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى تۇتۇپتۇ، چۈنكى بىز ئۇنىڭغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سۇ قۇيۇپ تۇردۇق، يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆزىمىز تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى يېيەلەيمىز.

7) ھازىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمگە بولغان قىزغىنلىقى كۈچەيدى. مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ئوقۇتماقتا. ئوقۇغۇچىلار دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگەنسىلا بىلىم ئىگىلەش مەقسىتىگە چوقۇم يېتەلەيدۇ. يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ

يېتىشىپ چىقالايدۇ. لېكىن بىلىم ئېگىلەش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس، بىلىم ئېگىلەش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادە، ئېگىلمەيدىغان، سۇلمايدىغان غەيرەت- شىجائەت، بوشاشماس روھ بولۇشى كېرەك. ئۆگىنىمەن دېگەن گەپ بىلەنلا ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ. پەقەت تىرىشچانلىق ۋە قەتئىي ئىرادە بولغاندىلا مەقسەتكە يەتكىلى، بىلىم ئېگىلىۋالغىلى بولىدۇ.

8) ئاڭلىق ئادەملەر ئاجايىپ ئالىيجاناب، ئاڭلىقلىقىدىن ئاسانلىقچە ئازمايدۇ، ئاداشمايدۇ، ئاللىقانداق ئادەملەرگە ئاسانلىقچە ئالدانمايدۇ، ئادەملەرنى ئالدىمايدۇ، ئازدۇرمايدۇ، ئادەملەر ئالدىرىغانغا ئالدىرايدۇ، ئادەملەرنى ئاسرايدۇ، ئاسرىيالايدۇ. ئادەملەرنىڭ ئازابىنى ئازايتىدۇ، ئازايتالايدۇ. ئائىلىسىدىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، ئايالىنى ئازابلىمايدۇ، ئازارلىمايدۇ. ئادەملەرنى ئاڭسىزلىق، ئاچ كۆزلۈك، ئالدامچىلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئادەملەرنى ئاقارتىدۇ. ئادەملەر ئادەملەر ئارا ئاشۇ ئالىيجاناب ئادەملەرنى ئابرۇيلاپ، ئارزۇلايدۇ. ئالىيجاناپ ئادەملەر ئادەملەر ئارا ئايىھايلىنىپ ئالقىشلىنىدۇ.

ئاڭسىز ئادەم ئازىدۇ. ئادىشىدۇ. ئاسان ئالدىنىدۇ. ئاغمىخانىدەك ئاسان ئاچچىقلىنىپ ئارقاتلىنىدۇ. ئاچ كۆز ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن ئاداپمۇ ئاشمايدۇ. ئالىقاپ ئادەم ئالدىرىسىمۇ ئاچال ئاشالمايدۇ. ئادەمنى ئاداۋەتتىن ئازارلاشتۇرىدۇ. ئابرۇيپەرەس، ئاداۋەتخور ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى ئازگال. ئانداق ئادەملەرنىڭ ئاغىنىسى ئاز، ئانداق ئادەملەردىن ئالا ئارقان ئارتۇق. ئاڭسىز ئادالەتسىز، ئابرۇيپەرەس، ئاداۋەتخور ئادەملەرگە ئالايساڭ ئالاي، ئاڭلىق، ئالىيجاناب ئادەملەرگە ئالايما.

(ئابدۇراھمان روزى)

2. تۆۋەندىكى پارچىلارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى پېئىللارنى تېپىڭ، ئاندىن بۇ پېئىللارنىڭ قانداق پېئىل(قايسى راي، قايسى زامان، بولۇشلۇقمۇ بولۇشسىزمۇ) ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

1) «دونكىخوت» ناملىق بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا 400 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى. لېكىن بۇ كىتاب يەنىلا كىتابخانىلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتابلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

2) «قەبىھ ئادەملەرگە ساخاۋەتمۇ، دانىشمەنلىكمۇ قەبىھ بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئەسكىگە ھامان ئەسكىلىك يارىشىدۇ، لېكىن ئۇ ھامان مەغلۇپ بولىدۇ.»

3) ئۆزۈڭدىن ئاجىزلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتما، ئۇلارغا جەبىر- جاپا قىلما، بىر كۈنى ئۆزۈڭدىن كۈچلۈكلەرگە ئۇچراپ قالىسەن.

(شەيخ سەئىدى)

4) بىئەدەپنىڭ يامانلىقى پەقەت ئۆزىگىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ، ئەدەپسىزنىڭ ئۈستىگە كەلگەن ئاپەت، پالاكەت ئۇنىڭ ئەدەپسىزلىكىدىندۇر. ھەر كىم ئەدەپسىزلىك يولىدا ماڭسا قايغۇ - ھەسرەت ئوتىدا كۆيىدۇ.

5) گۈزەل ياشلىق باھارىڭنى قەدىرلە، بەكمۇ قىممەت بىل،
كۈچۈڭنىڭ بارىچە ئىشلە، ۋەتەنگە مەڭگۈ خىزمەت قىل.

ياسانچۇقلۇق قۇرۇق سۆلەت، كىشىگە قىلچە نەپ بەرمەس،
پۈتۈن زېھنىڭ سېلىپ ئىشقا ئىلىمنى تاجۇ زىننەت بىل.

ئۆتۈپ كەتسە قىران ۋاقتىڭ يېنىپ كەلمەيدۇ ئۇ قايتا،
ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ھەردەم، زەپەر قۇچماققا جۈرئەت قىل.

ئەجىرسىز كەلسە گەر راھەت، ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتمە،
ئىجادىڭدىن كۆچەتلەر تىك، مېۋەڭنى پاكۇ شەربەت قىل.

ھاياتىڭنىڭ قەدرىنى بىلسەڭ.بوشاشماي جەڭ ـ كۈرەشلەردە،
باھادىرلار قېنى سىڭگەن ئانا تۇپراقنى جەننەت قىل .

(ياسىن ئىسمايىل شېئىرى)

3. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ياسالما پېئىللارنى ياساڭ.

ئىش، باش، يول، ياخشى، چىڭ، پۇختا، توغرا، تۈز، تاراق، يان، تون، چۇش، كۆز،

4. ئۆزىڭىز خالىغان بىر پېئىلنى ئۈچ زاماندا، ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك، كۆپلۈكىدە، بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكلىدە تۈرلەڭ.

www.uyghurkitap.com

## شەخسسىز پېئىللارنىڭ تۈرلىرى

## 8§. سۈپەتداش (سۈپەت پېئىلى)

**ھەم پېئىللىق، ھەم سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان پېئىل تۈرى سۈپەتداش دەپ ئاتىلىدۇ.**

گەرچە سۈپەتداشلار پېئىللارنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ ئۇنىڭ سۈپەتداش دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ خىل پېئىللار جۈملىدە ھەم پېئىللىق، ھەم سۈپەتلىك رولىدا قوللىنىلىدىغان پېئىللاردۇر. مەسىلەن:

ئا. ئۆتكۈر يازغان «قەشقەر كېچىسى» دېگەن داستاننى ئوقۇغان. (سۈپەت رولىدا كەلگەن)

ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر نۇرغۇن داڭلىق ئەسەرلەرنى يازغان. (پېئىل رولىدا كەلگەن)

ئوقۇغۇچىلار يازغان ماقالىلىرىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تاپشۇرسۇن.

بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلەش لازىم. (سۈپەت رولىدا كەلگەن )

**سۈپەتداشلار پېئىللارغا تۆۋەندىكىدەك قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:**

1. پېئىل يىلتىزلىرىغا «- غان، - قان، - گەن، - كەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئال - ئالغان، ئوقۇ - ئوقۇغان، ياز - يازغان، تۇت - تۇتقان، ئات- ئاتقان، كەت - كەتكەن، چۈش- چۈشكەن تىك - تىككەن، كۆر - كۆرگەن، بەر- بەرگەن، ئالمىغان، ئوقۇمىغان، تۇتمىغان...

«غان» قوشۇمچىسى ئىسىمداشلار «ش» تىپلىق قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن شەكلىنى سۈپەتداشقا ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇش - ئوقۇشقان، يېزىش - يېزىشقان، تۇتۇش - تۇتۇشقان

2 . پېئىل يىلتىزلىرىغا « - ر، - ار، - ەر، - يدىغان، - ىدىغان»، بولۇشسىز شەكلى «ماس، - مەس» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىزدە - ئىزدەر، ئىشلە - ئىشلەر، ئىزدەيدىغان، ئىشلەيدىغان

قارا - قارار، ياز - يازار، كۆر - كۆرەر، قارايدىغان، يازىدىغان، كۆرىدىغان

ياز- يازماس، كۆر- كۆرمەس، ئوقۇ - ئوقۇماس، بەر - بەرمەس

سۈپەتداشلار گەرچە سۈپەتكە ئوخشاش ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلسىمۇ، لېكىن سۈپەتتىن پەرقلىنىدۇ. سۈپەتلەر شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى، سۈپىتىنى كۆرسەتسە، سۈپەتداشلار ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن ئىسىمنىڭ شۇ خىل ھەرىكەتنى ئورۇندىغان ياكى ئورۇندىمىغان، ئورۇنداۋاتقان ياكى ئورۇندىماۋاتقانلىقىنى، ئورۇندايدىغان ياكى ئورۇندىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغان بالا، ئوقۇمىغان بالا،

ئوقۇۋاتقان بالا، ئوقۇماۋاتقان بالا، ئوقۇيدىغان بالا، ئوقۇمايدىغان بالا

**سۈپەتداشلارنىڭ سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى:**

1) ئىسىمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ياشانغان كىشى، يېغىۋاتقان يامغۇر، ئوقۇۋاتقان كىتاب، ئۆتۈۋاتقان دەرس، چىقىۋاتقان شىمال، كۆيۈۋاتقان شام، مېڭىۋاتقان ماشىنا، ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋر. گۈللىنىۋاتقان ۋەتەن، تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەت...

2) سۈپەت دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ.

ئوقۇغان ئادەم، ئوقۇغانراق ئادەم، كۆپ ئوقۇغان ئادەم، بەك كۆپ ئوقۇغان ئادەم.

3) سۈپەتلەر ئىسىملاشقاندەك سۈپەتداشلارمۇ ئىسىملىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، ئىشلىمىگەن چىشلىمەيدۇ. (ئىگە)
مەن كۆرگەنلىرىمنى تولۇق ئېيتتىم. (تولدۇرغۇچى)
كۆرگەن ئاڭلىغاندىن ئەلا. (ئىگە، ھالەت)
ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ. (ئېنىقلىغۇچى)

**سۈپەتداشلارنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيەتلىرى:**

1. سۈپەتداشلار پېئىللاردىن ياسىلىدۇ، ئۈچ زاماندا كېلىدۇ. مەسىلەن:
ئوقۇغان كىتاب، ئوقۇۋاتقان كىتاب، ئوقۇيدىغان كىتاب...

2. پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق، بولۇشسىز، زامان ۋە دەرىجە بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرىگە ئۇلىنىپ، پېئىللارغا ئوخشاش بولۇشلۇق، بولۇشسىز، زامان، دەرىجە مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.
مەسىلەن: ئىشلىگەن مەشىق، ئىشلىمىگەن مەشىق، ئوقۇغان دەرس، ئوقۇمىغان دەرس، ئوقۇيدىغان دەرس، ئوقۇمايدىغان دەرس، ئوقۇلغان دەرس، ئوقۇشقان دەرس، ئوقۇتقان دەرس.

3. پېئىللارغا ئوخشاش پېئىل دەرىجىلىرىگە ئىگە. مەسىلەن:
كۆرگەن كىنو، ئۆگەنگەن بىلىم (ئېنىق دەرىجە)
كۆرۈنگەن تاغ، ماختانغان كىشى (ئۆزلۈك دەرىجە)
كۆرۈلگەن چارە، دېيىلگەن گەپلەر (مەجھۇل دەرىجە)
كۆرۈشكەن دوستلار، دېيىشكەن گەپلەر (ئۆملۈك دەرىجە)
كۆرسەتكەن ئەقىل، ئىشلەتكەن مەشىق (مەجبۇرىي دەرىجە)

4. پېئىللارغا ئوخشاش چۈشۈم كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن - پەيت كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
تاماقنى يېگەن، كىتابنى ئوقۇغان، تاماقنى يېمىگەن، كىتابنى ئوقۇمىغان
گېزىتتىن كۆرگەن، دادامدىن ئاڭلىغان، چوڭلاردىن كۆرگەن، خەلقتىن ئۆگەنگەن
مۇئەللىمگە ئېيتقان، دوستۇمغا بەرگەن، مەكتەپكە كەلگەن، كىتابخانىغا ئالغان،
شەھەردە كۆرگەن، ئۆيدە ئولتۇرغان، مەكتەپتە ئۆگەنگەن، يېزىدا ئۆستۈرگەن

5. سۈپەت ھەرىكەت ھالەتلىرىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
تىرىشىپ ئۆگەنگەن، ئالدىراپ سۆزلىگەن، كۆڭۈللۈك ئوينىغان، كۆپ قېتىم بارغان، ياخشى ئوقۇغان، تېز كەلگەن، ئالدىراپ ئىشلىگەن، جاپالىق ئۆگەنگەن...

6. باشقا پېئىللار بىلەن بىرىكىپ قوشما پېئىللارنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:
مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغان. ئىلىيار تاپشۇرۇقنى تولۇق ئىشلەپ كەلگەن.
مۇئەللىم ھازىرلا چىقىپ كەتكەن، دەرسنى تېخى تولۇق سۆزلەپ بولمىغان.
ئېينشتېين كۆپ ئوقۇمىغان ئىدى، كېيىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ مەشھۇر ئالىم بولغان.

# §9. رەۋىشداش (ھال پېئىل)

**ھەم پېئىللىق، ھەم رەۋىشلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان پېئىل تۈرى رەۋىشداش دەپ ئاتىلىدۇ.**

رەۋىشداشلار پېئىللارنىڭ شەخس، سان ۋە زامان قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەي، پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە باشقا پېئىللار بىلەن بىرىكىپ قوشما پېئىل ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە.
كىتابخانىغا كىتاب ئالغىلى باردىم.
مەن تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئىشلەپ بولىمەن.
يامغۇر شىلدىرلاپ ياغماقتا.
بوۋام بىزگە قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى.
سىز دېگەن كىتابنى ئالغاچ كەلدىم.

مۇئەللىم ئۇ كىتابنى ئىلىپ چىقىپ كەتتى.
ھەقىقەت تەنقىدكە ئامراق، چۈنكى ئۇ تەنقىد ئارقىلىق يېتىلىپ چىقىدۇ.
رەۋىشداشلار پېئىللارغا تۆۋەندىكىدەك قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:
1. «ـ پ، ـ ىپ، ـ ۇپ ـ ۈپ» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى. بولۇشسىز شەكلى «ماي، مەي» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:
ئوقۇ ـ ئوقۇپ، ئوقۇماي، ياز ـ يېزىپ، يازماي، بار ـ بېرىپ، بارماي، تۇت ـ تۇتۇپ، تۇتماي، يۈر ـ يۈرۈپ، يۈرمەي، كۆر ـ كۆرۈپ، كۆرمەي
2. «ـ غۇچە، ـ قۇچە، ـ گۈچە، ـ كۈچە» قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
بار ـ بارغۇچە، تاپ ـ تاپقۇچە، كۆر ـ كۆرگۈچە، تۇت ـ تۇتقۇچە، تەش ـ تەشكۈچە.
3. «ـ غاچ، ـ قاچ، ـ گەچ، ـ كەچ» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
ئال ـ ئالغاچ، بار ـ بارغاچ، تاپ ـ تاپقاچ، تۇت ـ تۇتقاچ، بەر ـ بەرگەچ، تەپ ـ تەپكەچ، يە ـ يېگەچ، تاپ ـ تاپقاچ، ئىشلە ـ ئىشلىگەچ، ياز ـ يازغاچ...
4. «غاچقا، ـ قاچقا، ـ گەچكە، ـ كەچكە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
ئال ـ ئالغاچقا، بار ـ بارغاچقا، تاپ ـ تاپقاچقا، تۇت ـ تۇتقاچقا، كۆر ـ كۆرگەچكە، چۈش ـ چۈشكەچكە، تۈرت ـ تۈرتكەچكە، تۈز ـ تۈزگەچكە، باشلا ـ باشلىغاچقا...
5. «ـ غىلى، ـ قىلى، ـ گىلى، ـ كىلى» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
ئوقۇ ـ ئوقۇغىلى، ياز ـ يازغىلى، تۇت ـ تۇتقىلى، قورق ـ قورققىلى، كۆر ـ كۆرگىلى، كەت ـ كەتكىلى، كەل ـ كەلگىلى، بار ـ بارغىلى، قوش ـ قوشقىلى
6. «غان، ـ قان، ـ گەن، ـ كەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلارنىڭ ئاخىرىغا «ـ سىرى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
بارغان ـ بارغانسىرى، تۇتقان ـ تۇتقانسىرى، كۆرگەن ـ كۆرگەنسىرى، ئۆتكەن ـ ئۆتكەنسىرى، ئىشلىگەن ـ ئىشلىگەنسىرى، كۈتكەن ـ كۈتكەنسىرى، بىلگەن ـ بىلگەنسىرى
7. «ئا، ئە، ي» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلارنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
ياز — يازا ـ يازا، بار — بارا ـ بارا، كۆر — كۆرە ـ كۆرە، كەل — كېلە ـكېلە، ئال — ئالە ـ ئالە، ئالە ـ ئالماي، تۇت — تۇتا ـ تۇتا
يۇقىرىقىلاردىن باشقا «ماق، مەك» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان ئىسمداشلارنىڭ ئاخىرىغا «چى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەقسەت رەۋىشداشلىرى ئىپادىلىنىدۇ
ئوقۇماق ـ ئوقۇتماقچى، يازماق ـ يازماقچى، كەلمەك ـ كەلمەكچى.

رەۋىشداشلارنىڭ رەۋىشلىك خۇسۇسىيەتلىرى:
1. رەۋىشكە ئوخشاش پېئىللارغا باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
ئۇ ئالدىراپ سۆزلىدى، بىز تىڭشاپ ئولتۇردۇق. (ھالەت)
قار لەپىلدەپ ياغماقتا، بىز ماڭالماي تۇرۇپ قالدۇق. (ھالەت)
2. بەزى رەۋىشداشلار سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىلىرى بىلەنمۇ تۈرلىنىپ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
مەن بۇ سورۇندا تارتىنىپراق سۆزلىدىم.
مەن بەك تارتىنىپ سۆزلىدىم.
ئۇ بۇ يەردىن ناھايىتى ئالدىراپ كېتىپ قالدى.
رەۋىشداشلارنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيەتلىرى:
1. جۈملىنىڭ ئاخىرىدا خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
مەن ئەتە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەينەن ئېيىماقچى.
بىز ئەتە بۇ يەردىن ئۇرۇمچىگە كەتمەكچى.
بۇ سايماننى داۋاملىق ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يوللار تېيىلغاق بولۇپ كەتتى.
ئۇ جاپادىن قاچىمغاچقا، تارتقان جاپاسىنىڭ مېۋىسىنى تېتىپ كۆردى .
ئۇ بۇ ئىشنى ئاخىرى بىر باشقا ئېلىپ چىقتى.

**2. باشقا پېئىللار بىلەن بىرىكىپ قوشما پېئىللارنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:**

مېھمانلار بۇ يەرگە ئەتە يېتىپ كېلىدۇ. ھەممەيلەن بالدۇر كېلىپ بولۇش كېرەك.
سەن ئۇلارنى بۇ يەرگە چاقىرىپ چىق، ئۇلارمۇ بۇ تائاملاردىن تېتىپ باقسۇن.
مەن ھازىرچە ئۇ يەرگە بارماي تۇرىمەن، سىلەر بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىڭلار.

**3. رەۋىشداشلار زامان راي ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلەنمەيدۇ، ئەمما رەۋىشداشلارنىڭ «پ» تىپلىق قوشۇمچىلىرىدىن باشقا قوشۇمچىلار پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكىللىرى ۋە پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۇرلەنگەن پېئىللارنى رەۋىشداشقا ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن،**

ئوقۇغاچ، ئوقۇمىغاچ، ئوقۇغاچقا، ئوقۇمىغاچقا، ئوقۇغۇلى، ئوقۇمىغىلى، يېزىلغاچقا، يېزىلمىغاچقا، ئوقۇتقاچقا، يازغۇزغاچقا، كەتكۈزگەچكە، يەتكۈزگەچكە

## §10. ئىسىمداش (ھەرىكەتنام)

**ھېچقانداق زامانغا تەۋە بولمىغان ھەم پېئىللىق، ھەم ئىسىملىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان پېئىل تۈرى ئىسىمداش دەپ ئاتىلىدۇ.**

**ئىسىمداشلار پېئىللارغا تۆۋەندىكىدەك قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.**

1. پېئىللارغا «- ش، - ىش، - ۇش، - ماق، - مەك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ - ئوقۇش، ئوقۇماق، بەر - بېرىش، بەرمەك، تۇر - تۇرۇش، تۇرماق، ئوقۇ - ئوقۇش، ئوقۇماق، كۆر - كۆرۈش، كۆرمەك، ياز- يېزىش، يازماق، بىل- بىلىش، بىلمەك، كەل- كېلىش، كەلمەك...

2. پېئىللارغا «- غۇ، - قۇ، - گۇ، - كۇ» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ياز - يازغۇ، باس - باسقۇ، كۆر - كۆرگۈ

3. «لىق، لىك» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. (بۇ قوشۇمچىلار ئۆتكەن زامان شەكلىدىكى سۈپەتداشلارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدۇ) مەسىلەن:

يات - ياتقۇ، يازغان - يازغانلىق، كۆرگەن - كۆرگەنلىك، بارغان - بارغانلىق، تۇتقان - تۇتقانلىق، تەپكەن - تەپكەنلىك، يازمىغانلىق، بارمىغانلىق...

ئىسىمداشلارنىڭ «ش» تىپلىق قوشۇمچىسى پېئىللارنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسىنى ياسايدىغان قوشۇمچىلار بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن خۇسۇسىيىتى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

ئىسىمداشلار ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىپ، ئىسىمغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ. جۈملىنىڭ ھەممە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۆگىنىش باشلاندى (ئىگە)، مېنىڭ ۋەزىپەم— ئۆگىنىش. (خەۋەر)
بىز ئۆگىنىشنى باشلىدۇق، مەن ھازىر خەنزۇچە سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالدىم (تولدۇرغۇچى)
بىز مەكتەپكە ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدۇق. (ھالەت)

ئۆگىنىش پىلانىمىز ناھايىتى ياخشى تۈزۈلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قوراللىرى تولۇق بولۇشى كېرەك. (ئېنىقلىغۇچى)

پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجە شەكلى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق شەخس تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاساسەن خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار «ۋەتەن مېنىڭ قەلبىمدە» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىشتى.

ئوقۇغۇچىلار كىتابنى ئۈنلۈك ئوقۇشتى. (ئۆملۈك دەرىجە)
ئۇلار « شىنجاڭ ياخشى جاي » دېگەن بۇ ناخشىنى بىرلىكتە ئوقۇشتى. (ئۆملۈك دەرىجە)

**ئىسىمداشلارنىڭ ئىسىملىك خۇسۇسىيىتى**

1. ئىسىمداشلار ئىسىملارنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىپ ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇش ـ ئوقۇشنىڭ، ئوقۇشنى، ئوقۇشتا، ئوقۇشقا، ئوقۇشتىن
ئوقۇش ـ ئوقۇشۇم، ئوقۇشىمىز، ئوقۇشۇڭ، ئوقۇشۇڭلار، ئوقۇشى
مەكتىپىمىزدە ئوقۇتۇش يىلدىن ـ يىلغا چىڭ تۇتۇلماقتا. (ئىگە)
قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى سۆزلىتىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمىز. (تولدۇرغۇچى)

2. ئىسىمداشلار پېئىللارنىڭ تۈرى بولسىمۇ، پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى ئارقىلىق ئىسىملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئىسىمداش دەپ ئاتالغان. شۇڭا، ئىسىمداشلار ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

سىزنىڭ مەكتىپىمىزگە كېلىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.
بۇ كىتابلارنى ئوقۇش ئۈچۈن ئالدىم، سىزگە كېيىن سوۋغا قىلاي.
بىز ھازىر خەنزۇچە سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالدۇق، ئەمدى تىلدىن زادى قىينالمايمىز.
يۇقىرىقى جۈملىلەردە «كېلىش، ئوقۇش، سۆزلەش» دېگەن ئىسىمداشلار شۇ خىل ھەرىكەتنى شەيئىلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن ھەمدە ئىسىملاردەك ۋەزىپە ئۆتىگەن.

**ئىسىمداشلارنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتى**

1. جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار ساغلام ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇشى لازىم.
مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم — ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش.

2. بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئېلىش ـ ئالماسلىق، ئوقۇش ـ ئوقۇماسلىق، كۆرۈش ـ كۆرمەسلىك

3. پېئىل دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللار بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇش، ئوقۇتۇش، سۆزلىتىش، ئىشلەت ـ ئىشلىتىش، يازغۇز ـ يازغۇزۇش
ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى ياخشى ئوقۇتۇش كېرەك.
بۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ئۆز ئاغزى ئارقىلىق ئاممىغا سۆزلىتىش لازىم.

# §11. پېئىللارنىڭ تۈزۈلۈش ۋە قوللىنىش جەھەتتىكى تۈرلىرى

پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈش تەركىبىگە قاراپ، ئاددىي پېئىل ۋە قوشما پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. ئاددىي پېئىل

**بىرلا تومۇردىن تۈزۈلگەن پېئىللار ئاددىي پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇ، ياز، ماڭ، تۇر، ئىشلە، سۆزلە، سانا، باشلا، ياخشىلا، تۈزلە

ياسالما پېئىللارمۇ تۈزۈلۈش تەركىبى جەھەتتىن ئاددىي پېئىللار قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى، بۇ پېئىللار گەرچە قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ياسالما پېئىللار بولسىمۇ، قۇرۇلما جەھەتتىن بىرلا پېئىللاردىن تۈزۈلگەن پېئىللاردۇر.

## 2. قوشما پېئىل

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، بىرلا مەنىنى بىلدۈرگەن پېئىللار قوشما پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.**

قوشما پېئىللار پېئىل بىلەن پېئىلنىڭ ياكى باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن پېئىلنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. قوشما پېئىللار تەركىبىدىكى پېئىللارنىڭ ئالدىنقىسى ئاساسلىق مەنىنى، كېيىنكىسى قوشۇمچە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بېرىپ تۇردى، بېرىپ بولدۇم، بېرىپ قويدۇم، بېرىپ قويساڭ، بېرىپ كەتتى، بېرىپ قويسەن، بېرىپ كەل، بېرىپ بوپتۇ، بېرىپ قويماقچى دېگەن پېئىللاردا «بەر» دېگەن ئاددىي پېئىلغا ياردەمچى پېئىللار قوشۇلۇپ، «بەر» پېئىلىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

**قوشما پېئىللار تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:**

1. ھالەت رەۋىشداشلىرىغا «بول، قوي، كەت، چىق، ئال، ئەت » قاتارلىق پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆرۈپ بولدى، يېزىپ چىقتى، ئېلىپ قويدى، ئوقۇۋالدى(ئوقۇپ + ئال+ دى)، تاشلىۋەتتى(تاشلاپ + ئەت + تى)، مېڭىۋاتىدۇ (مېڭىپ + ئات+ ىدۇ)، كۆرۈۋاتىدۇ (كۆرۈپ + ئات + ىدۇ)، يېزىۋالدىم(يېزىپ + ئال + دىم)، يېزىۋەتتىم(يېزىپ + ئەت + ىم)، تاشلىۋەتتىم (تاشلاپ + ئەت + ىم)

2. سۈپەتداش، رەۋىشداش ۋە ئىسىمداشلارغا «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» قاتارلىق ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغانىدى، بارغانىدى، كۆرگەنىمىش، ئوقۇش ئىدى، كۆرۈش ئىكەن، تونۇش ئىمىش

3. ئىسىمداشلارغا ۋە بەزىدە قاتار كەلگەن رەۋىشداشلار بىلەن ئىسىمداشلارغا «لازىم، كېرەك، مۇمكىن» دېگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن :

يېزىشىمىز لازىم، ئېلىش لازىم، بېرىش كېرەك. ئوقۇشۇڭلار كېرەك، كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، كۆرۈپ چىققىلى بولۇشى مۇمكىن، يېتىپ بارغىلى بولۇش مۇمكىن، ئوقۇپ چىقىشى لازىم...

4. باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆڭۈل قويدى، خۇشال بولماق، ياخشى بولۇپ كەتتى، خۇشال بوپتۇ، دەم ئالدۇق...

**پېئىللار جۈملىلەردە مۇستەقىل قوللىنىش ۋە قوللىنىلماسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.**

## 1. مۇستەقىل پېئىل

**ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدىغان پېئىللار مۇستەقىل پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ.**
مەسىلەن:

ئەتىياز كەلدى، گۈللەر ئېچىلدى. بۇلبۇللار سايرىدى. (خەۋەر)
تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى تۇتتى. (ئېنىقلىغۇچى، خەۋەر)
ھازىر ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ. (ھالەت، خەۋەر)
مەن ئوقۇشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىمەن. (تولدۇرغۇچى، خەۋەر)
ئوقۇش — بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز. (ئىگە)
بىز ئۆگىنىشنى مەڭگۈ توختاتمايمىز. (تولدۇرغۇچى، خەۋەر)

## 2. ياردەمچى پېئىل

**ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان پېئىللار ياردەمچى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ياردەمچى پېئىللار «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ پېئىللار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قوللىنىلمايدۇ ھەم ئايرىم تۇرغاندا مۇستەقىل مەنە ئاڭلاتمايدۇ، پەقەت جۈملىدە باشقا پېئىللارغا قوشۇلۇپ كېلىپ قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

مەن زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغانىدىم.

«ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دېگەن شېئىرنى تېيىپجان ئېلىيوف يازغانىدى.

ئۇ كىشى تارىخقا ئائىت كىتابلارنى كۆپ كۆرگەنىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ ناھايىتى بېيىپ كەتكەنىمىش.

تىلىمىزدىكى «بول، ئەت، كەت، قىل، تۇر، يۈر، ئال، بەر» قاتارلىق مۇستەقىل پېئىللار ئايرىم تۇرغاندا ئۆز ئالدىغا مەنە ئاڭلىتىپ ھەم جۈملىدە ئايرىم قوللىنىلسىمۇ، بەزىدە باشقا پېئىللار بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ، قوشۇمچە رول ئويناپ، ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن پېئىللارنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئويناپ، ياردەمچى پېئىل ۋەزىپىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھاۋا ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ.

مەن تاپشۇرۇقنى تۈنۈگۈنلا ئىشلەپ بولدۇم.

يازلىق زىرائەتلەر پىشىپ كەتتى.

جۈملىدە ياردەمچى پېئىللار كەلسە ياكى مۇستەقىل پېئىللار ياردەمچى پېئىل رولىدا قوللىنىلسا جۈملىنىڭ خەۋىرى قوشما خەۋەر بولىدۇ (يۇقىرىقى جۈملىلەردىكىدەك).

**قوشما پېئىللار تۆۋەندىكىدەك يېزىلىدۇ:**

1. «ئال، ئەت» ياردەمچى پېئىللىرى ئاخىرى «پ» بىلەن ئاياغلاشقان رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ كەلگەندە، رەۋىشداشلارنىڭ ئاخىرىدىكى «پ» تاۋۇشى «ۋ» غا ئۆزگىرىدۇ. «ئال، ئەت» پېئىللىرىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» غا ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| يېزىپ + ئال = يېزىۋال | يېزىۋال + ئىش = يېزىۋېلىش |
| تاشلاپ + ئەت + تاشلىۋەت | تاشلىۋەت + ىش = تاشلىۋېتىش |
| كۆرۈپ + ئال = كۆرۈۋال | كۆرۈۋال + ىش = كۆرۈۋېلىش |
| يېزىپ + ئال + دىم = يېزىۋالدىم | يېزىپ + ئەت + ـىم = يېزىۋەتتىم |

2. «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» ياردەمچى پېئىللىرى ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماشلار ۋە «ر» بىلەن ئاياغلاشقان سۈپەتداشلار ھەمدە پېئىللارنىڭ شەرت رايى بىلەن بىرگە كەلسە، ئالدىنقى سۆزدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەم ئىدى، كىتاب ئىكەن (ئىسىم)، قىزىل ئىدى، چوڭ ئىكەن (سۈپەت)

بەش ئىدى، ئون ئىكەن، كىم ئىكەن (سان)، مېنىڭ ئىمىش، قايسى ئىدى، شۇنداق ئىمىش (ئالماش)

يازار ئىدى، بازار ئىكەن، كۆرەر ئىمىش، كۆرەر ئىدى، كۆرەر ئىكەن (سۈپەتداش)

بولسام ئىدى، كۆرسەم ئىكەن (شەرت پېئىل)

3. «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» ياردەمچى پېئىللىرى سۈپەتداش ۋە ھالەت رەۋىشداشلىرىدىن كېيىن كەلسە قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ+ غان + ئىدى= ئوقۇغانىدى،

كۆر + گەن + ئىكەن=كۆرگەنىكەن،

بارماقچى + ىدى=بارماقچىدى، بارماقچى + ئىمىش= بارماقچىمىش،

يېزىپ + ئىدى = يېزىۋىدى، يېزىپ + تى + كەن= يېزىپتىكەن، يېزىپتىمىش، يېزىۋىدۇق.

# پېئىللارغا ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى (2)

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەر بىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلپىگە ئۇيغۇن سوئال تەلپىگە ئۇيغۇن جاۋابنى تاللاڭ.

1. شەخسسىز پېئىللار ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. ئىش- ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدىغان ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنىڭ رولىدىمۇ كېلەلەيدىغان پېئىللار شەخسسىز پېئىللار دېيىلىدۇ

B. شەخسسىز پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن سۈپەتداش، ئىسىمداش ۋە رەۋىشداش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ

C. ھەم پېئىللىق، ھەم سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغان، جۈملىدە پېئىل ھەم سۈپەتنىڭ رولىدا كېلىدىغان شەخسسىز پېئىللار سۈپەتداش دەپ ئاتىلىدۇ

D. سۈپەتداشلار ئۈچ زاماندا، بولۇشسىز بولۇشلۇق شەكىلدە، ئۈچ شەختە كېلىدۇ، ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسىلىدۇ

2. سۈپەتداشلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. سۈپەتداشلار ئۈچ زاماندا كېلىدۇ، ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىدۇ. بولۇشسىز شەكىلدە كەلمەيدۇ

B. سۈپەتداشلار ئىسىمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ، سۈپەت دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللار بىلەنمۇ تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ

C. سۈپەتداشلار سۈپەتكە مايىل پېئىل بولغاچقا، سۈپەت- ھەرىكەت ھالەتلىرىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلەلمەيدۇ

D. سۈپەتداشلار باشقا پېئىلار بىلەن بىرىكىپ قوشما پېئىللارنى ھاسىل قىلىدۇ، ئۆزى ئايرىم قوللىنىلمايدۇ

3. تۆۋەندىكىلەردىن ھەممىسى سۈپەتداشلارغا كىرىدىغىنى: ( )

A. بارغان، ئىشلەۋاتقان، ئوقۇماي، ئىشچان، پۈتمەس، پۈتكەن، پۈتەر...

B. تەكشى، ئىشلىمىگەن، ئۇچقۇر، كۆرمەس، كۆرۈشمەس، پۇختا، سەزگۈر...

C. كۆرۈشمىگەن، بارماس، تونۇشمايدىغان، بارار، كۆرەر، ئالغان، بارماس، كەلمەس...

D. ئالغان، كېلىۋاتقان، ئۆتكۈر، يازغانلىق، تاپار، ئۇچقۇن، ئۇچقاندەك...

4. ئىسىمداش ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. ئىسىمداشلارمۇ شەخسسىز پېئىللارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىدۇ

B. بەزى ئىسىمداشلار بولۇشلۇق، بولۇشسىز، دەرىجە، زامان مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ

C. ئىسىمداشلار ئىسىمنىڭ كۆپلۈك، تەۋەلىك، كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ

D. پېئىللارغا قوشۇمچە قوشۇپ ئىسىمداش ياسىغاندىن كېيىن يەنە قوشۇمچە قوشۇپ پېئىل ياسىغىلى بولىدۇ دېيىلسە توغرا بولمايدۇ

5. «مەن تونۇگۇن سېتىۋالغان كىتابنى يوقىتىپ قويدۇم» دېگەن جۈملىدىكى شەخسسىز پېئىللار

ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (  )

A. بۇ جۈملىدە شەخسسىز پېئىلدىن ئۈچى بولۇپ،بىرى ئىسىمداش

B. بۇ جۈملىدە رەۋىشداشتىن بىرى بولۇپ، رەۋىش رولىدا كەلگەن

C. بۇ جۈملىدە سۈپەتداشتىن بىرى بولۇپ، پېئىل رولىدا كەلگەن

D. بۇ جۈملىدە شەخسسىز پېئىلدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى سۈپەتداش،بىرى رەۋىشداش

6. شەخسسىز پېئىللار ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (  )

A. شەخسسىز پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ مەنىسىگە قاراپ شەخسسىز پېئىللار ۋە شەخسلىك پېئىللاردەپ ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ

B. شەخسسىز پېئىللارغا شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ، شەخسلىك پېئىللارغا ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ

C. تۈپ تومۇر پېئىللارغا شەخسسىز پېئىللارنى ياسايدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق شەخسسىز پېئىللارنى ياسىغىلى بولىدۇ

D. شەخسسىز پېئىللار شەخسنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن ئادەتتە ئانچە كۆپ قوللىنىلمايدۇ

7.«ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا،ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ‹ئۇرخون - يېنسەي مەڭگۇ تاشلار ئەدەبىياتى› دەۋرىدىن باشلاپ ھېسابلىنغاندا، VII ئەسىرلەردىن باشلانغانلىقى مەلۇم» دېگەن جۈملىدە: (  )

A. شەخسسىز پېئىلدىن بەشى بولۇپ، ئىككىسى رەۋىشداش، ئۈچى سۈپەتداش

B. بۇ جۈملىدە شەخسسىز پېئىللاردىن سۈپەتداش بىلەن رەۋىشداش بولۇپ، ئىسىمداش يوق

C. جەمئىي ئالتە پېئىل بولۇپ، بەشى شەخسسىز پېئىل، بىرى شەخسلىك پېئىل

D. پارچىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىدە بىر ئىسىمداش بولۇپ، بۇ ئىسىمداش سۈپەتداشقا ئىسىمداش ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان

8. «يېزىق — تىلنىڭ ئالاقە ۋاستىلىك رولىنى كېڭەيتىدىغان، ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئالاقە قىلىشىنىڭ، پىكىر ئالماشتۇرۇشىنىڭ ۋە بىر - بىرىنى چۈشىنىشىنىڭ مۇھىم ياردەمچى ۋاستىسى» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى شەخسسىز پېئىللار ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (  )

A. بۇ جۈملىدە شەخسسىز پېئىلدىن جەمئىي تۆتى بولۇپ، ھەممىسى ئىسىمداش

B. جۈملىدىكى شەخسسىز پېئىلنىڭ بىر تۈرىدىن كەلگەن ئۈچ شەخسسىز پېئىل بىر كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتۈپ كەلگەن

C.جۈملىدىكى شەخسسىز پېئىللارنىڭ بىرى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن

D. بۇ جۈملىدىكى شەخسسىز پېئىللارنىڭ ھەممىسى جۈملىدە بىر خىل ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن دېيىشكە بولمايدۇ

9. «بىزنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان، ئوقۇتۇپ بىلىملىك قىلغان، بۈگۈنكى كۈندە بېشىدا كۆتۈرۈپ ئابرۇيلۇق قىلىۋاتقان ئەزىز يۇرتىمىزنى، ئۇلۇغ خەلقىمىزنى ھەر قاچان ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم» دېگەن جۈملىدىكى شەخسسىز پېئىل ھەققىدىكى توغرا قاراش: (  )

A. شەخسسىز پېئىلدىن توققۇزى بولۇپ، تۆتى رەۋىشداش، رەۋىشداشلارنىڭ ھەممىسى ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن

B. جۈملە تەركىبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر شەخسسىز پېئىل رەۋىشداش بولۇپ، قوشما پېئىلنىڭ ئالدىدا كېلىپ ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

C. سۈپەتداشتىن تۆتى بولۇپ، ئۈچى ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن

D. بۇ جۈملە تەركىبىدىكى شەخسسىز پېئىللارنىڭ ھەممىسى ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى

بولۇپ كەلگەن.

10.«ئومۇملاشتۇرۇش، تاللاش ۋە تاۋلاش، مەركەزلەشتۈرۈش، ئىنىقلاش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى تىپىك بولغان ئوبرازلارنى يارىتىش — رېئالىزمنىڭ پرىنسىپى ۋە تۈپ خۇسۇسىيىتىدۇر» دېگەن قوشما جۈملە تەركىبىدىكى شەخسسىز پېئىللار توغرىسىدا ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. شەخسسىز پېئىلدىن يەتتىسى بولۇپ، بەشى ئىسىمداش، ئىككىسى سۈپەتداش

B. شەخسسىز پېئىلدىن سەككىزى بولۇپ، ئالتىسى ئىسىمداش، بىرى رەۋىشداش، بىر سۈپەتداش

C. باشتىكى بەش شەخسسىز پېئىلنىڭ ھەممىسى ئىسىمداش بولۇپ،جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن

D. جۈملىدە بىر رەۋىشداش خەۋەر، بىر سۈپەتداش ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن، ئەڭ ئاخىرقى شەخسسىز پېئىل خەۋەر بولۇپ كەلگەن

11. «تۈنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»غا 62 قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ، قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن ئىككى پارچە چوڭ مەرمەر تاشقا ئويۇلغان، بۇ مەڭگۈ تاش بىلگە تۈنيۇقۇق ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان»دېگەن پارچىدىكى شەخسسىز پېئىللار ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغان قاراشلاردىن خاتاسى: ( )

A. بۇ پارچىدا شەخسسىز پېئىلدىن بەشى بولۇپ، ھەممىسى سۈپەتداش، رەۋىشداش يوق

B. بۇ پارچىدا شەخسسىز پېئىلدىن بەشى بولۇپ، تۆتى سۈپەتداش، بىرى رەۋىشداش

C. بىر سۈپەتداش بىلەن بىر رەۋىشداش بىرىكىپ خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

D. بۇ پارچىدىكى سۈپەتداشلارنىڭ ئۈچى خەۋەر، بىرى كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

12. مۇستەقىل پېئىللار ۋە ياردەمچى پېئىللار توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى قاراشلاردىن خاتاسى: ( )

A. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار جۈملە بۆلىكى بولۇش ياكى بولالماسلىقىغا قاراپ، مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ

B. ياردەمچى پېئىللار لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدۇ، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ گراماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدۇ

C. ئەڭ ئاساسلىق ياردەمچى پېئىللار «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» تىن ئىبارەت. بەزىدە مۇستەقىل پېئىللارمۇ ياردەمچى پېئىل رولىدا كېلىدۇ

D. «ئۇ ناھايىتى تېز يۈگۈرگەنىدى، ئەپسۇس يىقىلىپ چۈشتى»دېگەن جۈملىدە ياردەمچى پېئىل يوق، ئەمما ياردەمچى پېئىل رولىدا كەلگەن پېئىل بار.

13. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل، ئاددىي پېئىل ۋە قوشما پېئىل ھەققىدىكى قاراشلاردىن خاتاسى: ( )

A. «يىغىن ۋاقتى توشۇپ قالدى» دېگەن جۈملىنىڭ خەۋىرى قوشما خەۋەر بولۇپ، بىر مۇستەقىل پېئىل ياردەمچى پېئىل رولىدا كەلگەن

B. «مەن مۇئەللىم بىلەن سۆزلەشتىم» دېگەن جۈملىنىڭ خەۋىرى مۇستەقىل پېئىل، ئاددىي پېئىل

C. «مەن يېڭى كىتابلارنى سېتىۋالدىم» دېگەن جۈملىنىڭ خەۋىرى ئاددىي خەۋەر، مۇستەقىل پېئىل.

D. «بىز مۇئەللىمنى يوقلاپ كەلگەنىدۇق» دېگەن جۈملىنىڭ خەۋىرى قوشما خەۋەر بولۇپ،
تەركىبىدە ياردەمچى پېئىل بار

## II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار شەخسنى بىلدۈرۈش، بىلدۈرمەسلىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن
(          ) ۋە (          ) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
ئىش- ھەرىكەتنىڭ مەلۇم (          ) پېئىللار شەخسلىك
پېئىللار دېيىلىدۇ. ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەلۇم (          )
كېلەلەيدىغان پېئىللار شەخسسىز پېئىللار دېيىلىدۇ.
2. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار جۈملە بولىكى بولۇش- بولالماسلىق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ
(          ) ۋە (          ) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
3. شەخسسىز پېئىللار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن (          )،
(          )، (          ) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. سۈپەتداشلارنىڭ
(          )قوشۇمچىلىرى بىلەن، ئىسىمداشلار (          ) قوشۇمچىلىرى بىلەن
ياسىلىدۇ.
4. (          ) رولىدا كېلىدىغان شەخسسىز پېئىل ئىسىمداش دەپ ئاتىلىدۇ.
ئىسىمداشلار (          ) قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.
5. رەۋىشداشلار پېئىل رولىدا كەلگەندە (          ) ۋەزىپىسىنى، رەۋىش رولىدا كەلگەندە
(          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىدۇ. ئىسىمداشلار پېئىل رولىدا كەلگەندە (          )
ۋەزىپىسىنى، ئىسىم رولىدا كەلگەندە (     ) (     ) (     ) ۋە (     ) قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى
ئۆتەپ كېلىدۇ .
6. «ساتمىدا قىلغان گەپنى سارايدا قىلغىلى بولماس» دېگەن جۈملىدە شەخسسىز پېئىلدىن
(          ) بولۇپ، بۇلار (          ) دىن ئىبارەت، (          ) دېگەن شەخسسىز پېئىل
سۈپەتداش، (          ) دېگەن شەخسسىز پېئىل رەۋىشداش. بۇ رەۋىشداش جۈملىدە (          )
ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.
7. «بالا-قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس،يوت-قولنى ساڭگىلىتىپ»دېگەن جۈملىدە شەخسسىز پېئىلدىن
(     ) بولۇپ، بۇلار (          ) دېگەن پېئىللاردىن ئىبارەت. بۇ جۈملىدە شەخسسىز
پېئىللارنىڭ تۈرلىرىدىن (          )، (          ) بار. جۈملىدە (          )
ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.
8. «دەم ئېلىشنى بىلمىگەن ئادەم ئىش قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ» دېگەن جۈملىدە شەخسسىز
پېئىللاردىن (          )، (          )، (          ) دېگەن پېئىللار بار. ئالدىنقى (          )
بىلەن (          ) بىرلىشىپ ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن، كېيىنكى شەخسسىز پېئىل
(          ) بىلەن تۈرلىنىپ (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.
9. «ئىدىيىدە جۇشقۇن بولۇش، ئىشتا پۇختا بولۇش كېرەك»دېگەن جۈملىدە شەخسسىز پېئىلدىن
(          ) قاتارلىق ئىككى پېئىل بار. بۇ شەخسسىز پېئىللار ئاشۇ جۈملىدە(          )
رولىدا كېلىپ، جۈملىدە (          ) بولۇپ كەلگەن.

10. «ئۆزىنى ئازراق تونۇۋېلىشمۇ كىشىنى قەيسەر، كۈچلۈك كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى (          ) دېگەن شەخسسىز پېئىل جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

11. «ھەقىقەتنى يوشۇرۇش — ئىپلاسلىق، ھەقىقەتتىن قورقۇپ يالغان سۆزلەش — قورقۇنچاقلىق» دېگەن جۈملىدە (          ) قاتارلىق شەخسسىز پېئىللار بار. بۇلارنىڭ (          ) ئىسىمداش، بۇ ئىسىمداشلار جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

12. «ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش — ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق»دېگەن جۈملىدە (          ) دېگەن بىرلا شەخسسىز پېئىل بولۇپ، شەخسسىز پېئىللارنىڭ تۈرلىرىدىن (          ) قا تەۋە. جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

13. «ۋاقىت ئۆتكەنسىرى بۇرۇنقى ئىشلار ئۇنتۇلىدۇ»دېگەن جۈملىدە شەخسسىز پېئىلدىن (          ) بولۇپ، بۇ شەخسسىز پېئىل (          ) قا تەۋە، جۈملىدە (          ) رولىدا كېلىپ، (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

**III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى .**

1. تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ شەخسسىز پېئىللارنى تېپىڭ.

1) رەقىپ بىلەن سۆزلەشكەندە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. باشقا كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە بولسا، غۇرۇرلۇق بولۇش كېرەك. گەپنى ئېغىزدىن چىقارماق ئاسان، ئەمما ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. گەپ قىلىش ۋەسىيەت قىلغانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا سۆز ـ ئىبارە قانچە ئاز بولسا، دەۋا شۇنچە ئاز بولىدۇ.ئۇششاق ئىشلاردا گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلغاندا، چوڭ ئىشلارغا يولۇققاندا دەرھال تەبىئىي تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. مەخپىيەت مۇقەددەس تۇيغۇغا ئىگە. ئاغزى ئىتتىك ئادەم ناھايىتى ئاسان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. (گراسىئەن)

2) شېئىر — يۈرەك ناخشىسىدۇر بىلگەنگە، چۈشەنمەستىن ئۇنى سۆكۈش مىسالدۇر، 
شېئىر — شېرىن پەرھاد بولۇپ سۆيگەنگە. «قول يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق»دېگەنگە.

2. تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ شەخسسىز پېئىللارنى تېپىڭ، ئاندىن قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

1) ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمگەك قىلىدىغان ئادەم ئاتاقلىق ئالىم، كامالەتكە يەتكەن ئەقىل ئىگىسى، داڭدار شائىر بولالىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي يېتىشكەن ئادەم ۋە ئۇلۇغ ئالىم بولالمايدۇ.(ماركس)

2) زېرەك بولۇش ۋە قانۇننى بىلىش كېرەك، دۇنيانىڭ بارلىق زىننىتى زېرەكلىكتىن كېلىدۇ.(يۈسۈپ خاس ھاجىپ)

3) ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشى — كىشىلەرنىڭ پەسلىكى، يامانلىقى ۋە نابابلىقى بولماستىن، ئۇلارنىڭ قانۇنىنىڭ ياخشى ۋە مۇكەممەل بولمىغانلىقىدىندۇر.(ئېرۋېشىيوف)

3. ئۆزىڭىز تەركىبىدە رەۋىش، سۈپەتداش ۋە ئىسىمداشلار بولغان جۈملىدىن 10 نى تۈزۈڭ، ئاندىن ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

# XII باب تەقلىد سۆزلەر

## §1. تەقلىد سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

**كىشىنىڭ ئاۋاز سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى ۋە ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر تەقلىد سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

كونىراپ قېيىپ قالغان كونا ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى.

مۇنداق ئىمىر - چىمىر سەت خەتنى قانداقمۇ ئوقۇغىلى بولسۇن،

قويلار بۆرىنى كۆرۈپ ئۈيۈر - تۈپۈر بولۇپ كەتتى.

گۇم - گۇم! قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ رەڭگارەڭ ساليۇتلار كۆك ئاسماندا پەيدا بولدى.

تەقلىد سۆزلەر ھەرخىل ئاۋاز ۋە ھالەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان ياكى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئاۋازى ۋە ھالەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەر بولۇپ، بۇ خىل سۆزلەر ئەسلىدىكى ئاۋاز، كۆرۈنۈش ۋە سېزىمنىڭ ئەينەن ئۆزى بولماستىن، بەلكى ئۇلارغا تەقلىد قىلىش، ئۇلارنى نىسپىي دوراش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن سۆزلەردۇر.

**تەقلىد سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە:**

1. تەقلىد سۆزلەر كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى ۋە ھېسسىي سېزىمىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان سۆزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالمايدۇ.
2. تەقلىد سۆزلەرنىڭ ھېچقانداق گراماتىكىلىق شەكىللىرى يوق. لېكىن بەزىلىرى ئىسىملارنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ تاراق - تۇرۇقلار بىزنى زادىلا ئارام ئالدۇرمىدى. (ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن)

بىز بۇ تاراق - تۇرۇقتىن تولىمۇ بىزار بولدۇق. (ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن)

مۇنداق قالايمىقان تاراق - تۇرۇقنىڭ ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە بولغان زىيىنى چوڭ. (ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن)

3. تەقلىد سۆزلەر نەق شۇ خىل ھالەتنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولماستىن، شۇ خىل ھالەتكە تەقلىد قىلىپ ياسالغان سۆز بولغاچقا، مەنىسى نىسبەتەن ئابستراكت بولىدۇ. يەنى «يالت - يۇلت، پال - پۇل، شىر - شىر، شىپ - شىپ» قاتارلىق تەقلىد سۆزلەرنىڭ كونكرېت نېمىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى ئېنىق بولمايدۇ.
4. تەقلىد سۆزلەر ياسالمايدۇ، كۆپىنچە جۈپ سۆز شەكلىدە كېلىدۇ.
5. بەزى تاق تەقلىد سۆزلەردىن ئاز بىر قىسىم سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

غىچ - غىچچىدە، شار - شارىدە، گۈپ - گۈپپىدە، گۈر - گۈررىدە (رەۋىش ياسالغان)

ۋىژ - ۋىژىلدا، جىرىڭ - جىرىڭلا (پېئىل ياسالغان)، غىچ - غىچ قىلىپ، لىپ - لىپ قىلىپ، مىغ - مىغ قىلىپ (پېئىل ياسالغان)

www.uyghurkitap.com

## §2. تەقلىد سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

تىلىمىزدىكى تەقلىد سۆزلەر نېمىگە تەقلىد قىلغانلىقى ۋە مەنىسىگە ئاساسەن ئاۋاز تەقلىدلىرى، ھالەت تەقلىدلىرى، ھېسسىيات تەقلىدلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئاۋاز تەقلىدلىرى

**كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمىگە ئاساسەن ھەرخىل ئاۋازلارغا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ئاۋاز تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئاۋاز تەقلىدلىرى ئاڭلاش ئورگانلىرىنىڭ سېزىمى ئارقىلىق ئىنسان تەپەككۇرىدا پەيدا بولغان ئىنكاسنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن:

شار - شار، جاراڭ - جۇرۇڭ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، تاراق - تۇرۇق، غاراس - غۇرۇس، قاراس - قۇرۇس، ۋىژ - ۋىژ، ۋاژ - ۋۇژ، پاڭ - پۇڭ، تاڭ - تۇڭ، ۋاش - ۋاش، ۋاش - ۋۇش، ۋاس - ۋاس، ۋالاق - ۋالاق، ۋالاق - ۋۇلۇق، ۋىش - ۋىش، ۋىڭ - ۋىڭ، ۋاڭ - ۋۇڭ...

### 2. ھالەت تەقلىدلىرى

**ھەرخىل كۆرۈنۈش ۋە ھالەتلەرنىڭ كىشىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىگە تەسىر قىلىشىغا ئاساسەن تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ھالەت تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ھالەت تەقلىدلىرى كۆرۈش ئورگانلىرىنىڭ سېزىمى ئارقىلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ياكى شەيئىلەر ھالەتلىرىنىڭ كىشىنىڭ تەپەككۇرىدا پەيدا بولغان ئىنكاسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر. مەسىلەن:

ۋال - ۋۇل، ۋال - ۋال، ۋىل - ۋىل، يالت - يۇلت، پىل - پىل، ئىمىر - چىمىر، لەپ - لەپ، غال - غال، دىر - دىر، غىپ - غىپ، لۆم - لۆم، لوڭ - لوڭ...

### 3. ھېسسىيات تەقلىدلىرى

**كىشىنىڭ ھېسسى سېزىمىگە ئاساسەن تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ھېسسىيات تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ھېسسىيات تەقلىدلىرى سېزىش ئورگانلىرىنىڭ سېزىمى ئارقىلىق ئىنسان تەپەككۇرىدا پەيدا بولغان ئىنكاسنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر. مەسىلەن:

لوق - لوق، زىڭ - زىڭ، چىم - چىم، جىغ - جىغ، پىژ - پىژ، سىر - سىر...

## §3. تەقلىد سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

تەقلىد سۆزلەر گەرچە تەبىئەتكە، كىشىلەرنىڭ كۆرۈش ۋە ھېسسى سېزىملىرىگە تەقلىد قىلىنىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن سۆزلەر بولسىمۇ، مۇستەقىل سۆزلەرگە ئوخشاش ھەرخىل شەكىللەردە كېلىپ

رخىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

1. ئىسىملارغا ئوخشاش ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كوچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئەمدى بېسىقتى.

بۇ تاراق - تۇرۇق بىزنى تولىمۇ بىزار قىلدى.

غىچ - غىچ — ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئاۋازلارنىڭ بىرى.

2. پېئىللارغا ئوخشاش جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنى بەك بىزار قىلىدىغىنى دىققەتنى بۇزىدىغان — تاراق - تۇرۇق.

تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال.

كۆزۈم تورلىشىپ ئىمىر - چىمىر بولۇپ كەتتى.

3. سۈپەت ۋە سانلارغا ئوخشاش ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

يىراقتىن شىر - شىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

گۇر - گۇر شامال قۇلاق، مېڭەمنى يەپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ خور - خور تىنىقلىرىدىن ئۇخلىيالمىدىم.

4. تەقلىد سۆزلەردىن ياسالغان پېئىللار رەۋىشداشقا ئايلىنىپ، يەنە بىر رەۋىشداش بىلەن بىرىكىپ ئاندىن سۈپەتداشلار بىلەن بىرلىشىپ مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىپ، ئىسىمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

لىپىلداپ يېنىپ تۇرغان شام غۇۋا نۇر چېچىپ تۇراتتى.

تاراقلاپ كىرىپ كەلگەن بۇ كىشى بىر ھەربىي ئەمەلدار ئىكەن.

ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ تۇرغان بۇ بالا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

5. تەقلىد سۆزلەر ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىش، بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن پەيت كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

شەھەر كوچىلىرىدىكى تاراق - تۇرۇقنى تۈگىتىش كېرەك. (تولدۇرغۇچى)

مۇنداق ئۇپۇر - تۇپۇردا خىزمەت ئىشلىگىلى بولمايدۇ. (ھالەت)

تۇيۇقسىز چىققان ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتىم. (ھالەت)

6. تەقلىد سۆزلەر جۈملىدە پېئىللارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

تەڭرى تاغنىڭ مەززىلىك ئوت - چۆپلىرىگە تويغان بۇ مال - چارۋىلار گويا ھەربىر تال تۈكىدىن ياغ تېمىۋاتقاندەك پار - پار پارقىراپ تۇرىدۇ. (ھالەت)

بىر دەستە چىنە جاراڭ - جۇرۇڭ چېقىلىپ كەتتى. (ھالەت)

تۈنۈگۈندىن بېرى بېشىم لوق - لوق ئاغرىۋاتىدۇ. (ھالەت)

ئۇ، گۈپ - گۈپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى. (ھالەت)

7. تەقلىد سۆزلەر ياسالمايدۇ. تەقلىد سۆزلەردىن ئاز بىر قىسىم پېئىل، ئىسىم ۋە سۈپەتلەر ياسىلىدۇ. تەقلىد سۆزلەر «قىل» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ، قوشما پېئىل ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

جىرىڭ + لا = جىرىڭلا، ۋىژ + ىلدا = ۋىژىلدا، تاك - تاك + چى = تاكتاكچى، جاراڭ + ـ لىق = جاراڭلىق، غىچ قىلىپ، ۋىژ قىلىپ، پىژ قىلىپ، تاراق - تۇرۇق قىلىپ...

www.uyghurkitap.com

# XIII باب ئىملىق سۆزلەر

## §1. ئىملىق سۆزلەر توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

**كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى، بۇيرۇق - چاقىرىقلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان سۆزلەر ئىملىق سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئۇھ، ئەجەبمۇ ھېرىپ كەتتىم، بىردەم ئارام ئېلىۋالاي. (ھېرىش - چارچاش ھېسسىياتى)

ھەي ئىسىت، بالدۇرراق كەلمەپتىمەن - دە. (پۇشايمان قىلىش ھېسسىياتى)

ھەي ئىسىت، ئەجەبمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولدى. (ئېچىنىش ھېسسىياتى)

ئەستا، ئۇلار نېمىشقا ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمەيدىغاندۇ. (تىت - تىت بولۇش ھېسسىياتى)

ھەببەللى، بۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپسىز. (رازى بولۇش ھېسسىياتى)

ۋاي - ۋۇي، قارا ئۇنىڭغا، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپتىغۇ بۇ. (ھەيران قېلىش، خۇشال بولۇش ھېسسىياتى)

ئىملىق سۆزلەر مەنىسى ۋە رولى جەھەتتىن مۇستەقىل سۆزلەرگىمۇ، ياردەمچى سۆزلەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

ئىملىق سۆزلەر بىرەر شەيئى، ئىش - ھەرىكەت ياكى بەلگە - خۇسۇسىيەت، سان، سۈپەت، ھەرىكەت - ھالەت توغرىسىدا ھېچقانداق ئېنىق بىر مەنە ياكى چۈشەنچە ئىپادىلىمەيدۇ. پەقەت كىشىلەرنىڭ شەيئى - ھادىسە ۋە ئىش - ھەرىكەتكە نىسبەتەن تۈرلۈك ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى، خاھىشلىرىنى بىلدۈرۈش، شۇنداقلا ھايۋانلارنى ھەيدەش، چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

گەرچە ئىملىق سۆزلەر مۇستەقىل ياكى ياردەمچى سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋە بولمىغان، ئۆز ئالدىغا ئايرىم لېكسىكىلىق مەنىمۇ ئىپادىلىمەيدىغان ئالاھىدە بىر سۆز تۈركۈمى بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتە ئاغزاكى تىلىمىزدا ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتتا كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئىملىق سۆزلەر نۇتۇقنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇقۇمنىڭ ئوبرازلىق بولۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

## §2. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ئىملىق سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇقتۇرغان مەنىلىرىگە قاراپ ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى، قاراتما ئىملىقلار ۋە بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى

**ئادەملەرنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى كىشىلەرنىڭ خۇشاللىق، خاپىلىق، زوقلىنىش، قايغۇ - ھەسرەت، قورقۇش، ئەجەبلىنىش، ئارزۇ - ئارمان، زېرىكىش، پۇشايمان، ھېرىش - چارچاش، غەزەپلىنىش قاتارلىق

تۇرلۇك ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئاھ، پاھ، ئوھوي، ۋىيەي، ۋايجان، ئىسىت، ئاپلا، خەي، ئۇھ...

پاھ ـ پاھ! نىمىدىگەن گۈزەل مەنزىرە ـ ھە؟ (خۇشال بولۇش)

ۋايجان! ئادەم بارمۇ؟ مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار؟ (قورقۇش)

ئوھوي ، بۇ ئوماق باللارنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلىغا قاراڭلار! (سۆيۈنۈش، زوقلىنىش)

ئىھە، سۆيۈملۈك ۋەتىنىم، بىز سېنىڭ قوينۇڭدا بەختىيار، خۇشال ـ خۇرام ياشىماقتىمىز.

ئۇھ، ئۆرە تۇرغۇدەك مادارىم قالمىدى، ئولتۇرۇپ ئازراق ئارام ئېلىۋالايچۇ. (ھېرىش ـ چارچاش)

خەپ، توختاپتۇر! سېنىڭ ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم! (ئاچچىقلىنىش )

ھەي، چاتاق بولدى، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز! (قورقۇش، قايغۇرۇش)

ئاھ، سۆيۈملۈك ئانا، سېنىڭ دۇنيادا ھەممىدىن سۆيۈملۈك، قەدىرلىك، مېھرىبان ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنلىكىڭنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن مۇشۇ مىنۇتلاردا، يېنىمدا بولساڭ، مەن قانچە خۇشال بولاتتىم ـ ھە! (سۆيۈنۈش)

## 2. قاراتما ئىملىقلار

**كىشىلەرنى قارىتىش، دىققىتىنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە قوللىنىلغان ئىملىقلار قاراتما ئىملىقلار دەپ ئاتىلىدۇ.**

تىلىمىزدا كۆپرەك قوللىنىلىدىغان قاراتما ئىملىقلار «ھاي، ھەي، ھوي، ھۆي، ئەي» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن:

ھاي ـ ھاي، بىز بۇ يەردە، بۇياققا كېلىڭلار!

ھەي بالام، ئېسىڭدە بولسۇن، جاپانىڭ تېگى راھەت.

ھەي باللار، سىلەر ھەر كۈنى بىر كۈنلۈك پائالىيىتىڭلارنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى ئويلاپ بېقىڭلار!

ھوي بۇۋا، مەن قانداق قىلسام مەقسىتىمگە يېتەلەيمەن؟

ئەي ئوغلۇق، ئېسىڭدە بولسۇنكى، سەندە يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازىدىغان ئىرادە، قەتئىي ئېگىلمەس ـ سۇنماس غەيرەت ـ جاسارەت بولغاندىلا مەقسىتىڭگە چوقۇم يېتەلەيسەن.

ئەي ساۋاقداشلار، ھازىر قىلىۋاتقانلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن كەلگۈسىدە ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئىش قىلىڭلار!

## 3. بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقلىرى

**ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە ۋە ھايۋانلارغا قارىتا تۈرلۈك خىتابلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىملىق سۆزلەر بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقلىرى كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ ھايۋانلارنى چاقىرىش، ھەيدەش، قوغلاش، ئۈركۈتۈش ئۈچۈن قوللانغان سۆزلىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

ئاتنى ھەيدەش ئۈچۈن «تىرت، چۇھ» ئىملىقى، توختىتىش ئۈچۈن «ھو ـ ھو» ئىملىقى قوللىنىلىدۇ.

توخۇنى چاقىرىش ئۈچۈن « تۇ ـ تۇ ـ تۇ » ئىملىقى، ھەيدەش ئۈچۈن «تاخ» ئىملىقى قوللىنىلىدۇ.

كەپتەرنى چاقىرىش ئۈچۈن «يەھ ـ يەھ» ئىملىقى، ھەيدەش، ئۈركۈتۈش ئۈچۈن «ھۇشت ـ ھۇشت» ئىملىقى قوللىنىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

قوينى چاقىرىش ئۈچۈن، «مە - مە» ئىملىقى، ھەيدەش ئۈچۈن « دۈۋ - دۈۋ،ھۈشت» ئىملىقى قوللىنىلىدۇ.

بۇيرۇق، چاقىرىق ئىملىقلىرىدىن «ھىم، جىم، تىنچ» قاتارلىق ئاز بىر قىسىم ئىملىقلار ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە قاراتقان ئىملىقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھايۋانلارغا قوللىنىلغان ئىملىق بولغانلىقى، شۇنداقلا ھەرخىل ھايۋانلارنى چاقىرىش، ھەيدەش، ئۈركۈتۈش سۆزلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىملىقلار ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنداقلا بۇيرۇق- چاقىرىق ئىملىقلىرى باشقا ئىملىقلاردەك ئېنىق ئىپادىلەنمەيدۇ، شۇڭا بەزى بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرىنى تىلدا ئېنىق ئىپادىلەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

## ئىملىق سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1. ئىملىق سۆزلەر جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ، ئايرىم ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار جۈملىدە جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتى بولمىغان سۆزلەر قاتارىدا خىزمەت قىلىدۇ

2. ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى بولمىغاچقا، جۈملىدە ھېچقانداق تۈرلىنىشتە بولمايدۇ.

3. ئىملىق سۆزلەر پۈتۈن بىر جۈملىگە بەلگىلىك بىر مەنە بېرىدۇ، ئۇنىڭ بېرىدىغان مەنىسى كونكرېت جۈملىدە ئىپادىلىنىدۇ

4. بەزى ئىملىقلارنى تەلەپپۇز قىلغىلى، تىل - ئالاقىدە كونكرېت قوللانغىلى بولسىمۇ، لېكىن يېزىقتا ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ.

5. ئىملىق سۆزلەر جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمىغاچقا، نۇتۇقتا ئىنتوناتسىيە، يېزىقتا پەش (،) ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. ئەگەر كۈچلۈك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلغان بولسا يېزىقتا ئۇندەش«!»بەلگىسى قويۇلىدۇ.

6. بەزىدە ئوخشاش بىر ئىملىق سۆز ئوخشاش بولمىغان جۈملىدە ئوخشاش بولمىغان ئىنتوناتسىيىدە تەلەپپۇز قىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ۋىيەي، ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭ! (قورقۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ)

ۋىيەي، مۇنچىلىك ئىشنى مەنمۇ بىلىمەن. (مەنسىتمەسلىك مەنىسىنى بىلدۈرگە)

ۋاي- ۋۇي، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە -ھە؟! (زوقلىنىش، ھەيران قېلىش مەنىسىنى بىلدۈرگەن)

ۋاي- ۋۇي، سېنىڭ گەپلىرىڭ ئەجەب تۈگىمەي كەتتىغۇ بۈگۈن! (ئاچچىقلىنىش مەنىسىنى بىلدۈرگەن)

## تەقلىد سۆز ۋە ئىملىق سۆزلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

### I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ.

1. تەقلىد سۆز ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل ھالەتلەرگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر تەقلىد سۆز دەپ ئاتىلىدۇ

B. كىشلەرنىڭ ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر تەقلىد سۆز دەپ ئاتىلىدۇ

C. كىشلەرنىڭ كۆرۈش سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر تەقلىد سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ

D. كىشلەرنىڭ ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى ۋە ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر تەقلىد سۆز دەپ ئاتىلىدۇ

2. تەقلىد سۆز ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. تەقلىد سۆزلەر ئۆزى ئىپادىلىگەن ھالەتنىڭ ئەينەن ئۆزى بولماستىن بەلكى شۇ خىل ھالەتكە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق پەيدا بولغان سۆزلەردۇر

B. تەقلىد سۆزلەر پىكىرنى ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەش، ئۇقۇملارنىڭ مېغىزىنى ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ

C. تەقلىد سۆزلەر ئۆزىگە خاس گراماتىكىلىق شەكىلگە ئىگە بولغان سۆز تۈركۈمى

D. تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق بەزى سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ

3. ئىملىق سۆز ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. ئىملىق سۆزلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ھەرخىل ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەچكە جۈملىدە بەلگىلىك بىر ۋەزىپە ئۆتەيدۇ

B. بەزى ئىملىق سۆزلەر جۈملىدە بەلگىلىك لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ

C. ئىملىق سۆزلەر نۇتۇقنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئوبرازلىق بولۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ

D. ھايۋانلارنى ھەيدەش، چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر تەقلىد سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ

4. «ئالدىمدا تۇرغان بۇ سەبىي بالا غال ـ غال تىترەپ تۇراتتى» دېگەن جۈملىدىكى تەقلىد سۆز: ( )

A. ئاۋاز تەقلىدى B. شەكىل تەقلىدى

C. ھالەت تەقلىدى D. ھېسسىيات تەقلىدى

5.«ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچ ھارۋىلىرىمۇ غىچ ـ غىچ ئاۋاز چىقىرىپ ماڭىدۇ» (ۋاڭ مىڭ) دېگەن جۈملىدىكى تەقلىد سۆزلەرنىڭ ۋەزىپىسى: ( )

A. ئىگە B. ئېنىقلىغۇچى C. ھالەت D. خەۋەر

6. «مورىدىكى سائەت داڭ ـ داڭ قىلىپ 12 قېتىم قوڭغۇراق ئۇردى»دېگەن جۈملىدىكى تەقلىد سۆز ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. بۇ جۈملىدە تەقلىد سۆزدىن ئىككىسى بولۇپ،بىرى ئاۋاز تەقلىدى،يەنە بىرى ھالەت تەقلىدى

B. بۇ جۈملىدە تەقلىد سۆزدىن بىرى بولۇپ، بۇ تەقلىد سۆز ھالەت تەقلىدى

C. بۇ جۈملىدىكى تەقلىد سۆز بىر شەخسسىز پېئىل بىلەن بىرىكىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن

D. بۇ جۈملىدىكى تەقلىد سۆز «قوڭغۇراق» دېگەن ئىسىمغا باغلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

7. «ئىھ، ئانا تۇپراق، سەن بىزگە يېمەك ـ ئىچمەك، بايلىق ئاتا قىلىپ، بىزنى بېقىپ كەلدىڭ» دېگەن جۈملىدىكى ئىملىق سۆز: ( )

A. قاراتما ئىملىق B. ھېس ـ تۇيغۇ ئىملىقى

C. بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقى D. ھاياجانلىنىش ئىملىقى

8. «خەپ! ساڭا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام، دادامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي» دېگەن جۈملىدىكى ئىملىق سۆز ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. قاراتما ئىملىق B. ھېس-تۇيغۇ ئىملىقى

C. چاقىرىق ئىملىق D. ئىملىق سۆزنىڭ كەينىگە ئۈندەش بەلگىسى قويۇش خاتا

9. «ھوي بالىلار! بۇ توخۇلارنى تاخ! دەپ ھەيدىسەڭلارچۇ؟ كۆكتاتلارنى يەپ كەتتى بۇ توخۇلار» دېگەن جۈملىدىكى ئىملىق سۆز ھەققىدىكى خاتا قاراش: ( )

A. بۇ جۈملىدە ئىملىق سۆزدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى قاراتما ئىملىق، بىرى بۇيرۇق ئىملىقى بولىدۇ

B. «تاخ»دېگەن ئىملىق توخۇلارغا قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن بۇيرۇق، چاقىرىق ئىملىقى دېيىشكە بولىدۇ

C. جۈملىدىكى ئىملىق سۆزلەرنىڭ تىنىش بەلگىسى توغرا قويۇلغان

D. يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەممىسى خاتا. بۇ جۈملىدە ئىملىق سۆزلەر يوق

## II بوش ئورۇن تولدۇرۇش سوئاللىرى

1.كىشىلەرنىڭ ( ) ( ) ۋە ( ) غا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر تەقلىد سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. تىلىمىزدىكى تەقلىد سۆزلەر ( ) ئاساسەن ( ) ( ) ( ) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

2. ئاۋاز تەقلىدلىرىگە ( )، ھالەت تەقلىدلىرىگە ( )، ھېسسىيات تەقلىدلىرىگە ( ) قاتارلىقلاردەك سۆزلەر كىرىدۇ. تەقلىد سۆزلەر كۆپىنچە ( ) شەكىلدە كېلىدۇ.

3. ئىملىق سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇقتۇرغان مەنىلىرىگە قاراپ ( ) ( ) ( ) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرى مەخسۇس ( ) غىلا قارىتىلىدۇ. ئادەملەرگە قوللىنىلمايدۇ. قاراتما ئىملىقلار ( ) قاتارلىق ئىملىقلاردىن ئىبارەت.

4. «ھەي ئىسىت، ئەجەبمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولدى -ھە؟»دېگەن جۈملىدىكى ئىملىق سۆز( ) دېگەن ئىملىق سۆز بولۇپ، مەنە جەھەتتىن ( ) غا كىرىدۇ.

5. «سىرتتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ تېخى بېسىقمىدى» دېگەن جۈملىدىكى تەقلىد سۆز ( ) بولۇپ، جۈملىدە ( ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

6. «بېشىم لوق-لوق ئاغرىۋاتىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى تەقلىد سۆز ( ) دېگەن سۆز بولۇپ، جۈملىدە( ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

7. «قۇلۇپنىڭ شاراقىدە قىلىپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى» دېگەن جۈملىدە ( ) دېگەن سۆز تەقلىد سۆزدىن ياسالغان، بۇ سۆز ( ) سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، جۈملىدە ( ) دېگەن پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ( ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

8. «قورسىقىم پىژ - پىژ قىلىپ ئېچىپ كەتتى» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى تەقلىد سۆز ( ) دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ تەقلىد سۆز ( )تەقلىدىگە كىرىدۇ. جۈملىدە ( ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

9. «پاھـپاھ!تېكەس يايلىقى ھەقىقەتەنمۇ بىر يېشىل دېڭىز ئىكەن ـ ھە!»دېگەن جۈملىدىكى ئىملىق سۆز مەنە جەھەتتىن (           ) ئىملىقى بولىدۇ.

10. «ھەي بالام، ئېسىڭدە بولسۇن، جاپانىڭ تېگى راھەت» دېگەن جۈملىدىكى ئىملىق (       ) دېگەن ئىملىق بولۇپ، (            ) ئىملىق.

11. «بوۋاي تىرت- چوھ! دەپ قامچىسىنى شىلتىپ ئېتىنى ھەيدەپ، يەنە شۇ كونا ناخشىسىغا غىڭشىپ يولىغا راۋان بولدى »دىگەن جۈملىدىكى ئىملىق (           ) ئىملىقىغا تەۋە.

www.uyghurkitap.com

### III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن تەقلىدىي ۋە ئىملىق سۆزلەرنى تېپىپ، قانداق تۈردىكى تەقلىد ۋە ئىملىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاڭ .

1) تۇيۇقسىزلا شار- شۇر قىلىپ يامغۇر يېغىپ كەتتى .

2) ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ۋال - ۋۇل قىلىپ ئوت چاقناپ كەتتى .

3) شەرقتىن چىققان غۇر- غۇر شامال مايسىلارنى يەڭگىل تەۋرىتىۋاتاتتى.

4) ھاشىم ئاكا ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ، ئالدىدىكى شىر- شىر سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق بويىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، ھوي ھاشىم ئاكا، سىلەر قەيەردە، بىزكەلدۇق دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى .

5) ئۆي غاراس- غۇرۇس قىلىپ ئۆرۈلۈپ كەتتى. ھاي كۆپچىلىك، چاپسان بولۇڭلار، ئادەمنى قۇتقۇزايلى، دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى .

6) ئەي ئەزىز ۋەتەن، سەن بىزنى باغرىڭدا پەپىلەپ ئۆستۈردۈڭ. يارامىلىق ئادەم قىلىپ چوڭ قىلدىڭ .

7) تۇيۇقسىزلا بىرىنىڭ موھ- موھ دەپ چاقىرىشى بىلەن ئىتلار تەرەپ- تەرەپتىن قاۋاپ كېلىشكە باشلىدى.

8) ئۇ ئاتقا مىنىدى- دە، تىرت- چوھ! دەپ قامچىسىنى شىلتىپ،بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

9) يېقىندىن بۇيان كوچىدىكى ۋاراڭ- چۇرۇڭ ئاۋازلارمۇ بېسىقىپ قالدى.

2. ئۆزىڭىز تەركىبىدە تەقلىد سۆز بولغان جۈملىدىن بەشنى، ئىملىق سۆز بولغان جۈملىدىن بەشنى تۈزۈڭ. ئاندىن جۈملە تەركىبىدىكى تەقلىد ۋە ئىملىق سۆزلەرنىڭ قايسى تۈرگە كىرىدىغانلىقىنى، جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

# XIV باب   ياردەمچى سۆزلەر

## §1. ياردەمچى سۆزلەر توغرىسىدا چۈشەنچە

**ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدىغان جۈملە بۆلىكى بولۇپ كەلمەيدىغان، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان، سۆز ۋە جۈملىلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدىغان سۆزلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

ياردەمچى سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنى باشقا سۆزلەردىن ئايرىپ ئالاھىدە قوللانغىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ياكى جۈملىلەر بىلەن بىللە كېلىپ، شۇ سۆزلەر ياكى جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرىنى تولۇقلاش، روشەنلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. سۆز ۋە جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن :

مۇئەللىم بۈگۈن ئۆگىنىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش توغرۇلۇق سۆزلىدى.
تىل ئۆگىنىشتە ئوقۇشنى ھەم يېزىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.
ۋەتەن ئۈچۈن ياراملىق ياشلاردىن بولۇشىمىز لازىم.
ئادەم مەڭگۈ ياشىمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى نامى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.
بۇ قېتىمقى ئاپەتتە خەلقنىڭ مال - مۈلكى زىيانغا ئۇچرىدىمۇ؟

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «توغرۇلۇق، ھەم ئۈچۈن، لېكىن، مۇ» قاتارلىقلار ياردەمچى سۆزلەر بولۇپ، «توغرۇلۇق» ياردەمچى سۆزى «ئۆگىنىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش» دېگەن سۆز بىرىكمىسىگە ياندىشىپ كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ نېمە توغرىسىدا سۆزلىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ «ھەم» ياردەمچى سۆزى «ئوقۇشنى، يېزىشنى» دېگەن ئىككى تەڭداش بۆلەكنى ئۆزئارا باغلاپ كەلگەن؛ «ئۈچۈن» ياردەمچى سۆزى «ۋەتەن» دېگەن سۆزگە ياندىشىپ كېلىپ، پىكىرنىڭ ئوبيېكتىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. «لېكىن» ياردەمچى سۆزى قارىمۇقارشى باغلىغۇچى بولۇپ، مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى ئاددىي جۈملىنى ئۆزئارا باغلاپ كەلگەن؛ «مۇ» ياردەمچى سۆزى «ئۇچرىدى» دېگەن پېئىلغا ئۇلىنىپ بۇ جۈملىنى سوئال جۈملىگە ئايلاندۇرغان. يۇقىرىقى ياردەمچى سۆزلەر ئايرىم تۇرغاندا بەلگىلىك بىر لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمىسىمۇ، لېكىن جۈملە ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ھەربىرى ئۆز ئالدىغا بەلگىلىك بىر گىرامماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن.

**ياردەمچى سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:**

1. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىسى يوق، شۇنداقلا باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەنمۇ تۈرلەنمەيدۇ.

2. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئۇلانمىلار قوشۇمچىلارغا ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ لېكىن قوشۇمچىلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: «چۇ، غۇ، قۇ، زە، دۇ، ھە» ئۇلانمىلىرى قوشۇمچىلارغا نىسبەتەن تىنىش ئارقىلىق پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن قوشۇمچىلاردىن پەرقلىنىدۇ.

# §2. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ياردەمچى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ جۈملىدە ئۆتەيدىغان خىزمىتىگە، گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن تىركەلمىلەر، باغلىغۇچىلار ۋە يۈكلىمىلەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. تىركەلمىلەر (سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى)

**ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىدە ياكى سۆز بىرىكمىسىدە باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەرخىل مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ياردەمچى سۆزلەر تىركەلمە دەپ ئاتىلىدۇ.**

تىلىمىزدىكى «بىلەن، توغرۇلۇق، ھەققىدە، ھەقتە، دائىر، ئائىت، ئارقىلىق، قاتارلىق، قەدەر، قارىتا، ئىبارەت» قاتارلىق سۆزلەر تىركەلمە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

«ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە پويىز بىلەن بىر كۈندە بارغىلى بولىدۇ.

مەن سىلەرگە دوكتۇر خالمۇرات غوپۇر توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي.

مۇئەللىم سىنىپىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە مەخسۇس يىغىن ئاچتى.

ياخشى بىلەن دوست بولغان كىشى ئىززەت تاپار.

زۇلخۇمار، زۇلفىنۇر قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى.

ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن، ئەخمەق بولىسەن ساقلىڭ بىلەن. (ماقال)

يېقىندا پەن- تېخنىكىغا ئائىت كىتابلار كۆپلەپ نەشر قىلىنىدۇ.

**تىركەلمىلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى**

تىركەلمىلەر مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىدىن ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش قاتارلىقلارغا؛ شەخسسىز پېئىللاردىن ئىسىمداش ۋە سۈپەتداشلارغا ياندىشىپ كېلىپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن (كۆپىنچە پېئىللار بىلەن) بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، ۋەزىپىسى ئوخشاش بولمايدۇ.

تىركەلمىلەرنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى قانداق سۆزگە ياندىشىپ كەلگەنلىكىگە ۋە قانداق سۆزگە باغلىنىپ، قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىگە قاراپ بەلگىلەيمىز.

1. «توغرىسىدا، توغرۇلۇق، ھەققىدە، بىلەن، ئۈچۈن» تىركەلمىلىرى باش كېلىشتىكى ئىسىم، سۈپەت، ئالماش ياكى سانلارغا شەخسسىز پېئىللاردىن ئىسىمداش ياكى سۈپەتداشلارغا ياندىشىپ كېلىپ، جۈملىنىڭ خەۋىرىگە باغلانسا ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇ كىتابلارنى بالام ئۈچۈن سېتىۋالدىم.

بىز ھەر ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز.

مەن بۇ مەكتەپكە ئوقۇش ئۈچۈن كەلدىم.

يامغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرغاق تاغ - دەريالىرى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

ئوقۇغۇچىلاردا غايە، ئېتىقاد توغرۇلۇق بەلگىلىك چۈشەنچە بولۇشى كېرەك.

بىز بۈگۈنكى يىغىندا تىرىشىپ ئۆگىنىش ھەققىدە سۆھبەتلىشىمىز.

2. «قارشى، دائىر، ئائىت» قاتارلىق تىركەلمىلەر بېرىش كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن سۆزلەرگە ياندىشىپ، ئىسىملارغا باغلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش مەيدانىدا قەتئىي چىڭ تۇرىمىز.

مەكتەپ ئەخلاقىي تەربىيىگە دائىر قائىدە- تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى.

ئانا تىل تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلەر كۆپلەپ ئېلان قىلىنىدى.

دۇشمەنگە قارشى كۆرەشنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

3. «ئېتىبارەن، باشلاپ، تارتىپ، بۇيان، بېرى» قاتارلىق تىركەلمىلەر چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ياندىشىپ كېلىپ، ئاندىن كۆپىنچە جۈملىنىڭ خەۋىرىگە باغلىنىپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

يېڭى بەلگىلىمە ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان ئەھۋالدا ياخشىلىنىش بولدى.

ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندىن تارتىپ قوغداش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يازلىق ۋاقىت يولغا قويۇلىدۇ.

4. يۇقىرىقىدەك ئۈچ خىل شەكىلدە كەلگەن تىركەلمىلەرنىڭ ئاخىرىغا «غان، قان، گەن، كەن» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلارغا سەن توغرىسىدا ئىشلىگەن خىزمەتلەر ئاز ئەمەس.

مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاقى تەربىيەگە دائىر ئىشلىگەن خىزمەتلىرى يېتەرلىك ئەمەس.

بازار ئېچىلغاندىن تارتىپ كىرگۈزۈلگەن كۆكتاتلارنىڭ ھەممىسى كارانتىن قىلىندى.

5. تىركەلمىلەرگە ئۇلانمىلار ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن:

مېھمانلار كېلىشى بىلەنلا قارشى ئېلىش پائالىيىتىنى باشلايمىز.

بىلىمنى ئىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپلا ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدۇم.

6. بەزى تىركەلمىلەر مۇستەقىل سۆز رولىدىمۇ، تىركەلمە رولىدىمۇ كېلىدۇ. قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى جۈملىدىكى مەنىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرىمىز. مەسىلەن:

قارىمايغا ئۆستەڭ چېپىپ ئېرىتىش دەرياسىنىڭ سۈيى باشلاپ كېلىندى. (باشلاپ دېگەن سۆز بۇ جۈملىدە مۇستەقىل سۆز رولىدا كەلگەن)

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن پەقەتلا كۆرۈشەلمىدىم. (باشلاپ دېگەن سۆز تىركەلمە رولىدا كەلگەن)

## 2. باغلىغۇچىلار

**سۆزلەرنى، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى سۆزلەر باغلىغۇچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.**

باغلىغۇچىلار سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ رولى خېلى مۇھىم. بەزى بىرىكمىلەر تەركىبىدىكى باغلىغۇچىلارنى چىقىرىۋەتكەندە شۇ بىرىكمىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتمىسىمۇ، لېكىن بەزى بىرىكمىلەر تەركىبىدە باغلىغۇچى بولمىسا، ئۇ بىرىكمىلەر بىرىكمە بولالماي قالىدۇ. مەسىلەن:

تىل بىلەن يېزىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئەدەبىيات ۋە خەنزۇ تىلى مۇھىم، ئاساسلىق پەنلەر.

ئۇ دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، لېكىن خاتىرە يازمىدى.

بىز بارايلى ياكى ئۇلار كەلسۇن يەنىلا ئوخشاش.

بۈگۈن ئايروپىلان ئۇچمايدۇ، شۇڭا بىز بۇ يەردە بىر كۈن قونۇپ قالىمىز.

بىرىنچى جۈملىدىكى «بىلەن» ئىككىنچى جۈملىدىكى «ۋە»، ئۈچىنچى جۈملىدىكى «لېكىن» باغلىغۇچىلىرىنى چىقىرىۋەتسەك، بۇ باغلىغۇچىلارنىڭ ئورنىغا پەش قويساق، ئۇ جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يەتمەيدۇ، شۇنداقلا سۆز ياكى جۈملىلەرمۇ باغلىنىۋېرىدۇ. لېكىن، تۆتىنچى جۈملىدىكى «ياكى»، بەشىنچى جۈملىدىكى «شۇڭا» باغلىغۇچىلىرىنى ئېلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئېلىۋېتىلسە ئۇ جۈملىلەر ئۆزئارا باغلىنالمايدۇ.

تىلىمىزدىكى باغلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىسى ۋە رولىغا قاراپ، بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار،

قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار، ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار، كۆچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار، سەۋەب باغلىغۇچىلار، شەرت باغلىغۇچىلار دەپ ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1) بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار

**تىلىمىزدىكى بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار «ۋە، ھەم، بىلەن، ھەمدە، يەنە»قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ باغلىغۇچىلار جۈملە تەركىبىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى ھەمدە قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينايدۇ.** مەسىلەن:

خالمۇرات غوپۇر بىلەن كۇرەش ئىبراھىم دۇنيا ئىبتىراپ قىلىدىغان ئۇيغۇر ئالىملىرىدۇر.

مەن ھەربىر سائەتلىك دەرسنى ئەستايىدىل ئاڭلىدىم ھەم تولۇق خاتىرە يازدىم.

كۆپ ساندىكى ساۋاقداشلار تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ ھەمدە باشقا ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىشىگىمۇ يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ.

شۇنداق بىر كۆپ ئىقتىدارلىق قەلەم كەشىپ قىلىنغان بولۇپ، بۇ قەلەم بىلەن خەت يازغىلى، ئۆچۈر يوللىغىلى، يەنە كېچىسى ئىش ئۈستىلىنى يورۇتقىلى بولىدۇ.

تىلىمىزدىكى «بىلەن» ياردەمچى سۆزى بەزىدە باغلىغۇچى رولىدا، بەزىدە تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ. قايسى خىل ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى كونكرېت جۈملىدىكى ئورنى ۋە رولىغا قاراپ پەرقلەندۈرىمىز.

«بىلەن» ياردەمچى سۆزى باغلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەندە ئىككى تەڭداش بۆلەكنى ئۆزئارا باغلاپ كېلىدۇ (يۇقىرىقى بىرىنچى جۈملىدىكىدەك)، تىركەلمە رولىدا كەلگەندە ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆز بىلەن بىرگە جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ (يۇقىرىدىكى تۆتىنچى جۈملىدىكىگە ئوخشاش).

### 2) قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار

**تىلىمىزدىكى قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار «لېكىن، ئەمما، بىراق، ئەكسىچە، ئەپسۇسكى»** قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ باغلىغۇچىلار كۆپ ھاللاردا تەڭداش قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى مەنە جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئاددىي جۈملىلەرنى باغلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەم مەڭگۈ ياشىمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى نامى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئاي شارى يورۇقلۇق قايتۇرالايدۇ، ئەمما ئىسسىقلىق قايتۇرالمايدۇ.

نۇرۇم بىلەن غۇنچەم، گۈلەمخان بىلەن ئەختەملەر شۇنداق زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى رەھىمسىز رېئاللىق ئۇلارغا چىقىش يولى بەرمىگەن.

كۆپ ساندىكى ئادەملەر ياخشى نامغا ئامراق كېلىدۇ، لېكىن ياخشى نام قالدۇرۇش، ياخشى نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلار كۆپ ئەمەس.

قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى باغلاپ كېلىدۇ ھەمدە شۇ باغلىغۇچىلارنىڭ ئالدىدىن پەش (،) قويۇلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بەزىدە «بىلەن» ياردەمچى سۆزىمۇ جۈملىدە قارىمۇقارشى باغلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردۇق دېگەن بىلەن، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بەرمىسەك بولمايدۇ.

بەزىلەر مەن چوڭ بولغاندا يارامىلىق ئادەم بولىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن بىلەن، ئۆزىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەيدۇ.

ئۇلار بىز ئەزەلدىن ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن دېگەن بىلەن، بۇ قېتىم ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالمىدى.

### 3) ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار

**تىلىمىزدىكى « يا، ياكى، بەزىدە، گاھى، گاھىدا»** قاتارلىق باغلىغۇچىلار ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار بولۇپ، جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىنى ياكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئىككى خىل



www.uyghurkitap.com

ئىش- ھەرىكەت ياكى شەيئى توغرىسىدىكى ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
مەن يا دەپتىرىمنى، يا قەلىمىمنى ئالماي كېلىپتىمەن.
رېئالىزم «ئەمەلىيەت» ياكى ئەمەلىيەتكە يېقىن دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.
ئۇلار بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنى يا خالىسۇن، يا خالىمىسۇن، بۇ شەرتىمىزگە قوشۇلماي ئامالى يوق.
كۆز ئالدىمدىكى چەكسىز كەتكەن بۇ زېمىنغا نە ئادەم، نە ھايۋان ئاياغ باسمىغاندەك قىلاتتى.
لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپى پايانسىز چۆللۈك بولۇپ، نە بىرەر تال گىياھ، نە بىرەر تېمىم سۇ يوق. يازدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 70°C قا يېتىدۇ.
ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار ئىككى قېتىم تەكرارلانسا، ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانغاندا ئالدىغا پەش قويۇلىدۇ. (يۇقىرىقىلاردەك)

4) **سەۋەب باغلىغۇچىلار**

**تىلىمىزدىكى «چۈنكى، سەۋەبى، شۇڭا، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ سەۋەبتىن»** قاتارلىق باغلىغۇچىلار سەۋەب باغلىغۇچىلار بولۇپ، بۇلار مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنىڭ يەنە بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ياكى ئورۇندالماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. سەۋەب باغلىغۇچىلارنىڭ ئالدىدىن پەش (،) قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:
مەن مەكتەپكە بارالمىدىم، چۈنكى ئاغرىپ قالغانىدىم.
ئۇ ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، شۇڭلاشقا ھەممە پەنلەردىن ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.
ئۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىدى، شۇڭا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.
«كىچىككەن ئىشنى قار بېسىپتۇ» دەيدىغان گەپ بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتىدا قىلىش كېرەك.

5) **كۆچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار**

**تىلىمىزدىكى «بەلكى، ھەتتا، ھەتتاكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇسۇسەن»** قاتارلىق باغلىغۇچىلار كۆچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى باغلاپ كەلگەن جۈملىلەردە كېيىنكى جۈملە ئارقىلىق جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى كۆچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. كۆچەيتكۈچى باغلىغۇچىلارنىڭ ئالدىدىن پەش (،) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، بەلكى بەدەن چېنىقتۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، چۈنكى ساغلام تەندە ساپ ئەقىل بولىدۇ.
ئۇ ھەرخىل دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماي، ھەتتا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ بەلگىلىك ئاساس ھازىرلىدى.
ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، ھەتتاكى ئەخلاقىي پەزىلەت، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتتىنمۇ تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

6) **شەرت باغلىغۇچىلىرى**

**تىلىمىزدىكى «ئەگەر، ئەگەردە، گەرچە، ناۋادا، مۇبادا »** قاتارلىق باغلىغۇچىلار شەرت باغلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلار بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ ۋە قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ مەنىسىنى كۆچەيتىپ، ئۇنى باش جۈملىگە باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداقلا جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ، شەرت باغلىغۇچىلارنىڭ ئالدى ياكى كەينىگە پەش قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:
ئەگەر يىغىن ئېچىلماي قالسا، بۇ ئىش يەنە كەينىگە سوزۇلۇپ كېتىدۇ.
ناۋادا سەن مۇۋاپىق كۆرسەڭ، بىز ئۇنى بىر قېتىم يوقلاپ كېلەيلى.
گەرچە شارائىتىمىز ياخشى بولمىسىمۇ، ئىشلىرىمىز خېلىلا ياخشى داۋاملاشماقتا.
مۇبادا ئۇلار بۈگۈن يېتىپ كېلەلمەي قالسا، بىز ئۇلارنى ساقلاپ تۇرماي يولغا چىقىرىۋېرىمىز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تىلىمىزدا يەنى، جۇملىدىن، دېمەك، قىسقىسى، شۇنىڭدەك، شۇنداقلا دېگەندەك سۆزلەرمۇ جۇملىدە باغلىغۇچىلار رولىدا كېلىپ، ھەرخىل مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

### 3. يۈكلىمىلەر (ئۇلانمىلار)

**سۆزلەرگە، سۆز بىرىكمىلىرىگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ، قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر يۈكلىمە دەپ ئاتىلىدۇ.**

يۈكلىمىلەر جۈملىدە ئايرىم سۆز ياكى پۈتۈن جۈملىگە سوئال، تەستىقلاش، ئاجرىتىش، تەكىتلەش، يېلىنىش، ئېنىقلاشقا ئوخشاش قوشۇمچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛

يۈكلىمىلەر تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

1) «مۇ، چۇ، ما، دۇ، غۇ» يۈكلىمىلىرى كۆپىنچە پېئىللارغا ئۇلىنىپ سوئال مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مۇئەللىم بۈگۈن قانداق دەرسلەر ئۆتۈلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندۇ؟

ساۋاقداشلار ھازىرقى ئۆگىنىش ئەھۋالىڭلارنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى ئۈزۈڭلارغىمۇ ئايانغۇ؟

تۈنۈگۈنكى تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولدۇڭلارمۇ؟

بىزنىڭ تەييارلىقلىرىمىز پۈتۈپ بولدى. سىلەرنىڭچۇ؟

بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر قاتارىدا سەنمۇ بارغۇ؟

2) «غۇ، قۇ، لا» يۈكلىمىلىرى كۈچەيتىش، تەكىتلەش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن مەكتەپكە كەلمىدىڭىزغۇ؟

بۇ تاپشۇرۇقنى بۈگۈنلا ئىشلەپ تاپشۇرۇڭلار.

بىز كىتابلارنى ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بەرگەنىدۇققۇ؟

ھەربىكەتنى مېھمانلار زالغا كىرگەندىلا باشلايمىز.

سەن ئىلگىرى ماڭا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەردىڭغۇ.

3) «زە، يۇ، ۋۇ» يۈكلىمىلىرى تەنە قىلىش، تەكىتلەش، نارازى بولۇش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

سەنزە مېنىڭ مەقسىتىمنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيسەن.

ھەممىنى بىلىدىكەنۇ، نېمىشقا ئەينى ئەھۋالنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ؟

ئىككىڭلار بىرگە تۇرۇپ، ئۇ بىلىدۇيۇ، سىز نېمىشقا بىلمەيسىز؟

4) «ـ ھە، ـ دە، ـ تە» يۈكلىمىلىرى ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش، تاسادىپىيلىق قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ تولىمۇ ئېغىر بېسىق ئادەم ئىكەن ـ دە!

ھەي ئىست، شۇنچە قىزىق ئويۇننى كۆرەلمەپتۇق ـ تە!

ئۇلار بۇ يەرگە تېخىچە كەلمەپتۇ ـ ھە؟!

ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى ـ دە، گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئولتۇرۇپ قالدى.

5) «مۇ» يۈكلىمىسى پېئىلدىن باشقا سۆزلەرگە ئۇلىنىپ مەنىنى كۈچەيتىش، تەكىتلەش مەنىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

تەييارلىقىمىزمۇ پۈتتى، ئۇلارمۇ كەلدى.

بۇ قۇزۇلۇش ناھايىتى ياخشى سېلىنىپتۇ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرمۇ ناھايىتى يارىشىپتۇ.

جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق يارىدارلارنىڭ ئېغىرلىرىمۇ ھازىر خېلى ياخشىلاندى.

بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىمۇ لاياقەتلىك ئۆلچىمىگە يەتمىگەن.

«ـ ھە، ـ دە، ـ تە» يۈكلىمىلىرى ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەردىن سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ. باشقا يۈكلىمىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇپ يېزىلىدۇ.

# ياردەمچى سۆزلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ.

1. ياردەمچى سۆزلەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلارنىڭ خاتاسى: ( )

A. ياردەمچى سۆزلەر ئۆزئالدىغا ئايرىم لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدىغان بولغاچقا، ئايرىم قوللىنىلمايدۇ

B. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى سۆز بىلەن سۆزنى، جۈملە بىلەن جۈملىنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ

C. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ تىلدا ئوينايدىغان رولى خېلى چوڭ

D. ياردەمچى سۆزلەر تىركەلمىلەر، باغلىغۇچىلار، سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ

2. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ رولى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. ياردەمچى سۆزلەر سۆز ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ

B. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنە ئىپادىلەيدىغان ھەم ئايرىم قوللىنىلىدىغان سۆز تۈركۈمى

C. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى جۈملىدە ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە ئېنىقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىدۇ

D. ياردەمچى سۆز دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا مەلۇمكى ياردەمچى سۆزلەر جۈملىدە ھېچقانداق ۋەزىپە ئۆتىمەي ياردەمچى رول ئوينايدۇ

3. باغلىغۇچىلار ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. باغلىغۇچىلار باغلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەچكە، بەلگىلىك بىر گراماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتىمەيدۇ

B. باغلىغۇچىلار گراماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتىمەي، باغلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەچكە باغلىغۇچىلارنى ئىشلەتمەيمۇ ھەر قانداق بىرىكمىلەردە مەنىنى ئىپادىلەپ كەتكىلى بولىدۇ

C. بەزى جۈملىلەردە باغلىغۇچىلارنى ئېلىۋەتسىمۇ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

D. باغلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ئالتە تۈرگە بولۇنىدۇ

4. باغلىغۇچىلار ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار ئۆزى باغلاپ كەلگەن سۆز ـ جۈملىلەرنى تەڭ دەرىجىدە باغلاپ كېلىدۇ

B. تىلىمىزدىكى «بىلەن» ياردەمچى سۆزى باغلىغۇچى ۋەزىپىسىنىمۇ، تىركەلمە ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەپ كېلەلەيدۇ

C. كۆچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار بىلەن قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلارنىڭ ئالدىدىن پەش قويۇلىدۇ

D. قارىمۇ قارشى باغلىغۇچىلار مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان سۆز بىرىكمىلىرى ۋە تەڭداش قوشما جۈملىلەرنى باغلاپ كېلىدۇ

5. تىركەلمە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. تىركەلمىلەرمۇ مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان ياردەمچى سۆزلەردۇر

B. تىركەلمىلەرمۇ ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بىر تۈرى بولغاچقا، بارلىق تىركەلمىلەر جۈملىدە گىراماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتىمەيدۇ

C. تىركەلمىلەر مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ياردەمچى ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىدۇ

D. تىركەلمىلەرنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل سۆزلەرگە ھېچقانداق شەرت قويماي ئۇلىنىۋېرىدۇ

6. تىركەلمىلەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. تىركەلمىلەرنىڭ ھەممىسى جۈملىدە ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆز بىلەن بىللە بەلگىلىك بىر گىراماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ دېيىلسە توغرا بولمايدۇ

B. تىركەلمىلەر مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان ياردەمچى سۆزلەردۇر

C. تىركەلمىلەر بەزىدە ھەر خىل قوشۇمچىلار بىلەنمۇ تۈرلىنىپ كېلىدۇ

D. تىركەلمىلەر پەقەت سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ سۆزلەرنى باغلاش رولىنىلا ئوينايدۇ

7. «گەرچە ئۆگىنىش ۋەزىپىمىز ناھايىتى ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن بىز ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىمىز» دېگەن جۈملىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. ياردەمچى سۆزدىن ئىككىسى بولۇپ، ھەر ئىككىسى باغلىغۇچى

B. ياردەمچى سۆزدىن ئۈچى بولۇپ،ئىككىسى باغلىغۇچى، بىرى ئۈلانما

C. ياردەمچى سۆزدىن تۆتى بولۇپ، ئىككىسى باغلىغۇچى، بىرى تىركەلمە، بىرى يۈكلىمە

D. ياردەمچى سۆزدىن تۆتى بولۇپ، ئىككىسى باغلىغۇچى، ئىككىسى تىركەلمە

8. «قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە شۆھرەت ھامان گىگانت كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمىشە بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش ۋەزىيىتىگە يۈزلەنمەكتە. ياكى قارا نىيەتچى غەلىتە باتۇرلار، ياكى تالانتلىق ئەربابلار، يا سىپىسىق نامى يۇر كەتكەن بولىدۇ، يا ھەممەيلەن ماختاپ، مەدھىيە ئوقۇيدىغان بولىدۇ.» دېگەن جۈملىدىكى ياردەمچى سۆزلەر توغرىسىدا تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. بۇ جۈملىدە ياردەمچى سۆزدىن تۆتى بولۇپ، ھەممىسى باغلىغۇچى، بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى

B. باغلىغۇچىدىن تۆتى بولۇپ، ھەممىسى بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى

C. ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سۆز بىلەن سۆزنى باغلاپ كەلگەن

D. بۇ پارچىدا بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلاردىن تۆتى قوللىنىلغان

9. «بەزى كىشىلەر بىلىمى ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتە ھەممە جايدا ئاجايىپ داڭ چىقىرىپ كەتكەن بولىدۇكى، ھەممىلا ئىشتا ئالدى بىلەن ئۆزى ئۆلگە بولىدۇ، ئەل ئىچىدە ئابرۇي قازانغان بولىدۇ» دېگەن بۇ پارچە تەركىبىدىكى ياردەمچى سۆزلەر توغرىسىدا تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. بۇ پارچىدا ياردەمچى سۆزلەردىن تۆتى بولۇپ، بىرى تىركەلمە رولىدا، ئۈچى باغلىغۇچى رولىدا كەلگەن.

B. بۇ جۈملىدە ئۇلانمىدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى ئۇلانما رولىدا، بىرى باغلىغۇچى رولىدا كەلگەن

C. بىر بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى جۈملىدىكى ئىككى تەڭداش بۆلەكنى ئۆزئارا باغلاپ كەلگەن

D. بۇ جۈملىدە بىر تىركەلمە بولۇپ، بۇ تىركەلمە ئالدىدىكى رەۋىش بىلەن بىرىكىپ جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن



www.uyghurkitap.com

10. «بەزىلەر تەقدىر دەرۋازىسىغا تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن يېقىنلىشىدۇ- دە، ئامەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. يەنە بەزىلەر سەل جانلىقراق ئىش كۆرۈپ، تەقدىر دەرۋازىسىدىن ئېھتىياتچان، ئەمما يۈرەكلىك ھالدا مەردانە قەدەملەر بىلەن كىرىپ كېتىدۇ»دېگەن جۈملىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ھەققىدىكى قاراشلاردىن توغرىسى: (   )

A. بۇ پارچىدا ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرىدىن ئۇلانمىغا تەۋە ياردەمچى سۆزدىن بىرى بولۇپ، بۇ ئۇلانمىنىڭ ئالدىدىن سىزىق قويۇپ يېزىش توغرا ئەمەس

B. پارچىدا تىركەلمىگە تەۋە ياردەمچى سۆزدىن ئىككىسى بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئىسىملارغا ياندىشىپ كەلگەن

C. پارچىدا باغلىغۇچىغا تەۋە ياردەمچى سۆزدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى، بىرى كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچى

D. بۇ جۈملىدە ياردەمچى سۆزدىن جەمئىي بەشى بولۇپ، ئىككى ياردەمچى سۆز باغلىغۇچى رولىدا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن پەش قويۇش توغرا ئەمەس

II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا (   ) ئاڭلاتمايدىغان، ئۆز ئالدىغا (   ) بولالمايدىغان، پەقەت (   ) ياكى (   ) قوشۇلۇپ (   ) بىلدۈرىدىغان (   ) ۋە (   ) رولىنى ئوينايدىغان سۆزلەر (   ) لەر دەپ ئاتىلىدۇ.

2. تىلىمىزدىكى ياردەمچى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ رولىغا ئاساسەن (   ) (   ) ۋە (   ) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تىركەلمىلەرگە (   ) دېگەندەك سۆزلەر كىرىدۇ. تىركەلمىلەر جۈملىدە (   )، (   )، (   ) قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كېلىدۇ.

تىلىمىزدىكى باغلىغۇچىلار مەنىسى ۋە رولىغا ئاساسەن (   ) (   ) (   ) (   ) (   ) (   )قاتارلىق ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار(   )، قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار (   )، كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار (   )، شەرت باغلىغۇچىلىرى (   ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يۈكلىمىلەرگە (   ) دەك ياردەمچى سۆزلەر كىرىدۇ.

3. «ھاياجان بىلەن ياشايدىغان ئادەم — ھاياتىدا كۆپ پۇشايمان يەيدىغان، كۆپ خار بولىدىغان ئادەمدۇر»دېگەن جۈملىدىكى ياردەمچى سۆز (   ) دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ ياردەمچى سۆز مۇشۇ جۈملىدىكى رولى جەھەتتىن(   ) رولىدا كەلگەن.

4. «ئادەملەرنىڭ چوڭ بولۇش — ھەممىگە كېلىدىغان نۇسرەت ئەمەس، بىراق چوڭ بولۇش ھەممىگە كېلىدىغان مەسئۇلىيەتتۇر»دېگەن جۈملىدىكى ياردەمچى سۆز (   ) دېگەن سۆز بولۇپ، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرىدىن (   )، ئۇنىڭ تۈرلىرىدىن(   )غا تەۋە ياردەمچى سۆزدۇر.

5. «مەدەنىيەت بىر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسە، شۇڭا ئالىملارنىڭ مەدەنىيەتكە بەرگەن

باھاسىمۇ ئوخشاش ئەمەس» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ياردەمچى سۆز (          ) دېگەن سۆزلەر بولۇپ، (          )دېگەن ياردەمچى سۆز (          ) غا، (          ) دېگەن ياردەمچى سۆز (          ) غا تەۋە ياردەمچى سۆزدۇر.

6.«ئۆزئارا پاراڭلاشقاندا بىمەنە گەپلەرنى ئاز قىلىپ، ئىلمىي، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر قىلىش كېرەك»دېگەن جۈملىدىكى ياردەمچى سۆز (          ) دېگەن سۆز بولۇپ، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرىدىن (          ) تەۋە، جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

7. «ھەر قانداق جەمئىيەت ئۈچۈن قانۇن ھەممىدىن مۇھىم»دېگەن جۈملىدىكى ياردەمچى سۆز (          ) دېگەن سۆز بولۇپ، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرىدىن (          ) گە تەۋە، بۇ جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

8.«ئەقىل بىلەن خاراكتېر ئادەمنىڭ تۇغما بايلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى تايانچىدۇر»دېگەن جۈملىدىكى ياردەمچى سۆز (          ) دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ جۈملىدە (          ) رولىدا كەلگەن.

9.«ساۋاقداشلار دەرسلىكتىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىپلا قالماي، ئىلىم ـ پەنگە ئائىت كىتابلارنىمۇ كۆپرەك كۆرۈش كېرەك»دېگەن جۈملىدىكى ياردەمچى سۆزلەر (          )دىن ئىبارەت. بۇلاردىن (          ) لار (          ) تەۋە، (          ) دېگەن ياردەمچى سۆز (          ) تەۋە، بۇ جۈملىدە (          ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

Ⅲ مەشىق ئىشلەش سوئالى

1. تۆۋەندىكى پارچىلارنى ئوقۇپ، ياردەمچى سۆزلەرنى تېپىڭ، ئاندىن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ قايسى تۈرگە كىرىدىغانلىقىنى ئېنىقلاڭ.

1) ناتىقلىق سەنئىتى تەپەككۇر بىلەن تىل سەنئىتىدىن، تەپەككۇرنى تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش سەنئىتىدىن، تىل ئارقىلىق تەپەككۇر ۋە ھېسسىياتقا تەسىر قىلىش سەنئىتى سۈپىتىدە قەدىمكى زامانلاردىلا مەيدانغا كەلگەن.

2) كىشىلەر ئالاقىلىشىشىنىڭ ئۇسۇلىنى ئەركىن تاللايدۇ، ئەنە شۇ تاللاش نەتىجىسىدە نۇتۇقتا شەخسنىڭ ئىرادىسى(خاھىشى) ھەم شەخسنىڭ تىلدىن پايدىلىنىش ئالاھىدىلىكى ئەكس ئېتىلىدۇ. شۇڭا بىرخىل تىلدىكى كىشىلەرنىڭ نۇتقى ئوخشاش بولمايدۇ.

3) ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ناچارلىق ـ ناچار ھادىسىلەرنى كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنى مەسخىرە ۋە ھەجۋى قىلىپ، پاش قىلىدىغان ۋە تۇرمۇشتىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۈلكىلىك سەھنە ئەسەرلىرى كومېدىيە دېيىلىدۇ.

4) كومېدىيە يالغۇز سەلبىي ۋەقەلەر، پېرسوناژلار ھەققىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىجابىي ۋەقەلەر ھەققىدىمۇ يېزىلىدۇ.

5) ساتىرىك كومېدىيە مەلۇم ھادىسىنىڭ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى



www.uyghurkitap.com

ئۇنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىنكار قىلىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى كەسكىن پاش قىلىدۇ.

6) يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا رېئال تۇرمۇشنى تونۇش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپى ياكى قوللانغان ئۇسۇلى — ئىجادىيەت پرىنسىپى دېيىلىدۇ.

7) رېئالىزم بىردىنلا پەيدا بولغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولماستىن، بەلكى تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ توپلىنىشى ئارقىسىدا تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن ئەڭ قەدىمىي ئاساسىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى.

8) رومانتىزم ئوبيېكتىپ دۇنيانى ساداقەتمەنلىك بىلەن تەسۋىرلەشنى ئەمەس، بەلكى غايىۋى دۇنياغا قىزغىن ئىنتىلىشنى تەكىتلەيدۇ، ئارزۇ ۋە تەلەپلەرنى تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق غايىۋىلەشتۈرۈش يولى بىلەن بايان قىلىدۇ.

9) XIX ئەسىردىكى فرانسىيىنىڭ رومانتىك ئايال يازغۇچىسى گىئورگى رېئالىستىك يازغۇچى بالزاكقا «سىزنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىنى كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەن تەرەپلىرىنى يازغىڭىز كېلىدۇ ۋە شۇنداق يازىسىز. ئەمدى مەن بولسام ئىنسانلارنى مەن ئۇمىد قىلغاندەك قىلىپ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ ئۇمىد قىلغاندەك قىلىپ تەسۋىرلەشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن» دەپ يازغان.

2. ئۆزىڭىز تەركىبىدە تىركەلمىلەر بولغان جۇملىدىن بەشنى تۈزۈڭ، ئاندىن جۇملىلەردىكى تىركەلمىلەرنىڭ جۇملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

3. باغلىغۇچىلارنىڭ ھەر بىر تۈردىكى باغلىغۇچىلار بولغان جۇملىدىن ئوننى تۈزۈڭ.

# XV باب جۈملە توغرىسىدا چۈشەنچە

## مۇھىم بىلىم نۇقتىسى

تىل ئىلمىنىڭ سىنتاكسىس قىسمى — جۈملىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم سىنتاكسىس قىسمىنى ئۆگەنگەندە تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. جۈملىنىڭ قانداق بىرلىك ئىكەنلىكىنى، سۆزلەرنىڭ قانداق شەكىللەردە بىرىكىپ جۈملە ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى، جۈملىنىڭ مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىلىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. جۈملىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىلمىگەندە جۈملە ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئىگىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

2. جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ قانداق شەكىللەردە باغلىنىپ كېلىدىغانلىقىنى، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى بىلەن جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ قانداق ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى بارلىقىنى بىلىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بولۇپمۇ جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى بىلەن جۈملە بۆلەكلىرىگە ئايرىشنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىنى بىلمىگەندە جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلگىلى بولمايدۇ، سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت (باغلىنىش) نى بىلمەي تۇرۇپ، جۈملە بۆلەكلىرىگە ئايرىغىلى بولمايدۇ.

3. ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى، ھەربىر تۈرگە قانداق شەكىلدىكى جۈملىلەرنىڭ كىرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. بۇ خىل شەكىلدىكى جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلمىگەندە جۈملىلەرنى تۈرگە ئايرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا مۇشۇ خىل شەكىلدىكى جۈملىلەرنى تۈزۈش تەلىپىنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ.

4. قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى، ھەربىر تۈرگە قانداق جۈملىلەرنىڭ كىرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بولۇپمۇ تەڭداش قوشما جۈملە بىلەن بېقىندىلىق قوشما جۈملىنى، بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇش لازىم. تەڭداش قوشما جۈملە بىلەن بېقىندىلىق قوشما جۈملىنى بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ تۈرلىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمىگەندە، جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، قانداق جۈملە ئىكەنلىكىنى ئايرىپ چىقىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

5. كۆپ بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن تۈرلىرىنى ۋە ئارىلاش قوشما جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈۋېلىش كېرەك. كۆپ بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنى، كۆپ بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن ئارىلاش قوشما جۈملىنى پەرقلەندۈرەلمىگەندە، مۇشۇ خىلدىكى جۈملىلەرنى ئايرىش، تۈزۈش، تەھلىل قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

6. كۆچۈرمە جۈملىنىڭ قانداق جۈملە ئىكەنلىكىنى، كۆچۈرمە جۈملىلەرنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنىڭ



www.uyghurkitap.com

قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۆزلەشتۈرمە جۈملىنىڭ قانداق جۈملە ئىكەنلىكىنى، كۆچۈرمە جۈملىلەرنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قانداق ئايلاندۇرۇلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. بولۇپمۇ كۆچۈرمە جۈملىلەرنى قوللانغاندا ئۇنىڭ تىنىش بەلگىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىش كېرەك. ئەگەر كۆچۈرمە جۈملىلەرنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەندە، بىرى، بېرىلگەن كۆچۈرمە جۈملىنىڭ تىنىش بەلگىسىنىڭ توغرا- خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ؛ يەنە بىرى، كۆچۈرمە جۈملىلەرنى يازغاندا تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قويۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

**1. جۈملىلەرنىڭ مەنە ۋە قۇرۇلۇش جەھەتتىن قانداق جۈملە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى**

ھەرقانداق بىر جۈملە بەلگىلىك بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى جۈملە بولغانىكەن، ئۇنىڭدا بەلگىلىك بىر مەنە ئىپادىلىنىدۇ. جۈملىلەرنى مەنە جەھەتتىن تۈرگە ئايرىشتا جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىنى ھەم سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ خىل ئوي - پىكرىنى قانداق پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئىپادىلىگەنلىكى ئۆلچەم قىلىنىغاچقا، جۈملىنى مەنە جەھەتتىن تۈرگە بۆلۈشتە جۈملىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە مەنىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك. جۈملىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەندە جۈملىنى مەنە جەھەتتىن تۈرگە بۆلگىلى بولمايدۇ.

جۈملىنى مەنە جەھەتتىن تۈرگە بۆلۈشتە خەۋەر ياكى بايان جۈملە بىلەن سوئال جۈملىنى پەرقلەندۈرۈش بىرقەدەر ئاسان بولسىمۇ، لېكىن ئۈندەش جۈملە بىلەن بۇيرۇق جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈش بىرقەدەر قىيىن، بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. يەنى جۈملىدە شەخسنىڭ تۈرلۈك ھېس - ھاياجانلىرى ئىپادىلەنسە ئۈندەش جۈملە، تۈرلۈك بۇيرۇق خاھىشىنى ئىپادىلىسە، بۇيرۇق جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

«پاھ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە - ھە!» بۇ جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم بىر مەنزىرىنى كۆرگەندىن كېيىنكى شۇ مەنزىرىگە بولغان ھاياجانلىنىش، ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن، شۇڭا بۇ جۈملە ئۈندەش جۈملە بولىدۇ.

«بىز گۈزەل مەنزىرە بەرپا قىلايلى» دېگەن بۇ جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ گۈزەل مەنزىرە قۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن، شۇڭا بۇ جۈملىنى بۇيرۇق جۈملە دەيمىز. بۇيرۇق جۈملىلەر كۆپىنچە سۆزلىگۈچىنىڭ تىڭشىغۇچىغا مەلۇم بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

جۈملىلەرنى تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلۈش جۈملىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشىغا قارىتىلغان. شۇڭا ئۇ جۈملە بىر جۈملىدىن تۈزۈلگەنمۇ ياكى بىرنەچچە ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەنمۇ دېگەن مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. جۈملە بىرلا ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىسە، ئاددىي جۈملە؛ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىسە، قوشما جۈملە بولىدۇ . بۇ يەردىكى «ئاددىي» دېگەننى بىر جۈملە، «قوشما» دېگەننى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق جۈملە دەپ قاراش كېرەك.

بۇ جۈملىلەرنى تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۈرگە بۆلگەندە تەركىبىدە تەڭداش بۆلەكلىرى بولغان ئاددىي جۈملىلەرنى بولۇپمۇ تەڭداش بۆلەكلىرى سۆز بىرىكمىسىدىن كەلگەن جۈملىلەرنى مۇرەككەپ جۈملە دەپ قويۇشتىن؛ بىرنەچچە ئاددىي جۈملىسى بولغان مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى دەپ قاراپ، ئاددىي جۈملە دەپ قاراپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. مەسىلەن:

تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ياراملىق، ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشىپ چىقىدۇ.

يۇقىرىدىكى جۈملىنىڭ ئىككى تەڭداش بۆلىكى بولۇپ، ھەر ئىككى تەڭداش بۆلىكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن. سەللا دىققەت قىلىنمىغاندا، مۇنداق جۈملىنى مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئايرىپ قويۇش خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ.

«تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىق كۈچەيتىلسە، كەيپىيات ياخشىلىنىدۇ، خىزمەت ئۈنۈمى ئۆسىدۇ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.» بۇ جۈملە بىرنەچچە ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، بىر بېقىندى جۈملىگە ئۈچ باش جۈملە تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كەلگەن. تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كەلگەن شۇ جۈملىلەرنى تەڭداش بۆلەك دەپ قاراپ، مۇنداق جۈملىلەرنى ئاددىي جۈملە دەپ قېلىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**2. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشنى ئېنىقلاش، جۈملە بۆلەكلىرىگە ئاجرىتىش ئۇسۇلى**

جۈملە ھەققىدە توختالغاندا ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى جۈملە دەپ تەبىر بېرىلگەن. شۇنداقلا يەنە جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەر مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە باغلىنىپ كېلىدۇ. جۈملىدىكى سۆزلەر مەلۇم قانۇنىيەتكە (گرامماتىكىلىق قانۇنىيەتكە) ئاساسەن باغلىنىپ كەلگەچكە، جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، دېيىلگەن. يۇقىرىقىلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، جۈملە تەركىبىدىكى ھەربىر سۆز بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەلگەن بولىدۇ. جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولمىسا، ئۇ سۆزلەر جۈملە ھاسىل قىلالمايدۇ. دېمەك، جۈملە بولىدىكەن، ئۇ جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەر بىر ـ بىرى بىلەن مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە باغلىنىپ كېلىدۇ.

جۈملە تەركىبىدىكى قايسى سۆز بىلەن قايسى سۆزنىڭ باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاشتا ئالدى بىلەن جۈملىنىڭ خەۋىرىنى ئېنىقلاپ، ئاندىن شۇ خەۋەر ئاساسىدا جۈملىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنىغا ئاساسەن سوئال قويۇش ئارقىلىق جۈملە تەركىبىدىكى قايسى سۆزنىڭ قايسى سۆزگە باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا رەڭگارەڭ ئېلېكتىر چىراغلار خۇددى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ يېنىپ تۇرىدۇ.» بۇ جۈملىگە: «نېمە قىلىدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇش ئارقىلىق «يېنىپ تۇرىدۇ»دېگەن خەۋەرنى ئېنىقلاپ چىقالايمىز. جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنغا ئاساسەن «نېمىلەر يېنىپ تۇرىدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇش ئارقىلىق «چىراغلار» يېنىپ تۇرىدۇ دېگەن بىرىكمىنى، «قانداق يېنىپ تۇراتتى؟» دېگەن سوئالنى قويۇش ئارقىلىق«خۇددى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ يېنىپ تۇرىدۇ» دېگەن بىرىكمىنى، «قانداق چىراغلار؟» دېگەن سوئالنى قويۇش ئارقىلىق «ئېلېكتىر چىراغلار» دېگەن بىرىكمىنى، «قەيەردە يېنىپ تۇرىدۇ؟» دېگەن سوئال ئارقىلىق «شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا» دېگەن بىرىكمىنى، «قانداق كوچىلاردا؟» دېگەن سوئالنى قويۇش ئارقىلىق «چوڭ كوچىلىرىدا» دېگەن بىرىكمىنى ئېنىقلاپ چىقالايمىز.

يۇقىرىقىدەك سوئاللار ئارقىلىق جۈملە تەركىبىدىكى قايسى سۆزنىڭ قايسى سۆزگە باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ سۆزلەرنىڭ باغلىنىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ قانداق باغلىنىشتا باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

يۇقىرىدىكى جۈملە تەركىبىدىكى «يېنىپ تۇراتتى» دېگەن خەۋەر ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن قوشما خەۋەر بولۇپ، بۇ ئىككى سۆز ھېچقانداق قوشۇمچىسىز، ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن، شۇڭا بۇ ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يانداش باغلىنىش دەيمىز.

«چىراغلار يېنىپ تۇرىدۇ» «چىراغلار» جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش دەيمىز.

«خۇددى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ يېنىپ تۇرىدۇ» دېگەن بىرىكمىدە خەۋەرنىڭ ئالدىدا كەلگەن بۇ سۆز بىرىكمىسى ھېچقانداق قوشۇمچىسىز ھالدا خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىپ، سۈپەت ھەرىكەت ھالىتى بولۇپ كەلگەن، شۇڭا بۇ سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش يانداش باغلىنىش بولىدۇ.

«ئېلېكتىر چىراغلار» دېگەن بىرىكمىدە «ئېلېكتىر» دېگەن سۆز «چىراغ» دېگەن ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ، قانداق چىراغ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ كەلگەن. شۇڭا بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش يانداش باغلىنىش بولىدۇ.

«رەڭگارەڭ چىراغلار» دېگەن بىرىكمىدىكى «رەڭگارەڭ» دېگەن سۈپەتمۇ چىراغلار دېگەن ئىسىمنى ئېنىقلاپ كەلگەن، شۇڭا بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشمۇ يانداش باغلىنىش بولىدۇ.

«كوچىلىرىدا يېنىپ تۇرىدۇ» دېگەن بىرىكمىدە « كوچىلىرىدا» دېگەن سۆز ئۆزى باغلىنىپ كەلگەن پېئىلنىڭ تەلەپپۇزىگە ئاساسەن ئورۇن كېلىشتە تۇرلىنىپ كەلگەن، شۇڭا بۇ ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باشقۇرۇش باغلىنىش بولىدۇ. «چوڭ كوچىلىرىدا»، « چاقناپ يېنىپ تۇرىدۇ» دېگەن سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق باغلىنىپ، ئالدىنقى سۆز كېيىنكى سۆزنى ئېنىقلاپ كەلگەن، شۇڭا بۇ سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش يانداش باغلىنىش بولىدۇ.

جۈملىلەر سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. جۈملىلەر تەركىبىدىكى ھەربىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى جۈملىدە بەلگىلىك بىر مەنە ئىپادىلەپ، بەلگىلىك بىر سوئالغا جاۋاب بولۇپ، بەلگىلىك بىر ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىدۇ. جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنى جۈملە بۆلەكلىرىگە ئايرىشتا جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق مەنىسى ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ئايرىپ چىقىلىدۇ.

جۈملە بۆلەكلىرى جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ جۈملىدە ئۆتەپ كەلگەن ۋەزىپىسى جەھەتتىن قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا قارىتىلغان. جۈملە بۆلەكلىرىنى ئېنىقلاشتىمۇ ئوخشاشلا سوئال قويۇش ئارقىلىق ئېنىقلايمىز ھەمدە قايسى سۆزنىڭ قايسى سۆزگە باغلىنىپ كەلگەنلىكىگە ئاساسەن جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيمىز.

يۇقىرىدىكى باغلىنىشلار تەركىبىدىكى «نېمە قىلىپ تۇرىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن «يېنىپ تۇرىدۇ» دېگەن بىرىكمە خەۋەر بولۇپ كەلگەن. «نېمىلەر؟» چىراغلار (چىراغلار ئىگە)، «قانداق چىراغلار؟» «ئېلېكتىر چىراغلار» (ئېلېكتىر ئېنىقلىغۇچى)، «قانداق چىراغلار؟» «رەڭگارەڭ چىراغلار» (رەڭگارەڭ ئېنىقلىغۇچى)، «قانداق يېنىپ تۇرىدۇ؟» «خۇددى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ (ھالەت) يېنىپ تۇرىدۇ»، «قەيەردە؟» «كوچىلاردا» (ھالەت)، «قايسى كوچىدا؟» «چوڭ كوچىدا» (چوڭ ئېنىقلىغۇچى )، «قەيەرنىڭ كوچىلىرىدا؟» «شەھەرنىڭ» (ئېنىقلىغۇچى)، يەنە بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئۇ تۈنۈگۈنكى سۆز سۆزلەش مۇسابىقىسىدە ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى. «نېمە قىلدى»، «سۆزلىدى» (خەۋەر)، «كىم؟» «ئۇ» (ئىگە)، «نېمىدە؟» «سۆز سۆزلەش مۇسابىقىسىدە» (ھالەت)، «قانداق سۆزلىدى؟» «ناھايىتى ياخشى» (ھالەت)، «قاچانقى مۇسابىقىدە؟» «تۈنۈگۈنكى» (ئېنىقلىغۇچى).

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى بىلەن جۈملە بۆلەكلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى نەرسە، ئەمما جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى بىلەن جۈملە بۆلەكلىرى زىچ مۇناسىۋەتلىك، يەنى جۈملىدىكى قايسى سۆزنىڭ قايسى سۆزگە باغلىنىپ كەلگەنلىكى، قانداق شەكىلدە باغلانغانلىقىغا قاراپ، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئېنىقلىنىدۇ. شۇڭا، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدۇ.

# §1 . سىنتاكسىس ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

سىنتاكسىس گرېكچە sytaxs دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «قۇرۇش» ياكى «تۈزۈش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. گراماتىكىدا «جۈملە تۈزۈش ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

سىنتاكسىس سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى ھەم گراماتىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھەققىدىكى تىل ئىلمىدۇر. سىنتاكسىس جۈملىدە سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى، مۇناسىۋىتى، جۈملە بۆلەكلىرى، جۈملىنىڭ مەنە ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى، جۈملىدە سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىل ۋە سىنتاكسىسلىق ئۇسۇللارنى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىنى تۈرگە بۆلۈشنىڭ ئۆلچىمى ھەم جۈملە تۈرلىرى ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. سىنتاكسىس ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئايرىم، كونكرېت ھادىسىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي خاراكتېرلىك قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئاساس قىلىپ تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ. سىنتاكسىس جۈملە ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىسىمۇ، تىل ئىلمىنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن تىل ئىلمىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا قىسىملىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى سۆز ـ جۈملىنىڭ ئەڭ مۇھىم قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، فونېتىكا بولسا ــ سۆزنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى.

# §2. جۈملە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

جۈملە سىنتاكسىسنىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا سىنتاكسىسنى ئالدى بىلەن جۈملە ھەققىدىكى بىلىم دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى سىنتاكسىسنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملىلەرگە ئائىت ھەرخىل قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى يورۇتۇپ بېرىش. ئوي ـ پىكىر مەيلى ئېغىز ياكى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەنسۇن، مەلۇم جۈملىلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ، ھەرقانداق جۈملە بىر ياكى بىرقانچە سۆزلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ. يەككە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلىشى ئۇنىڭ يېنىدىكى باشقا جۈملىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن بىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كېچە، ئاسماندا ئاي، ئىككى كىشى تۈپتۈز يولدا كېتىۋاتاتتى. بۇ جۈملىلەرنىڭ «كېچە» دېگەن بىرىنچىسىنى كېيىنكى جۈملىلەر بىلەن باغلاپ قارىمىغاندا ئۇنىڭ جۈملە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش قىيىن. شۇنىڭدەك «ئاسماندا ئاي» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ جۈملە ئىكەنلىكى ئاخىرىدىكى جۈملە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

**تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرگەن بىر سۆز ياكى بىرقانچە سۆزنىڭ ئۆزئارا بىرىكمىسى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

**جۈملە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدىن پەرق قىلىدۇ.**

1. جۈملە ئاياغلاشقان مەلۇم بىر ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. ئاياغلاشقان ئوي-پىكىرنى

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىمەيدىغان تىل بىرلىكىنى جۈملە دېيىشكە بولمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، جۈملە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم تىل بىرلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. ھەرقانداق جۈملە ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىدۇ. جۈملە مەزمۇنى بىلەن ئىنتوناتسىيە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئوخشاش بىر جۈملە ئوخشاشمىغان ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلسا ئوخشاشمىغان مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. بىر جۈملە ئاياغلاشقاندا، بىرئاز توختاپ ئۆتىمىز، ئاندىن ئىككىنچى جۈملىنى باشلايمىز. يازغان چاغدا، ھەربىر جۈملىنىڭ ئاخىرىغا شۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئېيتىلىش ئاھاڭىغا قاراپ، چېكىت (.)، پەش (،)، سوئال (؟) ياكى ئۈندەش (!) بەلگىسى قويۇلىدۇ.

**جۈملىنىڭ مەنە جەھەتتىكى تۈرلىرى**

جۈملىلەر مەزمۇنى ۋە ئېيتىلىش ئاھاڭىغا قاراپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. بايان جۈملە؛ 2. سوئال جۈملە؛ 3. بۇيرۇق جۈملە؛ 4. ئۈندەش جۈملە.

# §3. بايان (خەۋەر) جۈملە

**بىرەر شەيئى، ھادىسە، ئىش - ھەرىكەت ھەققىدىكى ئوي - پىكىرنى خەۋەر ياكى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەپ بېرىدىغان جۈملىلەر بايان (خەۋەر) جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

بايان جۈملىلەر سۆزلىگەندە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىرخىل ئاھاڭدا ئېيتىلىپ كېلىپ، جۈملىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تاۋۇش پەسىيىپ چۈشىدۇ. سۆزلىگەندە بىر جۈملە بىلەن ئىككىنچى جۈملىنىڭ چېكى تىنىش (پائۇزا) ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، يېزىقتا چېكىت (.)، پەش (،) ياكى چېكىتلىك پەش (؛) ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى پىكىرلەرنى تەكرارلاپ تۇرۇش ھېچقانداق ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. (م. ئى. كالىنىن)

كۆرۈش ۋە ئاڭلاش تەبىئەتنىڭ ئىنسانغا ئىنئام قىلغان ئەڭ زور بەختىدۇر (ئا. ئېينىشتېيىن)

ھاۋا ئوچۇق، سوغۇق ۋە سۈزۈك، ھاۋادا قىرو تۇزانلىرى پارقىراپ لەيلەپ يۈرىدۇ.

ئەقىل بىلەن خاراكتېر — ئادەمنىڭ تۇغما قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئىككى تايانچتۇر.

بىز نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەرخىل پەنلەرگە دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەندۇق.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا خاراكتېرلىك ھاۋانىڭ ئىسسىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

خەۋەر جۈملە ئوي -پىكىرنى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئادەتتە پېئىللاردىن تۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ، ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن كەلسە، بۇنداق بايان جۈملىلەر تەسۋىرىي خاراكتېردە بولىدۇ. مەسىلەن:

كىتاب— قىممەت باھا يۈكنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كېمە.

**خەۋەر (بايان جۈملە) تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:**

1. بايان جۈملە مەزمۇن جەھەتتە سۆزلىگۈچىنىڭ بايان قىلماقچى بولغان ئوي-پىكرىنى ئىپادىلەشنى مەزمۇن قىلىدۇ.

2. بايان جۈملىلەر بايان ئىنتوناتسىيىسىدە ئوقۇلىدۇ.

3. بايان جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى پېئىللارنىڭ خەۋەر رايىدىن كېلىدۇ.

# §4. سوئال جۈملە

**مەلۇم نەرسە، ھادىسە ياكى ئىش ـ ھەرىكەت توغرىسىدا سوئال مەزمۇنىدا ئېيتىلغان جۈملە سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

سوئال جۈملىلەردىكى سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر شۇ جۈملىدىكى ئادەتتىكى سۆزلەرگە قارىغاندا كۆتۈرەڭگۈرەك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىدۇ. يېزىقتا سوئال جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا سوئال بەلگىسى (؟) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى قانداق يېتىلىدۇ؟
ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟
سىز بۇ يىلقى يازلىق تەتىلدە قەيەرگە بارماقچى بولۇۋاتىسىز؟
سىزنىڭ بىر پارچە ماقالىڭىز «ئۆسمۈرلەر گېزىتى»گە بېسىلىپتۇ ـ ھە؟
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلغانلار بارمۇ؟

**سوئال جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك تۈزۈلىدۇ:**

1. سوئال ئالماشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قاچان قۇرۇلغان؟
سىز قايسى يىلى قەيەردە تۇغۇلغان؟ قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇغان؟
سىز ھازىرغىچە قانداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇدىڭىز؟

جان نېمە؟ جانان نېمە؟ ۋەتەن نېمە؟ — يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراغ
ھەر كىشىنى ئادمى ئەتكەن نېمە؟ — گۆش ـ تېرە، سۆڭەك بىلەن بۇ تەن نېمە؟
(بوغدا ئابدۇللا)

2. جۈملىدىكى خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا « مۇ، چۇ، غۇ، ما، دۇ، دا، ھە، مە» قاتارلىق سوئال ئۇلانمىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

كىتابىسىز ئۆتكەن تۇرمۇشنى تۇرمۇش دېگىلى بولامدۇ؟
بۈگۈن دەرستىن كېيىن توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن ـ ھە؟
سەن بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن دېگەن ئىدىڭغۇ؟

3. جۈملىگە سوئال ئالماشلىرى، سوئال ئۇلانمىلىرى قوشۇلمىسىمۇ، جۈملىنىڭ سوئال ئاھاڭىدا ئېيتىلىشى بىلەن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ كۆكتاتنى خام يېگىلى بولىدۇ؟
مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشنى ئاياغلاشتۇرىدىكەنمىز؟
ئۇلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى كۆرىدىكەن؟

**سوئال جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:**

1. سوئال جۈملە سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىگە نامەلۇم بولغان بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەتنى باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋېلىشنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش مەزمۇنى قىلىدۇ.
2. سوئال جۈملىلەر سوئال ئىنتوناتسىيىسىدە ئوقۇلىدۇ.
3. سوئال جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدە ئادەتتە سوئال ئالماشلىرى ۋە سوئال ئۇلانمىلىرى بولىدۇ.
4. سوئال جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى مەنە جەھەتتىن ئېنىق سوئالنى، بەزىلىرى گۇمانىي سوئالنى، يەنە بەزى سوئال جۈملىلەر قايتۇرما (قارشىلىق) سوراقنى ئىپادىلەيدۇ.

## §5. بۇيرۇق جۇملە

**سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، تىلەك، شوئار، چاقىرىق، ئۈمىد- ئارزۇ مەزمۇنىدىكى ئوي- پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۇملىلەر بۇيرۇق جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

بۇيرۇق جۇملىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئېيتىلىش ئاھاڭىغا قاراپ يېزىقتا ئاخىرىغا چېكىت (.) ياكى ئۈندەش (!) بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

«ئانا» دەپ 10پارچە شېئىر يازغىچە «ئانا» دە پ بىر قېتىم قولىدىكى سۇپۇرگىنى ئال!

بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بېجىرىۋېتەي.

مەسىلىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭ.

ساۋاقداشلار، ئۆگىنىش ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك!

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ياشىسۇن!

سەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىماي تۇرۇپ، بۇ يەرگە كەلگىچە بولما!

بۇيرۇق جۇملىلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ. بۇيرۇق جۇملىلەرنىڭ بەزىلىرى ئېغىزدا كۈچلۈك ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلسا، بەزىلىرى پەس ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ، يەنى بۇيرۇق، شوئار ۋە چاقىرىقنى ئىپادىلەيدىغان جۇملىلەر ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ ۋە كۈچلۈك ئاھاڭدا ئېيتىلسا، ئۆتۈنۈش، تىلەك، مەسلىھەت مەزمۇنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق جۇملىلەر كۈچسىز ۋە پەسرەك ئاھاڭدا (بايان جۇملىلەرنىڭ ئېيتىلىشىغا يېقىنراق ئاھاڭدا) ئېيتىلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل جۇملىلەرنىڭ كۈچلۈك ئاھاڭدا ئېيتىلغانلىرىغا يېزىقتا ئۈندەش بەلگىسى (!)، پەس ۋە كۈچسىز ئېيتىلغانلىرىغا چېكىت (.) قويۇلىدۇ.

**بۇيرۇق جۇملىلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:**

1. بۇيرۇق جۇملە سۆزلىگۈچىنىڭ باشقىلارغا نىسبەتەن مەلۇم ئىشنى ئورۇنداش ياكى ئورۇندىماسلىق ھەققىدىكى تەلەپ، ئىلتىماسىنى ئىپادىلەيدۇ.

2. بۇيرۇق جۇملىلەر بۇيرۇق ئىنتوناتسىيىسىدە ئوقۇلىدۇ.

3. بۇيرۇق جۇملىلەرنىڭ خەۋىرى كۆپىنچە پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايىدىن كېلىدۇ.

## §6. ئۈندەش جۇملە

**سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېس - ھاياجانلىرىنى (ئارزۇ - ئارمان، خۇشاللىق، قانائەتلىنىش، غەزەپلىنىش، خاپا بولۇش، پۇشايمان قىلىش، ئەجەبلىنىش، زوقلىنىش قاتارلىقلارنى) ئىپادىلەيدىغان جۇملىلەر ئۈندەش جۇملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۈندەش جۇملىلەر كۆپ ھاللاردا ئىملىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ. ئۈندەش جۇملىلەر كۈچلۈكرەك ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ. ئۈندەش جۇملىلەردىن كېيىن يېزىقتا ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

پاھ، پاھ، بۇ سەيلىگاھ ئەجەب گۈزەل بولۇپ كېتىپتۇ - ھە!

ھەي ئىسىت، بۇ يەرگە بۇرۇنراق كەلمەپتىمەن - دە!

ئېھ ئانا، بۇگۈنكى خۇشال كۆڭلىرىمنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن بولساڭ قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە!
ئېھ سۆيۈملۈك ئانا ۋەتەن! سەن نېمىدېگەن گۈزەلسەن.

ئۈندەش جۈملە بىلەن بۇيرۇق جۈملىنىڭ ئەڭ روشەن پەرقى شۇكى، بۇيرۇق جۈملە مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇمەن باشقىلارنىڭ مەلۇم ئىش- ھەرىكەتنى قىلىش- قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ ياكى مەلۇم ئىش- ھەرىكەتنى قىلىش ـ قىلماسلىققا چاقىرىدۇ. ئۇنىڭغا قارىتا ئېيتقاندا، پەقەت سۆزلىگۈچىنىڭ خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ (ئىرادىسىنى ئەمەس). ئۈندەش جۈملىلەر بولسا، سۆزلىگۈچىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنىلا ئىپادىلەيدۇ. ھەرىكەتنى ئىپادىلىمەيدۇ. مەسىلەن:

پاھ، بۇگۈنكى ھاۋا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! (خۇشال بولۇش)

ۋاي- ۋۇي، سەن مۇنداق ئىشلارنىمۇ بىلىدىكەنسەن ـ دە! (ھەيران قېلىش)

**ئۈندەش جۈملىلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ:**

1. بەزى ئۈندەش جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ خۇشال بولۇش، مەمنۇن بولۇش، رازى بولۇشتەك ھېس- تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ۋاي- ۋۇي، بۇگۈنكى قار مەنزىرىسى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە!

2. بەزى ئۈندەش جۈملىلەر ئارزۇ ـ ئارماننى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

قەدىرلىك ئانا، بۇگۈنكى بەختىيار كۈنلىرىمنى كۆرۈلگەن بولساڭ، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە!

3. بەزى ئۈندەش جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئەجەبلىنىش ۋە زوقلىنىشتەك ھېس- تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

قارىغىنا، بۇ يەردىكى ئۆزگىرىش نېمىدېگەن زور!

4. بەزى ئۈندەش جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ غەزەپلىنىش، خاپا بولۇش، پۇشايمان قىلىش قاتارلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئاپلا، شۇنچە زورۇر ئىشنى ئەجەب ئۇنتۇپ قاپتىمەن!

ئۈندەش جۈملىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ئۇلار ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە (تاۋۇش ئاھاڭى) غا ئىگە، يەنى پۈتۈن جۈملە ياكى ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئۈندەش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز كۈچلۈك ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ.

بەزى جۈملىلەر ھەم سوئال، ھەم ئۈندەش مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ھەم سوئال، ھەم ئۈندەش بەلگىسى تەڭ قويۇلىدۇ. قايسى بەلگىنىڭ بالدۇر قويۇلۇشى شۇ جۈملىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر سوئال مەزمۇنى كۈچلۈكرەك بولسا، سوئال بەلگىسى ئالدىغا قويۇلۇپ، ئۈندەش بەلگىسى كەينىگە قويۇلىدۇ. ئۈندەش مەزمۇنى كۈچلۈكرەك بولسا، ئۈندەش بەلگىسى ئالدىغا قويۇلۇپ، سوئال بەلگىسى كەينىگە قويۇلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر گەرچە سوئال جۈملە شەكلىدە بولسىمۇ، ئەمما بۇ سوئال جۈملە جاۋاب تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە ئېيتىلغان بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سەن ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلەمسەن؟!

سىنىڭچە بۇ ئىشلارنى ئەمدى تىلغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمىتى!؟

ئالدىنقى جۈملىدە سوئال سورالغان بولسىمۇ، سۆزلىگۈچىنىڭ نارازىلىق ھېسسىياتىمۇ ئارىلاشقان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈندەش بەلگىسىمۇ قويۇلغان، ئەمما جاۋاب تەلەپ قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن سوئال بەلگىسى ئاۋۋال قويۇلغان. كېيىنكى جۈملە گەرچە سوئال جۈملە شەكلىدە بولسىمۇ، مەقسەت سۆزلىگۈچىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش بولغاچقا ئاۋۋال ئۈندەش بەلگىسى، ئاندىن سوئال بەلگىسى

قويۇلغان.

مۇنداق ئەھۋال شېئىرىي ئەسەرلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ، مەسىلەن:

......

بىپايان قۇملۇق باياۋاننى گۈلىستان، دەيدۇ كىم؟!
ئوت ـ گىياھ ئۈنمەس چۆلۈستاننى خىيابان، دەيدۇ كىم؟!
بىپاناھ سەرسان بولۇپ چۆللەردە تەلمۈرسە كىشى،
راھەتى دىلنىڭ ئارامى ئۈشبۇ سەيلان، دەيدۇ كىم؟!
ناگىھان رەيھان قېشىدا ئۈنسە ئازغان بىخ سۈرۈپ،
كىرسە مەينەت ئىت ئۆيىگە كۆرسىتىپ تۆردىن ئورۇن،
خۇش كېلىپسىز مەرھابا! سىز بىزگە مېھمان، دەيدۇ كىم؟!
ئەل ھامان ئادىل ئىرۇركى، ئۇ دېمەس يالغاننى راست،
دەر گۇمان بولساڭ سوراپ باق، يەرنى ئاسمان، دەيدۇ كىم؟!
دوستلىرىم، ئۆتكىن جاھاندىن ھەر قاچان چىن گەپ قىلىپ،
ئىككى يۈز، يالغانچى بولساڭ ياخشى ئوغلان، دەيدۇ كىم؟!

(ياسىن زىلال)

※ ※ ※ ※ ※

زىيائى سەن ئىجاد سۈيى چاڭقىقى سەن،
قاچان ئاڭا قانغان؟! قاچاندا قاناتتىڭ؟!

(ئەھمەد زىيائى )

دېمەك، مۇشۇنداق جۈملىلەرگە دۇچ كەلگىنىمىزدە سوئال بەلگىسى ئاۋۋال قويۇلغان بولسا، سوئال جۈملە، ئۈندەش بەلگىسى ئاۋۋال قويۇلغان بولسا، ئۈندەش جۈملە دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ماقالە ـ ئەسەرلىرىمىزدە مۇشۇنداق جۈملىنى ئىشلىتىش توغرا كەلسە، سوئال مەنىسى كۈچلۈك بولسا، ئاۋۋال سوئال بەلگىسى، ئاندىن ئۈندەش بەلگىسىنى قويۇشىمىز، ئەگەر ئۆز ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىپ، بۇ ئوي ـ پىكرىمىزنى سوئال جۈملە شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلىگەن بولساق، ئاۋۋال ئۈندەش بەلگىسى، ئاندىن سوئال بەلگىسىنى قويۇشىمىز كېرەك.

**ئۈندەش بەلگىسى قويۇلغان جۈملىنىڭ ئۈندەش جۈملە ياكى بۇيرۇق جۈملە ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:**

1) بۇيرۇق جۈملە باشقىلارنىڭ مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇنداش ياكى ئورۇندىماسلىقىنى، جۈملىدىن مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنى سۆزلىگۈچى بىلەن ئورتاق ئورۇنداش ياكى ئورۇندىماسلىقنى بىلدۈرىدۇ. سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىگە قارىتا ئىپتىلغاندا جۈملىنىڭ خەۋىرى پەقەت پېئىل يىلتىزىغا «ي، اي، ەي» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىقلا تۈزۈلگەن پېئىللاردىن كەلگەن بولىدۇ.

2) ئۈندەش جۈملىلەر پەقەت ئۆزىگە يەنى ئۆزىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، باشقىلارغا ئىپتىلمايدۇ.

3) بۇيرۇق جۈملىنىڭ سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىگە قارىتا ئىپتىلغان شەكلى پەقەت يۇقىرىقى شەكىل بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# جۈملىنىڭ مەنە جەھەتتىكى تۈرلىرىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ.

1. سىنتاكسىس ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. «سىنتاكسىس» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىغا گىرېك تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، تىلىمىزدىكى ھازىرقى مەنىسى سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھەققىدىكى قائىدە- قانۇنىيەتلەر دېگەندىن ئىبارەت

B. سىنتاكسىس بولسا سۆز بىرىكمىسى، جۈملە ۋە جۈملە تۈزۈش ئۇسۇللىرى،جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى،جۈملە بۆلەكلىرى، جۈملىنىڭ مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىكى تۈرلىرى ۋە تىنىش بەلگىلەر ھەققىدىكى قائىدىلەرنى ئۆگىتىدۇ

C. سىنتاكسىس سۆز بىرىكمىسى ۋە سۆز تۈركۈملىرى ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

D. سىنتاكسىس يىغىنچاقلىغاندا سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەر دېگەندىن ئىبارەت

2. «دۇنيادا مۇكەممەل ئىش بولمايدۇ، پەقەت تىرىشقاندىلا ئىشلارنى جەزمەن ئەڭ ياخشى قىلغىلى بولىدۇ. ياخشى بولمىغان تەقدىردىمۇ بۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەنلىك بولمايدۇ» دېگەن جۈملە توغرىسىدا تۆۋەندە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىللەردىن سىنتاكسىسقا تەئەللۇق بولغان تەھلىل: ( )

A. پارچىدىكى «دۇنيادا، بولمايدۇ» دېگەن سۆزلەر تەركىبىدە ئۈچتىن سوزۇق تاۋۇش بار، ھەر ئىككى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلاشقان.

B. جۈملىدە جەمئىي 21 سۆز بولۇپ، ئىسىمدىن بەشى، سۈپەتتىن تۆتى بار. ياسالما ئىسىمدىن بىرىمۇ يوق.

C.جۈملىدە 11 سۆزگە تۈرلۈك قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ ھەر خىل تۈرلىنىشتە بولغان ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كەلگەن. ئۇلانغان قوشۇمچىلارنىڭ كۆپىنچىسى كېلىش قوشۇمچىلىرى

D. بۇ پارچە جەمئىي ئۈچ ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن بايان جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملىلەر ھېچقانداق باغلىغۇچىلارسىز تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن

3. جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. تولۇق ئاياغلاشقان ئوي- پىكىرنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. جۈملىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدۇر

B. بەزىدە يالغۇز بىر سۆزمۇ مەلۇم بىر پىكىرنى ئىپادىلەپ جۈملە بولۇپ كېلىدۇ، مۇنداق بىر سۆزنىڭ جۈملە بولۇپ كېلىشى ئۈچۈن مەلۇم تىل شارائىتى بولۇشى كېرەك

C. ھەر بىر جۈملە ئۆزىنىڭ مەزمۇنىغا خاس ئىنتوناتسىيە (ئاھاڭ) بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ھەر بىر جۈملە ئاياغلاشقاندا ئازراق توختاپ، ئاندىن ئىككىنچى جۈملىنى باشلايمىز

D. يېزىقتا ھەر بىر جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ پەش، چېكىت، سوئال بەلگىسى، ئۈندەش بەلگىسىدىن ئىبارەت تۆتلا بەلگە قويىمىز، باشقا بەلگىلەرنى ئىشلەتمەيمىز

4. جۈملە توغرىسىدا تۆۋەندە ئېيتىلغان قاراشلاردىن توغرىسى: ( )

A. جۈملىلەر مەنە جەھەتتىن خەۋەر جۈملە، سوئال جۈملە،ئۈندەش جۈملە ۋە ئاددىي جۈملە دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ

B. سۆزلىگۈچىنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ئىپادىلىگەن جۈملە بايان جۈملە، ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملە قاتارىغا كىرىدۇ

C. سوئال جۈملىلەر سوئال ئالماشلىرى ۋە سوئال ئۈلانمىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەنلا تۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا شەكىلدە سوئال جۈملە تۈزۈلىدۇ دېيىلسە توغرا بولمايدۇ

D. بۇيرۇق جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ باشقىلارغا مەلۇم بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقى توغرىسىدىكى ئوي-پىكرىنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى قىلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل جۈملىلەر 2-، 3- شەخسكىلا قارىتىلىدۇ

5. جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغان قاراشلاردىن توغرىسى: ( )

A. خەۋەر جۈملىنىڭ خەۋىرى كۆپ ھاللاردا پېئىلدىن كېلىدۇ. باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن كەلسە، مۇنداق جۈملىلەرنى خەۋەر جۈملە دەپ قاراشقا بولمايدۇ

B. سوئال جۈملىلەر سوئال ئالماشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدىغان بولغاچقا، تەركىبىدە سوئال ئالماشلىرى بولغان ھەر قانداق جۈملە سوئال جۈملە بولىدۇ

C. بۇيرۇق جۈملىلەر كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ

D. جۈملە سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. لېكىن جۈملىلەرنى ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دەپ ئايرىش جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سانىنىڭ ئاز- كۆپلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز

6. تۆۋەندىكى جۈملىلەر ھەققىدىكى تەھلىللەردىن توغرا بولغىنى: ( )

A. «كىم تىرىشچان بولسا، شۇ ئالغا باسىدۇ» دېگەن جۈملە قوشما جۈملە بولغاچقا، بۇ جۈملىنى خەۋەر جۈملە دەپ قاراشقا بولمايدۇ

B. «مۇزىكا ئىنسانلارنىڭ روھىنى ئاچىدىغان ئۈچقۇن بولۇشى كېرەك» دېگەن جۈملە خەۋەر جۈملە بولىدۇ

C. «پاھ، مۇنداق ئىشلارمۇ قولۇڭدىن كېلىدىكەن- ھە!» دېگەن جۈملە سۆزلىگۈچىنىڭ ھەيران قېلىش، مەمنۇن بولۇشتەك ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەچكە، ئۈندەش جۈملە بولىدۇ

D. «مەن ئەتە چوقۇم سىنىڭ قېشىڭغا بارىمەن» دېگەن جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ ۋەدىسى ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ جۈملە بۇيرۇق جۈملىگە تەۋە بولىدۇ

7. تۆۋەندىكى جۈملىلەر توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەھلىللەردىن توغرا بولغىنى: ( )

① «مائارىپ — ئەقىل ۋە ئېتىقادنى يېتىلدۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراق، مائارىپ- ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئانىسى، تەرەققىياتنىڭ قامچىسى» دېگەن بۇ جۈملە قوشما جۈملە بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن بايان جۈملە. ② «ئوقۇغۇچى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت-مۇئەللىم ئۈچۈن مۇقەددەستۇر» دېگەن جۈملە ئاددىي جۈملە بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئۈندەش جۈملىدۇر. ③ «پەقەت ۋىجدانلىق ئادەم بولغاندىلا، ئاندىن باشقىلارغا يۈز كېلەلەيدىغان ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن جۈملە، قوشما جۈملە، بۇيرۇق جۈملە. ④ «نۇر چېچىشنى بىلمىسەڭ، مەڭگۈ بىراۋنىڭ كۆلەڭگىسى بولۇپ قالىسەن» دېگەن جۈملە ئاددىي

جۇملە، بايان جۇملە. ⑤ «ۋەتەن ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت — ئىنسان ئۈچۈن مۇقەددەستۇر» دېگەن جۇملە ئاددى جۇملە، بايان جۇملە.⑥ «ھەممە ياخشىلىقلار پايدىسى بىلەن بولىدۇ، ئىلىم بىلەن كۆككىمۇ يول ئېچىلىدۇ» دېگەن جۇملە قوشما جۇملە، بايان جۇملە. ⑦ «قانۇن بىلەن ئەل روناق تاپىدۇ، دۇنيا تۈزۈلىدۇ» دېگەن جۇملە قوشما جۇملە، بۇيرۇق جۇملە .⑧ «سائادەت يولى بىلەن ئېچىلىدۇ. بىلىم ئال،سائادەت يولىنى تاپ» دېگەن جۇملە قوشما جۇملە، بۇيرۇق جۇملە.

A. ①③④⑤　B. ②③④⑤　C. ③④⑤⑦　D. ①⑤⑥⑧

II بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. سىنتاكسىس — تىل ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ سۆزلەرنىڭ ( ) ۋە ( ) نى، جۇملىدىكى سۆزلەرنىڭ( )، ئاددىي جۇملىنىڭ ( ) ۋە ( ) تۈرگە بۆلۈشنى،جۇملىنىڭ بۆلەكلىرى ( ) جۇملە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەمدە ( ) قائىدىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

2. جۇملە ( ) دىن ئارتۇق ( ) مەلۇم ( ) بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

3. جۇملە — نۇتۇقنىڭ ئاساسى. جۇملە ئارقىلىق مەلۇم مەسىلە ( ) ياكى مەلۇم مەسىلە( ) قىلىنىدۇ. مەلۇم مەسىلە( ) ياكى مەلۇم مەسىلە ھەققىدىكى( ) ئىپادىلىنىدۇ. جۇملىدە مەلۇم ئوبيېكتىپ مەزمۇنلار ئىپادىلىنىپلا قالماستىن بەلكى( ) ئىپادىلىنىدۇ.

4. جۇملىلەر مەزمۇنى ۋە ئېيتىلىش ئاھاڭىغا قاراپ( )، ( )، ( )، ( ) دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

5. بايان جۇملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىغا ( ) پىكرىنى ئۆزىنىڭ ( ) قىلىدۇ. بايان جۇملىلەرنىڭ خەۋرى كۆپىنچە پېئىللاردىن كېلىدۇ.

6.ئۈندەش جۇملىلەر كۆپ ھاللاردا( ) سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ. ئۈندەش جۇملىلەر( ) ئېيتىلىدۇ. ئۈندەش جۇملىلەردىن كېيىن( ) قويۇلىدۇ.

7. بۇيرۇق جۇملىلەر تەركىبىدىكى ( ) جۇملىلەر كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. يېزىقتا مۇنداق جۇملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ( ) قويۇلىدۇ. بۇيرۇق جۇملىلەرنىڭ خەۋرى ( ) دىن كېلىدۇ.

8. جۇملىلەر ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىگە ئاساسەن( ) ۋە ( ) دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

9. ئۇيغۇر تىلىدا ئوي-پىكىر بەزىدە( ) ئارقىلىق، بەزىدە ( ) جۇملىنىڭ مەلۇم ( ) ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

10. «باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان ئىشنى قەتئىي قىلمايمەن» دېگەن جۇملە مەزمۇن جەھەتتىن( ) جۇملە.

11. «بۇ ئىشنى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ بىر تەرەپ قىلىسىڭىز» دېگەن جۇملە مەزمۇن

جەھەتتىن(                ) جۈملە.

12. «بۇ ۋەقەنى سىزمۇ ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەنغۇ؟!» دېگەن جۈملە مەزمۇن جەھەتتىن (          ) جۈملە.

13. «دۇنيادا ئىنساننى پۇشايمانسىز ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ خاسىيەتلىك پائالىيەت— ئۆگىنىشتۇر» دېگەن جۈملە مەنە جەھەتتىن(                ).

III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ھەر بىر جۈملىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن قانداق جۈملە ئىكەنلىكىنى ئايرىپ ھەمدە ئاخىرىغا مۇۋاپىق تىنىش بەلگىسى قويۇڭ.

1) نۇتۇق بىلەن تىل ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ (                ) تىلدىن ئايرىلغان نۇتۇقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك (                ) نۇتۇقتىن ئايرىلغان تىلنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس (        )

2) خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى خەلق قوشاقلىرىدىكى مول ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرنىڭ ناھايىتى جايىدا قوللىنىلغانلىقى بەلگىلىگەن (          )

3) دۇنيا مىقياسىدا ئىختىساسلىقلارنى تالىشىش جېڭى كۈچەيمەكتە (          )

4) كىم ئەقىللىق بولسا (          ) شۇنى ئۆزۈڭگە يېقىن دوست تۇت (          ) ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلا (          ) ھەققىنى بەر (          )

5) بىلىم گويا ئادەم بەدىنىدىكى قانغا ئوخشاش قىممەتلىك (          )

6) بىلىمنى تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك (          ) ئۆگەنگەننى تەكرارلاپ تۇرۇش كېرەك (          )

2. تۆۋەندىكى پارچىلارنى ئوقۇپ،تەركىبىدىكى جۈملىلەرنى ئېنىقلاڭ. ئاندىن بۇ جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مەنىسى جەھەتتە قانداق جۈملە ئىكەنلىكىنى ئايرىڭ.

50 ـ يىللاردا ئېينشتېين ئانا ۋەتىنى ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان. خەتتە ئۇنىڭ ئىسرائىلىيىگە زۇڭتۇڭ بولۇشى سەممىيلىك بىلەن تەكلىپ قىلىنغان. ئېينىشتېين يەھۇدى بولۇپ، ئەگەر يەھۇدىلار دۆلىتىگە زۇڭتۇڭ بولسا، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە تەلىيىنىڭ كەلگىنىدىن دېرەك بېرەتتى. بىراق كىشىلەر ئويلىمىغان يەردىن ئېينشتېين زۇڭتۇڭ بولۇشنى رەت قىلغان. ئۇ :« مەن پۈتۈن ھاياتىمدا ئوبيېكتىپ ماددىلار بىلەن ھەپىلەشتىم. مەندە مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، باشقىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق تۇغما ئەقىل ـ پاراسەت ۋە تەجرىبە كەمچىل. شۇڭا مەن مۇنداق يۇقىرى مەنسەپكە مۇۋاپىق ئەمەس» دېگەن.

3. ئۆزىڭىز خەۋەر جۈملە، سوئال جۈملە، ئۈندەش جۈملە ۋە بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ھەر بىر تۈرىگە بەشتىن جۈملە تۈزۈڭ.

# §7. جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى

جۈملە بولۇش ئۈچۈن ئاياغلاشقان ئوي - پىكىر ئىپادىلەنگەن بولۇشى كېرەك. تولۇق ئاياغلاشقان ئوي- پىكىرنىڭ بەزىلىرى ئاددىي جۈملە شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، بەزىلىرى بىرنەچچە ئاددىي جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

جۈملىلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىمىز.

## 1 . ئاددىي جۈملە

**ئاياغلاشقان بىرلا ئوي - پىكىرنى بىلدۈرگەن، ئايرىم جۈملىلەرگە بۆلۈنمەيدىغان جۈملىلەر ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئەخلاقسىزلىق ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا كۆپ زىيان كەلتۈرىدۇ.

قىزغىنلىق ۋە تىرىشچانلىق بولغاندىلا مول بىلىم ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

ئادەمنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنىۋى ساپاسى بىردەملىك ھاياجانلىنىش كەيپىياتىنىڭ نېرى- بېرى قىلىشىغا ئۇچرىماسلىقتۇر.

ئوي -پىكىر ھەمىشە ئاددىي جۈملىلەر ئارقىلىقلا ئىپادە قىلىنىۋەرمەيدۇ، بەلكى كۆپ ھاللاردا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ئوقۇش باشلاندى»، «ئوقۇغۇچىلار قايىنام- تاشقىنلىق مەكتەپ ھاياتىنى باشلىدى» دېگەن ئىككى ئاددىي جۈملىدىن «ئوقۇش باشلىنىشى بىلەن، ئوقۇغۇچىلار قايىنام - تاشقىنلىق مەكتەپ ھاياتىنى باشلىدى» دېگەن مۇرەككەپ جۈملىنى تۈزۈش مۇمكىن.

## 2. قوشما جۈملە

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ (قوشما) ئوي- پىكىرنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

كىم ئىلىم، ھۈنەر، پەزىلەت ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، ئاجىزلىق، مىسكىنلىككە دۇچار بولىدۇ (قابۇسنامىدىن).

قىلغان گەپ -سۆزلىرىڭ باشقىلارغا ياقىدىغان بولسۇن، قىلغان ئىش - ھەرىكەتىڭ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولسۇن، ئاڭلىغانلىرىڭ سېنى بىلىملىك قىلىدىغان بولسۇن!

ئەگەر سەن بىلىمنى مالاي قىلىشقا قادىر بولالمىساڭ، ئۇنى دوست قىلغىن.

بەزى كىشىلەر بىلىمى ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش جەھەتتىكى ئىقتىدارى بىلەن ھەممە جايدا ئاجايىپ داڭق چىقىرىپ كەتكەن بولىدۇكى، ئۇلار ھەممىدە ئۆزى ئۆلگە بولىدۇ، باشقىلارغا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەل ئىچىدە ئابرۇي قازانغان بولىدۇ.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملە بولسىلا، بىر قوشما جۈملە تۈزۈشكە بولىۋەرمەيدۇ. قوشما جۈملە تۈزگۈچى شۇ ئاددىي جۈملىلەر چوقۇم مەنە جەھەتتىن بىر- بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ياكى مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى مەنىدىكى جۈملە بولۇشى، شۇنداقلا قوشما جۈملىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ئاددىي جۈملىلەر، بىر - بىرى بىلەن زىچ گىرامماتىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇنداق بولمايدىكەن، ئايرىم تۇرغان ئاددىي جۈملە بىلەن بىرىكىپ مۇرەككەپ جۈملە ھاسىل قىلىدىغان جۈملىلەرنىڭ ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ.



www.uyghurkitap.com

## §8. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە باغلىنىش يوللىرى

جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەر مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزئارا بىر - بىرىگە مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە زىچ باغلىنىپ كېلىدۇ. ئەگەر جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەردە مەلۇم گراممATIكىلىق قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنغان ھالدىكى باغلىنىش بولمايدىغان بولسا، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدۇ. جۈملىنىڭ مۇنداق مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە تۈزۈلۈشى سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«بارلىق ساۋاقداشلار ھەممە دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئالتە سۆز ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشتا كەلگەن ياكى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە باغلىنىپ كېلىپ، يۇقىرىقىدەك تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىگەن بىر جۈملىنى ھاسىل قىلغان. ئەگەر بۇ جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنى ئۆزلىرى باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەردىن ئايرىپ، باشقا سۆزلەر بىلەن باغلانغان ھالدا جۈملىنى ئۆزگەرتسەك، جۈملە مەزمۇنىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ ياكى تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى بىلدۈرەلمەي قالىدۇ. مەسىلەن:

ھەممە دەرسلەرنى بارلىق ساۋاقداشلار تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە.

ساۋاقداشلار تىرىشىپ بارلىق دەرسلەرنى ھەممە ئۆگەنمەكتە.

يۇقىرىقى جۈملىلەرنىڭ بىرىنچىسىدە مەنە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئىككىنچىسىدە مەنە ئېنىق ئىپادىلەنمىگەن.

دېمەك، جۈملىدىكى سۆزلەر بىر - بىرى بىلەن زىچ بىرىكىپ، تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە زىچ ئۇيۇشقاندىلا، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي- پىكىرگە مۇناسىۋەتلىك بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلالايدۇ. مانا بۇ سىنتاكسىسلىق باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. جۈملىدىكى سۆزلەر ئۆزئارا باغلىنىپ تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي -پىكىرنى ئىپادىلەشتە سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭ دەرىجىدە بولۇشىمۇ ياكى بىر- بىرىگە بېقىنغان ھالدا باغلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

مەدەنىيەت — جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش شەكلى، تەپەككۇر شەكلى، تىل شەكلى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەت شەكلىنىڭ ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن تۈزۈلگەن.

كومپيۇتېر ئېلىمىزدە خەلق ئىگىلىكى، مەدەنىي مائارىپ، پەن - تەتقىقات قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلمەكتە.

تىل ئۆگىنىشتە ئوقۇشنى، يېزىشنى، سۆزلەشنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

يۇقىرىقى جۈملىلەرگە قارايدىغان بولساق، بىرىنچى جۈملىدە «ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش شەكلى، تەپەككۇر شەكلى، تىل شەكلى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى» قاتارلىق سۆز بىرىكمىلىرى «قانداق پائالىيەت شەكلىنىڭ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ، ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كەلگەن. شۇنداقلا بۇ تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كەلگەن بۆلەكلەر ئىككىدىن سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىككى سۆز بىر - بىرى بىلەن بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن. بۇ جۈملە تەركىبىدىكى باشقا سۆزلەرمۇ بىر - بىرى بىلەن بېقىنىش، بېقىندۇرۇش يولى ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن. دېمەك جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەر تەڭداش ياكى بېقىندى باغلىنىشتا باغلىنىپ كېلىدۇ.

ئىككىنچى، ئۈچىنچى جۈملىلەر تەركىبىدىكى سۆزلەرمۇ تەڭداش ۋە بېقىندى باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بار.

جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ باغلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەڭداش (مۇستەقىل) باغلىنىش ۋە بېقىندى باغلىنىش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# §9. تەڭداش باغلىنىش

**جۈملىدە ۋەزىپىسى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنىڭ باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ياكى باغلىغۇچىلارسىز ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىشى تەڭداش (مۇستەقىل) باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈش ۋە قانغۇچە ئۇخلاش ئەڭ ياخشى داۋالىنىش ئۇسۇلىدۇر.

ئەقىل ـ پاراسەت، تىرىشچانلىق ۋە تالانت ھەرقانداق بايلىقتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئوقۇش، يېزىش، سۆزلەش — بىلىم ئىگىلەشتىكى مۇھىم ئۇسۇللارنىڭ بىرى.

بۈگۈنكى تازىلىقتا مەيداننى، سىنىپنى، ئورۇندۇق ۋە ئۈستەللەرنى پاكىز تازىلاش كېرەك.

تەڭداش باغلىنىش ئادەتتە مۇستەقىل باغلىنىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەڭداش باغلىنىش تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:**

1. تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بىر ـ بىرىنى ئېنىقلىمايدۇ، بىر ـ بىرىنى تولدۇرمايدۇ. ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە كېلىپ، ئوخشاش سوئالغا جاۋاب بولىدۇ. ئوخشاش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

2. تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر ئوخشاش بىر سۆزگە باغلىنىدۇ (ئوخشاش بىر جۈملە بۆلىكىگە بېقىنىدۇ ياكى ئوخشاش بۆلەكنى بېقىندۇرىدۇ).

3. تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق بەزىدە بىرىكتۈرگۈچى ياكى ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ.

4. تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ھەربىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم ئۇلانسىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى بىرىگىلا ئۇلانسىمۇ بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى بىرىگە ئۇلانسا، ھەممىسىگە ئورتاق بولىدۇ.

5. تەڭداش باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەر جۈملىنىڭ ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىق ھەممە بۆلىكىدە ۋەزىپە ئۆتەپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئوقۇتقۇچىلار، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە. (ئىگە)

بىز يازلىق لاگېردا ئۈرۈمچىنى، شىخەنزىنى، قاراماينى، غۇلجىنى كۆردۇق. (تولدۇرغۇچى)

مەن بۈگۈنكى دەرسنى ئەستايىدىل ئاڭلىدىم ھەم يازدىم. (خەۋەر)

قەشقەر شەھىرىنىڭ كوچىلىرى كەڭ، ئازادە، كۆركەم ياسىلىپتۇ. (ھالەت)

يېڭى ئوقۇتۇش بىناسىدا كەڭ، ئازادە، يورۇق سىنىپلار بار. (ئېنىقلىغۇچى)

6. تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بەزىدە بىر ئورتاق ئېنىقلىغۇچى ئارقىلىق ئېنىقلىنىپ كەلسە، بەزىدە ھەربىرى ئايرىم ـ ئايرىم ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

داستىخاندا مەي باغلاپ پىشقان شاپتۇللار، ئۈزۈملەر، ئالمىلار تىزىقلىق تۇراتتى. بۇ جۈملىدە «مەي باغلاپ پىشقان» دېگەن بىر ئورتاق ئېنىقلىغۇچى جۈملىنىڭ «شاپتۇللار، ئۈزۈملەر، ئالمىلار» دېگەن تەڭداش ئىگە بۆلىكىنى ئېنىقلاپ، ئورتاق ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن.

كۆز ئالدىمدا كەڭ گەۋدىلىك، قارا ساقاللىق، ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ماڭا قاراپ تۇراتتى. بۇ جۈملىدىكى تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرنىڭ ھەربىرى ئايرىم ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلىنىپ كەلگەن.

7. تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا، جۈملە مەزمۇنى ھەم قۇرۇلمىسىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بۇ تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بىلەن بېقىنىدى باغلىنىشتىكى سۆزلەرنى ئايرىشنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى.

# §10. بېقىندى باغلىنىش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

**جۈملە تەركىبىدىكى بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى بىر سۆزگە ئەگىشىپ، بېقىنىپ باغلىنىپ كېلىشى بېقىندى باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.**

بېقىندى باغلىنىشتا بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغاچقا، بىر سۆز بېقىنغۇچى ئەگەشمە سۆز، يەنە بىر سۆز بېقىندۇرغۇچى باش سۆز بولىدۇ. مەسىلەن:

«بىزنىڭ ئىرادىمىز پولاتتەك مۇستەھكەم» دېگەن بۇ جۈملىدە «بىزنىڭ ئىرادىمىز» «ئىرادىمىز مۇستەھكەم»، «پولاتتەك مۇستەھكەم» دېگەن بېقىندى باغلىنىشلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. يۇقىرىدىكى بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلغان سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ تەركىبىدە ئىككىدىن سۆز بولۇپ، ئالدىنقى سۆز «بېقىنغۇچى – ئەگەشمە سۆز»، كېيىنكىسى سۆز «بېقىندۇرغۇچى – باش سۆز» بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ بېقىنىش يۆنىلىشى ئوقدىن سولغا بولىدۇ.


«بارلىق يېڭى، كونا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ قائىدە – تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق بويسۇنۇشى لازىم.» بۇ جۈملىدىكى سۆزلەردە تۆۋەندىكىدەك باغلىنىشلار بار. «يېڭى، كونا» تەڭداش باغلىنىش، «بارلىق ئوقۇغۇچىلار»، «يېڭى، كونا ئوقۇغۇچىلار»، «بويسۇنۇشى لازىم»، «ئوقۇغۇچىلار بويسۇنۇشى لازىم». «مەكتەپنىڭ قائىدە – تۈزۈملىرىگە»، « قائىدە– تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇش لازىم» «ئاڭلىق بويسۇنۇشى لازىم.»

جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىنى يەنى قايسى سۆزنىڭ قايسى سۆزگە باغلانغانلىقىنى سوئال قويۇش ئارقىلىق ئېنىقلايمىز. مەسىلەن:

ئەركىن ھەرخىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قىزىقىپ ئوقۇيدۇ.
كىم ئوقۇيدۇ؟ ئەركىن ئوقۇيدۇ. ــ ئىگە – خەۋەرلىك باغلىنىش
نېمىلەرنى ئوقۇيدۇ؟ ئەسەرلەرنى ئوقۇيدۇ. ــ باشقۇرۇش باغلىنىش
قانداق ئەسەرلەرنى؟ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى. ــ بانداش باغلىنىش
قانداق ئوقۇيدۇ؟ قىزىقىپ ئوقۇيدۇ. ــ يانداش باغلىنىش

ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە خەۋەرگە بېقىنىدۇ. تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ خەۋەرگە بېقىنىدۇ. ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئېنىقلانغۇچىغا بېقىنىدۇ. جۈملىنىڭ خەۋرىدىن كېيىن جۈملە بىلەن گرامماتىكىلىق باغلىنىشى بولغان سۆز بولمايدۇ. شۇنداق بولغاندا ئىگە خەۋەرنىڭ ئالدىدا، بېقىندى سۆز باش سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ (شېئىرلار بۇنىڭ سىرتىدا). بېقىندى باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرنىڭ بېقىنىش – بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى سخېمىدىن ئېنىق چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

بىزنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار بارلىق دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىمەكتە.




يۇقىرىدىكى تەھلىللىرىمىزدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندى باغلىنىش تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولىدۇ.

1. ئىگە خەۋەرلىك باغلىنىش؛ 2. چىرمىشىش باغلىنىش؛ 3. باشقۇرۇش باغلىنىش؛ 4. يانداش باغلىنىش.

## 1. ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش

**جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشى ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش ئىگە بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئىگە خەۋەرگە بېقىنىدۇ. ئىگە بېقىنغۇچى ئەگەشمە سۆز، خەۋەر بېقىندۇرغۇچى باش سۆز بولىدۇ.

ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىشتا ئىگە بىلەن خەۋەر كۆپىنچە سان ۋە شەخس جەھەتتىن ئاساسەن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن،

مەن كەلدىم (بىرىنچى شەخس بىرلىك)
بىز كەلدۇق (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك)
سەن كەلدىڭ (ئىككىنچى شەخس بىرلىك)
سىلەر كەلدىڭلار (ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك)
ئۇ كەلدى (ئۈچىنچى شەخس بىرلىك)
ئۇلار كەلدى (ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك)

يۇقىرىقى جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى ئىگە بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلگەن، شۇنداقلا ئىگىسى شەخسلىك ئالماشلاردىن كەلگەچكە، ئىگە بىلەن خەۋەر سان ھەم شەخس جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن.

ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىشتا ئىگە شەخسلىك ئالماشلاردىن كەلگەندە ئىگىنىڭ شەخس شەكلى ئۆزگەرگەن ھامان خەۋەرنىڭ شەكلىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئىشلىدىم، بىز ئىشلىدۇق، سەن ئىشلىدىڭ، سىلەر ئىشلىدىڭلار، ئۇ ئىشلىدى، ئۇلار ئىشلىدى.

ئىگىلىك جۈملىلەردە ئىگە ھەر دائىم شەخسلىك ئالماشلاردىن كېلىۋەرمەيدۇ. بەزىدە ئىگە شەخسسىز ياكى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەردىن كېلىدۇ، بەزىدە ئىگە بىرىنچى شەخستە، خەۋەر ئۈچىنچى شەخستە كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئىگە بىلەن خەۋەر سان ۋە شەخس جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلمەيدۇ. مەسىلەن:

ۋاقىت توشتى، ھاۋا ئىسسىدى. ئادەم كەلدى. مەكتەپ سالدۇردى. (ئىگىلەر شەخسسىز كەلگەن)
ئوقۇغۇچىلار كەلدى، يەرلەر تۈزلەندى، زىيانداشلار يوقىتىلدى (بۇ جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى كۆپلۈك ساندا كەلگەن بولسىمۇ، شەخسسىز كەلگەن)

دادام كەلدى، ئاكام ئوقۇدى. مۇئەللىمىم چاقىردى. كۆڭلىمىز سۆيۈندى. ئىرادىمىز چىڭىدى. يولىمىز ئېچىلدى. (بۇ جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى بىرىنچى شەخستە كەلگەن بولسىمۇ، خەۋىرى ئۈچىنچى شەخستە كەلگەن، مۇنداق شەكىلمۇ ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش بولىۋېرىدۇ. (ئىگىلەر ئىگىسى ئۈچىنچى شەخس ئورنىدا كەلگەن. )

قىسقىسى، ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش ئىگە بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان يەنى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ سان ۋە شەخس جەھەتتە ئاساسەن ماسلىشىپ كېلىشى بولسىمۇ، ئىگە بىلەن خەۋەر ھەر دائىم ماسلىشىپ كېلىۋەرمەيدۇ. لېكىن ئىگە بىلەن خەۋەر سان ۋە شەخس جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ يەنىلا ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش بولىۋېرىدۇ.

**ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرنى ئايرىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:**

1. بەزى جۈملىلەر ئىگىسىز جۈملە بولغاچقا، مۇنداق جۈملىلەردە ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش



www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. مەسىلەن:

ئادەمنى جەمئىيەتتىن سىرتتا تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ.

جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش لازىم.

2. بەزى جۈملىلەرنىڭ ئىگە ـ خەۋىرى شەخس ھەم سان قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنمىگەن بولىدۇ.

3. پېئىللارنىڭ ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك شەكلى ئوخشاش بولغاچقا، ئىگە ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسىنىڭ 3 ـ شەخسنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈكمە تۈرلىنىشىدىن قەتئىينەزەر خەۋەر ئوخشاش شەكىلدە كېلىۋېرىدۇ. (ئۇ كەلدى، ئۇلار كەلدى.) بەزىدە ئۇلار كېلىش شەكلىدە كېلىدۇ.

4. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ سان ھەم شەخس جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىشى ئىگە شەخسلىك ئالماشتىن، خەۋەر شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللاردىن بولغاندىلا ماس كېلىدۇ. مەسىلەن: مەن كەلدىم (1 ـ شەخس بىرلىك)، بىز كەلدۇق (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك)

5. بەزى جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى سان ۋە شەخس جەھەتتىن ماسلاشمايدۇ . مەسىلەن: ياخشىلىق يەردە قالماس (ماقال). بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى سان ھەم شەخس جەھەتتىن ماسلاشمىغان بولسىمۇ، ئىگە بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئوخشاشلا ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش بولىدۇ.

## 2. چىرمىشىش باغلىنىش

**بېقىنغۇچى سۆزنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە، بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ تەۋەلىك شەخستە تۈرلىنىپ باغلىنىپ كېلىشى چىرمىشىش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.**

بۇ خىل باغلىنىش ئاساسەن ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىنىقلىغۇچى بىلەن ئىنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدا يەنى ئىگىلىك كېلىشتە تۈرلەنگەن بېقىنغۇچى سۆز بىلەن تەۋەلىك شەخستە تۈرلەنگەن بېقىندۇرغۇچى سۆز ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. بەزىدە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالسىمۇ، يەنىلا ئىگىلىك كېلىشتە تۈرلەنگەن ھېسابلىنىپ، چىرمىشىش باغلىنىشتا كەلگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ئىرادىمىز پولاتتىن مۇستەھكەم.

پەيزاۋات قوغۇنى ـ قەشقەرنىڭ داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتى.

بېقىنغۇچى سۆزدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى يوشۇرۇن كەلگەندە بېقىندۇرغۇچى سۆزدىكى شەخس قوشۇمچىسىدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇ .

شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، چىرمىشىش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر ھەر دائىم يۇقىرىدىكى مىساللاردىكىدەك يانمۇ يان كېلىۋەرمەيدۇ. بەزىدە ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە باشقا سۆزلەر كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئەڭ زور شادلىقى ـ دوستلۇق» دېگەن بۇ مىسالدىكى «ھاياتىنىڭ» دېگەن سۆز يېنىدىكى «ئەڭ زور» دېگەن سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى «شادلىقى» دېگەن سۆز بىلەن چىرمىشىش باغلىنىشتا كەلگەن.

چىرمىشىش باغلىنىشنى تۆۋەندىكى فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

**X + نىڭ X سۆز بۇ سۆز بېقىنغان X سۆز + تەۋەلىك قوشۇمچىسى = چىرمىشىش باغلىنىش**

مەكتەپ + نىڭ ئوقۇتۇش + ى = مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇشى

www.uyghurkitap.com

خەلق + نىڭ سەۋىيە + سى = خەلقنىڭ سەۋىيىسى
شەھەر + نىڭ مەنزىرە + سى = شەھەرنىڭ مەنزىرىسى

## 3. يانداش باغلىنىش

**بېقىنغۇچى سۆز بىلەن بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ قوشۇمچىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىشى يانداش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.**

ياداش باغلىنىش ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى، سۈپەت ھەرىكەت ھالىتى ۋە بەزى ۋاقىت ھالىتى بىلەن خەۋەر ۋە ياداش باغلىنىشتا تۈزۈلگەن قوشما خەۋەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. تېخىمۇ كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، سۈپەت بىلەن ئىسىم، سان بىلەن ئىسىم، سان مىقدار بىلەن ئىسىم، رەۋىش ۋە رەۋىشداش بىلەن پېئىل، سۈپەت بىلەن پېئىل ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. مەسىلەن:

يېڭى ئۆي، چوڭ شەھەر، ئېگىز تاغ، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش (سۈپەت بىلەن ئىسىم)

1000 ئوقۇغۇچى، 1500 نەپەر ئادەم، 200 دانە ماشىنا، 200 توننا كۆمۈر (سان، سان مىقدار بىلەن ئىسىم)

تىرىشىپ ئۆگەندىم، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدىم، ئەستايىدىل يازدىم. چاپسان كەلدىم. ئوقۇغىلى كەلدىم. ئالغاچ كەلدىم، ياخشى ئۆگەندىم، كۆرگىلى باردىم، كۆڭۈللۈك ئوينىدۇق، (سۈپەت ۋە پېئىللاردىن كەلگەن سۈپەت ھەرىكەت ھالىتى بىلەن پېئىل)

مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، بالدۇر قايتتىم. كەچ قايتتىم، بۇرۇن كەلدىم (رەۋىش بىلەن پېئىل)

ئوقۇپ چىقتىم، يېزىپ بولدۇم، ئېلىپ كەلدىم. ئوقۇپ تۇرۇۋاتىمەن، ياخشى ئىدى، ئادەم ئىكەن. ئوقۇغانمىش، كۆرگەنىكەن (قوشما خەۋەر)...

## 4. باشقۇرۇش باغلىنىش

**بېقىنغۇچى سۆزنىڭ بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ تەلىپى بويىچە باش كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ ياكى تىركەلمىلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى بىلەن باغلىنىشى باشقۇرۇش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.**

باشقۇرۇش باغلىنىش ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر بىلەن پېئىللار ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

باشقۇرۇش باغلىنىشتا بېقىندى سۆز باش سۆزنىڭ تەلىپى بويىچە كۆپىنچە چۈشۈم كېلىش، بېرىش كېلىش، ئورۇن پەيت كېلىش ۋە چىقىش كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن بەزىدە تىركەلمىلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

تاپشۇرۇقنى ئۆيدە ئىشلىدىم. (تاپشۇرۇقنى ئىشلىدىم، ئۆيدە ئىشلىدىم — باشقۇرۇش باغلىنىش)

شەھەردىن يېزىغا چىقتۇق. (شەھەردىن چىقتۇق، يېزىغا چىقتۇق — باشقۇرۇش باغلىنىش)

ياخشىدىن ئات قالۇر، ياماندىن دات (قالۇر). (ياخشىدىن قالۇر، ياماندىن قالۇر — باشقۇرۇش باغلىنىش)

مۇئەللىم بىلەن سەن توغرۇلۇق سۆزلەشتىم (مۇئەللىم بىلەن سۆزلەشتىم، سەن توغرۇلۇق سۆزلەشتىم — باشقۇرۇش باغلىنىش)

بەزىدە بېقىندى سۆز تەركىبىدىكى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. چۈشۈپ قالسىمۇ يەنىلا باشقۇرۇش باغلىنىش بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن:

كىتابخانىدىن يېڭى كىتاب سېتىۋالدىم. «كىتابخانىدىن سېتىۋالدىم» دېگەن بىرىكمە باشقۇرۇش

باغلىنىش ھاسىل قىلغان. يەنە بىر باشقۇرۇش باغلىنىش ھاسىل قىلغان «كىتاب» سۆزىگە ئۇلانغان چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» چۈشۈپ قالغان. چۈشۈپ قالسىمۇ، باشقۇرۇش باغلىنىش ھېسابلىنىدۇ. (كىتابنى سېتىۋالدىم)

«مەن ھازىر تاماق يېدىم» بۇ جۈملىدە تاماق سۆزى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن، پېئىل بىلەن يانمۇيان كەلگەنلىكى ئۈچۈن چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى « نى » چۈشۈپ قالغان. بۇمۇ باشقۇرۇش باغلىنىش بولىۋېرىدۇ.

جۈملە بۆلىكى نۇقتىسىدىن ئالغاندا باشقۇرۇش باغلىنىش ئاساسەن تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت بىلەن جۈملىنىڭ پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرى ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، بېقىندۇرغۇچى سۆز كۆپىنچە پېئىللاردىن كېلىدۇ (خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن پېئىللاردىن). قىسمەن ئەھۋاللاردا باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن يەنى سۈپەت ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن كەلگەن خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر، توشقاننى قومۇش (ئۆلتۈرەر).

نادانلىق، بىلىمسىزلىك، ئېتىقادسىزلىقتىن بارچە پاجىئەلەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئۆرۈمچى قەشقەردىن چوڭ. (قەشقەردىن چوڭ ـ سۈپەتكە بېقىنغان)

ئالدىنقى جۈملىدىكى «ئۆلتۈرەر» دېگەن سۆز باش سۆز بولۇپ، «نېمە قىلارىنى» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن. «ئادەمنى»، «توشقاننى» دېگەن سۆزلەر بېقىندى سۆز بولۇپ «كىمنى؟ نېمىنى؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن. كېيىنكى جۈملىدىكى باش سۆز «كېلىپ چىقىدۇ» نىڭ تەلىپى بويىچە «نېمىدىن؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن «نادانلىق، بىلىمسىزلىك، ئېتىقادسىزلىق» دېگەن سۆزلەر چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، باشقۇرۇش باغلىنىشتا بېقىندى سۆز بولۇپ كەلگەن.

ئاخىرقى جۈملىدە «قەشقەردىن» دېگەن چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بېقىنغۇچى سۆز جۈملىنىڭ «چوڭ» دېگەن سۈپەتتىن كەلگەن خەۋىرىگە باغلىنىپ كەلگەن.

**باشقۇرۇش باغلىنىشنى ئايرىغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:**

1) باشقۇرۇش باغلىنىش ـ باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەر بىلەن باش سۆز ئوتتۇرىسىدا بولغاندىن تاشقىرى، يەنە بېقىنغۇچى سۆز «بىلەن، ئۈچۈن، توغرۇلۇق، ھەققىدە» دېگەنگە ئوخشاش تىركەلمىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەنمۇ باش سۆزگە خەۋەرگە باغلىنىپ، باشقۇرۇش باغلىنىشنى شەكىللەندۈرىدۇ.

2) باشقۇرۇش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەردىكى بېقىندى سۆزنىڭ قايسى سۆزگە باغلانغانلىقىنى سوئال قويۇش ئارقىلىق ئېنىقلاش، «يېنىدىكىلا سۆزگە باغلىنىپ كېلىدۇ» دەپ قاراشتىن ساقلىنىش لازىم.

3) يۇقىرىقى شەكىللەردە كەلگەن بېقىنغۇچى سۆزلەردىن بىرنەچچىسى تەڭداش مۇناسىۋەتتە كېلىپ، تەڭداش باغلىنىشنى ھاسىل قىلسا، بېقىندۇرغۇچى سۆزگە نىسبەتەن ئايرىم ـ ئايرىم باغلىنىپ باشقۇرۇش باغلىنىشنى شەكىللەندۈرىدۇ (يۇقىرىقى مىسالغا قارالسۇن).

ئومۇمەن، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى يەككە ھالەتتە بولمايدۇ. بىر جۈملە تەركىبىدە بىرلا باغلىنىش بولۇشىمۇ، بىرقانچە باغلىنىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

مەن كەلدىم (ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش).

كىتاب ئوقۇدۇم (باشقۇرۇش باغلىنىش، ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش)

. ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئاچىدۇ (ئىگە ـ خەۋەرلىك، يانداش، چىرمىشىش، باشقۇرۇش باغلىنىش)

جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باشقۇرۇش يولى بىلەن باغلىنىشنى تۆۋەندىكى فورمۇلا ئارقىلىق بىلىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ:

بېقىندى سۆز + { بېرىش كېلىش
چىقىش كېلىش
چۈشۈم كېلىش
ئورۇن ـ پەيت كېلىش
قوشۇمچىلىرى ۋە
بەزى تىركەلمىلەر } باغلانغان بېقىندۇرغۇچى سۆز = باشقۇرۇش باغلىنىش

جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشنى ئېنىقلىغاندا ئالدى بىلەن بۇ خىل باغلىنىشنىڭ سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. شۇنداقلا باشقۇرۇش باغلىنىشتا بېقىندى سۆزنىڭ چوقۇم بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن كېلىش، چۈشۈم كېلىشتىن ئىبارەت تۆت كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرىنىڭ بىرەرسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدىغانلىقىنى ياكى ئاخىرىغا شۇ كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىسىنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان تىركەلمىلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

## ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىغا دائىر ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ.

1. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرا بولمىغىنى: (      )

A. جۈملىدىكى سۆزلەر ئۆز ئارا بىر بىرى بىلەن مەلۇم گىرامماتىكىلىق قانۇنىيەت بويىچە باغلىنىپ كېلىدۇ.

B. جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىر بىرى بىلەن باغلىنىپ كېلىشى مۇستەقىل باغلىنىش ۋە بېقىندى باغلىنىش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ

C. جۈملىدە ۋەزىپىسى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىشى تەڭداش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ

D. بېقىندى باغلىنىش بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى بىر سۆزگە ئەگىشىپ بېقىنىپ كېلىشى ياكى بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى بىر سۆزنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ باغلىنىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان باغلىنىشتۇر

2. بېقىندى باغلىنىش ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: (      )

A. بېقىندى باغلىنىشتا ئالدىنقى سۆز بېقىنغۇچى ئەگەشمە سۆز، كېيىنكى سۆز بېقىندۇرغۇچى باش سۆز ھېسابلىنىدۇ

B. چىرمىشىش باغلىنىشتا ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن سۆزنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلگەن سۆز كۆپىنچە ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ

C. جۈملىدىكى باش ۋە ئىگىلىك كېلىشلىرىدىن باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن سۆزلەر

www.uyghurkitap.com

بىلەن جۈملىنىڭ پېئىل ياكى سۈپەتتىن بولغان خەۋىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش باشقۇرۇش باغلىنىش بولىدۇ

D. بېقىنغۇچى سۆزنىڭ بېقىندۇرغۇچى سۆزگە ياندىشىپ باغلىنىپ كېلىشى يانداش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ

3. «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ زۆرۈر ئوقۇش قورالى — كىتاب، دەپتەر، قەلەم» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. بۇ جۈملە تەركىبىدە تەڭداش باغلىنىشمۇ، بېقىندى باغلىنىشمۇ بار، «كىتاب،دەپتەر،قەلەم» دېگەن سۆزلەر تەڭداش باغلىنىشتا باغلىنىپ كەلگەن تەڭداش خەۋەردۇر.

B. جۈملىدىكى «ئوقۇغۇچىلارنىڭ» دېگەن سۆز ئىگىلىك كېلىشتە تۇرلەنگەن ھەمدە ئوقۇش قورالى دېگەن سۆزگە باغلىنىپ، يانداش باغلىنىش ھاسىل قىلىدۇ

C. «ئەڭ» دېگەن سۆز «زۆرۈر» دېگەن سۆزگە، «ئوقۇش» دېگەن سۆز «قورالى» دېگەن سۆزگە باغلىنىپ كېلىپ يانداش باغلىنىش ھاسىل قىلغان

D. «ئوقۇش» «قورالى» دېگەن چىرمىشىش باغلىنىشتىكى سۆز بىلەن «كىتاب، دەپتەر، قەلەم» دېگەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولمايدۇ

4. «غايە، تىرىشچانلىق ۋە بوشاشماس روھ ئادەمنى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكى قاراشلاردىن خاتاسى: ( )

A. بۇ جۈملىدە «غايە، تىرىشچانلىق، بوشاشماس روھ» دېگەن سۆزلەر تەڭداش باغلىنىشتا باغلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەر بىلەن «ئېرىشتۈرىدۇ» دېگەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئىگە- خەۋەر مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلىدۇ

B. جۈملىدىكى «بوشاشماس روھ» «زور مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا يانداش باغلىنىش مۇناسىۋىتى بار.

C. جۈملىدىكى «ئادەمنى» «مۇۋەپپەقىيەتلەرگە» دېگەن سۆزلەر چۈشۈم كېلىش ۋە بېرىش كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن بولۇپ، جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىش ھاسىل قىلىدۇ

D. بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ تەڭداش باغلىنىشتىكى سۆزلەردىن كېلىپ ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتى ھاسىل قىلغان

5. تۆۋەندىكى تەھلىللەردىن توغرا بولمىغىنى: ( )

A. ئىگە - خەۋەر مۇناسىۋىتىدە ئىگە بىلەن خەۋەر كۆپىنچە سان ھەم شەخس جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ. دادام كەلدى، ئوقۇغۇچىلار كەلدى، مەكتەپ ئورۇنلاشتۇردى دېگەندەك بىرىكمىلەردە ئىگە بىلەن خەۋەر ماسلاشمىسىمۇ ئىگە - خەۋەر مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلىۋېرىدۇ

B. چىرمىشىش باغلىنىش كۆپىنچە خەلقنىڭ ئىرادىسى، دۆلەتنىڭ مۈلكى دېگەن شەكىللەردە كېلىدۇ. بۇ خىل شەكىلدە بېقىنغۇچى سۆزدىكى ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «نىڭ» چۈشۈپ قالسا، چىرمىشىش باغلىنىش ھېسابلانمايدۇ

C. ئوقۇغۇچىلار زالدا دوكلات ئاڭلاۋاتىدۇ دېگەن جۈملىدە ئىگە - خەۋەر مۇناسىۋىتى، باشقۇرۇش ۋە يانداش مۇناسىۋەت قاتارلىق باغلىنىش مۇناسىۋەتلىرى بار

D. يانداش باغلىنىش ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى(بەش كىتاب،يېڭى ئۆي،ئوقۇغان ئادەم) سۈپەت ھەرىكەت ھالىتى بىلەن پېئىلدىن بولغان خەۋەر(ياخشى سۆزلىدى،تىرىشىپ ئۆگەندى) ۋە قوشما پېئىللار ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ (ئوقۇپ بولدۇم،يېزىۋالغانىدىم، ئادەم ئىكەن)

6. تۆۋەندىكى تەھلىللەردىن توغرىسى: (　　)

A. «كۆپىنى كۆرگەن ئادەم كۆپ بىلىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «كۆپىنى» دېگەن سۆزگە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان بولسىمۇ، بۇ سۆز جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىش ھاسىل قىلالمايدۇ

B. «گۈللەرگە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سۇ قۇيۇپ تۇرۇڭ» دېگەن جۈملىدىكى «ۋاقتى ـ ۋاقتىدا» دېگەن سۆز بىلەن قۇيۇپ تۇرۇڭ دېگەن پېئىل ئوتتۇرىسىدا باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى بار دېيىلسە توغرا بولمايدۇ

C. يۇقىرىقى جۈملىدىكى «سۇ» دېگەن سۆزدە ئەسلىدە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» بولۇپ چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن «سۇ» سۆزى جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىش ھاسىل قىلالمايدۇ

D. بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى بولمىغاچقا ، بۇ جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىدا ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتى بولمايدۇ

7. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى توغرىسىدا ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: (　　)

A. «نۇرمەمەت كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن جۈملىدە ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىشتىن بىرى، يانداش باغلىنىشتىن ئىككىسى، باشقۇرۇش باغلىنىشتىن ئىككىسى بار

B. يانداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر يانمۇيان كېلىشىمۇ، بىر نەچچىسى قاتارلىشىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن

C. «تاغ ئارىسىدىكى يول بىلەن كېتىۋاتىمەن» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى سان ھەم شەخس جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىپ ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش ھاسىل قىلغان

D. «مېنىڭ ئاكام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ تەركىبىدە كېلىشىش، چىرمىشىش، باشقۇرۇش قاتارلىق باغلىنىشلار بار

8. «دادىسى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ باغچىغا بېرىپتۇ» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　　)

A. «دادىسى» دېگەن سۆز بىلەن «بالىسى» دېگەن سۆز چىرمىشىش باغلىنىشتا باغلىنىپ كەلگەن

B. «باغچىغا» دېگەن سۆز بىلەن «بېرىپتۇ» دېگەن سۆز، «بالىسىنى» دېگەن سۆز بىلەن «ئەگەشتۈرۈپ» دېگەن سۆزلەر باشقۇرۇش باغلىنىشتا كەلگەن

C. « دادىسى» دېگەن سۆز بىلەن « بېرىپتۇ» دېگەن سۆز ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىشتا «ئەگەشتۈرۈپ» دېگەن سۆز بىلەن «باغچىغا» دېگەن سۆز يانداش باغلىنىپ كەلگەن

D. بۇ جۈملىدە يانداش باغلىنىشتىن ئىككىسى، باشقۇرۇش باغلىنىشتىن ئىككىسى بار

9. «ئىشلىمىگەن مېڭە رولسىز ماشىنىغا ئوخشاش ئادەمنى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ھاڭلارغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: (　　)

A. « ئىشلىمىگەن مېڭە» «رولسىز ماشىنىغا»، « ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ھاڭلارغا» دېگەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش يانداش باغلىنىش بولىدۇ

B. «مېڭە» دېگەن سۆز بىلەن «تاشلايدۇ» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتى، «ئاپىرىپ» بىلەن «تاشلايدۇ» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يانداش باغلىنىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ

C.«ماشىنىغا ئوخشاش ئادەمنى»، «تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان» دېگەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يانداش مۇناسىۋەت بولىدۇ

D.«ئادەمنى تاشلايدۇ»، «هاڭلارغا تاشلايدۇ» دېگەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى بولىدۇ.

10. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرى ئىچىدىكى ھەممىسى باشقۇرۇش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر گۇرۇپپىسى: (　　　)

① تۇپراق ساداسى ② مۇقىملىقتا موھتاج ③ دوكلات يوللاش ④ مۇھىت ئېڭى ⑤ قۇياش نۇرى ⑥ كۆڭۈلنى قايتۇرماق ⑦ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ⑧ مۇھىتقا ماسلىشىش ⑨ مىللىي ئەنئەنە

A. ①③⑤⑦⑨　　B. ②③⑥⑦⑧　　C. ②④⑥⑧⑨　　D. ③④⑤⑥⑧

## II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. جۈملىدە ۋەزىپىسى ئوخشاش بولغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ (　　　) ياكى (　　　) ئاھاڭ ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىشى(　　　) دەپ ئاتىلىدۇ.

2. جۈملە تەركىبىدىكى تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى رولى(　　　) بىر (　　　) تەڭ بولىدۇ. بىر خىل (　　　) ئۆتەيدۇ، تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرنى جۈملىنىڭ (　　　) دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

3. بېقىندى باغلىنىشتا ئالدىنقى سۆز (　　　)، كېيىنكى سۆز (　　　) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

4. «شىنجاڭ مەنزىرىسى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «قەشقەر ئانارى» دېگەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش (　　　) بولىدۇ.

5. « بىز كەڭ، ئازادە، يورۇق سىنىپلاردا ئوقۇۋاتىمىز» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئىگە- خەۋەر مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلىدىغان بىرىكمە (　　　)، باشقۇرۇش باغلىنىش(　　　)، تەڭداش باغلىنىش(　　　)، جۈملىدىكى«سىنىپلاردا» دېگەن سۆز بىلەن تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش(　　　) بولىدۇ.

6. «باغدىكى يېڭى تىككەن كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى تۇتتى» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئىگە ـ خەۋەرلىك باغلىنىش (　　　) دېگەن سۆز بىلەن(　　　) دېگەن سۆز ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. بۇ جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن(　　　) دېگەن سۆز بىلەن ئىگىنىڭ ئالدىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا (　　　) باغلىنىشتا كەلگەن.

7. «بىزنىڭ 2008 ـ يىللىق يازلىق لاگېر پائالىيىتىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى» دېگەن جۈملىدە «بىزنىڭ» دېگەن سۆز بىلەن «پائالىيىتىمىز» دېگەن سۆز گەرچە يىراق كەلگەن بولسىمۇ (　　　) باغلىنىش ھاسىل قىلىدۇ.

## III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىنى ئېنىقلاڭ.

1) تۈنۈگۈن سىنىپقا يېڭىدىن ئىككى ئوقۇغۇچى كەلدى.

2) كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدۇق.

3) مەكتەپكە بۇ يىل يېڭىدىن ئىككى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى.

4) ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش — ھەر بىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.

5) ئىسراپچىلىق شەخس، جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە زور زىيان سالىدۇ.

6) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ خىزمىتى، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتى — تىرىشىپ ئۆگىنىش.

7) ئۇ بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا ئارىنىڭ ئۈچى بىلەن چويۇندەك قاتقان يەرنى سىجاپ ئولتۇراتتى.

8) كۆڭلەكسىز بەدىنىگە كىيىۋالغان چىرىپ كەتكەن پەشمىتى ۋە مايلاشقان شاپاق بۆكى ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ كۆرسىتىدۇ.

2. تەركىبىدە تەڭداش باغلىنىش بولغان ھەمدە بۇ تەڭداش باغلىنىشلار جۈملىنىڭ ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت بۆلەكلىرىدە كەلگەن جۈملىدىن ئۈننى (ھەر بىرىگە ئىككىدىن) تۈزۈڭ.

3. تەركىبىدە ھەم تەڭداش باغلىنىش ھەم بېقىندى باغلىنىش بولغان جۈملىدىن ئۈننى تۈزۈڭ. ئاندىن بۇ جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىنى ئېنىقلاڭ.

4. تەركىبىدە ھەم تەڭداش باغلىنىش ھەم بېقىندى باغلىنىشنىڭ ھەممە تۈرى بار جۈملىدىن ئىككىنى تۈزۈڭ.

www.uyghurkitap.com

# §11. سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا چۈشەنچە

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ مەلۇم قائىدە بويىچە بىرىكىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن، سۆزگە قارىغاندا مۇرەككەپرەك ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان تىل بىرلىكى سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە، كېچە ـ كۈندۈز غېمىنى يە»،

«ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە»، «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق»،

«جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش»، «ئوقۇش قورالى» «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش»، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» يۇقىرىقى بىرىكمىلەرنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ سىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى نىسبەتەن تۇراقلىق بولۇپ ئۆزگەرمەيدۇ. 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ لىرىنىڭ تەركىبىدىكى سۆز بولسا، نىسبەتەن تۇراقسىز بولۇپ، ئېھتىياجغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

سۆز بىرىكمىلىرىنى يۇقىرىقىدەك تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ تۇراقلىق، مۇقىم ياكى تۇراقسىزلىقىغا قاراپ تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىمىز.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى فىزىئولوگىيىلىك بىرىكمە دەپمۇ ئاتىلىدۇ ھەمدە لېكسىكولوگىيىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ ھەقتە لېكسىكا ھەققىدە توختالغاندا توختىلىپ ئۆتتۇق.

تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى (ئەركىن سۆز بىرىكمىسى) سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ھەمدە سىنتاكسىسنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرىدۇ. بىز بۇ يەردە سىنتاكسىسلىق (تۇراقسىز، ئەركىن) سۆز بىرىكمىسى ھەققىدە توختىلىمىز.

### تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى

جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەر بىر ـ بىرى بىلەن يۇقىرىدا سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى دېگەن تېمىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك بىرقانچە خىل شەكىلدە باغلىنىپ كېلىدۇ. ئەمما بەزى جۈملە تەركىبىدىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز بىرىكىپ، بىرلا سوئالغا جاۋاب بولۇپ، بىرلا سۆزگە ياكى ئۆزگە ئوخشاش بىرقانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر توپىغا باغلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

«بىر كىشىدە قىزىرىش ۋە نومۇسنىڭ بولۇشى ئەڭ چوڭ مەرتىۋە، ئەڭ چوڭ ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامغا لايىق خىسلەتتۇر»

بۇ جۈملىدىكى «قىزىرىش ۋە نومۇسنىڭ بولۇشى» دېگەن سۆزلەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن. ئەمما بۇ باغلىنىش «قىزىرىش، نومۇس» دېگەن ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا بولۇپلا قالماي، بەلكى «قىزىرىقشىنىڭ بولۇشى»، «نومۇسنىڭ بولۇشى» دېگەن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بولىدۇ.

«ئەڭ چوڭ مەرتىۋە»، «ئەڭ چوڭ ھۆرمەت»، «ئېھتىرامغا لايىق» دېگەن بىرىكمىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئالدىنقى سۆزلەر يانداش باغلىنىشتا، كېيىنكىسى باشقۇرۇش باغلىنىشتا كەلگەندەك قىلىسىمۇ، «ئەڭ چوڭ مەرتىۋىگە لايىق»، «ئەڭ چوڭ ھۆرمەتكە لايىق»، «ئېھتىرامغا لايىق» دېگەن شەكىلدە تەڭداش مۇناسىۋەتتە «خىسلەتتۇر» دېگەن سۆزگە باغلانغان.

«ئەڭ چوڭ ھۆرمەتكە لايىق» دېگەن بىرلا بىرىكمىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، گەرچە تۆت سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، «قانداق؟» دېگەن بىرلا سوئالغا جاۋاب بولۇپ، بىر تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

جۈملىدە مەلۇم گرامماتىكىلىق باغلىنىشتا كەلگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ

**مۇقىملاشمىغان بىرىكمىسى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى»، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى»، «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»، «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسى»، «تۆتتە گۈزەل، بەش بولۇش»، «ئۇچنى قىزغىن سۆيۈش»، «ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىلىق ھەرىكىتى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى»، «ئىلىلىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى»، «جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىدىيىسى»...

تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ئەركىن سۆز بىرىكمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

جۈملىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ساقلىغان ھالدا ئومۇمىي بىر **مەنە** ئاڭلىتىپ، جۈملىنىڭ بىرلا بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

يۇقىرىقى مىسالدىكى «ئەڭ چوڭ مەرتىۋىگە لايىق»، «ئەڭ چوڭ ھۆرمەتكە لايىق»، «ئېھتىرامغا لايىق» دېگەن بىرىكمىلەرنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىنى ساقلاش بىلەن بىرگە، بىر پۈتۈن ئىپىنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدىن ئىبارەت قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ۋە مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئاددىي سۆز بىرىكمىسى

**ئىككىلا مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ئەمگەك قوراللىرى، ئەتىياز پەسلى، ئوقۇش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى

### 2. مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى

**ئىككىدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرى، قىزىل كرېست جەمئىيىتى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، ئائىلە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، سانائەت بۇيۇملىرى بازىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسى...

تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى جۈملە تەركىبىدىكى (بىرىكمە تەركىبىدىكى) بېقىندۇرغۇچى سۆز (باش سۆز) نىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ۋە پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى

**بېقىندۇرغۇچى سۆزلىرى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر (ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش) دىن تەركىب تاپقان تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئىشچىلار سىنىپى — ئەڭ ئىلغار سىنىپ.

ئادەم ماڭمىغان يول — يامان، ئىگىسى چىقمىغان سۆز — يامان.

«تۆتتە گۈزەل»«بەش بولۇش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى قۇرۇلدى.

يۇقىرىقى مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى ئىسىم ياكى سۈپەت قاتارلىق سۆزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولىدۇ.

## 2. پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى

**بېقىندۇرغۇچى سۆزى پېئىللاردىن تەركىب تاپقان تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئۇچنى قىزغىن سۆيۇش، تۆتتە گۈزەل، بەش بولۇش،

جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش

جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەش كېرەك.

ۋەتەننى قىزغىن سۆيۇش— ھەممىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

ئۇنىڭ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى.

قادىر توپنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

قانۇن ـ تۈزۈمگە ئاڭلىق رىئايە قىلىش لازىم.

پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار ئاساسەن، ياندىشىش باغلىنىشتا باغلىنىپ، جۈملىدە قوشما خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، سۈپەت ھەرىكەت ھالىتى بولۇپ كەلگەن رەۋىشداشلارنى قوشۇپ قوشما خەۋەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئىسىم ياكى پېئىل خاراكتېرلىك تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ئىكەنلىكىنى ئايرىشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى سوئال قويۇش ئۇسۇلى، يەنى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرىنى ئايرىپ بولغاندىن كېيىن، پېئىللارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بولسا، پېئىل خاراكتېرلىك، باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بولسا، ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولىدۇ. (يۇقىرىقى مىساللاردىكىدەك)

www.uyghurkitap.com

# XVI باب جۈملە بۆلەكلىرى

## §1. جۈملە بۆلەكلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

جۈملىدە سۆزلەر ياكى سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن گرامماتىكىلىق جەھەتتىن باغلىنىپ مەلۇم ۋەزىپە ئۆتەيدۇ ۋە بەلگىلىك سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

**جۈملىدە بەلگىلىك سوئالغا جاۋاب بولۇپ، مەلۇم گرامماتىكىلىق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى جۈملە بۆلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

كىتاب دەۋرىمىزنىڭ جىنىدۇر (بېلىنسكىي).

ئۈمىد — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى.

ئالدىنقى جۈملىدە ئۈچ بۆلەك بار. (نېمە؟ - كىتاب، نېمىسىدۇر؟ - جىنىدۇر، كىمنىڭ؟ ياكى نېمىنىڭ؟ - دەۋرىمىزنىڭ.)

كېيىنكى جۈملىدە تۆت بۆلەك بار. (نېمە؟ — ئۈمىد، نېمىسى؟ — بايلىقى. كىمنىڭ بايلىقى؟ ئىنسانلارنىڭ. قانداق بايلىقى؟ — ئەڭ قىممەتلىك.)

جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ جۈملىدە ئوينايدىغان رولى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى جۈملىدە يېتەكچى (باش) رول ئوينىسا، بەزىلىرى قوشۇمچە (ئەگەشمە رول) ئوينايدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى جۈملىدە ئوينايدىغان رولىغا قاراپ باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

## §2. باش بۆلەكلەر

### 1. باش بۆلەك

**جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولىدىغان، جۈملىدە تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكرنى ئىپادىلەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى جۈملىنىڭ باش بۆلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.**

**باش بۆلەككە ئىگە بىلەن خەۋەر كىرىدۇ.** مەسىلەن:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ— ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئالىمى.

شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلماقتا.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى بىر سىزىق سىزىلغىنى ئىگە، ئىككى سىزىق سىزىلغىنى خەۋەر. جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى بۆلەك جۈملىدە باشقا بۆلەكلەرنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ — ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ ۋە ئەگەشتۈرۈپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي - پىكرنى بايان قىلىشتا ئاساسىي رول ئوينايدۇ.

جۈملىدە باش بۆلەكلەردىن باشقا ئەگەشمە بۆلەكلەرمۇ بولىدۇ. بۇنداق بۆلەكلەر باش بۆلەكلەرگە باغلىنىپ ئەگىشىپ كېلىپ، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكرنى كېڭەيتىپ، تولدۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

غايىسىز پىلان — سەممىيەتسىز، كىشىنى بىزار قىلىدىغان پىلاندۇر.

جۈملىنىڭ ئىگىسى - پىلان، خەۋىرى - پىلاندۇر. «غايىسىز، سەممىيەتسىز، كىشىنى بىزار

قىلىندىغان» دېگەن سۆزلەر باش بۆلەكلەرگە باغلىنىپ كەلگەن، يەنى « غايىسىز » دېگەن سۆز ئىگىنى، «سەممىيەتسىز، كىشىنى بىزار قىلىدىغان» دېگەن سۆزلەر خەۋەرگە بېقىنىپ، خەۋەرنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

## 2. ئەگەشمە بۆلەك


**جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەرنى ياكى ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئېنىقلاپ، تولدۇرۇپ كېلىدىغان بۆلەكلەر جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

باش بۆلەكلەرسىز يالغۇز ئەگەشمە بۆلەكلەردىن جۈملە تۈزۈشكە بولمايدۇ.

ئەگەشمە بۆلەكلەر باش بۆلەكلەرگە ياكى بىر - بىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ.


ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ باش بۆلەكلەرگە ھەم بىر - بىرىگە باغلىنىپ كېلىشىنى تۆۋەندىكى سخېمىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

تىرىشچان، ئىرادىلىك ئادەملەر ئۆز تەقدىرىنى داۋاملىق ئۆزگەرتەلەيدۇ .




جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى (1) تولدۇرغۇچى؛ (2) ئېنىقلىغۇچى؛ (3) ھالەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىنى تۆۋەندىكى سخېمىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:




**جۈملە بۆلەكلىرىنى ئايرىشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:**

1) ئالدى بىلەن مەلۇم بىر سوئالغا جاۋاب بولۇپ، مەلۇم بىر ۋەزىپە ئۆتىگەندە ئاندىن بىر جۈملە بۆلىكى بولالايدۇ.

2) بىر سوئالغا بىرلا سۆز جاۋاب بولۇپ كېلىشىمۇ، بىرقانچە سۆز بىرلا سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. بولۇپمۇ سۆز بىرىكمىلىرى بىرقانچە سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ بىرلا سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق جۈملىلەردىكى سۆز بىرىكمىلىرىنى بىرلا جۈملە بۆلىكى دەپ ئايرىش كېرەك. مەسىلەن:

كىتاب بىلەن بىللە ياشىغان ئادەم مەڭگۈ ھەسرەت چەكمەيدۇ.

بۇنداق جۈملىلەردىكى سۆزلەرنى نېمە بىلەن؟ كىتاب بىلەن، قانداق ياشىغان؟ بىللە ياشىغان، قانداق ئادەم؟ بىللە ياشىغان ئادەم. نېمىنى چەكمەيدۇ؟ ھەسرەتنى دەپ جۈملە بۆلىكىگە ئايرىشقا بولمايدۇ، بەلكى كىم؟ ئادەم، قانداق ئادەم؟ كىتاب بىلەن بىللە ياشىغان ئادەم. نېمە قىلمايدۇ؟ ھەسرەت چەكمەيدۇ، دەپ تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ھالىتىدە ئايرىش كېرەك.

3) جۈملە بۆلەكلىرىنى سوئال قويۇپ ئېنىقلاشتا يەككە ئەمەس، باشقا جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن

بىرىكتۈرگەن ھالەتتە ئېنىقلاش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، جۈملە بىلەن گراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەرمۇ مەلۇم سوئالغا جاۋاب بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنى مەلۇم جۈملە بۆلىكى دەپ ئايرىپ قويۇش خاتالىقى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئەنە، ئوقۇغۇچىلار قىزغىنلىق بىلەن ئەمگەككە ئاتلاندى.

قېنى؟ ئەنە، كىملەر؟ ئوقۇغۇچىلار. نېمە قىلدى؟ ئاتلاندى. نېمىگە؟ ئەمگەككە. قانداق؟ قىزغىنلىق بىلەن.

ئەمدى بۇ جۈملىدىكى سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلاشتۇرۇپ سوئال قويۇپ باقايلى. نېمە قىلدى؟ ئاتلاندى. نېمىگە ئاتلاندى؟ ئەمگەككە ئاتلاندى. كىم ئاتلاندى؟ ئوقۇغۇچىلار ئاتلاندى. قانداق ئاتلاندى؟ قىزغىنلىق بىلەن ئاتلاندى. مۇشۇ تەرىقىدە ئەنە دېگەن سۆزگە بېرىلگەن قېنى؟ دېگەن سوئالنى باشقا سۆزلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سوئال قويساق، ھېچقايسىسىغا ماسلاشمايدۇ.

4) جۈملە بۆلەكلىرى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلسىمۇ ياكى سۆز بولسىمۇ بۇ ئىككى ئۇقۇم تەڭداش ئەمەس، يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، بەزى جۈملىلەردە بىرقانچە سۆز بىرىكىپ بىر تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىپ، بىرلا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. ياردەمچى سۆزلەرمۇ سۆز ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئۇلار جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ. دېمەك، جۈملىدە قانچە سۆز بولسا، شۇنچە جۈملە بۆلىكىنىڭ بولۇشى مۇمكىن، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن.

## جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى

### 1. ئىگە

**جۈملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان باش بۆلىكى ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئىگە كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟ نېمىسى؟ قانچە؟ قەيەر؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۈمىد ــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى (ماقال).

قېيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان كىشىلەر مەقسىتىگە چوقۇم يېتەلەيدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك ئالىمى.

ئانىنى خارلىغۇچىلار ئاخىرى ئۆزىنى خارلىغۇچىلاردۇر.

يىزگە كېرەكلىك بارلىق نەرسىلەرنى تەبىئەت يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «ئۈمىد» بولۇپ، نېمە؟ دېگەن سوئالغا، ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «كىشىلەر» بولۇپ، كىملەر؟ دېگەن سوئالغا، ئۈچىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «ئانىنى خارلىغۇچىلار» بولۇپ كىملەر؟ دېگەن سوئالغا، تۆتىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى«يول» دېگەن سۆز بولۇپ، نېمە؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن.

جۈملىدە ئىگە بىرلا سۆزدىن تۈزۈلۈشىمۇ، شۇنىڭدەك بىرقانچە سۆزلەردىن، يەنى سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلۈشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئىگە تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن، ئاددىي ئىگە ۋە قوشما ئىگە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**ئاددىي ئىگە**

**بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن ئىگە ئاددىي ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.**

ھۇرۇنلۇق ـ ھەرقانداق ئىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. (ئاددىي ئىگە)

دېھقانلار جىسمانىي ئەمگەك ئارقىلىق بايلىق ياراتقۇچىلاردۇر. (ئاددىي ئىگە)
كىتاب ـ ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقلۇقى (ئاددىي ئىگە)
تۆشكىگە پاتمىغان ئۈمۈچۈك قۇيرۇقىغا غەلۋىر باغلاپتۇ. (ئاددىي ئىگە)

**قوشما ئىگە**

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ئىگە، قوشما ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.**
مەسىلەن: «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك» نى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى يازغان.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەرەققىي قىلماقتا. ( قوشما ئىگە)
**جۈملىدە تۆۋەندىكىدەك سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئىگە بولۇپ كېلىدۇ:**
**1. جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدىغان ئاساسىي سۆز تۈركۈمى ئىسىم بولۇپ، ئىسىملار باش كېلىشتە، ئىگىلىك، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ جۈملىنىڭ ئىگىسى بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:
كىتاب ـ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ شوتىسىدۇر. (نېمە؟)
ئەجدادلىرىمىز بىزگە نۇرغۇن ئەنئەنىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. (كىملەر؟)
بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا موزاي بېشى بوش كەلدى. (نېمە؟)
بۆرە بۆكىنى پاخپايتىپ ئورۇقلۇقىنى بىلىندۇرمەس. (نېمە؟)
بۇ باغدا ھەرخىل سورتلۇق مېۋىلەر ناھايىتى كۆپ. (نېمىلەر؟)
**2. ئالماشلار— كۆپىنچە شەخسلىك ئالماشلار ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:
ئۇلار جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئۆگەنمەكتە. (كىملەر؟)
ھازىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى. (قانچىسى؟)
ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدۇ. (كىم؟)
**3. سۈپەتلەر ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:**
ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان كۆپۈپ سۆزلەيدۇ (ماقال) (كىم؟)
تىرىشچان ئۆزار، تىرىشمىغان كېيىن قالار. (ماقال) (كىم؟)
ئاچ كۆز تويماس، بېخىل بېيىماس. (ماقال) (كىم؟)
**4) سانلار ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:
ئىككىمىز بىر مەكتەپتە، بىر سىنىپتا، ئوقۇغان. (قانچىمىز؟)
بۈگۈنكى مۇسابىقىدە ئىككىيلەن ئۇتتۇپ چىقتۇق. (قانچەيلەن؟)
يىگىرمە بەشكە كەسىرسىز بۆلۈنىدۇ. (قانچە؟)
ئولتۇرغانلارنىڭ ئىككىنچىسى ــ مىنىڭ ئاكام. (قانچىنچىسى؟)
**5. سۈپەتداشلار ئىگە بولىدۇ.** مەسىلەن:
ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، ئىشلىمىگەن چىشلىمەيدۇ. (كىم؟)
ئۇخلاۋاتقانلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كېتىڭلار! (كىملەر؟)
كۆرگەن كۆرگەننى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار. (كىم؟)
**6. ھەرىكەتناملار ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:
ئۆگىنىش — بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز. (نېمە؟)
سۆھبەتلىشىش — چۈشىنىشنىڭ ئاساسى. (نېمە قىلىش؟)
سۆزلەش — تىل ئۆگىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. (نېمە قىلىش؟)

**7. تەقلىد سۆزلەر ئىگە بولىدۇ.** مەسىلەن:

بۇ تاراق - تۇرۇقلار بىزنى تولىمۇ بىزار قىلدى. (نېمىلەر؟)

تېلېۋىزوردىكى بۇ چىم - چىم زادىلا تۈگىمەيۋاتىدۇ. (نېمە؟)

**8. رەۋىشلەرمۇ بەزىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ كۆپىنچىسى ياخشى ئوقۇيدۇ. (قانچىسى؟)

جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، كەلگۈسىمىز تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ. (نېمە؟ نېمىمىز؟)

ئالدىمىز تىك تاغ، مېڭىشقا ئامال يوق ئىدى. (قەيرىمىز؟)

## 2. خەۋەر

**جۈملىدە ئىگىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى، سۈپىتىنى، كىم، نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا بەلگىلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان باش بۆلەك خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

جۈملىنىڭ خەۋىرى نېمە قىلدى؟ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە قىلىدۇ؟ نېمە قىلماقچى؟ نېمە بوپتۇ؟ نېمە قىلىندى؟ نېمە قىلىنىدۇ؟ نېمە قىلىشى كېرەك؟ كىم؟ نېمە؟ نېمىسى؟ قانداق؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھە دېسە ئاچچىقلىنىدىغان كىشى چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ (نېمە قىلالمايدۇ؟). ئوقۇش باشلاندى (نېمە بولدى؟). ئۇنىڭ بويى بەكمۇ ئېگىز (قانداق؟). ل. مۇتەللىپ — شائىر (نېمە؟). سىنىپىمىزدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى 20 (قانچە؟).

خەۋەر — جۈملىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان باش بۆلەك. جۈملىدە باش بۆلەكلەردىن بولماي قالسا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ياكى ئىگە بولمىسىمۇ جۈملە بولۇۋېرىدۇ. لېكىن خەۋەر بولماي قالسا جۈملىگە بىرقەدەر چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى ئىگىسىز ياكى ئىگىسى يوشۇرۇن كەلگەن جۈملىلەرنى تۈزگىلى بولىدۇ، ئەمما خەۋەرسىز جۈملىلەرنى تۈزگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

مەن تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن.

سورالغان سوئاللارغا تولۇق جاۋاب بەر.

قانۇن ۋە جەمئىيەت ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش كېرەك.

بۇ ئۈچ جۈملىنىڭ ئالدىنقىسىدا ئىگە ئېنىق ئېيتىلغان، ئىككىنچىسىدە ئىگە يوشۇرۇن كەلگەن، ئۈچىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى يوق. ئەمما، بۇ ئۈچ جۈملىدە ئوخشاشلا تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىر ئىپادىلەنگەن. ئەگەر بۇ جۈملىلەردىكى ئۆگىنىۋاتىمەن، جاۋاب بەر، رىئايە قىلىش كېرەك دېگەن خەۋەرلەرنى ئېلىۋەتسەك، ئۇ ھالدا تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىر ئىپادىلەنمەيدۇ. دېمەك، خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈشكە بولمايدۇ.

جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەرمۇ بىرلا سۆزدىن تۈزۈلۈشىمۇ، شۇنىڭدەك بىرقانچە سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن تۈزۈلۈشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا خەۋەرمۇ ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن، ئاددىي خەۋەر ۋە قوشما خەۋەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### ئاددىي خەۋەر

**بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن خەۋەر ئاددىي خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

بارنىڭ مايىقى تېگەر، يوقنىڭ تايىقى تېگەر.

بارنى كۆرسە كۆرەلمەيدۇ، يوقنى كۆرسە بېرەلمەيدۇ.

مەن نۇرغۇن كىتاب ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇدۇم. (ئاددىي خەۋەر)



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

يازلىق تەتىلدە ھەممەيلەن ئۇرۇمچىنى كۆرۈپ كەلدۇق. (قوشما خەۋەر)

**قوشما خەۋەر**

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن خەۋەر قوشما خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

جۈملىدە خەۋەر بولىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سۆز تۈركۈمى پېئىل. پېئىللاردىن تۈزۈلگەن خەۋەرلەر ئىگىدىن ئاڭلىتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ خىل خەۋەرلەر پېئىللارنىڭ شەخس، سان، زامان، راي، دەرىجە ۋە بولۇشسىز كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىلدە كېلىپ، ئىگىگە سان ھەم شەخس جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قاغىلار قاق ئېتىدۇ. ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ. (ماقال)

ھايۋان تۇياقتىن سەمرىيدۇ، ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ. (ماقال)

ھەقىقەتنىڭ چىرىغى كۆپىنچە كۆتۈرگۈچىنىڭ قولىنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ.

ۋەتىنىمىز كۈندىن - كۈنگە گۈللىنىۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىۋاتىدۇ.

**پېئىلدىن باشقا تۆۋەندىكى سۆز تۈركۈملىرىمۇ جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.**

**1. ئىسىملار خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

ئەر كۆركى ساقال، سۆز كۆركى ماقال.

ئۈمىد — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى. (ماقال)

قىزنىڭ كۆزى ئۇسمىدا، تازنىڭ كۆزى پوسمىدا. (ماقال)

كىم سۆز يىگىت ساز يىگىت، مەددا يىگىت ماز يىگىت. (ماقال)

ئەخلاقلىق، شەرمى ھايالىق بولۇش — بىر خىل ياخشى خىسلەت.

**2. سۈپەتلەر خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

بىزنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى تىرىشچان.

قىلغان ئىشىڭ پىلانسىز، ئاتقان ئوقۇڭ نىشانسىز. (ماقال)

ياخشى ئىشى بىلەن ياخشى. (ماقال)

ئۇنىڭ نەتىجىسى مېنىڭكىدىن يۇقىرى.

**3. سانلار خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچى 1500.

ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ۋاقتى 1937 - يىلى.

مەن قىلارمەن توققۇز، ئىگەم قىلار ئوتتۇز. (ماقال)

**4. ئالماشلار خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم شۇنچىلىك.

سىزنىڭ ئۆگىنىشىڭىز قانداق؟

مەكتىپىڭلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى قانچە؟

ۋاقتىڭىزنىڭ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىماسلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**5. رەۋىش خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش سۈرئىتى تولىمۇ تېز.

بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى تۈنۈگۈن.

www.uyghurkitap.com

**6. تەقلىد سۆزلەر خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

ئادەمنى بىزار قىلمىدىغىنى يەنىلا شۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ.

ئەجەبمۇ تۈگىمىدى بۇ غىژ ـ غىژ.

**7. مىقدار سۆزلەر خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

مىقدارلار سانلار بىلەن بىرىكىپ خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

بىر يىللىق ئىسسىنىشقا كېتىدىغان كۆمۈر 100 توننا.

ئۇزۇن سەپەردە قىزىل ئارمىيەنىڭ باسقان مۇساپىسى 25 مىڭ چاقىرىم.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» غا كىرگۈزۈلگەن سۆز 57 مىڭ.

**يۇقىرىقىلاردىن باشقا شەخسسىز پېئىللاردىن ھەرىكەتنام، سۈپەتداش ۋە رەۋىشداشلارمۇ جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.** مەسىلەن:

بىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىمىز ئوقۇش.

كىتاب ئوقۇشمۇ بىر خىل — ئۆگىنىش. (ھەرىكەتنام)

ئۇ بۇرۇن بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان.

سىلىق سۆز يىلاننى ئۇۋىسىغا كىرگۈزەر. (ماقال) (سۈپەتداش)

مەن ياخشى نەتىجە ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگەنمەكچى. (ھەرىكەتنام)

«قۇتادغۇبىلىگ» داستانىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم. (رەۋىشداش ياردەمچى پېئىل)

قىسقىسى، مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسى جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى بىرقەدەر تۇراقلىق بولۇپ، كۆپ ھاللاردا جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. ئەمما شېئىرلاردا شېئىرىي شەكىلدە تۈزۈلگەن ماقال ـ تەمسىللەردە بولسا ئاھاڭ، ۋەزىن، قاپىيە ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش تەلىپىگە قاراپ مىسرانىڭ ئوتتۇرىسى ياكى بېشىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ياش ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.
(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)

...

ئۇۋنى ئۇۋلا ئۇۋچى بىلەن، توپنى ئوينا توپچى بىلەن.

جۈملىنىڭ خەۋىرى پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈمىدىن كەلسە، بۇنداق خەۋەر كۆپىنچە تەسۋىرىي خاراكتېر ئالغان بولىدۇ، يەنى خەۋەرنىڭ ئىزاھلاش خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن:

سۇ — رەڭسىز، تەمسىز، پۇراقسىز، سۇيۇق جىسىم.

ئۇ — ناھايىتى ياخشى ئوقۇغۇچى، يېزا — بىپايان زېمىن.

بۇنداق جۈملىلەردە ئىنتوناتسىيە ۋە تىنىش بەلگىسى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. جانلىق تىلدا توختىلىپراق، ئايرىپ ئېيتىلسا، يېزىقتا كۆپىنچە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ. (بۇ ھەققتە كېيىن تەپسىلىي توختىلىمىز).

بەزىدە «بار، يوق، زۆرۈر» دېگەندەك سۆزلەرمۇ خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار. ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىرادە ئىنتايىن زۆرۈر.

شۇنىمۇ قايتا ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، خەۋەردىن باشقا بۆلەكلەرنى قوشمايمۇ جۈملە تۈزۈش مۇمكىن، ئەمما خەۋەر بولمىسا، جۈملە تۈزۈلمەيدۇ. يەنى خەۋەرسىز جۈملە تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلىمەيدۇ.

# §3. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشى

ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ مۇھىم بۆلىكى، بولۇپمۇ خەۋەر پۈتۈن جۈملىنى تەشكىللەش، قۇراشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان باش بۆلەك بولغانلىقى ئۈچۈن، جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەر تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن زىچ باغلىنىپ كېلىدۇ.

**1. ئىگە قايسى شەخستە قانداق ساندا كەلسە، خەۋەرمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا شۇ شەخستە شۇنداقساندا كېلىدۇ.** مەسىلەن:

بىز بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىمىز.

سەن ئۇنىڭغا بەك قوپاللىق قىلدىڭ.

بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «بىز» 1- شەخستە كۆپلۈكتە كەلگەن بولۇپ، خەۋىرى« پۈتتۈرىمىز» ئىگىگە زىچ باغلانغان ھالدا 1- شەخستە كۆپلۈكتە كەلگەن. ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى « سەن» دېگەن ئالماش 2- شەخس بىرلىكتە بولۇپ، خەۋىرى« قىلدىڭ» دېگەن پېئىل شۇنىڭغا ماس ھالدا 2- شەخس بىرلىكتە كەلگەن.

سىلەر بۈگۈنكى پائالىيەتكە ناھايىتى ۋاقتىدا كەلدىڭلار. (ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك)

مەن بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشنى بىلىمەن. (بىرىنچى شەخس بىرلىك)

ئۇلار تېزلا قايتىپ كېلىشتى. (ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك)

بىز ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگەتتۇق. (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك)

**2. جۈملىنىڭ ئىگىسى تەڭداش بۆلەكلەردىن كەلسە، ئۇنىڭ ئىسمدىن كەلگەن خەۋىرى كۆپلۈك ساندا كېلىدۇ.** مەسىلەن:

1) بۇغداي، قوناق، تېرىق، شال ھەممىسى ـــ دانلىق زىرائەتلەر.

2) ئەركىن، تۇرسۇن ۋە ئالىيە ـــ سىنىپىمىزدىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار.

ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ سان ھەم شەخس جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىشىدە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش لازىم:

ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلۇشى

**ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا سىزىق قويۇلىدۇ:**

**1. ئىگە بىلەن خەۋەر باش كېلىشتىكى ئىسىملاردىن ياكى باش كېلىشتىكى سانلاردىن بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

ئاتا- ئانىلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى— بالىغا قالدۇرغان ئەڭ ياخشى مىراس.

ياسىن — ئوقۇغۇچى.

بۇغداي — سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

ئادەم — تەپەككۇرغا ئىگە مەخلۇق.

تۆت يەردە تۆت — ئون ئالتە.

بەش — پۈتۈن سان.

**2. ئىگە تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئىسىم، خەۋەر باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم بولسا ياكى بۇ ھالنىڭ تەتۈرىسى بولسا، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

دادام — شىركەتتە خىزمەتچى.

ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى — ياشلار.

ئۈرۈمچى — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى.

**ئەسكەرتىش:**

يۇقىرىقىدەك ھاللاردا خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش، دۇر (تۇر)، بولىدۇ، بولۇپ سانىلىدۇ، ھېسابلىنىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ياردەمچى پېئىللار قوشۇلۇپ كەلسە، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

مەخمۇت ئىتتىپاق ئەزاسى ئىدى. رەيھاننىڭ ئانىسى دوختۇر ئىكەن.
تەن ساقلىق زور بايلىقتۇر. باتۇر مېنىڭ ياردەمچىم بولىدۇ.
ئەركىن ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ.

**3. ئىگە ئىسىمدىن ياكى ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۈپەتداشتىن بولسا، خەۋەر ئالماشتىن ياكى ئىسىمدىن بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

بىزنىڭ مەكتەپ — مۇشۇ،
ئاۋۇ كۆچەتلەرنى تىككەن— بىز،
مېنىڭ ئوقۇۋاتقىنىم— ھېكايە،
چىقىپ كەتكەن— بىزنىڭ مۇئەللىم.

**4. ئىگە باش كېلىشتىكى ئالماشتىن، خەۋەر باش كېلىشتىكى ئىسىمدىن بولسا، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

بۇ — كىتاب، ئاۋۇ — دوختۇرخانا، ئاۋۇ — مەكتەپ، ئۇ — مېۋە.

**5. ئىگە ئىسىمدىن، خەۋەر ھەرىكەتنامىدىن كەلسە ياكى بۇ ھالنىڭ تەتۈرىسى بولسا، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — ئوقۇش،
مېنىڭ مەقسىتىم — خەلققە پايدىلىق ئادەم بولۇش.
سۆزلەش — بىر خىل مەشىق.
جاپالىق مەشىق قىلىش — ئىرادىنى تاۋلاشنىڭ ئاساسى.

**6. ئىگىمۇ، خەۋەرمۇ ھەرىكەتنامىدىن بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

كىتاب ئوقۇش — ئۆگىنىش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشمۇ — ئۆگىنىش.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىگە بىلەن خەۋەر ئىزاھلاش ۋە ئىزاھلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولغاندا، يەنى خەۋەر ئىگىنى ئىزاھلىغاندا ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ. يەنە بىرى، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدىغان جۈملىلەرنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# سۆز بىرىكمىسى، جۈملە بۆلەكلىرى ۋە باش بۆلەكلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ.

1. سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە بۆلەكلىرى توغرىسىدا تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: (　　)

A. جۈملىدە مۇستەقىل سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن بەلگىلىك گراماتىكىلىق قانۇنىيەت بويىچە باغلىنىپ، بەلگىلىك سوئالغا جاۋاب بولۇپ، مەلۇم ۋەزىپە ئۆتەيدۇ

B. جۈملىدە مەلۇم گراماتىكىلىق باغلىنىشتا كەلگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ مۇقىملاشمىغان بىرىكمىسى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى دېيىلىدۇ

C. جۈملىدە مەلۇم گراماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتەپ، بەلگىلىك سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى جۈملە بۆلىكى دېيىلىدۇ

D. جۈملە بۆلەكلىرى باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، جۈملىنىڭ بېشىدىكى بۆلەك باش بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ

2. جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　　)

A. جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولىدىغان، ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان بۆلەكلەر باش بۆلەكلەر دېيىلىدۇ

B. ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ، ئىگە جۈملىنى تەشكىللەشتىكى مۇھىم بۆلەك، تولۇق ھېسابلىنىدۇ

C. ئەگەشمە بۆلەكلەر باش بۆلەكلەردە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىرنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىغاچقا، باش بۆلەكلەرگە بېقىنماي، ئۆزئارا بېقىنىپ كېلىدۇ

D. جۈملىدىكى باش ۋە ئىگىلىك كېلىشلەردىن باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ

3. ئىگە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: (　　)

A. ئىگە بىر سۆزدىن تۈزۈلۈپ، ئاددىي، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ ئىگە بولۇپ كېلىدۇ

B. ئىگە مەيلى تۈپ سۆزدىن، مەيلى ياسالما سۆزدىن، مەيلى ھېچقانداق قوشۇمچىسىز ياكى كۆپلۈك، شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنسۇن، بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن بولسىلا ئاددىي ئىگە بولىدۇ

C. ئىگە بولۇپ كېلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سۆز تۈركۈمى ئىسىم بولۇپ، ئۇندىن باشقا مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىمۇ ئىسىملىشىپ ئىگە بولۇپ كېلەلەيدۇ

D. ئىگە كۆپىنچە ئىسىم سۆز تۈركۈمىدىن كېلىدىغان بولغاچقا، جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىسىمدىن كەلسە، خەۋىرى ئىسىمدىن كەلمەيدۇ

4. تۆۋەندىكىلەردىن ئىگە ھەققىدە ئېيتىلغانلارنىڭ توغرا گۇرۇپپىلانغىنى: (　　)

① قوشما ئىگە سۆز بىرىكمىسىدىنلا كېلگەن ئىگىنى كۆرسىتىدۇ. ② «ئۇنىڭ يۈزىدە قارا بار ئىكەن» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىسىمدىن كەلگەن. ③ جۈملىدىكى بايان قىلغۇچى ئىگە بولىدۇ. ④ «ئۇلاردىن بىرەيلەن قالسۇن» دېگەن جۈملىدە سان ئىگە بولۇپ كەلگەن. ⑤ «ئۇقۇش باشلاندى» دېگەن جۈملىدە پېئىل ئىگە بولۇپ كەلگەن. ⑥ «كىيىمنىڭ يېڭىسى — ياخشى، دوستنىڭ كونىسى» دېگەن جۈملىدە سۈپەت ئىگە بولۇپ كەلگەن. ⑦ ئىگىسىز جۈملە تۈزۈشكىمۇ بولىدۇ. ⑧ بەزى جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى چۈشۈپ قالىسمۇ، ئىگىنى خەۋەردىن بىلىشكە بولسا، مۇنداق جۈملىلەرمۇ ئىگىلىك جۈملە بولىدۇ. ⑨ جۈملىدە ئىسىملار باش كېلىشتە كەلسىلا ئىگە بولىدۇ.

A. ⑨⑦⑤③② B. ⑧⑦⑥⑤④ C. ⑧⑥⑤④② D. ⑨⑦⑥④③

5. خەۋەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. خەۋەر جۈملىنى تەشكىللەش، قۇراشتۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم بۆلەك — تۈگۈن ھېسابلىنىدۇ، خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈشكە بولمايدۇ

B. ئۇيغۇر تىلىدا خەۋەر ئادەتتە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ، خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سۆز تۈركۈمى — پېئىل

C. خەۋەرمۇ بىر سۆزدىن تۈزۈلۈپ ئاددىي، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەردىن تۈزۈلۈپ، قوشما خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ

D. بەزى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى يوشۇرۇن ياكى چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، دېمەك خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈشكىمۇ بولىدۇ

6. خەۋەر ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرا گۇرۇپپىلانغىنى: ( )

① خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ. ②پەقەت پېئىل سۆز تۈركۈمىلا خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ③خەۋەر ئىگىنىڭ ھەرىكىتىنى بايان قىلىدىغان بۆلەك. ④ «ئۇلار كەلدىمۇ؟» دېگەن جۈملىنىڭ خەۋىرى سوئال ئالماشتىن كەلگەن. ⑤ «ئۇنىڭ دادىسى باشلىق » دېگەن جۈملىنىڭ خەۋىرى ئىسىمدىن كەلگەن. ⑥ ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسى جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدۇ.

A. ④③②① B. ⑥⑤③② C. ⑥⑤③①. D. ⑥⑤④③

7. « تەجرىبە — تەلەپچان ئوقۇتقۇچى، ئۇ ئالدى بىلەن سىزدىن ئىمتىھان ئالىدۇ، ئاندىن سىزگە دەرس ئۆتىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەر توغرىسىدىكى خاتا قاراش: ( )

A. بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ ئىسىمدىن كەلگەن

B. ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىسىمدىن، خەۋىرى پېئىلدىن كەلگەن

C. ئىككىنچى، ئۈچىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئالماشتىن كەلگەن

D. ھەممە جۈملىنىڭ ئىگىسى ۋە خەۋىرى ئاددىي ئىگە، ئاددىي خەۋەردىن تۈزۈلگەن

8. ئىگە ۋە خەۋەر توغرىسىدا تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. «تەربىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى خاراكتېرنى شەكىللەندۈرىدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى مىقدار سۆزدىن، خەۋىرى پېئىلدىن كەلگەن

B. «بىز ئۆز ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز، بۇ — بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋا» دېگەن جۈملىلەردىكى ھەر ئىككى جۈملىنىڭ ئىگىسى شەخسلىك ئالماشتىن كەلگەن

C. «قانۇن — ئەخلاقنىڭ قورۇلۇشى، ئەخلاق — يوشۇرۇن قانۇندۇر» دېگەن جۈملىنىڭ ئىككىنچى جۈملىسىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ ئىسىمدىن كەلگەن

D. «بىلىم ئېلىش — بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسىتىمىز» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى سۆز

بىرىكمىسىدىن كەلگەن قوشما ئىگە، خەۋىرى ئىسىمدىن كەلگەن ئاددىي خەۋەر

9. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئىگە، خەۋىرى ھەققىدىكى توغرا قاراش: ( )

A. «كىشىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى— ئۇنىڭ بايلىقىدىن ئەۋزەل» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى «ئەدەپ ـ ئەخلاقى» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ ئىگىنى قوشما ئىگە دەيمىز

B. «بىز ئىككىمىز سىز بىلەن سۆزلىشىشكە پۇرسەت تاپالماي يۈرەتتۇق» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى قوشما ئىگە، خەۋىرى قوشما خەۋەر

C. «مەھمۇت قەشقەرى — ئۇيغۇر ئالىمى» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىسىمدىن كەلگەن قوشما ئىگە بولۇپ، خەۋىرى ئىسىمدىن كەلگەن ئاددىي خەۋەر

D. «جۈملىنىڭ خەۋىرى» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «جۈملىنىڭ پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرى» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولۇپ، پەرقى يوق

10. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەن جۈملە: ( )

A. ئالغا ئىلگىرىلىمىگەن ئادەم—بەخت خىيالىدا قەپەسكە سولانغان قۇشتۇر

B. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەرەققىي قىلماقتا

C. چۈشىنىشنىڭ تەكشىسىزلىكىدىن ئادەم ئادەمگە باشقۇرۇلىدۇ

D. لىي فىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى

## II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. جۈملىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ ( ) بىرىكمىسى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

2. جۈملە بۆلەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ جۈملىدە ئۆتەيدىغان رولىغا ئاساسەن ( ) بۆلەك ۋە ( ) بۆلەك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

3. جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سۆز تۈركۈمى ( ) بولۇپ،ئۇلار ( ) كېلىشتە كېلىپ ئىگە بولىدۇ.

4. ئىگە ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ( ) ئىگە ۋە ( ) ئىگە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

5. جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سۆز تۈركۈمى ( ) دۇر، خەۋەرنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ( ) ۋە ( ) گە بۆلۈنىدۇ.

6. جۈملىدە ( ) بولمىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ( ) جۈملە تۈزۈشكە بولمايدۇ.

7. «سەمىمىيەت ۋە ئىشەنچ — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تەلپۈنگەن ھەر بىر ياش ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم دەسمايە» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى( ) دېگەن سۆز بولۇپ، ( ) سۆز تۈركۈمىدىن كەلگەن، بۇ ئىگە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ( ) ئىگە، بۇ جۈملىنىڭ خەۋىرى ( ) دېگەن سۆز بولۇپ، ( ) سۆز تۈركۈمىدىن كەلگەن، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ( ) خەۋەر.

8. «جۈملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان باش بۆلىكى ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى ( ) دېگەن سۆز بولۇپ، ( ) سۆز تۈركۈمىدىن كەلگەن، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ( ) ئىگە، خەۋىرى

( ) دېگەن سۆز بولۇپ، ( ) سۆز تۈركۈمىدىن كەلگەن، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ( ) خەۋەر.

9. «ئۇلار ئىككىسى ياخشىلىق قىلغان ئادەملەرنىڭ سانى— يىگىرمە بەش» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى ( ) دېگەن سۆز بولۇپ، ( ) سۆز تۈركۈمىگە تەۋە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ( ) ئىگە، خەۋىرى ( ) سۆز تۈركۈمىگە تەۋە، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ( ) خەۋەر.

10. «ھېچكىم ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇشقا ئۇرۇنمىسۇن» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى ( ) دېگەن سۆز بولۇپ، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ( ) ئىگە، خەۋىرى ( ) دېگەن سۆز بولۇپ، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ( )خەۋەر، سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن ( )خەۋەر.

www.uyghurkitap.com

### III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، جۈملىنىڭ ئىگە، خەۋەرلىرىنى ئېنىقلاڭ، ئاندىن قايسى سۆز تۈركۈمىدىن كەلگەنلىكىنى، ئاددىي ياكى قوشما ئىكەنلىكىنى ئايرىڭ.

1) سىنىپىمىزدىكى خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ.

2) 5 ـ ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار نەمۇنىچىلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلىدىكەن.

3) ھازىر دۇنيادا 6000 خىل تىل بارلىقىنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭىز؟

4) ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كەڭ، ئازادە، كۆركەم كوچىلىرى كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

5) مەن تونۇغۇن سېتىۋالغان كىتابلارنىڭ ئىككى پارچىسى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت كىتاب.

6) ئوقۇش، بىلىم ئېلىش — ئوقۇش يېشىدىكى ھەرقانداق بىر ياشنىڭ مەجبۇرىيىتى.

7) مەن قەشقەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىۋالدىم.

8) ياخشى يېزىلغان بىر ئەدەبىي ئەسەر كىشىگە چوڭقۇر مەنىۋى ئوزۇق بېرىدۇ.

9) سىلەر ماختاۋاتقان بۇ تەتقىقات ماقالىسىنى بىز بەشەيلەن بىرلىشىپ يېزىپ چىققان.

10) كىشىگە يول كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن ئەسەرنى ياخشى يېزىلغان ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ.

11) جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتىن قەيسەر، باتۇر كىشىلەر يېتىشىپ چىقىدۇ.

12) يىگىرمە بەش—بەش بىلەن بەشنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولغان قوشما سان.

13) بۇ ئالىملارنىڭ ئىككى يەشكى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى جۈملىنىڭ ھەممە بۆلىكىدە كەلتۈرۈپ بىردىن جۈملە تۈزۈڭ.

تاغ، كىم، بۈگۈن، بەش

## جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى

### §4. ئېنىقلىغۇچى

جۈملىدە ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە بېقىنىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېنىقلىغۇچىلار ئىسىمغا باغلىنىپ كېلىپ، قانداق؟ قايسى؟ كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ قانچە؟ نەچچە؟ نەچچىنچى؟ نەدىكى؟ قەيەرنىڭ؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ. مەسىلەن:

ھەسەلنىڭ ھەرىسى بار. گۈلنىڭ تىكىنى. (ماقال).

ياخشى دېھقان ئۇلاغ باقىدۇ، يامان دېھقان قامچىسىنى قاقىدۇ. (ماقال).

ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا (ماقال).

بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە 15 مەكتەپتىن ئالتە مىڭ ئوقۇغۇچى قاتناشتى.

يۇقىرىقى جۈملىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان سۆزلەر نېمىنىڭ؟ قانداق؟ قايسى؟ قانچە؟ دېگەن سوئاللارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا جاۋاب بولۇپ كەلگەن.

ئېنىقلىغۇچىلارمۇ جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىگە ئوخشاش تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئاددىي ئېنىقلىغۇچى ۋە قوشما ئېنىقلىغۇچى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

#### ئاددىي ئېنىقلىغۇچى

**بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن ئېنىقلىغۇچى ئاددىي ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:**

ئامىمۇۋى تازىلىققا 200 ئوقۇغۇچى قاتناشتى. (ئاددىي ئېنىقلىغۇچى)

#### قوشما ئېنىقلىغۇچى

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ئېنىقلىغۇچى قوشما ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:**

قارىغاي — ئوق يىلتىزلىق، ياغاچ غوللۇق، سوغۇققا چىدامىلىق، ئېگىز ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك.

بۇ مىساللاردىكى ئېنىقلىغۇچىلار قوشما ئېنىقلىغۇچىلاردۇر.

**مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ھەممىسى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ.** مەسىلەن:

چىرايلىق كىيىملەرنى كىيگەن بەش - ئالتە ئوقۇغۇچى ئالتىنچى بىنادا ئولتۇرۇشلۇق مەردان مۇئەللىمنى يوقلىغىلى ماڭدى. (سان، سۈپەت، پېئىل، ئېنىقلىغۇچى بولغان)

نۇرغۇن ئادەم شەھەردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلاردىن بىزار بولماقتا. (سۈپەت ئىسىم ۋە تەقلىد سۆز ئېنىقلىغۇچى بولغان)

ھېلىقى ئادەم بۈگۈن ئىككى تۇياق قوي سېتىۋالدى. (ئالماش ۋە سان مىقدار بىرىكمىسى ئېنىقلىغۇچى بولغان)

**ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سۆز تۈركۈمى سۈپەت، سۈپەتداش، سان، مىقدار (سان مىقدار) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.** مەسىلەن:

بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار قاتناپ تۇرىدۇ.

ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياسالدى.

دۇنيادىكى ئەڭ خەيرلىك ئىشلارنى تىل ـ يېزىق بىلەن سۈپەتلەش ھەم ئىپادىلەش — تەس.

بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىر ئەۋلىيانى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، قەدىمكى يۇنان دەۋرىدىكى يەتتە ئەۋلىيانى يېتىشتۈرگەندىكىدىنمۇ بەكرەك كۈچ كېتىدۇ. (گراسىئەن)

500 ئوقۇغۇچىنىڭ ھەربىرى 30تالدىن 15 مىڭ تال كۆچەت تىكتى.

يىغىنغا 7 ـ 8 چە ئوقۇغۇچى كېچىكىپ قالدى.

سۈپەتلەرنىڭ ھەممە تۈرى سانلارنىڭ ئۆملۈك ساندىن باشقا تۈرى ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىۋېرىدۇ. ئۆملۈك سانلار بىۋاسىتە ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولالمايدۇ. «ئىككىيلەن كىتابى، بەشەيلەن ئۆيى» دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» بىلەن تۈرلەنگەندىن كېيىنلا ئېنىقلىغۇچى بولالايدۇ. مەسىلەن:

ئىككىيلەننىڭ كىتابى يوقىلىپ كەتتى. بەشەيلەننىڭ ئۆيى يىراقتا بولغاچقا كېلەلمىدى.

**سۈپەت سان ۋە سان مىقداردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى سۆزلەرمۇ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ:**

**1. ئىسىملار ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.** ئىسىملار ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل شەكىلدە كېلىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

1) باش كېلىشتىكى ھېچقانداق قوشۇمچە قوشۇلمىغان بىر ئىسىم يەنە بىر ئىسىمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئالتۇن سائەت، ياغاچ ئورۇندۇق، پولات قالقان، سېمونت پەلەمپەي، ياغاچ قوشۇق، باغۋەن بوۋاي، دېھقان تاغام

2) ئىگىلىك كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى «نىڭ» بىلەن تۈرلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ نەتىجىلەرنى كوللېكتىپنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى مۇكەممەل تۈزۈلدى.

ھەرقانداق ۋاقىتتا خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشىمىز كېرەك.

**2. ئالماشلار ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

بىزنىڭ مەكتەپتىكى ھەرقانداق ئىشلىرىمىز تەرتىپلىك بولۇشى كېرەك.

تۈزۈم مۇكەممەل بولمىغان ھەرقانداق ئورۇننىڭ خىزمەتلىرى نەتىجىلىك بولمايدۇ.

سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە يەنە قانداق ياخشى كىتابلىرىڭىز بار؟

**3. رەۋىشلەر ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.**

رەۋىشلەرنىڭ تۈرلىرىدىن دەرىجە مىقدار رەۋىشى ۋە ئورۇن رەۋىشلىرىنىڭ بەزىلىرى بىۋاسىتە ئىسىمغا باغلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ، باشقا رەۋىشلەر سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سۈپەتلەشكەندىن كېيىن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

ئالدى ئىشىكتىن يىڭنە پاتمايدۇ، ئارقا ئىشىكتىن پويىز قاتنايدۇ.

ئۇ چاغلاردا بىزنى بىر تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار باشقۇراتتى.

غېنى جۈمەنىڭ قەھرىمانلارچە ھەرىكىتى ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈردى.

يېڭى مەدەنىيەت بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەننى چەتكە قاقمايدۇ.

www.uygurkitap.com

**4. تەقلىد سۆزلەر ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ:** مەسىلەن،

بۇ قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى تاراق - تۇرۇق ئاۋازلار بېسىقىپ قالدى.

2) توختىماي يېغىۋاتقان سىم - سىم يامغۇر مېڭىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى.

3) دالىدىكى غۇر- غۇر شامال يۈزۈمنى سىيلاپ ئۆتمەكتە ئىدى.

**5. سۈپەتداش ياكى رەۋىشداش بىلەن سۈپەتداش بىرىكىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇغان كىتابلىرىم سېنىڭ كۆرگەن كىنولىرىڭدىن كۆپ.

يېغىۋاتقان يامغۇر چاڭقىغان مايسىلارغا جان كىرگۈزدى.

لىپىلداپ كۆيۈۋاتقان شام ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇنى يوقلاپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى زادىلا ئۈزۈلمىدى.

**6. ئىسمداشلارمۇ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇش قوراللىرى تولۇق تەييارلاندى.

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى. (ماقال)

ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى شۇكى، ئېنىقلىغۇچى قانداق سۆز ياكى قانداق شەكىلدە كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە باغلانماي باشقا سۆزلەرگە باغلىنىپ كەلسە، ئېنىقلىغۇچى بولماي باشقا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئېنىقلىغۇچىنى ئۆگەنگەندە ياكى ئېنىقلىغۇچىنى ئايرىشقا توغرا كەلگەندە مۇشۇ تەرەپكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

## §5. تولدۇرغۇچى

**جۈملىنىڭ پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋىرى بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىشتا كېلىپ، جۈملە مەزمۇنىنى تولدۇرۇپ، كېڭەيتىپ كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەك تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.**

**تولدۇرغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق بەلگىسى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» يەنى چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىنىڭ پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرى بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىش ھاسىل قىلغان ئەگەشمە بۆلەك تولدۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:**

بۇ خەۋەرنى تۇنۇگۈن تېلېۋىزوردىن ئاڭلىدىم.

مەن بۇ خەتنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان ئاكامغا يازدىم.

مەن بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ھەر دائىم تولۇق ئىشلەيمەن.

مەن بۇ كىتابنى تۇنۇگۈن بىزنىڭ مۇئەللىمدىن ئالدىم.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەر (1 - جۈملىدىكى «خەۋەرنى»، 2 - جۈملىدىكى «خەتنى»، 3 - جۈملىدىكى «تاپشۇرۇقلارنى»، 4- جۈملىدىكى «كىتابنى»)، جۈملىنىڭ پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋىرى بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىش ھاسىل قىلىپ، (خەۋەرنى ئاڭلىدىم، خەتنى يازدىم، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىدىم، كىتابنى ئالدىم) شۇ جۈملىدە تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

**جۈملىدە تۆۋەندىكىدەك سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ:**

**1. ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.**

جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سۆز تۈركۈمى ئىسىم، چۈنكى تولدۇرغۇچى

باش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا تۆت كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. كېلىش بىلەن تۈرلىنىش ئىسىملارنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن:
پەن ھەربىر كىشىدىن ئىنتايىن جىددىي ئىشلەشنى ۋە يۇقىرى قىزغىنلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر، توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر (ماقال).
كىتابنى سۆي، كىتاب سېنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ.

**2. ئالماشلار تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.**

مۇئەللىم مەندىن سېنى سۈرۈشتە قىلدى.
مەن بۇنى ھازىرغىچە ھېچكىمگە كۆرسەتمىدىم.
مەن سېنى ھېچكىمگە چېقىشتۇرمىدىم.

**3. سۈپەتلەر تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.**

1ئۇنىڭ قولى ئىسسىق ـ سوغۇقنى سەزمەس بولۇپ قاپتۇ.
ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ، يامانني ماختىساڭ ئادىشىدۇ.
ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

**4. پېئىللارنىڭ تۈرلىرىدىن ئىسىمداش بىلەن سۈپەتداش تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.**

ئۇ ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويدى.
ئۇ خەنزۇ تىلىدا ئوقۇشنى، يېزىشنى، سۆزلەشنى بىلىدۇ.
ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە يەر (ماقال).
كۆرگەن كۆرگەننى قىلۇر، كۆرمىگەن نېمىنى قىلۇر.

**5. سانلار ۋە سان ـ مىقدار بىرىكمىسى تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.**

بۇ رورىدىن ئىككى تالنى ئۇنىڭغا ھازىرلا ئىچۈرۈڭلار.
ھازىرغىچە ۋەزىپىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئورۇنلاپ بولدۇق.
بۇ تېرەكتىن 10 تۈپنى 2000 يۈەنگە ئۇنىڭغا سېتىپ بەردىم.

**6. رەۋىشلەر تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. (ئاساسەن مىقدار رەۋىشلىرى)**

ھەممەيلەن ئەمەلىي نەتىجىمىز بىلەن ئەتىنى كۈتۈۋالايلى.
قورغىنىڭ مۇستەھكەم بولسا، كېچىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىسەن.

**7. تەقلىد سۆزلەرمۇ تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.**

ئوقۇغۇچىلار، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى دەرھال توختىتىڭلار.
تېلېۋىزوردىكى بۇ چىم چىمنى پەقەتلا يوقىتالمىدىم.
تولدۇرغۇچىدىكى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» بەزىدە چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن:
مەن كىتابخانىغا بېرىپ كىتاب سېتىۋالىمەن. (نېمىنى؟ ـ كىتابنى)
ئۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى گۈللەرگە سۇ قۇيمىدى. (نېمىنى؟ ـ سۇنى)
ئەخمەت رەسىم سىزدى. مەن كىنو كۆردۈم. (نېمىنى؟ ـ كىنونى)
تولدۇرغۇچى خەۋەر بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىشىدا كېلىدىغان جۈملە بۆلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن چوقۇم خەۋەرگە باغلىنىشى كېرەك. خەۋەرگە باغلانمايدىكەن تولدۇرغۇچى بولالمايدۇ. مەسىلەن:
«بۇ ئىشنى قىلىۋاتقان ئىشچىلارمۇ ئاستا ـ ئاستا تارقاپ كېتىشتى» بۇ ئاددىي جۈملىدە چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن «ئىشنى» دېگەن بىر سۆز جۈملىنىڭ پېئىلىدىن بولغان خەۋىرى بىلەن باغلىنالمىغانلىقى ئۈچۈن تولدۇرغۇچى بولمايدۇ (ئۇزى بېقىنغان سۈپەتداش بىلەن بىرىكىپ

ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن).

«ئادەمنى ھەقىقىي ھاياتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئاچقۇچ ئۆزىنىڭ تىلىنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش». بۇ جۈملىدىكى «ئادەمنى» دېگەن سۆز گەرچە چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بولسىمۇ، بۇ جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن باغلىنالمىغانلىقى ئۈچۈن تولدۇرغۇچى بولالمايدۇ. مۇنداق سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە ھۆكۈم قىلىشتا تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ھالىتىدە مۇئامىلە قىلىش كېرەك، يەنى شۇ سۆز بېقىنىپ كەلگەن سۆزلەر قانداق ۋەزىپىدە كەلگەن بولسا، شۇ خىل جۈملە بۆلىكىگە ئايرىش كېرەك. مەسىلەن:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

يۇقىرىقى شېئىرىي پارچىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرمۇ گەرچە چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بولسىمۇ، («زىمىستان»، دېگەن سۆزگە ئۇلانغان چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان) خەۋەرگە باغلىنالمىغان. شۇڭا، بۇ سۆزلەر يېنىدىكى سۆزگە بېقىنىدۇ. بېقىندۇرغۇچى سۆز «كۆرمىگەن، چەكمىگەن» دېگەن سۈپەتداشلار «بۇلبۇل، ئاشىق» دېگەن ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۆزلەرمۇ ئوخشاشلا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» بىلەن تۈرلەنگەن مۇستەقىل سۆزلەر جۈملىنىڭ پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرىگەباغلانسا، تولدۇرغۇچى بولىدۇ. چۈشۈم كېلىشتە تۈرلەنگەن سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە بىز بىرىنچىلىكنى ئالدۇق. مەن رەڭلەرنىڭ قىزىلىنى ياخشى كۆرىمەن. ئالدىنقى جۈملىدە «قانچىنچىلىكنى؟»، كېيىنكى جۈملىدە «قاندىقىنى؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولغان.

تولدۇرغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن، ئاددىي تولدۇرغۇچى ۋە مۇرەككەپ تولدۇرغۇچى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### ئاددىي تولدۇرغۇچى

بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن تولدۇرغۇچى ئاددىي تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇشى كېرەك.
يۇقىرالارنىڭ ئۆزئارا بىر بىرىنى نازارەت قىلىشى جىنايەتنى ئازايتىدۇ.
سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە، سۆزنى قىل سىغار يەرگە (ماقال)

### مۇرەككەپ تولدۇرغۇچى

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن تولدۇرغۇچىي مۇرەككەپ تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمىز.
ئوغۇچىلار جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشىنى بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك.
يۈكسەك غايە ئىنسانىنىڭ جاسارىتى ۋە كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.
سۇ، ھاۋا ۋە يېمەكلىكنى ھاياتلىقنىڭ ئۈچ مۇھىم ئامىلى دەيمىز.

مۇركەپ تولدۇرۇغچىلارنىڭ بەزىلىرى بېقىندىلىق باغلىنىشتا، بەزىلىرى تەڭداش باغلىنىشتا باغلىنىپ كېلىدۇ.

# §6. ھالەت

**جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالدا بولغانلىقىنى، سەۋەبىنى، مەقسىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئورۇندىلىشى بىلەن باغلىق بولغان ئورنىنى، ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ھالەت دەپ ئاتىلىدۇ.**

ھالەت ئادەتتە پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. ھالەتكە قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ قانداق ھالدا؟ قاچان؟ قاچانغىچە؟ قاچاندىن بېرى؟ نېمە ئۈچۈن؟ قەيەردە؟ نەدە؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ مەكتەپ ھاياتىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە.

مەن سىلەرنى يەكشەنبە كۈنى كەچكىچە ساقلىدىم.

ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئاقماقتا.

ئوقۇتقۇچىلار ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلەنمەكتە.

ئۇلار ئارقىمىزدىن ناھايىتى تېز يېتىشىۋالدى.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر قانداق؟ قاچان؟ قاچانغىچە؟ نېمە ئۈچۈن؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ، شۇ جۈملىلەرنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ھالىتىنى، ۋاقتىنى، سەۋەبىنى، ئورنىنى بىلدۈرۈپ ھالەت بولۇپ كەلگەن.

مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ھەممىسى جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلەلەيدۇ.

**ھالەتنىڭ تۈرلىرى**

**ھالەتلەر جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قايسى جەھەتتىكى مەزمۇنىنى بىلدۈرگەنلىكىگە قاراپ، سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى، ۋاقىت ھالىتى، ئورۇن ھالىتى، سەۋەب ھالىتى ۋە مەقسەت ھالىتى دەپ بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.**

## 1. سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى

**ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالدا ئورۇندالغانلىقىنى، ئورۇندىلىۋاتقانلىقىنى، ئورۇندىلىدىغانلىقىنى ياكى ئورۇندالمىغان، ئورۇندالمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.**

سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ نېمە قىلىپ؟ قانداق ھالدا؟ قانداقچە؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

**تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر جۈملىدە سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ.**

1) ھالەت رەۋىشلىرى پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ، سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ باشقىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

يىقىلغان ئۇ ئادەم ئورنىدىن تەسلىكتە تۇردى.

ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە پات ـ پات كېلىپ تۇرىدۇ.

2) سۈپەتلەر پېئىلدىن كەلگەن خەۋەرگە باغلىنىپ سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

بۇ قېتىمقى يازلىق لاگىر پائالىيىتىدە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆينىدۇق.

ئۇ بۈگۈنكى يىغىندا غايە ۋەمۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدا بەك ياخشى سۆزلىدى.

بۇ مىللىي ئۆرپ - ئادەت كوچىسى چوڭ ھەم كۆركەم ياسالدى.

3) ھالەت رەۋىشداشلىرى پېئىلدىن كەلگەن خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ سۈپەت - ھەرىكەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ، مەسىلەن:

مۇئەللىم ناھايىتى قىزىقارلىق سۆزلىدى، بىز كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدۇق.

ئۇ ھودۇققان ھالدا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى، ئەمما گەپ - سۆز قىلالماي ئولتۇرۇپ قالدى.

مەن بۇ كىنونى يىغلاپ تۇرۇپ كۆردۇم، لېكىن ئۇ يىغلىماي كۆردى.

4) سان ياكى سان - مىقدار بىرىكمىسى پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ، سۈپەت - ھەرىكەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

تۇرسۇن ئالدىغا پەقەت ئىككى قەدەملا ماڭدى.

دورىنىڭ كۆچى بىلەن چېكەتكىلەر يۈزلەپ - مىڭلاپ ئۆلۈشكە باشلىدى.

مەن سېنى ئىزدەپ ئۆيۈڭگە ئۈچ قېتىم باردىم.

ئۇ بۈگۈن سۇنى ھەر ھالدا ئىككى ئوتلام ئوتلىدى.

5) ئايرىم ئەھۋاللاردا خەۋەر سۈپەتتىن كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا دەرىجە رەۋىشى كەلسە، شۇ دەرىجە رەۋىشى سۈپەت - ھەرىكەت ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ خېتى ناھايىتى چىرايلىق.

بىزنىڭ ئۈگىنىش ئىرادىمىز ئىنتايىن مۇستەھكەم.

بۇغدا كۆلىنىڭ مەنزىرىسى بەك گۈزەل .

يۇرتىمىز ئىلى رايونىنىڭ مەنزىرىسى ئاجايىپ چىرايلىق.

**ئەسكەرتىش:**

سۈپەت ھەرىكەت ھالىتىنىڭ باشقا ھالەتلەرگە ئوخشاشمايدىغان ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئاساسەن خەۋەر بىلەن ياندىشىپ كېلىدۇ. باشقا ھالەتلەر بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقا سۆزلەر كېلىشى مۇمكىن. ئەمما سۈپەت - ھەرىكەت ھالىتى بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقا جۈملە بۆلەكلىرى ئاساسەن كەلمەيدۇ. (يۇقىرىقى مىساللارغا قاراڭ)

## 2. ئورۇن ھالىتى

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت ئورۇن ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئورۇن ھالىتى قەيەردىن؟ قەيەرگە؟ قەيەردە؟ قەيەرگىچە؟ نەدە؟ نەگىچە؟ قاياقتا؟ نەگە؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

**تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر جۈملىدە ئورۇن ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ.**

1) ئورۇن رەۋىشلىرى پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ، ئورۇن ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

سەن نېرى كەتمەي، بېرى كەل.

ئۇلار تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى.

سۇ تۆۋەنگە ئاقار، ئادەم يۇقىرىغا باقار (ماقال).

بىزنىڭ يولداشلىرىمىز جاپادا ئالدىدا، راھەتتە كەينىدە تۇرۇشى كېرەك.

2) بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ، ئورۇن ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ مېھمانلار قەشقەرگە ئۈرۈمچىدىن تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كەلگەن.

ئەتە سائەت سەككىزدە كىتابخانىغا سەن بىلەن بىرگە بارىمەن.

بۇ خىل دورا ئۆسۈملۈكى قاقاس دالىدا، ئېگىز تاغدا ئۆسىدۇ.

3) باش كېلىشتىكى ئىسىملار ياكى ئالماشلارغا «تەرەپكە قاراپ، ياققا قاراپ» دېگەنگە ئوخشاش يۆنىلىشنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى ياكى ئورۇن - جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا غىچە، قىچە، گىچە، كىچە قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ، ئورۇن ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

تۇرسۇن مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

ئىككىمىز مەكتەپكىچە بىللە كەلدۇق.

كېيىكلەر تاغ تەرەپكە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى.

4) ئۇ، بۇ، شۇ، مۇنۇ، ئاۋۇ، ھەممە قاتارلىق ئالماشلار بېرىش، چىقىش، ئورۇن كېلىشتىكى بەزى ئورۇن جاي، تەرەپنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ئورۇن ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەركىن مۇئەللىم بۇ يەرگە بۇلتۇر كۆچۈپ كەلدى.

ئۇ يەردە ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى.

ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. (ماقال)

### 3. ۋاقىت ھالىتى

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت ۋاقىت ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ۋاقىت ھالىتى قاچان؟ قاچاندىن بېرى؟ قاچانغىچە؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

**تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر جۈملىدە ۋاقىت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ.**

1) ۋاقىت رەۋىشى پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ، ۋاقىت ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ھازىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

مەن تۈنۈگۈندىن بېرى قىزىتىپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئۆتكەن يىلى بۇ يەردە تەبىئىي ئاپەت يۈز بەردى.

مەن سېنى تۈنۈگۈن كەچكىچە ساقلىدىم.

مەن تا بۈگۈنگىچە ئۇلارنى زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىدىم.

2) بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن - پەيت كېلىشتە تۈرلەنگەن ئىسىملاردىن ۋاقىت - پەسىلنى بىلدۈرىدىغانلىرى پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلانسا ۋاقىت ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز بۇ يىل يازدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىمىز.

بۇ ئۇرۇقتىن كۈزدە ياخشى ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.

ئۇ بۇ يەرگە باش ئەتىيازدىن كەچ كۈزگىچە تەر تۆكۈپ ئىشلىدى.

كىشىنىڭ ئىشىغا تومۇزدا قول توڭۇپتۇ.

سىبىرىيىدە قىشتا سوغۇق قاتتىق بولىدۇ.

كېلەر يىلغىچە قۇرۇلۇشنىڭ ھەممىسىنى تولۇق پۈتتۈرىمىز.

3) پېئىللارغا « غۇچە، قۇچە، گۇچە، كۇچە » قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان

www.uygurkitap.com

رەۋىشداشلار پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ ۋاقىت ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز مۇئەللىم كەلگۈچە ئۈزىمىز تەكرار قىلغاچ تۇرايلى.

بىكار ئولتۇرغۇچە ئانچە - مۇنچە كىتاب ئوقۇيلى.

سىلەر ۋاقىت توشقۇچە بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇڭلار.

4) سۈپەتداشلار چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ « بىرى، بۇيان، كېيىن» دېگەن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلانسا، ۋاقىت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ كەلگەندىن بۇيان ئىشلىرىمىزغا كۆپ ياردەملەشتى.

بۇ يول ياسالغاندىن بۇيان قاتناش راۋان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان خەلق تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

5) ۋاقىت رەۋىشلىرى «بىرى، بۇيان، كېيىن» دېگەن ياردەمچى سۆزلەر ياكى «غىچە، قىچە، گىچە، كىچە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلانسا، ۋاقىت ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەتىگەندىن بىرى ئۇنىڭ خەۋىرىنى كۈتتۇم، ئەمما ھازىرغىچە ھېچبىر دېرىكى بولمىدى.

تۈنۈگۈندىن بۇيان توختىماي يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

چۈشتىن كېيىن بۇيەرنىڭ مەنزىرىسى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ.

بۈگۈن كەچ سائەت بەشتىن كېيىن مۇسابىقە رەسمىي باشلىنىدۇ.

## 4. سەۋەب ھالىتى

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت سەۋەب ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.**

سەۋەب ھالىتى نېمە ئۈچۈن؟ نېمە سەۋەبتىن؟ نېمىشقا؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

دىلبەر ياخشى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئەلاچى بولدى.

ماشىنىغا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن بارالمىدىم.

ئۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن يىغلىۋەتتى.

تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر جۈملىدە سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ.

1) سەۋەب - مەقسەت رەۋىشلىرى پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلانسا، سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بۈگۈنكى يىغىلىشقا مەقسەتلىك ھالدا كەلمىدى.

ئۇ تەجرىبىسىزلىكىدىن كۆپ قېتىم خاتالىق سادىر قىلدى.

سادىر ئىلاجىسىزلىقتىن ئۆز پىلانىدىن ۋاز كەچتى.

2) پېئىللارغا «غاچقا، قاچقا، گەچكە، كەچكە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان سەۋەب رەۋىشداشلىرى پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلانسا، سەۋەب ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ يېڭى كەشپىيات ياراتقاچقا مۇكاپاتلاندى.

ئۇ دەرسكە دىققەت قىلمىغاچقا دەرس مەزمۇنىنى چۈشىنەلمىدى.

3) سۈپەتداشلارغا « لىق، لىك، لىقى، لىكى» قوشۇمچىلىرى ۋە ئۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرىغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «دىن، تىن»ئۇلىنىپ پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلانسا، سەۋەب ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بۇ يەرگە ئۆز ۋاقتىدا كەلگەنلىكتىن ھەممە ئىشقا ئۈلگۈردى.
ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقتىن تېز ئالغا باستى.
ھەممىمىز ئۇنىڭ بىزنى ياخشى كۈتكەنلىكىدىن كۆپ مىننەتدار بولدۇق.
بۇ خىل شەكىلنى قىسقارتىپ مۇنداق ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ:
سۈپەتداش + لىق ياكى لىك + چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلانسا، سەۋەب ھالىتى بولىدۇ.

4) سۈپەتداشلارغا « لىق، لىك » قوشۇمچىلىرى ۋە ئۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرىغا شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندىن كېيىن، « ئۈچۈن، سەۋەبلىك، سەۋەبىدىن» دېگەنگە ئوخشاش ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلانسا، سەۋەب ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:
غۇنچەم ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپاتلاندى.
پائالىيەت ياخشى ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۈنۈم زور بولدى.
قاسىم ئوقۇمىغانلىق سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا نىمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلمەي قالدى.
بۇ ھالەتنىمۇ قىسقارتىپ تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەشكە بولىدۇ:
سۈپەتداش + لىق، ياكى لىك + شەخس قوشۇمچىسى + (ئۈچۈن، سەۋەبلىك، سەۋەبىدىن) پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلانسا، سەۋەب ھالىتى بولىدۇ.

## 5. مەقسەت ھالىتى

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت مەقسەت ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەقسەت ھالىتى نېمە قىلغىلى؟ نېمە مەقسەت بىلەن؟ نېمە ئۈچۈن؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
ئازاتلىق ئۇرۇشىدا نۇرغۇن قەھرىمانلىرىمىز سۈيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.
دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا داۋاملىق ئۆچمەنلىك بىلەن توسقۇنلۇق قىلىدۇ.
بىز ئۇرۇمچىدىن قەشقەرگە ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى كەلگەن.
بىز مەكتەپكە ئوقۇپ بىلىم ئالغىلى كەلدۇق.

**تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر جۈملىدە مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ:**

1) مەقسەت رەۋىشلىرى پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ مەقسەت ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:
ئۇ قەستەن ۋارقىرىدى. تۇرسۇن ئەتەي كەلمىدى.
مەن بۇ يەرگە سىزنى ئاتايىن يوقلاپ كەلدىم.
ئۇ بۇ ئىشنى مەقسەتلىك ھالدا مۇشۇنداق قىلدى.

2) پېئىللارغا «غىلى، قىلى، گىلى، كىلى» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان مەقسەت رەۋىشداشلىرى پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ مەقسەت ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:
مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى.
ئۇ چەت ئەلنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى چىقىپ كەتتى.

يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەجدىھادەك يۇتقىلى.
ئون بەش يايى كېلىپتۇ،
مەن نوزۇگۇمنى تۇتقىلى.
(خەلق قوشىقى)

3) ئىسىمداش ياكى ئىسىملار «ئۈچۈن، مەقسىتىدە» دېگەن سۆزلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلانسا مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

بىز تاقاقا چىقىش ئۈچۈن تەييارلاندۇق .
بىز يېزىدىن شەھەردىكى بۇ مەكتەپكە ئوقۇش ئۈچۈن كەلدۇق.
بىز گۈزەل ئىستىقبال يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.
ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كەلگەنىكەن.
4) مەقسەت ھالىتى بۇيرۇق ۋە خەۋەر رايىدىكى پېئىللارغا ھەم ئىسىملارغا «دەپ» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىقمۇ تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە، ئويناي دەپ كەلدىم.
مەيلى بارمۇ مەيلى يوقمۇ، سىناي دەپ كەلدىم.
(خەلق قوشىقى)

ئۇ مېنى كېلىدۇ دەپ خېلى ساقلاپتۇ. مەن بۇ يەرگە مۇراتنى دەپ كەلدىم

## جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

**I تاللاش سوئاللىرى**

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ.

1. ئەگەشمە بۆلەكلەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. ئەگەشمە بۆلەكلەرباش بۆلەكلەردە ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى كېڭەيتىش تولۇقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ

B. ئەگەشمە بۆلەكلەر ئۆزلىرىنىڭ جۈملىدىكى رولىغا ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، ھالەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ

C. ئەگەشمە بۆلەكلەر باش بۆلەكلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، باش بۆلەكلەرگە بېقىنىپ كېلىدۇ. ئۆزئارا بېقىنىپ كەلمەيدۇ

D. ئېنىقلىغۇچى ھەر دائىم ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ،شۇ سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ

2. ئېنىقلىغۇچى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. ئېنىقلىغۇچى قايسى سۆز تۈركۈمىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۈملىنىڭ ھەممە بۆلىكىنى ئېنىقلاپ كېلەلەيدۇ.

B. ئېنىقلىغۇچى قايسى سۆز تۈركۈمىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىسىمغىلا باغلىنىپ كېلىدۇ.

C. ئېنىقلىغۇچى بەزىدە جۈملىنىڭ ئىسىمدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن

D. ئېنىقلىغۇچى بەزى ئەھۋاللاردا ئېنىقلىغۇچىنى ئېنىقلاپ كېلىشىمۇ مۇمكىن

3. ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. سۈپەتلەر تۈپ ھالەتتە ياكى دەرىجە بىلەن تۈرلەنگەن ھالەتتە ئىسىمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ

B. تۈپ ۋە ياسالما سۈپەتلەر قايسى جۈملە بۆلىكىگە باغلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، داۋاملىق ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ

C. ئىگىلىك كېلىشتە تۈرلەنگەن سۆز قايسى سۆز تۈركۈملىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىسىمغا باغلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ كېلىپ ئېنىقلاپ كېلىدۇ

D. ئېنىقلىغۇچى بەزىدە ئۆزى ئېنىقلايدىغان بۆلەكنىڭ ئالدىدا، بەزىدە كەينىدە كېلىدۇ

4. تولدۇرغۇچى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (   )

A. پېئىلدىن كەلگەن خەۋەر بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىشتا كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەكنىڭ بەزىلىرى تولدۇرغۇچى، بەزىلىرى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ

B. تولدۇرغۇچى جۈملىدىكى تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرۈشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان بۆلەك

C. خەۋەر بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىشتا كەلگەن سۆز ھەردائىم تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىدۇ

D. باش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

5. ھالەت ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: (   )

A. ھالەت بولۇپ كېلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سۆز تۈركۈمى رەۋىش بولۇپ، رەۋىشلەر شۇ جۈملىنىڭ پېئىلدىن كەلگەن خەۋىرىگە باغلانغاندا ھالەت بولىدۇ

B. جۈملىدە رەۋىشتىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ تۈرلۈك شەكىللەردە كېلىپ ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلەيدۇ

C. سۈپەتلەر جۈملىدە ئىسىملارغا باغلانسا ئېنىقلىغۇچى، پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلانسا ھالەت بولۇپ كېلىدۇ

D. پېئىلدىن بولغان خەۋەر بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىش ھاسىل قىلىدىغان سۆزلەرنىڭ تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت بولۇشىدا ئالاھىدە پەرق يوق

6. «دۇنيادا ھەر يىلى ئۈچ مىليون ئادەم تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن بالدۇر ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى ئەگەشمە بۆلەكلەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتا ئېيتىلغىنى: (   )

A. «دۇنيادا» دېگەن ئىسىم ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ،ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن

B. بۇ جۈملىدە ساندىن كەلگەن ئېنىقلىغۇچىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ئېنىقلىغۇچى جۈملىنىڭ ئىگە بۆلىكىنى ئېنىقلاپ كەلگەن

C. «ھەر يىلى، بالدۇر» دېگەن ۋاقىت رەۋىشلىرى جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

D. بۇ جۈملىدە ئۈچ سۆزدىن تۈزۈلگەن بىر تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن

7. تۆۋەندىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئەگەشمە بۆلەكلەر ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (   )

A «نومۇسنى بىلگەن ئادەم جىگەرلىك ئادەمدۇر»دېگەن جۈملىدىكى «نومۇسنى» دېگەن سۆز چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن

B. «چەكچەيگەن كۆزدە ئەقىل كەم» دېگەن جۈملىدىكى كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن سۆز تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن

C. «ئىلىم ۋە ئەمەلىيەت تەن بىلەن جانغا ئوخشايدۇ» دېگەن جۈملىدە «تەن» دېگەن سۆز «بىلەن» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق يەنە بىر سۆزگە باغلىنىپ تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن

D. «ئۆملۈكتە كۆتۈرگەن يۈك يەڭگىل»دېگەن جۈملىدىكى ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن «ئۆملۈكتە» دېگەن سۆز جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تولدۇرغۇچى بولالمايدۇ

8. «خۇشامەتچىلىك ۋە قۇلچىلىق بىلەن تاپقان مەنسەپ ـ مەنپەئەتتىن ئىتنىڭ ئىشىك باققىنى مىڭ ئەلا» ( نەۋائىي) دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئەگەشمە بۆلەكلەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (   )

A. بۇ جۈملىدە «بىلەن» سۆز ئارقا ياردەمچىسى قوشۇلۇپ كەلگەن تولدۇرغۇچىدىن بىرى، چىقىش

www.uyghurkitap.com

كىلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن تولدۇرغۇچتىن بىرى بار

B. چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى يوشۇرۇن كەلگەن سۆزدىن بىرى جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن باغلىنىپ كېلەلىگەنلىكى ئۈچۈن تولدۇرغۇچى بولالايدۇ

C. «باققىنى» دېگەن سۆز چۈشۈم كېلىشتە تۈرلىنىپ تولدۇرغۇچى يەنە بىر جۈپ سۆز چىقىش كېلىشتە تۈرلىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن

D. جۈملىدىكى «ئىتىنىڭ» دېگەن سۆز ئىگىلىك كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ھەمدە «ئىشىك» دېگەن سۆزگە باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

9. «كۆز پەسلى كۆزلۈك مېۋىلەرنىڭ مەي باغلاپ پىشىدىغان ۋاقتى» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. «كۆز پەسلى» دېگەن سۆز «قاچان؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ، ۋاقىت ھالىتى بولۇپ كەلگەن

B. «مەي باغلاپ پىشىدىغان» دېگەن سۆز «قانداق؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ، خەۋەرگە باغلىنىپ، سۈپەت ھەرىكەت ھالىتى بولۇپ كەلگەن

C. بۇ جۈملىنىڭ ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچى بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسىم سۆز تۈركۈمىدىن كەلگەن

D. جۈملىدىكى «كۆز پەسلى» دېگەن سۆز ئىگە، «ۋاقتى» دېگەن سۆز خەۋەر، قالغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن

## II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. ئېنىقلىغۇچى ھەر دائىم ئۆزى ئېنىقلايدىغان بۆلەكنىڭ (           ) دا كېلىدۇ. ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق سۆز تۈركۈملىرى (           ) دىن ئىبارەت.

2. تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدىغان بۆلەك چوقۇم جۈملىنىڭ (           ) كەلگەن خەۋىرىگە باغلىنىپ كېلىشى كېرەك. تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدىغان بۆلەك (           ) چۈشۈم كېلىش تۈرلىنىپ كېلىدۇ. تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدىغان بۆلەكلەرنىڭ ئېنىق بەلگىسى بولۇپ، بۇ بەلگە (           ) دىن ئىبارەت.

3. «مەن بۇ خەۋەرنى گېزىتتىن كۆردۈم» دېگەن جۈملىدە (           ) دېگەن سۆز چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، (           ) دېگەن سۆز چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، «كۆردۈم» دېگەن خەۋەر بىلەن باشقۇرۇش باغلىنىش ھاسىل قىلىپ كەلگەچكە، خەۋەرنى دېگەن سۆز (           ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن. «گېزىتتىن» دېگەن سۆز (           ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

4. «قەيسەر ئىرادە دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز چوققىنى بويسۇندۇرالايدۇ» دېگەن جۈملىدىكى (           ) دېگەن سۆزلەر ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. (           ) دېگەن سۆز تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن.

5. «كىتابخانىغا دادام بىلەن باردىم» دېگەن جۈملىدىكى «كىتابخانىغا» دېگەن سۆزنىڭ ۋەزىپىسى (           )، «دادام بىلەن» دېگەن سۆزنىڭ ۋەزىپىسى (           ).

6. «كەڭ كىيىم كېرىلىپ يىرتىلار، تار كىيىم تارتىشىپ يىرتىلار» دېگەن جۈملىدىكى ھالەت بولۇپ كەلگەن سۆز (           )، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن سۆز (           ) دىن ئىبارەت. جۈملىنىڭ ئىگىسى (           )، خەۋىرى (           ) دېگەن سۆزدىن ئىبارەت.

7. «مەكتەپكە ئوقۇش ئۈچۈن كەلدۇق» دېگەن جۈملىدە (           ) دېگەن سۆز ئورۇن ھالىتى، «ئوقۇش ئۈچۈن» دېگەن سۆز (           ) ھالىتى بولۇپ كەلگەن.

8. «چاشقان ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئارغامچىنى بىردەمدىلا قىرقىپ تاشلاپتۇ» دېگەن جۈملىدە (           ) دېگەن سۆزلەر تولدۇرغۇچى، (           ) دېگەن سۆز ھالەت بولۇپ كەلگەن. بۇ جۈملىدىكى سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى (           ) دىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com

### III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن تولدۇرغۇچى ۋە ھالەتلەرنى تېپىڭ.

1) تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە سىڭەر. (ماقال)
2) سۇنى سەپ سىڭار يەرگە، سۆزنى قىل سىغار يەرگە. (ماقال)
3) بىز ياپپېشىل چىمەنلەرگە پۈركەنگەن كەڭ دالىدا قانغۇچە ئوينىدۇق.
4) تىيانشاننىڭ ئېگىز چوققىلىرى مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.
5) ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ. (ماقال)
6) ئەقىل باشتىن چىقىدۇ، ئالتۇن تاشتىن چىقىدۇ. (ماقال)
7) ئەل ئامانلىقنى تىلەر، دۈشمەن يامانلىقنى تىلەر. (ماقال)
8) دوست كەينىڭدە ماختار، دۈشمەن ئالدىڭدا ماختار. (ماقال)
9) بۇ گۈللەر ئەتىيازدا رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كېتىدۇ.
10) ئۇلار بۇگۈن ئەتىگەن شەھەردىن چىقىپ شەرق تەرەپكە قاراپ كەتتى.

2. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئېنىقلىغۇچىلارنى ئايرىڭ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئادەتتىكى دەم ئالغان چاغلىرىدا، بۇ ھەرەم ئۆيدە بولمايتتى، شەرق تەرەپتىكى ئۈچ ئېغىز يان ئۆيدە تۇراتتى. شۇڭا ئىنىكئانىلار دەيپۇينى ئۇدۇللا شۇ تەرەپكە باشلاپ كىردى. پەنجىرىگە يانداپ سېلىنغان چوڭ كاڭ ئۈستىگە بېغىر رەڭ چەت ئەل زىلچىسى سېلىنغلىق تۇراتتى. تۆردە تىللا بەدىرلىك ئەجدىرھا كەشتىلەنگەن قىزىل تاۋار تەكىيە قويۇقلۇق ۋە بۇزۇمتۇل تاۋار تۆشەك سېلىنغلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە مېيخۇا گۈلى شەكلىدىكى بىر جۈپ سىرلىق شىرە بولۇپ، سول ياقتىكىسىگە ۋىنۋاڭ داڭقىنى، داڭقاننىڭ يېنىدا قوشۇق چوكىلىرى بىلەن ئىسرىقدان تىزىلغانىدى؛ ئوڭ ياقتىكىسىگە بولسا، رۇجو خۇمدىنىدا پىشىپ چىققان خۇددى بىر نازىنىن شەكلىدىكى لوڭقا تىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى ئۈزۈلگەن گۈللەر چىلاقلىق تۇراتتى؛ پەگاھتا بولسا، چاچما گۈللۈك ئوچۇق قىزىل تاۋار يوپۇق يېپىلغان تۆت دانە ئورۇندۇق، ھەر بىر ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا بىردىن دەسسىگۈچ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولسا، بىر جۈپ ئېگىز شىرە قويۇلغان بولۇپ، شىرەلەرنىڭ ئۈستى پىيالە، لوڭقىلار بىلەن تولغانىدى. (قىزىل راۋاقتىكى چۈش)

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېنىقلاڭ. (جۈملە بۆلەكلىرىگە ئاجرىتىڭ)

1) بىز ئەمگەكنى، خەلقنى، ۋەتەننى ۋە پارتىيىنى قىزغىن سۆيىمىز.
2) ئىللىق قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى دېرىزىدىن ئۆيگە چۈشۈپ تۇراتتى.
3) بۇ باغدىكى رەڭگارەڭ ئالمىلار ۋە ئالمىنىڭ خۇش پۇراقلىرى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى.
4) قەدىمىي شەھەر قەشقەر شەھىرىنىڭ يوللىرى كەڭ، ئازادە، كۆركەم ياسالدى.
5) سىز ئوقۇۋاتقان بۇ كىتابنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىمى بۈيۈك شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان.

4. ئۆزىڭىز تەركىبىدە ئىگە خەۋەرلەر تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت تولۇق بولغان جۈملىدىن بەشنى تۈزۈڭ. ئاندىن ئۇ جۈملە تەركىبىدىكى بۆلەكلەرنى ئېنىقلاپ، ھەر بىر بۆلەكنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىدىن كەلگەنلىكىنى ئايرىڭ.

# §7. جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى

جۈملە تەركىبىدە بىرقانچە باش ھەم ئەگەشمە بۆلەكلەر كېلىشى مۇمكىن، يەنى جۈملىدىكى بىر خەۋەرنىڭ بىر سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان بىرنەچچە ئىگىسى، بىر ئىگىنىڭ بىرنەچچە خەۋىرى ياكى شۇ بىر سۆزنى بىردەك ئېنىقلاپ، تولدۇرۇپ كېلىدىغان بىرنەچچە ئەگەشمە بۆلەكلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل بۆلەكلەر بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدۇ. ئۆزئارا تەڭ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

**جۈملىدە بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدىغان، ئوخشاش سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈش ۋە ئوخشاش ۋەزىپىدە كەلگەن بۆلەكلەر جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

كوچىلار، ئېتىزلار، دالىلار، تاغلار، باغلار ياپيېشىل باھار لىباسىنى كىيدى. بۇ مىسالدىكى «كوچىلار، ئېتىزلار، دالىلار، تاغلار، باغلار» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا قاتار كېلىپ، جۈملىدە نېمىلەر؟ دېگەن بىرلا سوئالغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن. بۇ بۆلەكلەر جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى جەھەتتىمۇ، جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىمۇ ئۆزئارا تەڭداش ھېسابلىنىدۇ.

**تەڭداش بۆلەكلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:**

1. تەڭداش بۆلەكلەر كېلىش، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەندە، قوشۇمچىلار تولىراق ئەڭ ئاخىرقى بۆلەككە ئۇلىنىپ، ھەممىسىگە ئورتاق بولىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ باغدا قىزىلگۈل، مودەنگۈل، ئەتىرگۈللەر ئېچىلىپ كەتتى.

2. بەزىدە تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ھەممىسىگە قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

دېھقانلار، ئىشچىلار، كادىرلار، زىيالىيلار بىرلىكتە ھەمكارلىشىشى لازىم.

ئەتىيازنىڭ خاسىيىتىدىن تاللار، تېرەكلەر، قارىياغاچلار بىخ چىقىرىشقا باشلىدى.

3. تەڭداش بۆلەكلەر ھەممىگە ئورتاق ياكى ئۆزىگە خاس ئېنىقلىغۇچىلار بىلەنمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەي باغلاپ كەتكەن ئۈزۈملەر، قوغۇنلار، تاۋۇزلار كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى.

دەم ئېلىش ئۆيىدە تام سائىتى، چوڭ ئىشكاپ، يۇمشاق ئورۇندۇقلار بار ئىدى.

ئۇلۇغۋار، ئادىللىق، كۈچلۈك كەيپىيات ۋە غايەت زور ساد[illegible]دىن چىرىكلىككە قارشى تۈرۈشتا غايەت زور دولقۇن قوزغايدۇ.

4. تەڭداش بۆلەكلەر ئورتاق ھالدا مەلۇم بىر سۆزنى ئېنىقلاپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ زىمىن ئۆز باغرىدا سانسىزلىغان ئاقىل ـ دانىشمەنلەرنى، باتۇر پالۋانلارنى، ئادالەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئوغلانلارنى ئۆستۈردى. بۇ مىسالدىكى «سانسىزلىغان» دېگەن سۆز «ئاقىل ـ دانىشمەنلەرنى، باتۇر پالۋانلارنى، ئوغلانلارنى» دېگەن سۆزلەرنى (تەڭداش بۆلەكلەرنى) ئېنىقلىغان بولسا، «ئادالەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر» دېگەن سۆزلەر تەڭداش ھالدا «ئوغلانلارنى» دېگەن بىرلا سۆزنى ئېنىقلىغان.

5. تەڭداش بۆلەكلەر ھەرخىل باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بېغىڭلار سالقىن، چىرايلىق ۋە كەڭ ئىكەن.

ياسىن بىلەن ئەركىن بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەكچى.

مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ــ بىر دەۋرنىڭ ئالىملىرى.

6. تەڭداش بۆلەك بولۇپ كەلگەن سۆزلەر تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئوخشاش سوئالغا جاۋاب بولۇپ، ئوخشاش جۈملە بۆلىكى بولىدۇ، بىرلا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ. جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەك بولغان سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرغاندا جۈملە مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

كۈلكە ــ سالامەتلىك ۋە كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ قېرىندىشى.

ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى غەم، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەتتۇر.

**جۈملىنىڭ ھەرقانداق بۆلىكى تەكىتلەش مۇناسىۋەتتە كېلىپ، تەكىتلەش بۆلەكنى ھاسىل قىلىدۇ.**

## 1. تەكىتلەش ئىگە

**تەكىتلەش باغلىنىشتا كەلگەن، ئۆزئارا بېقىنمايدىغان، بىر خەۋەرگە ئورتاق باغلىنىدىغان بىرقانچە ئىگە تەكىتلەش ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.**

**تەكىتلەش ئىگە تەۋەلىك، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، ھەرقايسىسى ئايرىم ـ ئايرىم تۈرلىنىشمۇ ياكى ھەممىگە ئورتاق ھالدا ئاخىرقى بىرى تۈرلىنىشمۇ مۇمكىن.** مەسىلەن:

يىغىنغا مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى تولۇق قاتناشتى.

تىل ئۆگىنىشتە ــ ئوقۇش، سۆزلەش، يېزىش ئەڭ مۇھىم ئۆگىنىش ئۇسۇلى.

سۇ، تۇپراق، ھاۋا ۋە يېمەكلىك ھاياتلىق ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ.

كەلگۈسى توغرىسىدىكى غايەم، ئېتىقادىم ۋە ئارزۇيۇم مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.

## 2. تەكىتلەش خەۋەر

**تەكىتلەش باغلىنىشتا كەلگەن، ئۆزئارا بېقىنمايدىغان خەۋەر تەكىتلەش خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

تىل ئۆگىنىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل — ئوقۇش، يېزىش، سۆزلەش.

دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — بىلىم دوستلۇق ئېتىقاد.

ئىنسان پائالىيىتىدىكى ئۈچ چوڭ ئامىل — شىجائەت، مېھنەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

خەۋەر جۈملىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ۋە ئىگە ـ خەۋەرلىك (بايان) مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، تەكىتلەش خەۋەرلەرنىڭ ھەربىرى ئىگىگە ئايرىم ـ ئايرىم بېقىنىپ جۈملە خاراكتېرىنى ئالىدۇ.

## 3. تەكىتلەش تولدۇرغۇچى

**تەكىتلەش باغلىنىشتا كەلگەن، ئۆزئارا بېقىنماي، بىر خەۋەرگە باشقۇرۇش يولى بىلەن ئورتاق باغلىنىپ كېلىدىغان بىرقانچە تولدۇرغۇچى تەكىتلەش تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.**

**تەكىتلەش تولدۇرغۇچىلارغا ئۇلىنىدىغان كېلىش قوشۇمچىسى جۈملىدىكى ھەربىر تەكىدەش بۆلەككە ئايرىم ـ ئايرىم ئۇلىنىشمۇ ياكى ئاخىرقى بىربىگىلا ئۇلىنىشمۇ مۇمكىن.** مەسىلەن:

بىز ئاۋۋال ئوقۇشنى، يېزىشنى، سۆزلەشنى ۋە تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

قانۇننى، سىياسەتنى ئۆگىنىشى كېرەك.

دادامنى، ئانامنى، تۇغقانلىرىمنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيمەن.

## 4. تەكىتلەش ئېنىقلىغۇچى

**تەكىتلەش باغلىنىشتا كەلگەن، ئۆزئارا بېقىنماي، بىر ئېنىقلانغۇچىنى تەڭ دەرىجىدە ئېنىقلاپ كېلىدىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئېنىقلىغۇچى تەكىتلەش ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.**

تەكىتلەش ئېنىقلىغۇچىلار ئېنىقلانغۇچىغا ئورتاق ھالدا بېقىنىپ، ياندىشىش ياكى چىرمىشىش يولى بىلەن باغلىنىدۇ. ئۇزى باغلانغان بۆلەك ئىپادىلىگەن شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار ئىلمىي، تارىخىي، نەزەرىيىۋى كىتابلارنى كۆپ ئوقۇشى كېرەك.

غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزامچان ياشلاردىن بولايلى!

بىر ، ھازىر كەڭ، ئازادە، يورۇق سىنىپلاردا خاتىرجەم ئوقۇۋاتىمىز.
ھەممەيلەن ئومۇمنىڭ، ۋەتەننىڭ، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشى كېرەك.

## 5. تەڭداش ھالەت

**تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن، ئۆزئارا بېقىنماي، ئورتاق ھالدا بىر بېقىندۇرغۇچىغا ياندىشىش ۋە باشقۇرۇش يولى بىلەن بېقىنىپ كېلىدىغان بىرقانچە ھالەت تەڭداش ھالەت دېيىلىدۇ** . مەسىلەن:
ھەرقانداق ئادەم مەكتەپتە، كوچىدا، جامائەت سورۇنلىرىدا ئەدەپلىك بولۇشى كېرەك.
بىز بۇ يەرگە ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كەلدۇق.
مەكتەپنىڭ بۇ ئوقۇتۇش بىناسى كەڭ، ئازادە، كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك ياسالدى.

## 6. تەڭداش ئىزاھلىغۇچى

**جۈملىدىكى ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزنى ياكى ئىزاھلانغۇچى سۆزنى ئىزاھلاپ كەلگەن بىرقانچە ئىزاھلىغۇچى تەڭداش ئىزاھلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.**
تەڭداش ئىزاھلىغۇچىلار ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزنىڭ مەزمۇنىنى كونكرېتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:
ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ يەرنىڭ ھەممە نەرسىلىرى: ئۆي - ئىمارەتلىرى، دەل - دەرەخلىرى ھەتتا ئاق توپىلىق يوللىرىمۇ باشقىچە ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى.
مەن ئۇلارنى — مەشھۇر ئالىملارنى، كورەش .قەھرىمانلىرىنى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى، تۆھپىكار شەخسلەرنى ئۆزۈمگە مەڭگۈ ئۈلگە قىلىمەن .
**جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىنى ئايرىشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:**
1) ئۆي - پىكىرنى كۈچلۈك ئىپادىلەش ئۈچۈن بەزى سۆزلەر جۈملىدە تەكرارلىنىپ ئىيتىلىدۇ، لېكىن ئۇلار تەڭداش بۆلەك بولالمايدۇ. مەسىلەن:
ئۇنى كوتە - كوتە زېرىكتىم، تۈرلۈك - تۈرلۈك كىتابلارنى ئەكەلدىم.
2) تەڭداش بۆلەك بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنى ئايرىشتا ئالدى بىلەن تەڭداش باغلىنىشتا باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنى ئايرىش كېرەك، چۈنكى تەڭداش بۆلەكلەر تەڭداش باغلىنىشتا كېلىپ بىر- بىرىگە بېقىنمايدۇ، ئورتاق ھالدا ئىككىنچى بىر بۆلەككە بېقىنىدۇ ياكى ئىككىنچى بىر بۆلەكنى بېقىندۇرىدۇ.
3) ئىزاھلانغۇچى بىلەن ئىزاھلىغۇچىنى ياكى ئوخشاش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان سۆزلەرنى جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلىكى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن :
بىزنىڭ سىنىپ مۇدىرىمىز تەبىئىي پەن— خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى.
مەن تۈنۈگۈن چۈشتە ئالىم بىلەن كىتابخانىغا باردىم.
ئالدىنقى جۈملىدىكى «تەبىئىي پەن» دېگەن سۆز «خىمىيە» دېگەن سۆز تەرىپىدىن ئىزاھلانغان. شۇڭا، بۇ ئىككى سۆزنى تەڭداش بۆلەك دەپ قاراشقا بولمايدۇ.
كېيىنكى جۈملىدىكى«ئالىم بىلەن» دېگەن سۆز بىلەن «كىتابخانىغا» دېگەن سۆز ئوخشاشلا ھالەت بولسىمۇ، يەنىلا تەڭداش بۆلەك دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، تەڭداش بۆلەك بولغان سۆزلەر ئىككىنچى بىر سۆز بىلەن ئوخشاش شەكىلدە باغلىنىشى ھەم ئوخشاش سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# §8. جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى

ئۇيغۇر تىلىدا جۈملە تەركىبىدە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بۆلەكلەردىن باشقا يەنە جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلىكى دەپ ئاتىلىدىغان بۆلەكلەرمۇ بار.

**ئەسلىدە مەلۇم بىر ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئاددىي جۈملە بولىسمۇ، ئەمما باشقا بىر جۈملە تەكرىبىدە كېلىپ، مەلۇم بىر ئەگەشمە بۆلەكلىك ۋەزىپە ئۆتەيدىغان جۈملىلەر جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلىكى بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مۇستەقىل جۈملىلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى بولۇپ، مەلۇم بىر سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىدۇ. شۇڭا، جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرىنى شۇ جەملىنى تەھلىل قىلغاندا ئايرىم جۈملە دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى نەچچە جۈملىدىن تۈزۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر جۈملىدە بىرلا بۆلەك بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىدۇ. جۈملە تەركىبىدە كەلگەن كۆچۈرمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەرمۇ جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى ھېسابلىنىدۇ. جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەم - تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان، ھەممە مەخلۇقتىن ئۈتۈن تۇرىدىغان جانلىقلار دۇنياسىنىڭ خوجايىنى.

ھەممەيلەن جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ تىرىشىپ ئوقۇش، مول بىلىم ئىگىلەش ۋەتەن خەلققە يارامىلىق ئادەم بولۇش باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقى كېرەك.

بىدە - تېبابەتتە دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆكتات ئورنىدا يېگىلى، شۇنداقلا يەنە چارۋا - ماللارغا يەم - خەشەك ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان، سامان غوللۇق، كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك (يۇقىرىقى ئۈچ جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلىكى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن)

«ھورۇننىڭ ھۈنىرى ئۇيقۇ» دېگەندەك ئۇ تېخى ئۇخلاپ ياتىدۇ. (ھالەت)

ئۇلۇغ شائىر ناۋايى «ئادەمدە نۇرغۇن سۈپەتلەر بار. بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئىنساپتۇر» دېگەنىدى. (ھالەت)

ئۇلۇغ شائىر ناۋايى ئادەمدە نۇرغۇن سۈپەتلەرنىڭ بارلىقىنى، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىنىڭ ئىنساپ ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. (تولدۇرغۇچى)

ئۇ ـ تاغ ئاتلاپ جاھان كۆرگەن، دەريا ئاتلاپ سۇ كۆرگەن، سەپەر قىلىپ يۇرت كۆرگەن. ئەلگە تونۇلغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى (ئېنىقلىغۇچى)

# §9. جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى

جۈملە بۆلەكلىرى جۈملە تەركىبىدە مەلۇم تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشقان بولىدۇ. بەزى جۈملىلەردىكى بۆلەكلەرنىڭ ئورنى نىسبەتەن تۇراقلىق، بەزىلىرىنىڭ تۇراقسىز بولىدۇ. تۇراقلىق بولغان بۆلەكلەرنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالسا، ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنغا تەسىر يېتىدۇ. ئورنى تۇراقلىق بولمىغان بۆلەكلەرنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالسا، جۈملىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا ئانچە تەسىر يەتمەسلىكى مۇمكىن. مەسىلەن:

«ياسىن - ئوقۇتقۇچى»، «مۇتەللىپ — تېخنىك» دېگەن بۇ ئىككى جۈملە ئىگە بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلگەن ئاددىي جۈملىلەر بولۇپ، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى ياسىن، تېخنىك مۇتەللىپ دەپ ئېيتىلسا، ئۇ ھالدا ھەر ئىككىسىلا تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىگەن جۈملە بولالماي قالىدۇ.

**ئۇيغۇر تىلىدا جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورنى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:**

**1. ئىگىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى**

ئىگە ئادەتتە خەۋەرنىڭ ئالدىدا، جۈملىنىڭ بېشىدا ھەم ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

مائارىپ ئەھمىيىتى ئادەمگە ئۆز قىممىتىنى قايتا تونۇشتىن ئىبارەت.

ئەڭ چوڭ جىنايەت ياشلىق دەۋرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىشتۇر.

داڭلىق تارىخىي رومان «ئانا يۇرت» نى ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر يازغان.

ئىگە بىلەن خەۋەر يانمۇيان تۇرۇشىمۇ مۇمكىن. ئارىسىغا باشقا بۆلەكلەر كېلىپ، بىر - بىرىدىن يىراقراق كېلىشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، ئىگىنىڭ خەۋەرگە يانمۇيان كېلىشى ياكى ھەر دائىم جۈملىنىڭ بېشىدىلا كېلىشى شەرت ئەمەس. ئادەتتە خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىش ئىگىنىڭ جۈملىدىكى تېگىشلىك ئورنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن :

سىز ئوقۇۋاتقان بۇ ماقالىنى ئۆتكەن يىلى دادام يازغان .

دادام سىز ئوقۇۋاتقان بۇ ماقالىنى ئۆتكەن يىلى يازغان.

سىز ئوقۇۋاتقان بۇ ماقالىنى دادام ئۆتكەن يىلى يازغان.

**2. خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى**

خەۋەر ئادەتتە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنى بىلدۈرىدۇ. باشقا بۆلەكلەرگە قارىغاندا، خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى ناھايىتى تۇراقلىق بولىدۇ، يەنى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن سۆز قايسى سۆز تۈركۈمىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەيدۇ. مەسىلەن:

سىز قەيەردە ئىشلەيسىز؟ مەكتىپىمىزنىڭ مەنزىرىسى چىرايلىق. ئەكبەر ياخشى ئوقۇغۇچى.

ئىككى يەردە ئىككى — تۆت. ئۇنىڭ دەپتىرى بار، قەلىمى يوق.

خەۋەرنىڭ جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىشى — ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇھىم سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى. لېكىن شېئىرلاردا، كۈچلۈك ئېيتىلغان بۇيرۇق شوئار، چاقىرىق مەزمۇندىكى جۈملىلەر ۋە ئۇندەش جۈملىلەردە خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا ، ئىگە بولسا خەۋەردىن كېيىنمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ياش ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەنە نەۋرىمىز.
ئاز ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭغاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق، قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.
(ئا. ئۆتكۈر)
..................................
پاھ، ئەجەبمۇ چىرايلىق ئىكەن بۇ باغ.
ياشىسۇن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى.
خەپ مۇناپىق! تېخى سەن قولۇمغا چۈشسەن، دېدى ئالماس ئۇنىڭغا قاراپ.
ئەسكەرتىش: ئىگىگە بىر سىزىق (____)، خەۋەرگە ئىككى سىزىق (====) سىزىش ئارقىلىق ئىپادىلەندى.

### 3. تولدۇرغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

تولدۇرغۇچى ئادەتتە ئۆزىنى باشقۇرۇپ كەلگەن پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىسىدىن بولغان بۆلەكنىڭ، قىسقىسى، پېئىلدىن بولغان خەۋەر بۆلەكنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز خەلقنى، ۋەتەننى، ئىلىم ـ پەننى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىمىز.
بىلىمنى يەنە كىتابتىن، چوڭلاردىن ، ئاتا ـ ئانىلاردىن، جەمئىيەتتىن ئۆگىنىمىز.
ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ، ياماننى ماختىساڭ ئادىشىدۇ. (ماقال)
كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت، چىشىڭ ئاغرىسا تىلىڭنى (ماقال)

### 4. ئېنىقلىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

ئېنىقلىغۇچى ئادەتتىكى جۈملىلەردە ئۆزى ئېنىقلايدىغان بۆلەكنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ ھەمدە ئېنىقلانغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ بەزىدە جۈملىنىڭ بېشىدا، بەزىدە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار ئىلمىي، نەزەرىيىۋى، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇشى كېرەك.
بىز ھازىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمىز.
مەكتەپنىڭ يېڭى سېلىنغان كۇتۇپخانىسىدا ئۆگىنىش قىلدۇق.

ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى يانداش ۋە چىرمىشىش باغلىنىشتا كېلىدۇ. يانداش باغلىنىشتىكى ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئارىسىغا باشقا تەركىبلەرنى قويۇشقا بولمايدۇ. پەقەت ئۆزگە خاس (يانداش باغلىنىشتىكى) ئېنىقلىغۇچىنىلا قويۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز تەتىلدە ياخشى كىتابلارنى ئوقۇدۇق.
بىز تەتىلدە نۇرغۇن ياخشى كىتابلارنى ئوقۇدۇق.
ئايشەم باغدىكى ئالمىلارنى ئۈزدى.
ئايشەم باغدىكى قىزىل ئالمىلارنى ئۈزدى.

ئىگىلىك كېلىشتىكى ئېنىقلىغۇچى ئۆزى ئېنىقلايدىغان سۆز بىلەن قاتار تۇرۇپمۇ، ئارىغا بىر ۋە بىرنەچچە سۆز قىستۇرۇلۇپمۇ كېلەلەيدۇ. پەقەت ئېنىقلانغۇچىدىن بۇرۇن كەلسىلا بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ساغلام، ياراملىق تەربىيەلەنمەكتە.
بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ھەممە ئوقۇغۇچىلىرى ئەمگەككە تولۇق قاتناشتى.
ھەممىيلەن ۋەتەننىڭ، دۆلەتنىڭ، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشى كېرەك.

**5. ھالەتنىڭ جۈملىدىكى ئورنى**

ھالەتمۇ ئادەتتە تولدۇرغۇچىغا ئوخشاشلا پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتىدىن باشقىلىرى ئۆزى باغلانغان پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە يانمۇ يان تۇرۇپمۇ، يىراق تۇرۇپمۇ ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ماللار بېيجىڭدىن، شاڭخەيدىن، گۇاڭجۇدىن خاڭجۇدىن پويىز بىلەن كەلتۈرۈلدى.

تۈنۈگۈن ئاكام ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن شاڭخەيگە ئوقۇشقا كەتتى.

ئائىلىدە، ئاتا ـ ئانىلاردا، جەمئىيەتتە ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆگەنمىسە بولمايدىغان نۇرغۇن بىلىم بار.

ھازىر ياپونىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇۋاتىدۇ.

بىز ئوقۇغىلى ئۈرۈمچىگە باردۇق.

سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى بىرقەدەر تۇراقلىق بولۇپ، كۆپىنچە ئۆزى باغلىنىپ كەلگەن پېئىلدىن بولغان خەۋەرنىڭ ئالدىدىلا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ تىلىنى ياخشى سۆزلەيدۇ.

بۇ قېتىمقى دوستلۇق پائالىيىتى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇ تۈنۈگۈن بۇ يەردىن ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

## §10. جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر

**جۈملە تەركىبىدىكى بەزى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى باشقا بۆلەكلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىشتا بولمايدۇ. يەنى ئۆز ئالدىغا مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتىمەيدۇ ياكى جۈملىنىڭ رەسمىي بۆلىكى بولالمايدۇ، مۇنداق سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

سۆيۈملۈك يولداشلار، مېنىڭ سىلەرگە ئېيتىدىغان سۆزۈم بار ئىدى.

پاھ، تازىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك گەپ قىلدىڭىز، ئۇكا!

ئۇلار ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن، ئۆز ۋەزىپىسىنى، سۆزسىز، ياخشى ئورۇندايدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردا ئاستىغا سىزىلغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئوي ـ پىكىر قارىتىلغان شەخسنى، سۆزلىگۈچىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى ۋە ئوي ـ پىكىرنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا نىسبەتەن ئىشەنچنى ئىپادىلەپ كەلگەن. لېكىن ئۇلار مۇشۇ جۈملىلەردىكى باشقا سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى (جۈملە بۆلىكى) بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت (باغلىنىشتا) بولمىغان ياكى ئۆز ئالدىغا مەلۇم گىرامماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتىمىگەن، شۇڭا ئۇلار ئېلىپ تاشلانسىمۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

**جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى**

جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەنىسىگە ۋە مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىگە قاراپ، قاراتما سۆز، قىستۇرما سۆز ۋە ئۈندەش سۆز دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. جۈملىدىكى قاراتما سۆزلەر

**جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن باغلىنىشى باردەك كۆرۈنسىمۇ، گراماتىكىلىق جەھەتتىن ھېچقانداق باغلىنىشى بولمىغان، جۈملىدىكى ئۇيى - پىكىرنىڭ كىم ۋە نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر قاراتما دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

بالام، قەلب گۈزەللىكى ھەقىقىي گۈزەللىك، ھەقىقىي بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەزىز، سەن بىزنىڭ توشۇغان خىشىمىزنى ھېسابلاپ كۆر.

يولداشلار، سىلەرنىڭ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۈملىدە قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر ئاساسەن، باش كېلىشتە كەلگەن كىشى ئىسىملىرى ۋە سۇبيېكتلاشقان بىر قىسىم سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئىگىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئەمما، جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا بولمايدىغانلىقى ۋە ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدىغانلىقى بىلەن ئىگىدىن پەرقلىنىدۇ. قاراتما سۆزلەر ئادەتتە ئادەملەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتتا بولسا نەرسىلەرگە قارىتامۇ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەزىزانە قەشقەر، سەن مېنىڭ سۆيۈملۈك ئانا يۇرتۇمسەن.

كۆكلەم، بارلىق تەبىئەتكە جان كىرگۈز!

قاراتما سۆزلەر بىرلا سۆزدىن ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن كېلىشىمۇ مۇمكىن، شۇنداقلا قاراتما سۆزلەرگە بىر سۆز ياكى بىرنەچچە سۆز ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئەي سۆيۈملۈك، ئەقىللىق ساۋاقداشلار، تىرىشساقلا تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلىيەلەيمىز.

جېنىم ئانا، سىز بۇيرۇغان ئىشنى چوقۇم قىلىمەن.

ئەي سۆيۈملۈك ئاقباش تەڭرىتاغ، سەن بىزنىڭ پەخرىمىز سەن.

قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا كېلىدۇ . ئەگەر باشتا كەلسە، قاراتما سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا، ئوتتۇرىسىدا كەلسە، ئىككى تەرىپىگە، ئاخىرىدا كەلسە ئالدىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بالام، ياخشى ئادەم بولماق ئاسان ئەمەس. ئەسكى ئادەم بولۇش بىردەملىكلا ئىش.

مەن بۇ گەپنى، ئايشەم، ساڭا ئېيتىۋاتىمەن.

سەن دەرسلەرنى ياخشىراق ئۆگەنگىن، بالام.

بىلىمسىز ئادەمنىڭ ھېچقانداق قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ، ساۋاقداشلار.

## 2. جۈملىدىكى قىستۇرما سۆزلەر

**ئۆزى جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان، ئەمما جۈملىدىكى ئۇيى - پىكىرگە نىسبەتەن سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك كۆزقارىشىنى، تۇيغۇسىنى، پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قىستۇرما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.**

قىستۇرما سۆزلەر ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە (جۈملە ئىنتوناتسىيىسىگە قارىغاندا بىرئاز تېز ۋە پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ)، يېزىقتا پەش ئارقىلىق جۈملىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

بەختىمىزگە يارىشا، بۇ يىل دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىدى.

ئۆزىمۇ ھازىرلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان بولسا كېرەك، ئېھتىمالىم.

**قىستۇرما سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:**

1) خۇشاللىنىش، پۇشايمان قىلىش مەنىسى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن، بەختىمگە يارىشا، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى.

يولۇچىلارنىڭ بەختىگە قارشى، قار يېغىپ، شۇۋىرغان چىقىشقا باشلىدى.



www.uyghurkitap.com

2) ئىشىنىش، ئەستىقلاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. (ئەلۋەتتە، شۈبھىسىز، گۇمانسىز، ھەقىقەتتە، ھەقىقەتەن، راستىنى ئېيتقاندا، سۆزسىز) مەسىلەن:
بىزنىڭ ئىشىمىز، سۆزسىز، ھەققانىي ئىش، ھەققانىي ئىش غەلىبە قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.
ھاۋايى - ھەۋەس دۈشمەندۇر، ئەگەر ئۇ غالىپ كەلسە، شۈبھىسىز، سېنىڭدىن كونا ئۆچىنى ئالىدۇ.
ھەققانىي ئىش غەلىبە قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.
راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.
3) مۆلچەر ھەم گۇمان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ (ئېھتىمال، بەلكىم). مەسىلەن:
بۇ گۈن، ئېھتىمال، يامغۇر يېغىپ قالار.
ئەتە، بەلكىم، بىز ئۇ يەرگە بېرىپ قالارمىز.
4) كىمگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ (مېنىڭچە، مېنىڭ پىكرىمچە، مېنىڭ ئويۇمچە، ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سېنىڭ ئېيتىشىڭچە). مەسىلەن:
ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ماقال بىلەن تەمسىلنىڭ پەرقى يوق ئىكەن.
مېنىڭچە، بۇ ئىشنى چوقۇم ھەل قىلىش كېرەك.
مېنىڭ پىكرىمچە، سىز بۇ ئىشنى مۇشۇ يەردە بولدى قىلىڭ.
ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، مائارىپ ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئىقتىساد ناھايىتى كۆپ ئىكەن.
5) قىستۇرما سۆزلەر ئالدىنقى ئېيتىلغان ئوينىڭ كېيىنكى ئويغا بولغان ئالاقىسىنى، باغلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ (دېمەك، ئەكسىچە، شۇنداق قىلىپ، قىسقىسىنى ئېيتقاندا، خۇلاسە قىلغاندا، يىغىنچاقلىغاندا ). مەسىلەن:
بىز، شۇنداق قىلىپ، ئېكسكۇرسىيىگە بارماقچى بولدۇق.
دېمەك، ئىشنى تۈگەتكەن ئوخشىمامسىلەر؟
6) قىستۇرما سۆزلەر ئېيتىلغان ئوي - پىكىرنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە ئېيتىلىشىنى بىلدۈرىدۇ (بىرىنچى، ئىككىنچى).
ئۇ بىرىنچىدىن، تىرىشچان؛ ئىككىنچىدىن، ئەستايىدىل؛
**قىستۇرما سۆزلەر تۈزۈلۈش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلدە كېلىدۇ:**
1) بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن قىستۇرما سۆز: مەسىلەن، ئەلۋەتتە، سۆزسىز، شۈبھىسىز، ھەقىقەتەن، ئېھتىمال، دەرۋەقە، ئەكسىچە، نەزىرىمدە، خەيرىيەت، خالاس، ئاخىرى، دېمەك، ئومۇمەن، ئاساسەن، ئېيتماقچى ۋە باشقىلار.
2) بىرنەچچە سۆزدىن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىسى شەكلىدىكى قىستۇرما سۆزلەر: بەختىمىزگە يارىشا، ھېچبولمىغاندا، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىچە ئېيتقاندا، گەپنىڭ قىسقىسى، شۇنداق قىلىپ، گەپنىڭ ئوچۇقى ۋە باشقىلار.
3) جۈملە خاراكتېرلىك قىستۇرمىلار ياكى قىستۇرما جۈملىلەر. مەسىلەن:
كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئويلانماي قالمىغاندۇ؟
بوۋاينىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشاش، بۇ يەرلەر بۇرۇن سازلىق ئىدى.
قىستۇرما سۆز ھەم قىستۇرما جۈملىلەرمۇ خۇددى قاراتما سۆزلەرگە ئوخشاش ئەگەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە ئاخىرىغا، ئوتتۇرىسىدا كەلسە ئىككى تەرىپىدىن، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، ئالدىدىن پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن :
ئەلۋەتتە، بىز ئەدەبىيات ئارقىلىق ئوقۇش، يېزىش، سۆزلەش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

بىز، ئېھتىمال، ئەتە بارارمىز.
بىز تىرىشىپ ئوقۇيمىز، ئەلۋەتتە.

### 3. جۈملىدىكى ئىملىق سۆزلەر

**جۈملىنىڭ ئايرىم بۆلىكى بولالمايدىغان، جۈملىدىكى ئوي - پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ تۇرلۇك ھىس - تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئىملىق سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ھوي! سەن قاچان كېلىپ قالدىڭ؟
ئۇھ! بۈگۈن ئەجەبمۇ ھېرىپ كېتىپتىمەن.

**ئىملىق سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا كېلىشى مۇمكىن.**

ئەگەر ئىملىق سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە ئىملىق سۆزلەردىن كېيىن، ئەگەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ. ئەگەر ئىملىق سۆزلەر ھاياجانلىق ئاھاڭدا ئېيتىلسا، ئىملىق سۆزلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئىسسىت! سەن ئۇچۇن چەككەن رىيازەت! ئاقتۇرغان تەر!
بۇنىڭغا، ۋاي - ۋۇي، شۇنچە سۆز قىلساممۇ، قۇلىقىدا تۇتمايدۇ.

ئىملىق سۆزلەر جۈملە بىلەن قاتار كېلىپ جۈملىدىكى ئوي - پىكىرگە يانداش ھالدا ئىپادىلەنگەن ھېس - تۇيغۇنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ھەتتا بىرقانچە جۈملە بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، جۈملىدىكى ئىملىق سۆزلەر ئايرىم جۈملە بۆلىكى ياكى جۈملە بولالمايدۇ، جۈملە بىلەن گرامماتىكىلىق باغلىنىشتا بولالمايدۇ ھەمدە ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە ياكى پائۇزا ئارقىلىق جۈملىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

جۈملە بىلەن گرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر بەزىدە ئايرىم - ئايرىم، بەزىدە ئارىلاش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

يولداشلار، سىلەر، ئەلۋەتتە، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسىلەر.
ئاكا، ھەقىقەتەن، سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قۇلاق سالماپتىمەن.
ساۋاقداشلار! مېنىڭچە، ھەممىڭلار كۆڭلۈڭلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلەيسىلەر!

### 4. جۈملىدىكى ئىزاھلىغۇچى سۆز

**جۈملىدە ئىزاھلانغۇچىدىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى مەنە جەھەتتىن تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ ياكى ئىزاھلاپ كېلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى ئىزاھلىغۇچى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

بۇ شەھەر (ئۈرۈمچى) ناھايىتى تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ.
سىلەر — ياشلار ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىگىلىرى.
مەن بۈگۈن كەچقۇرۇن (سائەت ئالتىلەردە) سىلەرنىڭ ئۆيىگە باراي.

بۇ مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى بۆلەكلەرنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى روشەنلەشتۈرۈپ كەلگەن. دېمەك، ئىزاھ ئىزاھلىغۇچى سۆزنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى سۆزلەرنى ئېنىقلاپ كەلگەنلىكىدە.

**ئىزاھلىغۇچى سۆز ئېنىقلىغۇچىدىن تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدۇ:**

1. ئېنىقلىغۇچى ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئىزاھلىغۇچى سۆز بولسا، ئۆزى ئىزاھلاپ كەلگەن سۆزدىن كېيىن كېلىدۇ.
2. ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ. يېزىقتا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ھېچقانداق تىنىش بەلگىسى قويۇلمايدۇ. ئىزاھلىغۇچى سۆز بىلەن ئىزاھلانغۇچى ئىنتوناتسىيە جەھەتتە ئايرىپ ئېيتىلىدۇ ۋە بەزىدە باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. يېزىقتا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا



www.uyghurkitap.com

سىزىق ( — ) قويۇلىدۇ ياكى ئىزاھلىغۇچى سۆز تىرناق ئارقىلىق باشقا جۈملە بۆلەكلىرىدىن ئايرىلىدۇ.
مەسىلەن: سىلەر — ياشلار ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى.
سىلەر يەنى ئوقۇغۇچىلار ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ياخشى ئۆگىنىشىڭلار كېرەك.
بىزنىڭ سىنىپ مۇدىرىمىز (ئابلىز مۇئەللىم) بىزگە بەك كۆيۈنىدۇ.

3. جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى مەنە جەھەتتىن تەڭ بولمايدۇ، بىر ـ بىرى بىلەن بېقىنىش، بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كېلىدۇ. ئىزاھلىغۇچى سۆز ئىزاھلانغۇچى بىلەن مەنە جەھەتتىن تەڭ بولىدۇ.

4. ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئورنىدا ئاساسەن كېلەلمەيدۇ، ئەمما ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى ئىزاھلانغۇچىنىڭ رولىدا كېلەلەيدۇ.

**ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىلار جۈملىنىڭ تۆۋەندىكى بۆلەكلىرىنى ئىزاھلاپ كېلىدۇ:**

1. ئېنىقلىغۇچىنى ئىزاھلايدۇ. مەسىلەن:
مەن بۇ كىتابتىكى (ئۇيغۇر تىلى كىتابتىكى) مەشقلەرنى ئىشلەيمەن.
بۇ بەك تەس (يېشىش قىيىن بولغان) مەسىلە ئىكەن.
قولۇمدىكى ئۇنىڭ (دوستۇمنىڭ) كىتابى ئىدى.

2. تولدۇرغۇچىنى ئىزاھلايدۇ. مەسىلەن:
بىز ئۇلارنى (ئوقۇتقۇچىلارنى) ھۆرمەتلەيمىز.
مەن كىتابنى («ئانا يۇرت» رومانىنى) ئۇنىڭدىن ئالغان.
مۇئەللىم بىزدىن (سىنىپ ھەيئەتلىرىدىن) نەمۇنىلىك رول ئويناشنى تەلەپ قىلدى.

3. ئىگىنى ئىزاھلايدۇ. مەسىلەن:
ئۇ (ل. مۇتەللىپ) غۇلجىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان.
تىل (ئانا تىل) مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر.
ئۇلار (ئوقۇتقۇچىلار) بىز ئۈچۈن تەر تۆكىدۇ.

4. ھالەتنى ئىزاھلايدۇ. مەسىلەن:
بىز ئۇ يەردە (ئۈرۈمچىدە) بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق.
سىزنى بۈگۈن (شەنبە) سائەت 2 دە چايغا تەكلىپ قىلىمەن.
مەن ئەتە (يەكشەنبە كۈنى) كىتابخانىغا بارىمەن.
بىز شۇ يىلى (2008 ـ يىلى) ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

5. خەۋەرنى ئىزاھلايدۇ. مەسىلەن:
قولۇمدىكى ئاتاقلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر يازغان «ئانا يۇرت» رومانى. (بۇ ياخشى يېزىلغان رومان)
ئاۋۇ بىزنى چاقىرىۋاتقان — بىزنىڭ مۇئەللىم (سىنىپ مۇدىرىمىز)
ئىزاھلىغۇچى سۆزلەر يېزىقتا سىزىق ياكى تىرناق ئارقىلىق باشقا جۈملە بۆلەكلىرىدىن ئايرىلىدۇ. «يەنى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىچە ئېيتقاندا، بولۇپمۇ، مەسىلەن» دېگەنگە ئوخشاش سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق ئىزاھلانغۇچىغا باغلىنىپ كەلگەندە، يېزىقتا تىرناق ئىچىگە ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن:
بىزنىڭ مەكتەپ، يەنى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ جەنۇبىي ئازاد يولىغا جايلاشقان.
مەن تىل ھادىسىلىرىنى، بولۇپمۇ تىل تاۋۇش ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن.
مەكتىپىمىزدە دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر مەسىلەن: تەنتەربىيە، مەدەنىي مەشغۇلات ۋە ھەرخىل كۆرۈنۈك پائالىيەتلىرى ناھايىتى ياخشى ئېلىپ بارماقتا.
ئىزاھ ئېنىقلىغۇچىلار ئىزاھلانغۇچىدىن بەزىدە پەش ئارقىلىقمۇ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن:
سىلەر، ياشلار ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئىگىلىرى.

## جۈملىدىكى سۆزلەرنى جۈملە بۆلەكلىرىگە ئاجرىتىش ئۇسۇلى توغرىسىدا

جۈملىدىكى سۆزلەرنى جۈملە بۆلەكلىرىگە ئاجرىتىشنىڭ مۇقىم بەلگىلەنگەن ئۆلچىمى ياكى قېلىپى يوق، ئەمما جۈملە بۆلەكلىرىگە ئاجرىتىشتا تۆۋەندىكى قەدەم باسقۇچلار بويىچە ئاجرىتىش لازىم.

1. ئالدى بىلەن جۈملىنىڭ خەۋىرىنى ئېنىقلاش لازىم. خەۋەرنى سوئال قويۇش ئارقىلىق ئېنىقلايمىز.

ئوقۇغۇچىلار ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى لازىم. (نېمە قىلىشى لازىم؟ ـ رىئايە قىلىشى لازىم)

مەن ئىلگىرى مىسىردىكى ئېھرام توغرىسىدا ئىشلەنگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرگەن. (نېمە قىلغان؟ (كۆرگەن)

رىئالىزم تەپسىلاتلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە چىن ۋە ھەقىقىي بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. (نېمە قىلىدۇ؟ ـ تەلەپ قىلىدۇ)

سىز دەۋاتقان شۇ مەنزىرىلىك جاينى بىزمۇ كۆرگەن. (نېمە قىلغان؟ ـ كۆرگەن)

2. خەۋەرنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىگىنى ئېنىقلاش كېرەك. ئىگىنى ئېنىقلاشتا شۇ جۈملىنىڭ خەۋىرىنىڭ ئالدىغا ئىگىنىڭ سوئاللىرى (كىم؟ كىملەر؟ نېمە، نېمىلەر؟، قەيەر؟ دېگەندەك) نى قوشۇپ ئېيتىش ئارقىلىق ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن:

يۇقىرىدىكى بىرىنچى جۈملىنىڭ خەۋىرىنىڭ ئالدىغا « نېمىلەر » دېگەن سوئالنى قوشۇپ ئېيتساق، «مېۋىلەر » دېگەن سۆز بۇ سوئالنىڭ جاۋابى بولۇپ كېلىدۇ. ئىككىنچى جۈملىدە كىملەر رىئايە قىلىشى كېرەك ؟ دېگەن سوئالغا «ئوقۇغۇچىلار » دېگەن سۆز جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. ئۈچىنچى جۈملىدە كىم كۆرگەن؟ دېگەن سوئالغا « مەن » دېگەن سۆز جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. تۆتىنچى جۈملىدە، نېمە تەلەپ قىلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا «رىئالىزم» دېگەن سۆز جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. بەشىنچى جۈملىدە، كىممۇ كۆرگەن؟ دېگەن سوئالغا «بىزمۇ» دېگەن سۆز جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن سۆزلەر شۇ جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ.

3. جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە سوئال قويۇش ئارقىلىق ئەگەشمە بۆلەكلەرنى ئېنىقلايمىز. مەسىلەن:

بىزنىڭ باغدىكى مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتتى.

(يۇقىرىدا خەۋرى بىلەن ئىگىسىنى ئېنىقلاپ بولدۇق)

قارايدىغان بولساق، بۇ جۈملىدىكى خەۋەرنىڭ ئالدىدا ئىككى سۆز، ئىگىنىڭ ئالدىدا ئىككى سۆز بار. «مەي باغلاپ» دېگەن سۆز قانداق دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ، جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ، ھالەت بولۇپ كەلگەن. «بىزنىڭ»، «باغدىكى» دېگەن سۆزلەر كىمنىڭ ؟ قەيەردىكى؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ، جۈملىنىڭ « مېۋىلەر » دېگەن ئىسىمدىن كەلگەن ئىگىسىگە باغلىنىپ ئىگىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

يۇقىرىدىكى 1)، 2)، 3)، 4) جۈملىلەرنىمۇ شۇنداق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

مەسىلەن:

1.

| ئوقۇغۇچىلار | ئىنتىزامىغا | ئاڭلىق | رىئايە قىلىشى لازىم . |
|---|---|---|---|
| (كىملەر؟) | (نېمىگە؟) | (قانداق؟) | (نېمە قىلىشى لازىم؟) |
| (ئىگە) | (ھالەت) | (ھالەت) | (خەۋەر) |

2.

| مەن | ئىلگىرى | ئېھرام توغرىسىدا ئىشلەنگەن | تېلېۋىزىيە فىلىمىنى | كۆرگەن. |
|---|---|---|---|---|
| (كىم؟) | (قاچان؟) | (نېمە قىلىنغان؟) | (نېمىنى؟) | (نېمە قىلغان؟) |
| (ئىگە) | (ھالەت) | (ئېنىقلىغۇچى) | (تولدۇرغۇچى) | (خەۋەر) |

3. رىئالىزم تەپسىلاتلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە چىن ۋە ھەقىقىي بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
(نېمە؟) (نېمىنىڭ؟) (قانداق بولۇشىنى؟) (نېمە قىلىدۇ؟)
(ئىگە) (ئېنىقلىغۇچى) (تولدۇرغۇچى) (خەۋەر)

سىز دەۋاتقان شۇ مەنزىرىلىك جاينى بىزمۇ كۆرگەن.
(قانداق جاينى؟) (قەيەرنى؟) (كىممۇ؟) (نېمە قىلغان؟)
(ئېنىقلىغۇچى) (تولدۇرغۇچى) (ئىگە) (خەۋەر)

## جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

**I تاللاش سوئاللىرى**

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئالنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ.

1. جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە بىرەر سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتىمەيدۇ

B. جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەرنى جۈملە تەركىبىدىن چىقىرىۋەتكەندە جۈملىنىڭ مەنىسى ۋە تۈزۈلۈشىگە تەسىر يېتىدۇ

C. جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر جۈملە بۆلەكلىرىدىن ئىنتوناتسىيە ۋە تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئايرىلىدۇ

D. جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ئېغىزدا ئىنتوناتسىيە بىلەن، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق جۈملە بۆلەكلىرىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ

2. قاراتما سۆزلەر ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. قاراتما سۆزلەر چوقۇم باش كېلىشتىكى كىشى ئىسىملىرىدىن، بىرلا سۆزدىن كېلىدۇ. جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە ئالدىدىن پەش قويۇلىدۇ

B. سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن ئىملىق سۆزگە تەۋە بولغان بىر قىسىم سۆزلەرمۇ قاراتما سۆز بولىدۇ . مەسىلەن: ھېس- تۇيغۇ ئىملىقلىرى

C. قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىدا كەلسە ئاخىرىدىن پەش قويۇلىدۇ، ئاخىرىدا كەلسە ئالدىدىن پەش قويۇلىدۇ

D. قاراتما سۆزلەر جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقىنى ھەم سۆزلىگۈچىنىڭ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە قوللىنىلغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ

3. قاراتما سۆزلەر ۋە قاراتما سۆزلەر بىلەن ئىگىنىڭ پەرقى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. قاراتما سۆزلەر جۈملە تەركىبىدە كەلسىمۇ، جۈملىدىكى سۆزلەر بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشتا بولمايدۇ، ئەمما جۈملىدە گىراماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ

B. ئىگىسى يوشۇرۇن كەلگەن بەزى جۈملىلەردە قاراتما سۆز ئىگە ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىدۇ

C. قاراتما سۆزلەر كۈچلۈك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلسا، قاراتما سۆزلەردىن كېيىن پەش ئەمەس، ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ

D. قاراتما سۆزلەر جۈملە تەركىبىدىكى بىرەر سۆز بىلەن باغلىنىش مۇناسىۋىتى ھاسىل قىلسا، ئادەتتە جۈملە بۆلەكلىرىدىن پەش ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ

4. قىستۇرما سۆز ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. قىستۇرما سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ جۈملىدىكى ئوي ـ پىكىرگە نىسبەتەن تۇرلۇك ھېس-تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ

B. قىستۇرما سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ جۈملىدىكى ئوي-پىكىرگە نىسبەتەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ

C. قىستۇرما سۆز سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ جۈملىدىكى ئوي-پىكىرگە نىسبەتەن تۇرلۇك كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ

D. قىستۇرما سۆزلەر ئىنتوناتسىيە جەھەتتە باشقا جۈملە بۆلەكلىرىدىن پەرقلەندۈرۈلمەي تەلەپپۇز قىلىنىۋېرىدۇ

5. قىستۇرما سۆزلەرنىڭ ئورنى ھەم تۈزۈلۈشى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. قىستۇرما سۆز بىر سۆزدىن تۈزۈلۈشىمۇ، سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلۈشىمۇ مۇمكىن، ئەمما جۈملىلەردىن تۈزۈلمەيدۇ

B. قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشى ياكى ئوتتۇرىسىدا كېلىسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا كەلمەيدۇ

C. قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ باش، ئوتتۇرا ۋە ئاخىرىدا كېلىدۇ ھەم خالىغان جۈملە بۆلىكىگە باغلىنىۋېرىدۇ

D. قىستۇرما سۆزلەر كۆپىنچە سۆز، سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە كېلىدۇ، بەزىدە ھەتتا جۈملە شەكلىدىمۇ كېلىدۇ

6. ئۈندەش سۆزلەر ھەققىدە توۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. ئۈندەش سۆزلەرنىڭ جۈملە بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بولمىسىمۇ، ئەمما شۇ جۈملىدىكى ئوي-پىكىرگە نىسبەتەن سۆزلىگۈچىنىڭ تۇرلۇك ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ

B. ئۈندەش سۆزلەر ئادەتتە ئۈندەش جۈملىلەردە قوللىنىلغاچقا، پەقەت جۈملە ئاخىرلاشقاندىلا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ

C. ئۈندەش سۆزلەر ئايرىم جۈملە بۆلىكى ياكى جۈملە بولالمايدۇ، جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشتا بولمايدۇ

D. ئۈندەش سۆزلەر ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە ياكى پائۇزا ئارقىلىق جۈملىدىن ئايرىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. يېزىقتا كۈچلۈك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلغانلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ

7. جۈملىدىكى قاراتما سۆز بىلەن قاراتما ئىملىق سۆز ھەققىدە توۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. قاراتما سۆزمۇ ۋە قاراتما ئىملىقنىڭمۇ جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق

B. قاراتما سۆزلەر جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەرنىڭ بىر تۈرى، ئىملىق سۆز بولسا مۇستەقىل سۆزلەرگىمۇ، ياردەمچى سۆزلەرگىمۇ كىرمەيدىغان ئالاھىدە بىر خىل سۆز تۈركۈمى

C. ئىملىق سۆزلەر ئالاھىدە بىر سۆز تۈركۈمى بولغاچقا، جۈملىدە لېكسىكىلىق ياكى گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ، جۈملىدىكى ئوي ـ پىكىرگە نىسبەتەن سۆزلىگۈچىنىڭ تۇرلۇك ھېس- تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ

D. بەزىدە قاراتما سۆز بىلەن قاراتما ئىملىق بىرلىكتە قوللىنىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ، مۇنداق ئەھۋاللاردا كۆپىنچە قاراتما ئىملىق بۇرۇن، قاراتما سۆز كېيىن كېلىدۇ

8. نۇرى، نۇرمەمەت، جېنىم ساقام، نەدىسەن؟ داداڭ ماغدۇرىدىن قالدى. قىرىق بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا مۈكچەيدى، ئۇ ھاسىرايدۇ، يۆتىلىدۇ، تەرلەيدۇ، تىترەيدۇ.( زوردۇن سابىر ئانا يۇرت) دېگەن پارچىدىكى جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز: ( )

A. نۇرى، نۇرمەمەت دېگەن سۆز B. جېنىم ساقام دېگەن سۆز

www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي دوستلۇق خۇددى قىش كۈنلىرىدىكى قۇياشقا ئوخشايدۇ.
بارلىق چىگىش تۈگۈنلەر بىلىم بىلەن يېشىلىدۇ.
ئادەم ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن ھۆرمەت تاپىدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىلەرنىڭ ئالدىنقىسىدا «ھەقىقىي» دېگەن سۆز ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىپ، «دوستلۇق» دېگەن ئىگىگە، «خۇددى قىش كۈنلىرىدىكى» دېگەن سۆزلەر ئېنىقلىغۇچى بولۇپ «قۇياشقا» دېگەن ھالەتكە، «قۇياشقا» دېگەن سۆز بولسا «ئوخشايدۇ» دېگەن خەۋەرگە باغلىنىپ كەلگەن. كېيىنكىسىدە «بارلىق چىگىش» دېگەن سۆزلەر ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىپ «تۈگۈنلەر» دېگەن ئىگىگە، «بىلىم بىلەن» دېگەن سۆز ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىپ «يېشىلىدۇ» دېگەن خەۋەرگە باغلىنىپ كەلگەن.

دېمەك، ئەگەشمە بۆلەكلەر جۈملىنىڭ يا ئىگىسىگە، يا خەۋىرىگە باغلىنىدۇ، بەزىدە ئەگەشمە بۆلەكلەر ئۆزئارا بىر - بىرىگە باغلانغان ھالدا جۈملىنىڭ مەلۇم بىر باش بۆلىكىگە تەۋە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ بىر قىسمى ئىگىگە، بىر قىسمى خەۋەرگە باغلانغان ھالدا ئىككى گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ. نەتىجىدە جۈملىدە ئىگە گۇرۇپپىسى ۋە خەۋەر گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپا شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: «تاغ باغرىدىكى يېشىل چىمەنلەر تاڭ سەھەرنىڭ شامىلىدا ئاستا دولقۇنلانماقتا» دېگەن بۇ يېيىق ئاددىي جۈملىدىكى «تاغ باغرىدىكى يېشىل چىمەنلەر» ئىگە گۇرۇپپىسى، «تاڭ سەھەرنىڭ شامىلىدا ئاستا دولقۇنلانماقتا» خەۋەر گۇرۇپپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

يېيىق ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆگەنگەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1) بەزى جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى بولمىسىمۇ، جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەكتىن بىرى بولسىلا يېيىق ئاددىي جۈملە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

جاپا مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش كېرەك. (ھالەت بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلگەن)

ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك. (تولدۇرغۇچى، ھالەت ۋە خەۋەردىن ھالەتتىنلا تۈزۈلگەن)

2) ئىگە ۋە خەۋەر گۇرۇپپىسىنى ئايرىغاندا ئورنىغىلا ئەمەس، بەلكى قا... سۆزگە باغلانغانلىقىغىمۇ ...اراش كېرەك، يەنى ئىگىنىڭ ئالدىدا كەلگەن سۆزمۇ خەۋەرگە باغلىنىپ كې...ندەك كۆرۈنەت...ن. مەسىلەن:

مۇئەللىم بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى ھەممەيلەن ئەستايىدىل ئىشلىدۇق.

بۇ جۈملىدىكى «مۇئەللىم بەرگەن» دېگەن سۆزلەر «تاپشۇرۇقلارنى» دېگ... ى ئېنىقلاش بىلەن ...ئىشـ...ـە، «تاپشۇرۇقلارنى»، «ئەستايىدىل» دېگەن سۆزلەرمۇ «ئىشلىدۇق» ...ۇرۇش خەۋەرگە باغلىنىپ، ... گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولىدۇ. دېمەك، بۇ جۈملىدە «ھەممەيلەن» دېگە... ...نىڭ ئالدىدا كەلگەن ...لىم بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى» دېگەن بۆلەكلەر ئىگىنىڭ ئالدىدا كەلگە... ...مۇ ئىگىگە بېقىنماي، ...بېقىنىپ كەلگەن.

## §2 . ئىگىلىك جۈملە ۋە ئىگىسىز جۈملە

بەزى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى ئاشكارا، بەزى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى ... ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى بولمايدۇ (چۈشۈپ قالغان ئەمەس، پەقەتلا يوق

بولىدۇ).

ئىگىسىنىڭ بار ياكى يوقلۇق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تىلىمىزدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئىگىلىك ئاددىي جۈملىلەر ۋە ئىگىسىز ئاددىي جۈملىلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئىگىلىك ئاددىي جۈملە

**ئىگىسى بار، ياكى ئىگىسى ئېنىق ئىپتىلمىغان بولسىمۇ، ئىگىنىڭ كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكى خەۋىرىدىن ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىغان ئاددىي جۈملە ئىگىلىك ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

پەن ئادىمىزات توپلىغان مىسلىسىز بىلىملەر غەزىنىسىدۇر.

ئۆزىنى ھۆرمەت قىلمىغان ھەرقانداق ئادەم بەختلىك بولالمايدۇ.

قەتئىي بوشاشمايدىغان روھقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك.

بۇ جۈملىلەرنىڭ ئالدىنقى ئىككىسىدە ئىگە ئېنىق ئىپتىلغان، يەنى «پەن، ئادەم»، ئۈچىنچىسىدە ئىگە ئېنىق ئىپتىلمىغان بولسىمۇ، خەۋىرىدىكى تەۋەلىك قوشۇمچىسى (-ىمىز) دىن ئىگىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ (بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى بىز).

**ئىگىسى ئىپتىلمىغان، خەۋىرىدىن ئىگىنىڭ كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدىغان جۈملىلەر ئىگىسى يوشۇرۇن كەلگەن ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىپ، يەنىلا ئىگىلىك جۈملىگە تەۋە بولىدۇ.**

### 2. ئىگىسىز ئاددىي جۈملە

**ئىگىسى يوق، خەۋىرى ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە باغلىق بولمىغان ئاددىي جۈملە ئىگىسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئىگىسىز ئاددىي جۈملىدە ئىگە جۈملىنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ، جۈملىنىڭ خەۋىرىدىنمۇ بىلىنمەيدۇ. مەسىلەن:

ئىنتىزامنى بۇزۇشقا يول قويۇلمايدۇ. (ھالەت، خەۋەر)

ئانىنى ئېتەك بىلەن يايقىلى بولمايدۇ. (تولدۇرغۇچى، ھالەت، خەۋەر)

جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش كېرەك.( ھالەت، خەۋەر)

ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنلاش لازىم. (تولدۇرغۇچى، ھالەت، خەۋەر)

## تولۇق جۈملە ۋە تولۇقسىز جۈملە

ئۇيغۇر تىلىد ي جۈملىلەر شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەرنىڭ تولۇق ئىپتىلغان ياكى تولۇق ئىپتىلمىغانل ساسەن، تولۇق ئاددىي جۈملە ۋە تولۇقسىز ئاددىي جۈملە دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. تولۇق ئاددىي جۈملە

**شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۆلەكلىرى تولۇق ئىپتىلغان ئاددىي جۈملىلەر تولۇق ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئىشچىنىڭ كۆلىكىسى ھۇرۇننى يىغلىتار (ماقال).

بىر ياخشىلىق تالاي كۆڭۈلنى كۆلدۈرەر (ماقال).

باشقىلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

بۇ جۈملىلەردە جۈملە مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان جۈملە بۆلەكلىرى تولۇق. گەرچە ئاخىرىدىكى بىر جۈملىنىڭ ئىگىسى بولمىسىمۇ، جۈملە مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەر تولۇق ئىپىتلىغان. شۇڭا، بۇ جۈملىلەر تولۇق ئاددىي جۈملە بولىدۇ.

تولۇق ئاددىي جۈملىدە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تولۇق سۆزى پەقەت تولۇقسىز جۈملىگە ياكى مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەرنىڭ تولۇق ياكى تولۇق ئەمەسلىكىگە قارىتىلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ بەش جۈملە بۆلىكىنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس.

## 2. تولۇقسىز ئاددىي جۈملە

**مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئىپىتلىمىغان ياكى مەلۇم بۆلەكلىرى چۈشۈپ قالغان، چۈشۈپ قالغان جۈملە بۆلەكلىرىنى ئالدىنقى ياكى كېيىنكى جۈملىلەردىن بىلىشكە بولىدىغان ئاددىي جۈملىلەر تولۇقسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

— ئوقۇۋاتقىنىڭ قايسى كىتاب؟ (تولۇق جۈملە)

— بادىرنامە. (تولۇقسىز جۈملە)

— بادىرنامە قانداق كىتاب؟ (تولۇق جۈملە)

— تارىخىي رومان. (تولۇقسىز جۈملە)

— كىم يازغان؟ (تولۇقسىز جۈملە)

— ياسىنجان سادىق چوغلان. (تولۇقسىز جۈملە)

بىرىنچى، ئۈچىنچى جۈملىلەردە «سەن» دېگەن ئىگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، چۈشۈپ قالغان ئىگىنى خەۋەردىن بىلىشكە بولىدۇ. ھەم بۇ جۈملىلەرنى ئايرىم قوللىنىشقا بولىدۇ. شۇڭا، بۇلار تولۇق جۈملە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «بازاردىن، كۆرمىدىم» دېگەن جۈملىلەرنى ئايرىم قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ سۆزلەردە جۈملىدە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر ھازىرلانمىغان، ئەمما بۇ سۆزلەرنى پەقەت يۇقىرىقى دىئالوگ شارائىتىدىلا جۈملە دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن: شۇ جۈملە شارائىتىدا، «بازاردىن» دېگەن سۆز، «مەن بازاردىن كېلىۋاتىمەن» دېگەن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى، «كۆرمىدىم» دېگەن سۆزدىن «مەن قۇربانىنى كۆرمىدىم» دېگەن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

تولۇقسىز جۈملىلەر جانلىق تىلدا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ دىئالوگلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇتۇقتا پىكىرنى ئىخچام ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن:

كېچە، ئەتراپ جىمجىت، ئاي نۇرىغا چۈمۈلگەن دالا سۇتتە يۇيۇنغاندەك كۆرۈنەتتى.

## ئاددىي جۈملىنىڭ تۈرلىرىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن. شۇ جاۋابنى تاللاڭ.

1. ئاددىي جۈملىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن:  (    )

A. يىغىق ئاددىي جۈملە ۋە يېيىق ئاددىي جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ



www.uyghurkitap.com

B.خەۋەر جۈملە، سوئال جۈملە، ئۈندەش جۈملە ۋە بۇيرۇق جۈملە دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ
C.تولۇق جۈملە ۋە تولۇقسىز جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ
D.يىغىق ئاددىي جۈملە ۋە يېيىق ئاددىي جۈملە، ئىگىلىك ئاددىي جۈملە ۋە ئىگىسىز ئاددىي جۈملە، تولۇق ئاددىي جۈملە ۋە تولۇقسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ

2. يىغىق ئاددىي جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەن جۈملە يىغىق ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ
B. پەقەت ئىگە بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلگەن جۈملە يىغىق ئاددىي جۈملە بولىدۇ
C. پەقەت ئىككىلا جۈملە بۆلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلگەن جۈملە يىغىق ئاددىي جۈملە بولىدۇ
D. ئەگەشمە بۆلەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلگەن جۈملە يېيىق ئاددىي جۈملە بولىدۇ

3. يېيىق ئاددىي جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلگەن جۈملە يېيىق ئاددىي جۈملە بولىدۇ
B. خەۋەر بىلەن تولدۇرغۇچى ياكى ھالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلگەن جۈملىمۇ يېيىق ئاددىي جۈملە بولىدۇ دېيىلسە توغرا بولمايدۇ
C. باش بۆلەكتىن ئىگە بىلەن خەۋەرنى ياكى خەۋەرنى، ئەگەشمە بۆلەكلەردىن بىرەر بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلگەن جۈملە يېيىق ئاددىي جۈملە بولىدۇ
D. باش بۆلەكتىن خەۋەرنى، ئەگەشمە بۆلەكتىن خالىغان بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلگەن جۈملە يېيىق ئاددىي جۈملە بولىدۇ

4. ئىگىلىك ئاددىي جۈملە ۋە ئىگىسىز ئاددىي جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلارىن خاتاسى: ( )

A. ئىگىسى ئېيتىلغان ياكى ئېيتىلمىسىمۇ خەۋىرىدىن ئىگىسىنى بىلگىلى بولىدىغان ئاددىي جۈملە ئىگىلىك ئاددىي جۈملە بولىدۇ
B. ئىگىسىز ئاددىي جۈملىنىڭ جۈملە تەركىبىدە ئىگىسى بولمايدۇ، جۈملىنىڭ خەۋىرىدىنمۇ ئىگىسىنى بىلگىلى بولمايدۇ
C. ئىگىسىز ئاددىي جۈملە دېگەنلىك پەقەت ئەگەشمە بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەن ئاددىي جۈملە دېگەنلىك بولىدۇ
D. ئىگىسىز ئاددىي جۈملىدە ئىگە بولمايدۇ. لېكىن چوقۇم خەۋەر بولىدۇ

5. تولۇق ئاددىي جۈملە ۋە تولۇقسىز ئاددىي جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. تولۇق ئاددىي جۈملە دېگەنلىك، دېمەكچى بولغان ئوي-پىكىر تولۇق ئىپادىلەنگەن جۈملە دېگەنلىك

B. تولۇق ئاددىي جۈملە دېگەنلىك، بەش بۆلەكنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىشلىتىلگەن ئاددىي جۈملە دېگەنلىك

C. تولۇقسىز ئاددىي جۈملە دېگەنلىك جۈملىدىكى ئوي- پىكىر تولۇق ئىپادىلەنمىگەن ئاددىي جۈملە دېگەنلىك

D. تولۇقسىز ئاددىي جۈملىلەر كۆپىنچە دىئالوگ شارائىتىدا ئۇچرايدۇ. بەزىدە دىئالوگ بولمىغان ئەھۋالدىمۇ تولۇقسىز ئاددىي جۈملە تۈزۈلىدۇ

6. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەرەققىي قىلماقتا دېگەن ئاددىي جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئىپادىلەنگەنلەردىن خاتاسى: ( )

A. تولۇق جۈملە B. تولۇقسىز جۈملە C. يىغىق جۈملە D. ئىگىلىك جۈملە

7. تۆۋەندىكى جۈملىلەر ھەققىدە ئىپادىلەنگەنلەردىن توغرىسى: ( )

A. قاغىلار قاق ئىتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ دېگەن تەمسىلنىڭ ئالدىنقى جۈملىسى ئىگىلىك جۈملە، تولۇق جۈملە، يېيىق جۈملە

B. «قەيسەر ساياھەتچىگە يول يىراق ئەمەس» دېگەن ماقال تولۇق جۈملە، يېيىق جۈملە، ئىگىسىز جۈملە.

C. «كۆڭلى يېرىم كىشىگە دەرد ئېيتما» دېگەن جۈملە ئىگىلىك جۈملە، يېيىق جۈملە، تولۇقسىز جۈملە

D. «غەم — قېرىشنىڭ پەلەمپىيى» دېگەن جۈملە تولۇق جۈملە، ئىگىلىك جۈملە، يېيىق جۈملە

8. تۆۋەندىكى جۈملىلەر ھەققىدىكى قاراشلاردىن توغرىسى: ( )

A. «تۆتتە گۈزەل، بەش بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ» دېگەن بۇ جۈملە تولۇق ئاددىي جۈملە، يېيىق ئاددىي جۈملە، ئىگىلىك جۈملە

B. «چۈشىنىشى قىلىچ بىلەن چېپىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن جۈملە ئىگىلىك ئاددىي جۈملە، تولۇق ئاددىي جۈملە، يىغىق ئاددىي جۈملە

C. «ئىنساپ قىلىش — سېخىيلىق ئەمەس» دېگەن جۈملە تولۇق جۈملە، ئىگىلىك جۈملە، يىغىق ئاددىي جۈملە

D. «ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك — مېھىر - مۇھەببەتنىڭ زىبۇ - زىننىتىدۇر» دېگەن جۈملە يىغىق جۈملە، تولۇق جۈملە، ئىگىلىك جۈملە

9. تۆۋەندىكى جۈملىلەر ھەققىدىكى قاراشلاردىن توغرىسى: ( )

A. «كىتاب بىلەن بىللە ياشىغان ئادەم مەڭگۈ ھەسرەت چەكمەس» دېگەن جۈملە يىغىق جۈملە، تولۇق جۈملە، ئىگىلىك جۈملە

B. «بىلىم بولمىغان يەردە نادانلىق بىلىم قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ» دېگەن جۈملە تولۇق جۈملە، يېيىق جۈملە، ئىگىسىز جۈملە

C. «ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى — غەم، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەتتۇر» دېگەن جۈملە يېيىق جۈملە، تولۇق

جۈملە، ئىگىلىك جۈملە

D. «ۋاقىتنى قولدىن بېرىش — ئۆز- ئۆزىنى قەتلى قىلىش بىلەن باراۋەر» دېگەن جۈملە، تولۇق جۈملە، ئىگىسىز جۈملە، يېيىق جۈملە.

10. — داداڭنىڭ ئېتى نېمە؟

— موللا توختى.

— سەن قايسى يۇرتتىن؟

— موللا توختى يۇزىدىن.

— سادىرغا تەگكىلى نەچچە يىل بولدى؟

— 15 يىل.

— هازىر سادىر نەدە؟

— مەن ئىككى ئايدىن بېرى زىنداندا. سادىرنى سەن بىلمىسەڭ ، مەن نەدىن بىلەي ؟!

يۇقىرىقى دىئالوگ ھەققىدە توۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. «داداڭنىڭ ئېتى نېمە؟» دېگەن جۈملە مەزمۇن جەھەتتىن سوئال جۈملە، تۈزۈلۈشى جەھەتتىن تولۇق ئاددىي جۈملە

B. دىئالوگدىكى شەرۋانىخاننىڭ جاۋابلىرىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ جاۋابى تولۇقسىز ئاددىي جۈملە بولىدۇ

C. دىئالوگدىكى ۋاڭ دارىننىڭ سوئالى تولۇق جۈملە، يېيىق جۈملە، ئىگىلىك جۈملە

D. شەرۋانىخاننىڭ جاۋابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملىسى تولۇق. يىغىق، ئىگىلىك ئاددىي جۈملە

III بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئالى

1. «ئەتىياز پەسلى يېتىپ كەلدى» دېگەن جۈملە ( ) جۈملە،( ) جۈملە، ( ) جۈملە.

2. «جاپا- مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان روھنى يېتىلدۈرۈش كېرەك» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى( ) بولۇپ، بۇ جۈملە ( ) جۈملە.بۇ جۈملە يەنە ( ) جۈملە ۋە ( ) جۈملە بولىدۇ.

3. «ھەسەتخورلارنىڭ خاتىرىسى — ئاداۋەتلەرنى ئېسىپ قويۇش ئۈچۈن قويۇلىدىغان داردىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى( ) دېگەن سۆز. بۇ جۈملە ( ) جۈملە،( ) جۈملە، ( ).

4. «ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى ئاسماندىن چۈشەمدۇ؟ ياق.» دېگەن جۈملىدىكى «ياق » دېگەن سۆزمۇ بىر جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملە ( ) جۈملە بولىدۇ.

5. «ھەممىگە ماقۇل دېگۈچىلەر ھەقىقەتنىڭ دۈشمىنىدۇر» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ( ) ئاددىي جۈملە، شۇنداقلا مەنە ( ) ئاددىي جۈملە، ( ) ئاددىي جۈملە.

6. «خۇشامەتچى — ئالدىراپ ئوق تەگمەيدىغان دۈشمەن» دېگەن بۇ جۈملە تۈزۈلۈشى (        ) ئاددىي جۈملە، (        ) ئاددىي جۈملە، (        ) تولۇق ئاددىي جۈملە.

7. «شۆھرەتپەرەس ئادەم پەسكەش بولىدۇ» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن (        ) ئاددىي جۈملە، (        ) جۈملە، (        ) جۈملە، (        ) جۈملە.

IV مەشىق ئىشلەش سوئالى

تۆۋەندىكى پارچە ۋە جۈملىلەرنى ئوقۇپ، تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىن قانداق جۈملە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاڭ.

1. رومانتىزم يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇ-غايىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تەسەۋۋۇرنىڭ ئاكتىپ رولىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە غايىسى بويىچە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

2. ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمى، شەرقىي تۈرك تىلى تارمىقىغا كىرىدىغان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمكى تىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

3. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىدە كەڭ قوللىنىلغان، جۈملىدىن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى كۆپلىگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق يېزىقى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان.

4. كېتىۋاتقان بىر قانچە ئادەم ئىچىدە چوقۇم ماڭا ئۇستاز بولالايدىغان ئادەم تېپىلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تاللاپ ئۆگىنىمەن. ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تاللاپ ئۆزۈمنى تەكشۈرۈپ، نۇقسانلىرىمنى تۈزىتىمەن.

5. ئەقىللىق ئادەم سۇنى ياخشى كۆرىدۇ، مېھرىبان ئادەم تاغنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئەقىللىق ئادەم داۋاملىق ھەرىكەت قىلىدۇ. مېھرىبان ئادەم تىنچ تۇرىدۇ. ئەقىللىق ئادەم شاد-خۇرام يۈرىدۇ؛ مېھرىبان ئادەم ساغلاملىق بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# XVIII باب قوشما (مۇرەككەپ) جۈملە

## §1. قوشما جۈملە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

ئادەتتە بىز پىكىرلىرىمىزنى ئاددىي جۈملە شەكلى ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەيمىز، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىدىن تەركىب تاپقان قوشما جۈملىلەر ئارقىلىقمۇ بىرقەدەر كەڭ مەنىدىكى مۇرەككەپ پىكىرلەرنىمۇ ئىپادىلەيمىز. بىر جۈملىنىڭ ئاددىي جۈملە ياكى قوشما جۈملە ئىكەنلىكى ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ بىر ياكى بىردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

**مەنە جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

قوشما جۈملە مەنە ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئەڭ چوڭ تىل بىرلىكى بولۇپ، ئۇ سىنتاكسىسنىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. قوشما جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ھايات قىسقا بولىدۇ، پەقەت گۈزەل ئەخلاقلا كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ قالىدۇ. بۇ مىسالدىكى مەزمۇن جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى ئاددىي جۈملە بىرىكىپ، بىر قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلغان.

ئەزىم دەريا سۈيىنىڭ مەنبەسى بولىدۇ، مېۋىلىك دەرەخنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، ئىختىساسلىق ئەۋلادلارنىڭ مەرىپەت بۆشۈكى بولىدۇ. بۇ مىسالدا مەنە جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۈچ ئاددىي جۈملە بىرىكىپ، قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىگەن.

ئۆزئارا بىرىكىپ جۈملە ھاسىل قىلغۇچى ئاددىي جۈملىلەر ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ۋاستىسى ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى (ئىنتوناتسىيىسىنىڭ ياردىمى) بىلەن بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ.

**قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:**

1. قوشما جۈملىلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ مەنتىقىغە ئۇيغۇن ھالدا بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ.

2. قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئېغىز تىلىدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

3. قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىگىسى بولۇشىمۇ ياكى بىر ئىگە بىرقانچە ئاددىي جۈملىگە ئورتاق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

4. بەزى قوشما جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. بەزى قوشما جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ؛ يەنە بەزى قوشما جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

بالا خام بولسا، ياردىن يانىدۇ؛ ئاش خام بولسا، گالدىن يانىدۇ. (ماقال)

بىلىم دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆكمىسەڭ، ئەقىل گۆھىرىنى ئالالمايسەن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە باغلانغانلىقى ئۆلچەم قىلىنىپ (گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىگە قاراپ)، تەڭداش قوشما جۈملە، بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە ئارىلاش قوشما جۈملە دېگەن چوڭ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## §2. تەڭداش قوشما جۈملە

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملە تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى تەڭ ھوقۇقلۇق، مۇستەقىل، بىر - بىرىگە بېقىنمايدىغان ئاددىي جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

**تەڭداش قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:**

1. تەڭداش قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بىر - بىرىگە بېقىنمايدۇ، مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە مۇستەقىللىقىنى ساقلايدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئايرىپ قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.

2. تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر باغلىغۇچىلارسىز ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ياكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

1. ئادەم مەڭگۈ ياشىمايدۇ، ئۇنىڭ ياخشى نامى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.
2. دۇنيادا مەڭگۈ ياشاش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ياخشى نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر.
3. ئۇ مەكتەپكە كەلدى، لېكىن دەرسكە قاتناشمىدى.

بىرىنچى مىسالدىكى ئىككى ئاددىي جۈملە باغلىغۇچىسىز باغلانغان، ئىككىنچى مىسالدىكى ئىككى ئاددىي جۈملە «ئەمما» دېگەن باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان. ئۈچىنچى مىسالدىكى ئىككى ئاددىي جۈملە «لېكىن» دېگەن باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان.

يۇقىرىقى جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر تەڭ دەرىجىدە باغلانغان ۋە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان، ئۇلارنى ئۆز نۆۋىتىدە ئايرىپ (ئاددىي جۈملە سۈپىتىدە) قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.

تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ باغلىنىش شەكلىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە.
2. باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە.

### 1. باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە

**تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن جۈملە باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

بۇنداق تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە تۈرلۈك باغلىغۇچىلار سىنتاكسىسلىق ۋاستە بولىدۇ.

باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ:

**1) بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ.** مەسىلەن:

نادانلىق ــ يامان ئىللەت ۋە ھەممە كۈلپەتلەرنىڭ ئانىسى.

www.uyghurkitap.com

مېھمانلار يېتىپ كەلدى ۋە ئەتراپنى كۆرۈپ چىقتى.
ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلىدى ھەم يامغۇر شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى.
بىز ئۇ يەرگە باردۇق ھەممە ئۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇدەك ھۇزۇرلاندۇق.
مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشتۇم ھەم ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردۈم.
ئۇ ۋارقىرىغان پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلدى - دە، گەپ - سۆز قىلماي تۇرۇپ قالدى.

2) قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
قىش ئېيى كىردى، ئەمما سوغۇق بولمىدى.
ئادەم مەڭگۈ ياشىمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى نامى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.
باشقىلار ئىشلەپ بولۇپتۇ، سەنزە تېخىچە ئىش باشلىماپسەندە؟
نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرىم بار ئىدى، ئەپسۇسكى رېئاللىق بۇ ئارزۇلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرمىدى.

3) ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىز يا بۈگۈن يولغا چىقىمىز، يا ئەتە يولغا چىقىمىز.
بىز ئۇلارنى بىر - ئىككى كۈن ساقلاپ تۇرايلى ياكى بولمىسا، بىز ئۇلاردىن بۇرۇن يولغا چىقايلى.
ھازىر ئەھۋال ياخشى ئەمەس، يا دەرھال زاۋۇتنى رېمونت قىلايلى، ياكى ئىش توختىتايلى.

4) كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
ئۇ كىشىنى مەن كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا نامىنىمۇ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.
ئادەم ئۆز گۈزەللىكى بىلەن گۈزەل ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ساپ قەلبى، پاك ۋىجدانى بىلەن گۈزەلدۇر.
ئۇ ئۆگىنىشكە كۆپ ۋاقتىنى سەرپ قىلدى، ھەتتاكى دەم ئېلىش كۈنلىرىنىمۇ ئۆگىنىش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

## 2. باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە

**تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ مەنە مۇناسىۋىتى بىر- بىرىگە تولىمۇ يېقىن بولىدۇ. مەسىلەن:

ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا تالىق، قىزنىڭ ئۈزلۈكى ئانىغا تالىق. (ماقال)
داننىڭ توقلۇقى تۇپراققا باغلىق، گۈلنىڭ جامالى ياپراققا باغلىق. (ماقال)
ئەتىياز كەلدى، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى. ئەتراپ خۇشپۇراققا تولدى.
ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمە، ئالدىمغا كەلدى دەپ يەۋەرمە. (ماقال)
مانا مەن دەپ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشنىڭ كارايىتى چاغلىق بولىدۇ، قىزىقارلىق يېرىمۇ بولمايدۇ.

**باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:**

**1. ئىش - ھەرىكەت ۋە ھادىسىنىڭ، ۋەقەنىڭ بىر مەزگىلدە بولغانلىقىنى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.** مەسىلەن:

مۇئەللىم دەرس سۆزلەۋاتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار دەرس ئاڭلاۋاتىدۇ.

**2. ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە ـ ھادىسىنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولغانلىقىنى، بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.** مەسىلەن:

ۋاقىت توشتى، قوڭغۇراق چېلىندى، مۇئەللىم سىنىپقا كىردى.

مېھمانلار يېتىپ كەلدى، ھەممەيلەن قىزغىن قارشى ئالدى.

**3. قارىمۇقارشى ياكى بولۇشلۇق، بولۇشسىز مەنىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.** مەسىلەن:

دوست ئاغرىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ ئېيتار. (ماقال)

ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلىدى ، يامغۇر ياغمىدى.

باغقا كىردۇق، مېۋىلەردىن بىر تالمۇ يېمىدۇق.

## §3. بېقىندىلىق قوشما جۈملە

**ئۆزئارا بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن باغلانغان بىر نەچچە ئاددىي جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن، قوشما ئۆي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

بۈگۈن ھاۋا ياخشى بولغاچقا، ھەممىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىدۇق.

قىزىل گۈللەر ئېچىلغاندا، بىز يېزىغا باغ سەيلىسىگە بارىمىز.

مۇئەللىم دەرسنى ياخشى چۈشەندۈرگەچكە، بىز ھەممىمىز ياخشى ئىگىلەپ مېڭىۋاتىمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۆگەنمەي تۇرۇپ بىلىم ئىگىلىگىلى بولمايدۇ.

قەيەردە تەشكىلىي تۈزۈم كۈچلۈك بولسا، شۇ يەردە ئىشلار نەتىجىلىك بولىدۇ.

بوران شۇنداق قاتتىق چىقتىكى، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتتى.

بېقىندىلىق قوشما جۈملە قوشما جۈملىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان جۈملە تۈرى ھېسابلىنىدۇ. قوشما جۈملىلەر ئىچىدە بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى مەلۇم تارماق جۈملە باشقا بىر تارماق جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ ۋە شۇ بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغاچقا، تەركىبىدىكى جۈملىلەر بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن ئۆز ئارا باغلىنىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ بىرى باش جۈملە، يەنە بىرى بېقىندى جۈملە بولىدۇ.

### 1. باش جۈملە

**بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئىككىنچى بىر ئاددىي جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلگەن جۈملە باش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلغاندا، نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي. (ماقال)

سەن باشقىلارنى ھۆرمەتلىمىسەڭ، باشقىلارمۇ سېنى ھۆرمەتلىمەيدۇ.

مەن شۇنى ساڭا ئېيتىپ قويايكى، چىدامسىزنىڭ ئىشى ئۇنۇمسىز بولىدۇ.
شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، دۈشمەننىڭ تەبىئىتى ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ.
يۇقىرىدىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاستى سىزىلغان جۈملىلەر باش جۈملە ھېسابلىنىدۇ.
بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ باش جۈملىسى بەزىدە بۇرۇن، بەزىدە كېيىن كېلىدۇ.

## 2. بېقىندى جۈملە

**باش جۈملىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ بىرەر بۆلىكىنى ياكى پۈتۈن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ، ئېنىقلاپ كەلگەن ئاددىي جۈملە بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.** مەسىلەن:

كىم تىرىشچان بولسا، شۇ تېز ئالغا باسىدۇ.
ئەتىگەندە كۆچەت تىكىپ، كەچتە سايىسىنى ئىزدەپتۇ.
بۇ گۈل شۇنداق چىرايلىقكى، قارىساڭ قارىغۇڭ كېلىدۇ.
شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىنسان ھاياتى تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ.
مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ئائىلە تەربىيىسى بىرلەشتۈرۈلسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى ئاستىغا سىزىق سىزىلغان جۈملىلەر بېقىندى جۈملىلەردۇر.

بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىنىڭ ئورنى مۇقىم بولمايدۇ. كۆپ ھاللاردا بېقىندى جۈملە بۇرۇن، باش جۈملە كېيىن كېلىدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى باش جۈملە بېقىندى جۈملىدىن بۇرۇن كەلگەندە، باش جۈملىنىڭ خەۋىرىنىڭ ئاخىرىغا «كى»، «چۈنكى، سەۋەبى» قاتارلىق باغلىغۇچىلار ياكى «ئا، ئە» ئۈلانمىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن بېقىندى جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

باللارنى شۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈش كېرەككى، ئۇلار كىچىككىدىن ئىلىم- پەننى سۆيىدىغان بولسۇن.
دوست - دوستقا شۇنداق ئەينەككى، سۈزۈكلۈكىدە ھېچنەرسە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ.
بىزنىڭ ئىرادىمىز شۇنداق مۇستەھكەمكى، تىك تاغلارمۇ، ئوت- دېڭىزلارمۇ توسۇيالمايدۇ.
ھەسەتخور ئادەملەر بىلەن ھېچقاچان دوست بولما، چۈنكى ھەسەتخورلاردىن ھېچقاچان دوست چىقمايدۇ.
بالام، سىز بۇ نەرسىنى كۆرۈپ بېقىڭا، ئۇ زادى قانداق نەرسە؟
سىز شۇنى ئېيتىپ بېرىڭە، ھازىرقى مائارىپنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قويغان تەلىپى نېمە؟

بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىن بۇرۇن كەلسە، بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى كۆپىنچە پېئىللار (شەرت پېئىلى، سوپەتداش، رەۋىشداش) دىن كېلىپ ۋە بەزىدە پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا ھەرخىل گراماتىكىلىق ئېلېمېنتلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس. (ماقال)
بۈگۈن يامغۇر ياغقانلىقتىن، مۇسابىقە ۋاقتىنچە توختىتىلدى.
بىلىمنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا يامىشىۋاتقىنىڭدا، ئالدىڭغا قورقۇنچلۇق تاشلار چۈشۈپ تۇرىدۇ.
شەرقتىن قۇياش كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان چاغدا، مەن مەكتەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتىم.
ئېھ، سۆيۈملۈك ئانا، مۇشۇ كۈنلەردە سەن يېنىمدا بولساڭ ئىدىڭ، قانچە خۇشال بولاتتىم- ھە!
بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنى ئۆگەنگەندە بېقىندى جۈملە بىلەن باش جۈملىنى پەرقلەندۈرۈشنى

www.uyghurkitap.com

بىلىش كېرەك. باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىنى ئايرىيالمىغاندا بېقىندى جۈملە توغرىسىدا تەھلىل ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملىلەر خۇددى ئەگەشمە بۆلەكلەرگە ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەيدۇ ۋە شۇ ئەگەشمە بۆلەكلەرگە بېرىلىدىغان سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنى تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملىلەرنىڭ شۇ جۈملىدە ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى ۋە ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە بۆلىمىز:

1. ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملە؛
2. خەۋەر بېقىندىلىق قوشما جۈملە؛
3. تولدۇرغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە؛
4. ئېنىقلىغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە؛
5. هالەت بېقىندىلىق قوشما جۈملە.

## 1. ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملە

**بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئىگىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى كىم؟ نېمە؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

**ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى بەزىدە باش جۈملىدىن بۇرۇن كەلسە، بەزىدە باش جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ.** مەسىلەن:

كىم كەمتەر بولسا، شۇ ئالغا باسىدۇ.
كىم ھۇرۇنلۇق قىلسا، شۇ ئارقىدا قالىدۇ.
كىم كۆپ ئەمگەك قىلسا، شۇ كۆپ ھەق ئالىدۇ.
شۇ بىزگە مەلۇمكى، جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق.
كىملەر مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقسا، بۇ مۇكاپاتنى شۇلار ئالىدۇ.
شۇ ناھايىتى ئېنىقكى، ئادەم مەڭگۈ ياشىمايدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى:

1) ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىن بۇرۇن كەلسە، خەۋىرى شەرت پېئىللاردىن كېلىپ باش جۈملە بىلەن باغلىنىدۇ.

2) ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىن كېيىن كەلگەندە بېقىندى جۈملە تەركىبىدە كىم؟ قايسى؟ دېگەندەك سوئال ئالماشلار بولىدۇ. باش جۈملە تەركىبىدە، «ئۇ، شۇ، شۇلار» دېگەندەك كۆرسىتىش ئالماشلار بولىدۇ.

3) ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ باش جۈملىسى بېقىندى جۈملىدىن بۇرۇن كەلگەندە باش جۈملە خەۋىرىنىڭ ئاخىرىغا «كى» باغلىغۇچى قوشۇلۇش ئارقىلىق بېقىندى جۈملە بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى ئىگە بېقىندى

جۈملە بولۇش ئۈچۈن باش جۈملە تەركىبىدىكى كۆرستىش ئالماش ئىگە بولۇش كېرەك. ئەگەر كۆرستىش ئالماش ئىگە ۋەزىپىسىنى بېجىرمىسە، بېقىندى جۈملە ئىگە بېقىندى جۈملە بولالمايدۇ.

## 2. خەۋەر بېقىندىلىق قوشما جۈملە

**بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىكى كۆرستىش ئالماشتىن كەلگەن خەۋەرنى ئېنىقلاپ كەلگەن بېقىندىلىق قوشما جۈملە خەۋەر بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

خەۋەر بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى ھەردائىم باش جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ ۋە باش جۈملىنىڭ كۆرستىش ئالماشتىن كەلگەن خەۋىرگە «كى» باغلىغۇچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بېقىندى جۈملە بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى شۇنداقكى، بىر مىنۇت ۋاقىتىنىمۇ قولدىن بەرمەيدۇ.

بۇ قوغۇننىڭ تاتلىقلىقى شۇنداقكى، يېسەڭ تىلنى يارىدۇ.

بۇ باغنىڭ چوڭلۇقى شۇنداقكى، بىرنەچچە سائەتتە ئاران ئايلىنىپ بولالايسەن.

بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى شۇنداقكى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۈچار قۇشلارمۇ ئۆتەلمەيدۇ.

بىزنىڭ ۋەدىمىز شۇنداقكى، قىيامەتكىچە مەڭگۈ ئايرىلمايمىز.

## 3. تولدۇرغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

**بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىكى كۆرستىش ئالماشتىن كەلگەن تولدۇرغۇچىنى ئېنىقلاپ، روشەنلەشتۈرۈپ كېلىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە تولدۇرغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

تولدۇرغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى بەزىدە باش جۈملىدىن كېيىن كەلسە، بەزىدە باش جۈملىدىن بۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن:

كىم ياخشى بولسا، بىز شۇنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىمىز.

مۇسابىقىدە كىم ئۇتۇپ چىقسا ،شۇنى مۇكاپاتلايمىز.

كىمنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى توغرا بولسا ، بىز شۇنى ئۆزىمىزگە ۋەكىل قىلىپ سايلايمىز.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەمگەك ئادەمنى تاۋلايدۇ. ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، قانۇن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

تولدۇرغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن بۇ ئىككى خىل جۈملىنىڭ روشەن پەرقى بار. بۇ ئىككى خىل جۈملىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1) باش جۈملىدىكى كۆرستىش ئالماش باش كېلىشتە كېلىپ ئىگە ۋەزىپىسىنى بېجىرسە، بېقىندى جۈملىسى ئىگە بېقىندى جۈملە بولىدۇ، ئەگەر باش جۈملىسى تەركىبىدىكى كۆرستىش ئالماش چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى بېجىرسە، بېقىندى جۈملىسى تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

كىم كۆپ سۆزلىسە ، شۇ ئاسان خاتالىشىدۇ. (ئىگە...)

كىم تىرىشچان بولسا ، بىز شۇنى مۇكاپاتلايمىز. (تولدۇرغۇچى...)

كىم بىزگە قارشى تۇرسا، بىز شۇنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن دەپ بىلىمىز. (تولدۇرغۇچى)

شۇ بىزگە مەلۇمكى، ھەقىقەت ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. (ئىگە...)

شۇنى بىلىشىڭلار لازىمكى، بىز بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىمىز. (تولدۇرغۇچى...)

⑥ سىز ماڭا شۇنى ئېيتىپ بېرىڭە، سىلەرنىڭ ھازىرقى ئۆگىنىش ئەھۋالىڭلار زادى قانداق؟ (تولدۇرغۇچى...)

تىلىمىزدىكى «بىلەن، توغرۇلۇق، ھەققىدە، ئۈچۈن» قاتارلىق تىركەلمىلەر تولدۇرغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ باش جۈملىسى تەركىبىدىكى كۆرسىتىش ئالماشلارغا قوشۇلۇپ كېلىپ ياكى ئالماشلار بىلەن بىرىكىپ كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى بېجىرىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ جۈملە تولدۇرغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

كىم بىزنى قوللىسا، بىز شۇنى دوست دەپ بىلىمىز.

مەن شۇنى ئېنىق ئېيتالايمەنكى، بۇ ھەقىقەت، قولىمىزدا ئېنىق پاكىت بار.

مەن شۇنى سۆزلەيمەنكى، قوياشنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى، بولمايدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بىلەن ئىگە بېقىندى جۈملىنىڭ باش جۈملىسى بېقىندى جۈملىدىن بۇرۇن كەلگەندە، بەزىدە باش جۈملە تەركىبىدىكى كۆرسىتىش ئالماش چۈشۈپ قالىدۇ. چۈشۈپ قالغان كۆرسىتىش ئالماشنى سوئال قويۇش ئارقىلىق ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا چۈشۈپ قالغان شۇ كۆرسىتىش ئالماش شۇ باش جۈملىدە تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى بېجىرىپ كەلسە، بېقىندى جۈملىسى تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە، ئىگە ۋەزىپىسىنى بېجىرسە بېقىندى جۈملىسى ئىگە بېقىندى جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

بىلىشىمىز كېرەككى، (نېمىنى؟ — شۇنى) ھاياتلىق ھەممىدىن ئۈستۈن. (تولدۇرغۇچى)

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، (نېمە؟ — شۇ) ئادالەتنى ياقلىغانلار ھامان غەلىبە قىلىدۇ. (ئىگە)

ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىمكى، (نېمىنى؟ — شۇنى) ھۆرۈنلۈق قىلىش ئادەمنىڭ تەقدىرىنى نابۇت قىلىدۇ. (تولدۇرغۇچى)

ئىسپاتلاندىكى، (نېمە؟ — شۇ)، ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى — ئەمەلىيەت. (ئىگە)

## 4. ئېنىقلىغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

**بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماشتىن كەلگەن ئېنىقلىغۇچىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئېنىقلىغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن:

سەن قانداق كىتاب ئالساڭ، مەنمۇ شۇنداق كىتاب ئالىمەن.

قايسى يول ياخشى بولسا، بىز شۇ يول بىلەن ماڭايلى.

بۇ ئىشنى كىم بۇزغان بولسا، جاۋابكارلىقنى شۇ ئادەم ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

سەن قانداق كىيىم ئالساڭ، مەنمۇ شۇ خىل كىيىمنى ئالىمەن.

كىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، بىز ئۇنىڭ شۇ قىلمىشى ھەققىدە شىكايەت قىلىمىز.

بۇ شۇنداق چىرايلىق گۈلكى، قارىساڭ، قارىساڭ قارىغۇڭ كېلىدۇ.

بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى شۇنداق يولكى، ماڭساڭ، ماڭساڭ تۈگىمەيسەن.

بۇ تاغ شۇنداق ئېگىز تاغكى، قارىساڭ دوپپاڭ چۈشۈپ كېتىدۇ.

بۇ شۇنداق قاتتىق ياغاچكى، قاتتىقلىقى پولاتتىن قېلىشمايدۇ.

بىزنىڭ ئىرادىمىز شۇنداق مۇستەھكەم ئىرادىكى، ھېچقانداق نەرسە بويسۇندۇرالمايدۇ.

ئېنىقلىغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىن بەزىدە بۇرۇن،

بەزىدە كېيىن كېلىدۇ.

ئېنىقلىغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى قانداق؟ قايسى؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ، ئېنىقلىغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى تەركىبىدىكى ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى بېجىرىپ كەلگەن كۆرسىتىش ئالماش بەزىدە بىۋاستە ئىسىمغا باغلىنىپ كەلسە، بەزىدە سۈپەت بىلەن بىرىكىپ، ئىسىمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. (يۇقىرىقى مىساللاردىكىدەك)

ئېنىقلىغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئېنىق پەرقى بار: يەنى باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماش ئىگە ۋەزىپىسىنى بېجىرسە، بېقىندى جۈملىسى ئىگە بېقىندى جۈملە، باش جۈملىدىكى كۆرسىتىش ئالماش ئىسىمغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى بېجىرىپ كەلسە، بېقىندى جۈملىسى ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە بولىدۇ. (يۇقىرىقى مىساللارغا قاراڭ)

## 5. ھالەت بېقىندىلىق قوشما جۈملە

**بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش- ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بېقىندى جۈملە ھالەت بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

دۇنيادىكى شەيئىلەر، ھادىسىلەر تۈرلۈك - تۈمەن خىل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ تۈرلۈك، تۈمەن خىل بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن باش جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرۈپ ئېنىقلاپ كېلىدىغان ھالەت بېقىندى جۈملىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. مەسىلەن:

سەن قانداق ياز دېگەن بولساڭ، مەن شۇنداق يازدىم.

سەن قانداق ئىشلىسەڭ، مەنمۇ شۇنداق ئىشلەيمەن.

ئۇ شۇنداق تىرىشچانكى، بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەيدۇ.

ئۇ شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىدىكى، يەر - جاھان تىترەپ كەتتى.

سەن خىزمەتنى شۇنداق ئىشلىگىنكى، خىزمىتىڭدىن ھېچكىم كەمچىلىك تاپالمىسۇن.

ھالەت بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى ھالەتنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ ھەمدە خۇددى ھالەتكە ئوخشاش جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى (ھالەت بۆلىكى) بولۇپ كېلىدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىلەرنىڭ بېقىندى جۈملىسىنى باش جۈملىدىكى ھالەتنىڭ ئورنىغا قويساق، بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ ھالىتى بولۇپ كېلىپ، جۈملە ئاددىي جۈملىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى جۈملىنىڭ باش جۈملىسىدىكى «شۇنداق» - ھالەت، «مەن» - ئىگە، «يازدىم» - خەۋەر. باش جۈملىدىكى «شۇنداق» دېگەن ھالەتنىڭ ئورنىغا بېقىندى جۈملىنى قويساق، «مەن سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە يازدىم» ياكى «مەن سەن دېگەندەك يازدىم» بولىدۇ.

ئىككىنچى جۈملىنىڭ باش جۈملىسىنى تەركىبىدىكى ھالەتنىڭ ئورنىغا قويساق، «سەن خىزمەتنى ھېچكىم كەمچىلىك تاپالمىغۇدەك ئىشلە». سەن — ئىگە، خىزمەتنى — تولدۇرغۇچى، ھېچكىم كەمچىلىك تاپالمىغۇدەك — ھالەت، ئىشلە — خەۋەر شەكلىدە جۈملە ئاددىي جۈملىگە ئايلىنىدۇ.

ھالەت بېقىندىلىق قوشما جۈملىدىن باشقا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملە، خەۋەر بېقىندىلىق قوشما جۈملە، ئېنىقلىغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە، تولدۇرغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە قاتارلىق جۈملىلەرنىڭ بېقىندى جۈملىسىنىمۇ باش جۈملە تەركىبىدىكى كۆرسىتىش ئالماشنىڭ ئورنىغا قويۇپ، جۈملىنى ئاددىي جۈملىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

كىم تىرىشچان بولسا، شۇ ئالغا باسىدۇ. (ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملە)
تىرىشچان ئادەم ئالغا باسىدۇ. (ئاددىي جۈملە)
كىمنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولسا، شۇنى مۇكاپاتلايمىز. (تولدۇرغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە)
نەتىجىسى ياخشى بولغانلارنى مۇكاپاتلايمىز. (ئاددىي جۈملە)
بىز قايسى يول بىلەن ماڭغان بولساق، شۇ يول بىلەن قايتىپ كەلدۇق (ئېنىقلىغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە).
بىز بارغان يولىمىز بىلەن قايتىپ كەلدۇق: (ئاددىي جۈملە)
يۇقىرىدا ھالەت بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسىنىڭ مەنە دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكىنى، باش جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدۇق. ئۇلار يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن مىساللاردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەپ كېلىدۇ:
قەيەردە ئىنتىزام كۈچلۈك بولسا، شۇ يەردە ئىش ئۈنۈملۈك بولىدۇ. (ئورنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن)
سەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان چاغدا، مەن كىتابخانىغا كىرىپ چىقتىم. (ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن)
بۇ كىتابلارنى سىزنى ئوقۇسۇن دەپ، مەن ئالايىتەن ئەكەلدۇردۇم. (مەقسىتىنى ئىپادىلەپ كەلگەن)
بۇ كىتاب بەك ياخشى بولغاچقا، قولۇمدىن چۈشۈرمەيلا ئوقۇپ چىقتىم. (سەۋەبىنى ئىپادىلەپ كەلگەن)
يەر شۇنداق قاتتىق تەۋرىدىكى، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ كەتتى. (نەتىجىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن)
ئەخلاقىي پەزىلەت ياخشى بولسا، ئىللىق كەيپىيات شەكىللىنىدۇ. (شەرت مەنىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن)
ئارىمىز يىراق بولسىمۇ، كۆڭلىمىز ناھايىتى يېقىن. (قارىمۇقارشى مەنىنى ئىپادىلەپ كەلگەن)
گويا بېشىمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك، تەنلىرىم شۈركىنىپ كەتتى. (ئوخشىتىش مەنىسىدە كەلگەن)
بۇ يەردە بىكار ئولتۇرغۇچە، كىتابخانىغا بېرىپ كىتاب ئوقۇغان ياخشى. (سېلىشتۇرما ئۇي ـ پىكىرنى ئىپادىلەپ كەلگەن)

## §4. كۆپ بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە بىر باش جۈملىگە بىرلا بېقىندى جۈملە بېقىنىپ كېلىپ قالماستىن، بەزىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بېقىندى جۈملە بېقىنىپ كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:
ئەتىياز كەلگەندە، يەرلەر كۆكەرگەندە، گۇللەر ئېچىلغاندا، بىز باغ سەيلىسىگە چىقىمىز.
بىلىملىك بولاي دېسەڭ، كۆزلىگەن مەقسىتىمگە يېتەي دېسەڭ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگەن.
قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپ، مېڭىشقا ئامال بولمىغاچقا، بىز سەپىرىمىزنى توختاتتۇق.
شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يولداشلار جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلىدى، ناھايىتى زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.
شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەقىل ـ پاراسەت بىر خىل بايلىق بولۇپ، ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىقلا

بارلىقا كېلىدۇ.

يۇقىرىقى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ بېقىندى جۈملىسى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىدىن كەلگەن.

**تەركىبىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېقىندى جۈملىلىرى بولغان بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر كۆپ بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

كۆپ بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىندى جۈملىلەر بەزىدە باش جۈملىگە ئايرىم - ئايرىم باغلىنىپ كەلسە، بەزىدە بىر - بىرىگە بېقىنىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى بىرى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بېنزىن تۈگەپ قېلىپ، ماشىنا ماڭمىغاچقا، بىز پىيادە مېڭىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق.

قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، دەريانىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ كېتىپ، كۆۋرۈكنى سۇ ئېقىتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىز دەريادىن ئۆتەلمىدۇق.

ئەينى ئەھۋالنى ئېيتسام، ئۇنىڭ رەنجىپ قېلىشىنى ئويلاپ، گەپ- سۆز قىلماي ئولتۇردۇم.

ئاپامغا ياردەملىشىپ، ئاپامنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، دەرس تەكرارلاي دەپ تۇرغىنىمدا، ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالدى.

مەن توسۇغان بولسامىمۇ، ئۇ نىيىتىدىن يانماي، بۇ ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا بۇ ئىشتا مەسئۇلىيىتىم بار دەپ قارايمەن.

## §5. ئارىلاش قوشما (مۇرەككەپ) جۈملە

**تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئۆز ئارا بىر بىرى بىلەن ھەم تەڭداش ھەم بېقىنىش يولى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملىلەر ئارىلاش قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئارىلاش قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىمۇ خۇددى كۆپ بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرگە ئوخشاش ئەڭ كەم بولغاندا ئۈچ ئاددىي جۈملە بولىدۇ.

ئارىلاش قوشما جۈملىدە ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلانغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق باش جۈملە بىر بېقىندى جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قانۇن بولمىسا، تەرتىپ بۇزۇلىدۇ، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىدۇ، ئىگىلىك ۋەيران بولىدۇ.

ۋارىسلىق قىلىش بولمىسا، يېڭىلاش بولمايدۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلالمايدۇ. داڭلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا چىقمايدۇ.

تىرىشچانلىق بولمىسا، بىلىم ئىگىلىگىلى بولمايدۇ، ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ يېتىشىپ چىققىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىلەرنىڭ بىرىنچى جۈملىسى بىلەن ئىككىنچى جۈملىسى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە، كېيىنكى جۈملىلىرى جۈملىسى ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن.

ئارىلاش قوشما جۈملىنىڭ يۇقىرىقىدەك تۈزۈلۈشتىكى شەكلى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، بەزى ئارىلاش قوشما جۈملىلەرنىڭ ئىككى بېقىندى جۈملىسى ئۆزئارا تەڭداش، ئىككى باش جۈملىسى ئۆز ئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە كېلىپ، ئىككى باش جۈملە بىلەن ئىككى بېقىندى جۈملە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلسە، بەزىدە بۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ شەكىلدە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

چوڭلار كىچىكلەرنى ئىززەتلىسە، كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلىسە، ئىتتىپاقلىق

ياخشىلىنىدۇ، ياخشى كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ.

ئادەم ئۆز ئاغزىنى ياخشى باشقۇرمىسا، ئەدەپ- ئەخلاقنى بىلمىسە، خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ، كىشىلەر ئالدىدا ئىززەت - ھۆرمىتى بولمايدۇ.

تەشكىلىي ئىنتىزام ياخشى بولمىسا، سىنىپ كەيپىياتى ياخشى بولمىسا، مۇنداق سىنىپنىڭ تەسىرى ناھايىتى يامان بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىمۇ ياخشى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى جۈملىلەرنىڭ ئىككى بېقىندى جۈملىسى تەڭداش مۇناسىۋەتتە، ئىككى باش جۈملىسى تەڭداش مۇناسىۋەتتە، ئىككى بېقىندى جۈملە بىلەن ئىككى باش جۈملە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن.

كىم كەمتەر بولسا، شۇ ئالغا باسىدۇ؛ كىم ھورۇنلۇق قىلسا، شۇ ئارقىدا قالىدۇ.

كىم بىزنى قوللىسا، شۇ بىزنىڭ دوستىمىز؛ كىم بىزگە قارشى تۇرسا، شۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز.

يۇقىرىقى ئىككى جۈملە ئىككىدىن بېقىندىلىق قوشما جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئالدىنقى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن كېيىنكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن.

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

سىلەرنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىڭلار بار، كۆرسەتكەن ناھايىتى نۇرغۇن خىزمىتىڭلار بار، لېكىن شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلار لازىمكى، مەغرۇرلىنىشقا، ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەقلىي قابىلىيەتنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئامىلى 128خىل بولۇپ، مەكتەپلەر بۇنىڭ 47 خىلىنى يېتىشتۈرەلەيدۇ، قالغانلىرىنى ئائىلە، ئاتا- ئانىلار ۋە جەمئىيەت يېتىشتۈرىدۇ. ئەگەر بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ ھەمكارلىقى ياخشى بولماي، مەكتەپتىلا تاشلاپ قويۇلسا، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ.

ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇش دائىملىق، ناچار ئوقۇغۇچى بولۇش بىردەملىك ئىش، قايسىسىنى تاللاشنى ھەربىر ئوقۇغۇچى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، لېكىن تاللىغاننى ئەمەل قىلىش ئانچە ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى دائىم چەكلەپ، ھەرقانداق ئىشتا ياخشى تەرەپنى ياقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بالىلىرىم، ئۆزۈمنىڭ راستچىل ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىشىم تەس، بىراق شۇنىڭغا ئىشىنىڭلاركى، دۇنيادا يەنىلا راستچىللىق مەۋجۇت، ئۇ ھەر قاچان ئەتراپىمىزدا.

ساۋاقداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى بار، ئۆگەنگەن مول بىلىمىمۇ بار، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ساۋاقداشلار ئىمتىھاندا ياخشى نومۇر ئالالايدۇ، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئالىي مەكتەپلەرگە بارالايدۇ.

يۇقىرىدىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ باغلىنىشى بىر قەدەر مۇرەككەپ.

1 - جۈملىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى جۈملىسى تەڭداش مۇناسىۋەتتە، ئۈچىنچى جۈملىسى بىلەن تۆتىنچى جۈملىسى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن.

2 - جۈملىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى جۈملىسى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، جۈملىسى تەڭداش مۇناسىۋەتتە، تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى جۈملىسى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە، ئالدىنقى ئۈچ جۈملە بىلەن كېيىنكى ئۈچ جۈملە تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن.

3 - جۈملىنىڭ ئالدىنقى بەش جۈملىسى تەڭداش مۇناسىۋەتتە 5 -، 6 - جۈملىسى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان.

4-، 5- جۈملىلەرنىڭ ئالدىنقى جۈملىلىرى تەڭداش مۇناسىۋەتتە، ئوتتۇرىدىكى تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بىلەن كەينىدىكى جۈملە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن.

# قوشما جۈملىگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشقلىرى

I تاللاش سوئاللىرى

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ.

1. مۇرەككەپ جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. ئاددىي جۈملىلەر ئاياغلاشقان بىرلا ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلىسە، قوشما جۈملىلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇرەككەپ ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ

B. قوشما جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ

C. قوشما جۈملىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ئاددىي جۈملىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن ياكى تەڭداش مۇناسىۋەتتە ياكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلىدۇ

D. قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئېغىز تىلىدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ

2. تەڭداش قوشما جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملە تەڭداش قوشما جۈملە بولىدۇ.

B. تەڭداش قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدۇ، مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلايدۇ

C. تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئېغىز تىلىدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، يېزىقتا تىنىش بەلگىلەر ياكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ

D. تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر گەرچە تەڭ دەرىجىدە باغلانسىمۇ، تەركىبىدىكى جۈملىدىن بىرەرسىنى ئېلىۋەتسە جۈملىنىڭ باغلىنىشىغا تەسىر يېتىدۇ

3. تۆۋەندىكىلەردىن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىگە كىرىدىغىنى: ( )

A. پەرۋانىنى ئىشق مەست قىلمىسا، ئۆزىنى داۋاملىق چىراغقا ئاتاتتىمۇ

B. كىمكى ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزسە، دۇنيادا ئۇ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلالماي قالىدۇ

C. يالغان سۆز مۇلايىم بولسىمۇ ئاڭلىماستىن، راست ئېيتىلغان قورقۇنچلۇق سۆزنى ئاڭلا

D. دوستلارنىڭ بىپەرۋالىقىدىن ئاغرىنما ۋە دۈشمەننىڭ جەبىر ـ جاپاسىدىن شىكايەت قىلما

4. «پەزىلەتنىڭ نامى بىلىم ۋە پاراسەتتۇر، ئادەم بىلىمسىز ھالدا تۇغۇلىدۇ، ياشاش جەريانىدا ئۆگىنىدۇ. بىلىم ئۆگەنگەندىن كېيىن بارلىق ئىشتا ئۇتۇق قازىنىدۇ» دېگەن بۇ پارچىدىكى جۈملىلەر ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. بۇ پارچە تەركىبىدە تۆت ئاددىي جۈملە بولۇپ، بۇ ئاددىي جۈملىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن

B. بۇ پارچىدا بەش ئاددىي جۈملە بولۇپ، پەقەت بىرىنچى جۈملىلا باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ

كەلگەن

C. بۇ پارچىدا تۆت ئاددىي جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملىلەرنىڭ ئىككىسى تەڭداش باغلىنىشتا، ئىككىسى بېقىندى باغلىنىشتا باغلىنىپ كەلگەن

D. پارچە تۆت ئاددىي جۈملىنىڭ تەڭداش باغلىنىشتا باغلىنىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ جۈملىلەرنىڭ ئىككىسى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق، ئىككىسى باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان

5. تۆۋەندىكىلەردىن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىگە كىرىدىغىنى: ( )

A. خەلق قوشاقلىرى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن مۇزىكا سەنئىتى بولۇپ، ئۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر

B. تىل تەڭداشسىز قورال، بىز ئۆزىمىزنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، بۇ قۇدرەتلىك قورالدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇنى ئاسرايلى، تىلىمىزنى بۇزمايلى

C. مائارىپ ئاخباراتى يېڭى ھادىسىلەرنى، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، خەلقنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى ئۆزىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان

D. ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك چىرايلىق گەپتىلا ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە بېغىشلانغان ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدۇ

6. بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ

B. بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ، باشتىكى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملە، كېيىنكى جۈملە بېقىندى جۈملە بولىدۇ

C. بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە بېقىندى جۈملە بىلەن باش جۈملىنىڭ ئورنى تۇراقلىق بولمىسىمۇ، كۆپىنچە بېقىندى جۈملە بۇرۇن، باش جۈملە كېيىن كېلىدۇ

D. باش جۈملە بۇرۇن كېلىپ باش جۈملىنىڭ خەۋىرىنىڭ ئاخىرىغا «كى، ئا، ئە» ئۇلانمىلىرى ۋە «چۈنكى، سەۋەبى» قاتارلىق باغلىغۇچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن باغلىنىپ كەلگەندە بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ

7. بېقىندىلىق قوشما جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملىنى خۇددى تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىگە ئوخشاش مۇستەقىل قوللانغىلى بولىدۇ

B. بېقىندىلىق قوشما جۈملە يەنە بىر جۈملىگە بېقىنىپ كېلىدۇ ۋە جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولۇپ، ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ

C. بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملە باش جۈملىگە ئەگىشىپ، باش جۈملىنىڭ بىرەر بۆلىكىنى ياكى پۈتۈن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ كېلىدۇ

D. بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى باش جۈملىدىن بۇرۇن كەلگەندە خەۋىرى ھەر دائىم شەرت پېئىللاردىن كېلىش ئارقىلىق باغلىنىدۇ

8. تۆۋەندىكىلەردىن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىگە كىرىدىغىنى: ( )

A. ئوقۇتقۇچى كىمىمۇ سەندەك ئاددىي سان ھەم قوشما سانلاردىن، ئېلېمېنتلار بەلگىسى ۋە



www.uyghurkitap.com

فورمۇلىلاردىن، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاربلاشمىسىدىن يېڭى بىر دۇنيا ياسىيالايدۇ
B. ياخشى كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇغاندا، ئىدىيىمىزنى بېيىتالايمىز ، يېڭىچە كۆز قاراشقا ئىگە بولالايمىز، شۇنداقلا جانلىق، يېقىملىق سۆز ـ ئىبارىلەرنى قوللىنالايدىغان بولىمىز
C. ئەنگلىيىلىك پار قازان ئىشچىسى ۋاتنىڭ 1769 ـ يىلى پار ماشىنىسىنى كەشپ قىلىشى دۇنيا يېقىنقى زامان سانائەت ئىنقىلابىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، ماشىنا كۈچى تەبىئىي كۈچلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى
D. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ساپاسى مائارىپ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى ھەممە كىشى بىلىدىغان پاكىت بولۇپ قالدى
9. تۆۋەندىكىلەردىن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىگە كىرمەيدىغىنى : ( )
A. دۇنيادىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىنى يۈزەكى تەكشۈرگەندە %90 پەن ـ تېخنىكا خادىمى دەل ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغانلاردىن ئىبارەت
B. مائارىپ يەنە شۇنداق بىر جەريانكى، ئۇ ئالدىنقىلارنىڭ تەجربە ـ ساۋاقلىرىنى كېيىنكىلەرگە سالماقلىق بىلەن سىستېمىلىق ھالدا يەتكۈزۈپ بېرىش ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ
C. 1895 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا لومىرلار تەرىپىدىن تۇنجى كىنو مەيدانغا كەلمىگەن بولسا ، ئۇ ھالدا 1940 ـ يىللاردىكى ئاۋازلىق كىنولار، 1950 ـ يىللاردىكى رەڭلىك كىنولار مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى
D. ئۈرۈشتا يېڭىلگەن مىللەت ھامان بىر كۈنى باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، ئەمما مائارىپتا يېڭىلگەن مىللەت مەڭگۈ باش كۆتۈرۈپ چىقالمايدۇ. مانا بۇ تارىخىي تەجربە ـ ساۋاقلارنىڭ ئاقىلانە يەكۈنى
10. ئارىلاش قوشما جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )
A. تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئۆزئارا ھەم تەڭداش، ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملە ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە بولىدۇ
B. ئارىلاش قوشما جۈملىلەر ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلىدۇ
C. ئىككى بېقىندى جۈملە بىر باش جۈملىگە باغلىنىپ كەلسىمۇ، بىر بېقىندى جۈملىگە ئىككى باش جۈملە بېقىنىپ كەلسىمۇ ئارىلاش قوشما جۈملە بولىدۇ
D. ئارىلاش قوشما جۈملىلەردە بەزىدە تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى بىر قانچە باش جۈملىگە پەقەت بىرلا بېقىندى جۈملە بېقىنىپ كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ
11 تۆۋەندىكىلەردىن ئارىلاش قوشما جۈملىگە كىرمەيدىغان جۈملە: ( )
A. كىتاب — لوقمان ھېكىم ، كىتاب — رۇستەم پالۋان، كىتاب — بەخت قۇشى ئەنقا، بۇ ئاددىي تەسۋىر ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت
B.كىتاب قەلبنى نۇرلاندۇرۇپ، روھىيەتنى بېيىتىپ، ئۆمۈرنى مەنىۋى بەخت ۋە يۈكسەك نەزەرىيە بىلەن بېزەيدۇ. كىتاب ئىنساننىڭ يۈزى، كۆزى ۋە سۆزىگە مۇقەددەسلىك نۇرى ئاتا قىلىدۇ
C. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەرنىڭ قەلب بايلىقى بىلەن قول ئىلكىدىكى بايلىقى توغرا تاناسىپتۇر. ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دېگەن ئەقىدىگە چاپلىشىۋالغان مىللەت گادايلىقتا ۋە ئۇنىڭ باش جىنايەتچىسى بولغان نادانلىقتا چىن ئەقىدە باغلىغان مىللەتتۇر
D. بۈگۈنكى دەۋردە مائارىپ ئۆمۈرلۈك مائارىپقا تەرەققىي قىلدى. ئۆمۈرلۈك مائارىپنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپتىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى ئېچىۋېتىش دەرىجىسىگە ئىگە، كۆپ قاتلاملىق ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىلىدىغان سىستېما

12. «2000- يىلى سەھىيە مىنىستىرلىقى تەستىقلىغان يېمەكلىكلەرنىڭ 22 خىل ساغلاملىق رولى ئىچىدە ‹بوي ئۆستۈرىدۇ› دېگەن گەپ زادىلا مەۋجۇت بولمىسىمۇ دۆلىتىمىز بازارلىرىنى بۇ خىلدىكى دورىلار قاپلاپ كەتكەن» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتىن: ( )

A. تەڭداش قوشما جۈملە B. بېقىندىلىق قوشما جۈملە

C. ئارىلاش قوشما جۈملە D. باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان قوشما جۈملە

13. «شۇنداق سۆزلەر باركى، ئاڭلىغۇچى ئۇنىڭدىن ئىختىيارسىز راھەتلىنىش ھېس قىلىدۇ، يەنە شۇنداقمۇ سۆزلەر باركى، ئويلىماي سۆزلىگۈچىنىڭ بېشى كېتىدۇ» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتىن: ( )

A. بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە B. تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە

C. باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە D. ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە

14. «ئادەم بويىدىن ئىككى غېرىچلا ئېگىزلىكتىكى ئۆي، بۇنى ئۆي دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ. مومايلارنىڭ ‹ئالۋاستى كەپىسى› دېگىنىگە ئوخشاشلا بىر نەرسە، ئۆياقتا ئورۇن-كۆرپە نامى بىلەن بىر قۇچاق ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەر تىزىپ قويۇلغان. يەردە ئىككى غۇلاچچە تىتىلىپ كەتكەن كىگىز، چىلەك، چۆگۈن، چۆمۈچ، تۆمۈردىن ياسالغان نەرسىلەر ئەمەس، دېھقانلار ئۆزلىرى تېرىپ ئۆستۈرگەن قاپاقلار» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتىن : ( )

A. ئارىلاش.قوشما جۈملە B. تەڭداش قوشما جۈملە

C. بېقىندىلىق قوشما جۈملە D. يۇقىرىقى ئۈچ ھۆكۈمنىڭ ھەممىسى خاتا

15. تۆۋەندىكىلەردىن باش جۈملىسى جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەن بېقىندىلىق قوشما جۈملە: ( )

A. دۇنيادا بارلىق ئىشلارنى ئىنسانلار قىلىدۇ ۋە ئۇلار دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق بىلىدۇ

B. ئاز- ئازدىن ئۆگەنگەن كىشى ئالىم بولىدۇ، تامچە-تامچە يىغىلسا دەريا بولىدۇ

C. بىرەر كىشى سىنىڭ ئەيىبىڭنى كۆرسىتىپ بەرسە ئۇنىڭغا رەددىيە بەرمە، چۈنكى ئۇ سەن ئۈچۈن ئەينەكتۇر

D. دوستى يوق، يا ھۈنىرى يوق كىشىنى قانداقمۇ ئادەم قاتاردا سانىغىلى بولسۇن

II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى

1. مەنە جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولغان( ) ئاددىي جۈملىنىڭ مەلۇم ( ) قوشما ئوي- پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. قوشما جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بەزىدە ( )، بەزىدە ( )، يەنە بەزىدە ( ) ھەم ( ) باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

2. قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە باغلانغانلىقىغا ئاساسەن( ) جۈملە، ( ) جۈملە ۋە ( ) جۈملە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىنىڭ باغلىنىش شەكلىگە ئاساسەن ( ) باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە ۋە ( ) باغلانغان تەڭداش

قوشما جۈملە دەپ (          ) تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
3. تەڭداش قوشما جۈملە بىلەن بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدە ئەڭ ئاز بولغاندا (          ) جۈملە بولىدۇ، ئاربلاش قوشما جۈملە تەركىبىدە ئەڭ ئاز بولغاندا (          ) جۈملە بولىدۇ.
4. تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بىر ـ بىرى بىلەن (          )، بېقىندىلىق باغلىنىشتىكى جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر (          )، ئاربلاش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر(          ) باغلىنىپ كېلىدۇ.
5. بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىسى بۇرۇن كەلگەندە، باش جۈملە بېقىندى جۈملە بىلەن(          ) قاتارلىق باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. بېقىندى جۈملىسى بۇرۇن، باش جۈملىسى كېيىن كەلگەندە (          ) ياكى (          ) باغلىنىپ كېلىدۇ.
6. «شۇنى بىلىش كېرەككى، قەتئىي ئىرادە بولغاندىلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر (          ) مۇناسىۋەتتە باغلانغان. ئاددىي جۈملىلەر بىر ـ بىرى بىلەن (          ) ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن. بىرىنچى جۈملە(          ) ئىككىنچى جۈملە (          ) دەپ ئاتىلىدۇ.
7. «باتۇرلار غەزەپلەنسە، قىلىچىنى ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە تەڭلەيدۇ؛ توخۇ يۈرەكلەر غەزەپلەنسە، خەنجىرىنى ئۆزىدىن ئاجىزلارغا تەڭلەيدۇ.» (لۇشۈن) بۇ جۈملە تەركىبىدىكى 1 ـ، 2 ـ جۈملە (          ) مۇناسىۋەتتە، 3 ـ، 4 ـ جۈملە (          ) مۇناسىۋەتتە، 1 ـ، 2 ـ جۈملە بىلەن 3 ـ 4 ـ جۈملە (          ) مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن. شۇڭا، بۇ جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى (          ) مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن دەيمىز، بۇ جۈملىنى (          ) مۇرەككەپ جۈملە دەيمىز.
8. «مەن شۇنداق دەپ ھېسابلايمەنكى، ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى خەلقئارالىق ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىگەندىمۇ، نەزەرىيىۋى فىزىكا پېنى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىشقا ھەقلىق» دېگەن جۈملە (          ) جۈملە.
9. «ھازىر كىشىلەر گىرىپتار بولۇۋاتقان كېسەللىكلەر تېخىمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇ ماددىي مەدەنىيلىكنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ كەملىكىدىن بولۇۋاتىدۇ» دېگەن جۈملە (          )، 1 ـ، 2 ـ جۈملە (          ) ئارقىلىق باغلانغان، 2 ـ جۈملە بىلەن 3 ـ جۈملە (          ) باغلانغان.

### III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ۋە پارچىلارنى ئوقۇپ، تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ قانداق باغلانغانلىقىنى ئېنىقلاڭ.
1) يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىش ئوربىتىسى چەمبەرگە ئوخشاش بولۇپ، قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقىدىكى ئۆزگىرىش چوڭ بولمايدۇ (          )
2) ئەگەر يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىش ئوربىتىسى روشەن ئېللىپس شەكلىگە ئوخشاپ قالسا، تۆت پەسىلنىڭ تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشى ھاياتلىقلارنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. (          )

3) ئەگەر يەرشارىنىڭ ماسسىسى كىچىك بولۇپ قالسا، تارتىش كۈچى كىچىك بولىدۇ-دە، ئاتموسفىرا مولېكۇلىلىرى ئاستا-ئاستا قېچىپ كېتىپ، ئاتموسفېرا قاتلىمىنى تۈتۈپ تۇرالماي، مېركۇري، پلوتۇن ۋە يەر شارىغا ئوخشاپ قالىدۇ.(          )

4) ئوقۇتقۇچى ئۆزى تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىنى ئىمتىھان بېرىشنىلا بىلىدىغان كىتاب مەستانىسى ئەمەس، بەلكى تېتىك ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان يېڭى كىشىلەردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. (          )

5) جۇڭگو تارىخىدا كاك يۇۋېي، تەن سىتۇڭ، لياڭ چىچاۋلار قوزغىغان ۋۇشۇي قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئاممىۋى ئاساس بولمىغاچقا، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئىچىنىشلىق ئۆلۈمى بىلەن مەغلۇپ بولغان.(          )

2. تەڭداش، بېقىندىلىق ۋە ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ ھەر بىرىگە تۆتتىن 12 جۈملە تۈزۈڭ.

3. ئوخشىتىش ۋە سېلىشتۇرۇشلەر قوللىنىلغان تەڭداش قوشما جۈملىدىن ئىككىنى تۈزۈڭ.

4. پېرسوناژنىڭ ھەرىكەت تەسۋىرىنى بېقىندىلىق قوشما جۈملە شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەڭ.

5. ھەرىكەت بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولغان، تەڭداش قوشما جۈملىدىن ئىككىنى تۈزۈڭ.

# §6. كۆچۈرمە جۈملە توغرىسىدا چۈشەنچە

سۆزلىگەندە ياكى ماقالە ئەسەرلەرنى يازغاندا پىكىرنىڭ جەلپ قىلىش، قايىل قىلىش ۋە ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن باشقىلار — كۆپىنچە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ، سىياسىيونلارنىڭ، خەلقنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك ئەقلىيە سۆزلىرى ۋە خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى ئەينەن قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇ ئەينەن ئىشلىتىلگەن باشقىلارنىڭ گەپ- سۆزلىرى كۆچۈرمە جۈملە ياكى كۆچۈرمە سۆز بولىدۇ.

**ئاپتورنىڭ گەپ - سۆزى ئىچىدە ئەينەن ئىشلەتكەن باشقىلارنىڭ گەپ- سۆزلىرى كۆچۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

**كۆچۈرمە جۈملە ئادەتتە ئاپتور سۆزىنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىدا ۋە ئاخىرىدا، بەزىدە ئاپتور سۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كېلىدۇ.**

**1. كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن كېيىن كەلسە، ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت (:) قويۇلۇپ، كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ يېزىلىدۇ. كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا قانداق تىنىش بەلگىسى بولسا، شۇ بەلگە قويۇلۇپ، قوش تىرناق يېپىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر نەۋائىي مۇنداق دېگەندى: «ئىنسانىنىڭ مۇھىم خىسلەتلىرىدىن بىرى - ئاتا- ئانىنى ھۆرمەت قىلىش.»

بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دېگەن: «بىز قانۇن، ئەدەپ- قائىدىلەرنىڭ تەرەپدارى تۇرساق، بۇ قانۇنلارنى بۇزۇش بىزگە قانداق يارىشىدۇ؟»

**2. كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن بۇرۇن كەلسە، كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ ئاندىن ئاپتور سۆزى يېزىلىدۇ.** مەسىلەن:

«چۈشكۈنلۈككە قاراپ ماڭغان ياش يىگىتنىڭ قىياپىتىدەك ئېچىنىشلىق نەرسە يوق» دېگەنىدى مارك تىۋېن.

«ئىنسان ئۈچۈن تاج كىيمەك شەرت ئەمەس، ۋىجدان ئىگىسى بولۇش شەرت» دېگەنىدى ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر نەۋائىي.

**3. كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ئوتتۇرىدا كەلسە، باشتىكى ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلۇپ، كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. ئاخىرىدا قوش تىرناق يېپىلىپ ئاپتور سۆزىنىڭ داۋامى يېزىلىدۇ.** مەسىلەن:

ئۇلۇغ ئەدىب ئەخمەد يۈكنەكى: «ياخشىغا قۇچاق ئاچ، ياماندىن نېرى قاچ» دېگەنىدى.

بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ياخشىلىق يۇقىرىغا يامىشىشتەك ئېغىر ئىشتۇر، يامانلىق تۆۋەنگە چۈشۈشتەك ئېرىشمەك ئاساندۇر» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

**4. بەزىدە ئاپتور سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا ئاپتور سۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سىزىق قويۇپ كۆچۈرمە جۈملىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ. ئەگەر كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئۈزۈلگەن جايىدا سوئال ياكى ئۈندەش بەلگىسى بولسا، پەش قويۇلمايدۇ.** مەسىلەن:

«مېنىڭ ئۈمىدىم، — دېدى ئانام، — سېنىڭ جەمئىيەتكە ۋە مىللەتكە ياراملىق ئادەم بولغىنىڭنى كۆرۈش.»

سىز ھاياتنى قەدىرلەمسىز؟ — دېگەنىدى فرانكلىن — ئۇنداقتا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماڭ.»

ئەگەر كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئۈزۈلگەن جايىدا سوئال، ئۈندەش قاتارلىق تىنىش بەلگىلىرى بولمىسا، ئاپتور سۆزى ھەر ئىككى تەرەپتىن پەش، سىزىق ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. مەسىلەن:

«مانا بۇ بىزنىڭ مەكتەپ، — دېدى ماھىرە ئۆز مەكتىپىگە ھەۋەسى كەلگەنىدەك قىياپەتتە، — پۈتۈنلەي باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، يازلىقى مېۋىلەر پىشىپ، گۈللەر ئېچىلىپ كەتسە، ئادەمنىڭ مەكتەپ ئىچىدىن چىققۇسى كەلمەيدۇ.»

«قەلب يارىسىنى داۋالاش، — دەيتتى ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە، — تەن يارىسىنى داۋالاشتىن مۇھىم.»

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى دىئالوگ بىلەن مالوگمۇ شۇ جۈملىدىكى كۆچۈرمە جۈملە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ خىل جۈملىلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنماي ئىپادىلىنىۋېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئايرىم ئىشلىتىلگەندە كۆچۈرمە جۈملىنى يېزىش قائىدىسى بويىچە يېزىلىدۇ.

كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1) كۆچۈرمە جۈملە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ھېچقانداق ئۆزگەرتىلمەي قوللىنىلىدۇ.

2) كۆچۈرمە جۈملە ئېغىزدا ئىنتوناتسىيە، يېزىقتا مۇناسىپ تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئاپتور سۆزىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

3) ئاپتور سۆزى (جۈملىسى) ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن كۆچۈرمە جۈملىلەر، مەيلى ئۇ ئاددىي جۈملە بولسۇن ياكى مۇرەككەپ جۈملە بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى جۈملە سالاھىيىتىنى يوقىتىپ، جۈملىنىڭ مەلۇم بىرلا بۆلىكى (كېڭەيگەن بۆلەك) سۈپىتىدە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

## §7. ئۆزلەشتۈرمە جۈملە

سۆزلىگەندە ياكى ماقالە ئەسەرلەرنى يازغاندا بەزىدە دېمەكچى بولغان ئوي- پىكىرنى چوڭقۇر، قايىل قىلارلىق ئىپادىلەش شۇنداقلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ داھىيلارنىڭ سۆزلىرىنى مەزمۇننى ساقلاپ قېلىپ، جۈملىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قوللىنىلىدۇ. مۇشۇنداق شەكىلدە قوللىنىلغان جۈملە ئۆزلەشتۈرمە جۈملە بولىدۇ.

**ئاپتورنىڭ باشقا كىشىلەرنىڭ گەپ- سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قوللانغان سۆزلىرى ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەردە ئاپتور باشقىلارنىڭ گېپىنى ئۆز گېپى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ئىشلىتىدۇ، يېزىقتا ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن مەلۇم بەلگە ئارقىلىق ئايرىلمايدۇ. نۇتۇقتا ئاپتور سۆزى بىلەن بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

1. مۇئەللىم بىزگە: «مىللەتنى روناق تاپتۇرۇش مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى» دېگەنىدى (كۆچۈرمە جۈملە).

2. مۇئەللىم بىزگە مىللەتنى روناق تاپتۇرۇش مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

3. مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى مۇنداق دېگەنىدى: «ئەقىللىق بولغىنىكى، قارا كۆڭۈل بولما؛ سەممىمىي بولغىنىكى، ئىككى يۈزلىمچى بولما» (كۆچۈرمە جۈملە).

مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى ئەقىللىق بولۇش، قارا كۆڭۈل بولماسلىق؛ سەممىمىي بولۇش، ئىككى يۈزلىمچى بولماسلىق لازىملىقىنى ئېيتقانىدى.

كۆچۈرمە جۈملىنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇشتا كۆچۈرمە جۈملىنىڭ [illegible]ىك ئاخىرىغا لىقىنى، كېرەكلىكىنى، لازىملىقىنى، ئىكەنلىكىنى ... دېگەندەك قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق كۆچۈرمە جۈملە ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

1. رۇسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى ل. ت. تولستوي: «ۋىجدان بۇيرۇمىغان ھەممە نەرسىدىن ئۆزۈڭنى تارت» دېگەنىدى. (كۆچۈرمە جۈملە)

2. رۇسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى ل. ت. تولستوي ۋىجدان بۇيرۇمىغان ھەممە نەرسىدىن ئۆزىنى تارتىش لازىملىقىنى ئېيتقانىدى. (ئۆزلەشتۈرمە جۈملە)

كۆچۈرمە جۈملە قوشما جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرغاندا ھەر بىر ئاددىي جۈملىنىڭ خەۋىرى جۈملىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى ۋە جۈملىدىكى شەخسكە ئاساسەن مۇناسىپ ئۆزگەرتىلىدۇ. مەسىلەن:

1. ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر نەۋائىي: «ئاق كۆڭۈل ۋە پاك بولغانلار ئادەمنىڭ ياخشىلىرىدۇر. ھەقنى سۆزلەشتىن قورقمايدىغان، ئۆزى پاك ۋە كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەرلا ‹ئىنسان› دېگەن نامغا لايىقتۇر» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى. (كۆچۈرمە جۈملە)

ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر نەۋائىي ئاق كۆڭۈل ۋە پاك بولغانلار ئادەملەرنىڭ ياخشىلىرى ئىكەنلىكىنى، ھەقنى سۆزلەشتىن قورقمايدىغان، ئۆزى پاك ۋە كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەرنىڭلا ئىنسان دېگەن نامغا لايىق ئىكەنلىكىنى ناھايىتىمۇ توغرا ئېيتقان. (ئۆزلەشتۈرمە جۈملە)

2. بوۋاي ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا: «ئىككەن كۆچەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كۆكلەپتۇ، يەنە بىر ئىككى يىل تەخىر قىلساق، يېڭى مېۋىلەرگە ئېغىز تېگەلەيمىز» دېدى. (كۆچۈرمە جۈملە)

بوۋاي ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا تىككەن كۆچەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆكلىگەنلىكى، يەنە بىر ئىككى يىل تەخىر قىلسا، يېڭى مېۋىلەرگە ئېغىز تېگەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. (ئۆزلەشتۈرمە جۈملە)

## كۆچۈرمە جۈملە، ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى

**I تاللاش سوئاللىرى**

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋابتىن پەقەت بىرسىلا سوئال تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇ جاۋابنى تاللاڭ.

1. كۆچۈرمە جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. تىلىمىزدا كۆچۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدىغان ئايرىم جۈملىلەر بار

B. جۈملىلەر تەركىبىدە باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى ئەينەن ئىشلىتىلگەن بولسا، شۇ جۈملىلەر كۆچۈرمە جۈملە بولىدۇ

C. كۆچۈرمە جۈملىلەر ئادەتتە كۆپ قوللىنىلمىغاچقا، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىدە ئالاھىدە قائىدىلەرمۇ يوق

D. كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئاپتور سۆزىنىڭ قانداق جايلىرىدا كېلىدىغانلىقىغا ئاساسەن مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلەرنى قويۇش بەلگىلەنمىگەن

2. كۆچۈرمە جۈملىنىڭ تىنىش بەلگىسى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن كېيىن كەلسە،كۆچۈرمە جۈملىنىڭ بېشىغا قوش چېكىت( : )

قويۇلۇپ، كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە يېزىلىدۇ. كۆچۈرمە جۈملە تۈگىگەندىن كېيىن كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا قانداق تىنىش بەلگىسى بولسا، شۇ بەلگە قويۇلۇپ، قوش تىرناق يېپىلىدۇ

B. كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، كۆچۈرمە جۈملىنىڭ بېشىغا قوش چېكىت، قوش تىرناق قويۇلىدۇ، ئاخىرىدىكى ئاپتور سۆزىنىڭ ئالدىدىن قوش تىرناق يېپىلىدۇ

C. كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن بۇرۇن كەلسە، كۆچۈرمە جۈملىنىڭ بېشىغا قوش تىرناق ئېچىلىپ، ئاخىرىدىكى ئاپتور سۆزىنىڭ ئالدىدىن قوش تىرناق يېپىلىدۇ

D. كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەلسە، كۆچۈرمە جۈملە باش ۋە ئاخىرىدىن قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ يېزىلىدۇ

3. ئەلشىر نەۋائىي مۇنداق دېگەنىدى: « قەلب جاراھەتلىرىنىڭ مەنئىي سەۋەبى كۆپ سۆزلەشتىندۇر» دېگەن جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى ( )

A. بۇ جۈملىدە كۆچۈرمە جۈملە ئەمەس، كۆچۈرمە سۆز قوللىنىلغان

B. بۇ كۆچۈرمە جۈملە قوللىنىلغان جۈملە بولۇپ، كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن كېيىن كەلگەن

C. بۇ جۈملىدە نەۋائىينىڭ سۆزى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ قوللىنىلغان

D. گەرچە بۇ جۈملىدە كۆچۈرمە جۈملە قوللىنىلغان بولسىمۇ، تىنىش بەلگىلىرى توغرا قوللىنىلمىغان

4. لېۋ تولستوينىڭ «غايە — يول كۆرسەتكۈچ نۇرلۇق چىراغ، غايە بولمىسا، مۇقىم نىشان بولمايدۇ، نىشان بولمىسا، تۇرمۇشمۇ بولمايدۇ» دېگەن بۇ سۆزىنى ئاپتور سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلتۈرۈپ ئىشلەتكەندە تەلەپكە ئۇيغۇن بولىدىغىنى: ( )

A. لېۋ تولستوي:« غايە ـ يول كۆرسەتكۈچ نۇرلۇق چىراغ، غايە بولمىسا، مۇقىم نىشان بولمايدۇ، نىشان بولمىسا، تۇرمۇشمۇ بولمايدۇ» دېگەنىدى

B. «غايە يول كۆرسەتكۈچ نۇرلۇق چىراغ ـ دېگەنىدى لېۋ تولستوي ـ غايە بولمىسا، مۇقىم نىشان بولمايدۇ؛ نىشان بولمىسا، تۇرمۇشمۇ بولمايدۇ»

C. لېۋ تولستوي غايە — يول كۆرسەتكۈچ نۇرلۇق چىراغ ئىكەنلىكى، غايە بولمىسا، نىشانمۇ بولمايدىغانلىقى، نىشان بولمىسا، تۇرمۇشنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى

D. « غايە ـ يول كۆرسەتكۈچ نۇرلۇق چىراغ، غايە بولمىسا، مۇقىم نىشان بولمايدۇ، نىشان بولمىسا، تۇرمۇشمۇ بولمايدۇ» دېگەنىدى لېۋ تولستوي

5. تۆۋەندىكىلەردىن كۆچۈرمە جۈملىنىڭ تىنىش بەلگىلىرى توغرا قويۇلغىنى: ( )

A. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ياخشى كىشى يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ، يارىماسلارغا قوپاللىق قىلمايدۇ ھەم يېقىنلاشمايدۇ» دېگەنىدى

B. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «سەن ئۆزۈڭگە ئېسەنلىك تىلىسەڭ، تىلىڭدىن يارامسىز سۆزلەرنى چىقارما»ـ دېگەنىدى

C. «ئەگەر سەن بارلىق خاتالىقلارنى ئىشىك سىرتىدا قالدۇرساڭ ـ دەيدۇ تاگور ـ ھەقىقەتمۇ ئىشىك سىرتىدا قالىدۇ

D. «قەتئىي بوشاشماي ئالغا ئىلگىرىلەيلى! — دېدى قوماندان كەسكىن ھالدا، — بوشاڭلىق مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسى!»

6. ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دېگەنلىك ئۆزاق قوللىنىش جەريانىدا تىلغا ئۆزلىشىپ كەتكەن جۈملە دېگەنلىك

B. باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىپ شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئاساسىدا قولللىنىلغان جۈملە دېگەنلىك

C. كۆچۈرمە جۈملىنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرغاندا جۈملىنىڭ مەزمۇنى ھەم شەكلى ئۆزگىرىدۇ

D. كۆچۈرمە جۈملە قوشما جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرغاندا ئەڭ ئاخىرقى جۈملىنىڭ خەۋىرىلا ئۆزگەرتىلىدۇ

7. نەجىب مەھپۇز:«ئۆتتۇۋاتقان ئۆمرۈڭدىن خەۋەرسىز بولما، ئۇنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە سەرپ قىل» دېگەنىدى. دېگەن جۈملىنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرغاندا توغرا بولىدىغىنى: ( )

A. «ئۆتتۇۋاتقان ئۆمرۈڭدىن خەۋەرسىز بولما، ئۇنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە سەرپ قىل» دېگەنىدى نەجىب مەھپۇز

B. نەجىب مەھپۇز ئۆتتۇۋاتقان ئۆمرۈڭدىن خەۋەرسىز بولما، ئۇنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە سەرپ قىل دېگەنىكەن

C. نەجىب مەھپۇز ئۆتتۇۋاتقان ئۆمۈردىن خەۋەرسىز بولماسلىق لازىملىقىنى، ئۇنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىش لازىملىقىنى ئېيتقانىدى

D. نەجىب مەھبۇز ئۆتتۇۋاتقان ئۆمۈردىن خەۋەرسىز يۈرمەسلىك لازىملىقىنى، ئۇنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىش لازىملىقىنى ئېيتقانىدى

8. گوۋۇيۈەننىڭ «ئاساس ماتېرىيال ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» دا: «يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش — ساپا ماتېرىيالىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى»دەپ كۆرسىتىلگەن دېگەن جۈملە ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. كۆچۈرمە جۈملىدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى ئاپتور سۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن

B. بۇ جۈملىدىكى كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن

C. بۇ جۈملىدىكى كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن

D. بۇ جۈملىنىڭ بېشىدىكى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆز ئاپتور سۆزى بولۇپ، قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنماسلىقى كېرەك ئىدى

**II بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرى**

1. كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ( ) ( ) ( ) ۋە ( ) دە كېلىدۇ.

كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن كېيىن كەلسە، كۆچۈرمە جۈملىنىڭ بېشىغا ( ) قويۇلۇپ، ( ) كۆچۈرمە جۈملە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ( ).

كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن بۇرۇن كەلسە، كۆچۈرمە جۈملىنىڭ بېشىغا ( )، ئاپتور سۆزىنىڭ ئالدىدىن ( ).

2. كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، كۆچۈرمە جۈملىنىڭ بېشىغا ( ) قويۇلۇپ، ( ) ئاخىرىغا ( )، كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىدا كەلگەن ئاپتور سۆزى ئىككى تەرىپىدىن ( ) ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ. باشتىكى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئۈزۈلگەن جايىدا ئەگەر سوئال ياكى ئۈندەش بەلگىسى بولسا ( ) قويۇلمايدۇ.

3. كۆچۈرمە جۈملىنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرغاندا كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ( )نىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، يەنى ( ) ئاخىرىغا بەزى( ) قوشۇش ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرىمىز. كۆچۈرمە جۈملىنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە

ئايلاندۇرغاندا قوش تىرناقنى (                    ).

4) ئەسكى كىيىم، ناچار تاماقتىن نومۇس قىلىدىغانلار روناق تاپماس ھەم پىكىرلىك بولماس دېگەنىكەن كۇڭزى دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى كۆچۈرمە جۈملىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تىنىش بەلگىسى (                    ).

5) ئارىستوتىل مەنىسىز ئۆتكەن ھاياتنى ئەسلەشكە ئەرزىمەيدۇ دەپ توغرا ئېيتقان. دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى كۆچۈرمە جۈملىگە ماس كېلىدىغان تىنىش بەلگىسى(                    ).

Ⅲ مەشىق ئىشلەش سوئالى

1. بالزاكنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئاپتور سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلتۈرۈپ، تىنىش بەلگىلىرىنى ئۆلچەملىك قويۇپ يېزىڭ.

ئۆز- ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، يالغانچىلىق ۋە ئاسان ئىشىنىپ كېتىش — كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈچ چوڭ خادا تاش

2. سۇخوملىنىسكىينىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئاپتور سۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەلتۈرۈپ، تىنىش بەلگىلىرىنى ئۆلچەملىك قويۇپ كۆچۈرۈڭ.

مۇزىكا تەربىيىسى - مۇزىكا مۇتەخەسسىسى تەربىيىلەش ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

3. تۆۋەندىكى ئەقلىيە سۆزلەرنى يېزىلغان تەرتىپى بويىچە كۆچۈرمە جۈملىلەرنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ يېزىڭ.

ئاتا ئوغلىغا قاتتىق قول بولسا دەيدۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوغلى  ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىدۇ، ئاتا-ئانىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ. ئەگەر قاتتىق قول بولمىسا، ئۇ چاغدا بالا نابۇت بولۇپ كېتىدۇ.

ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى ئەدەپ كىچىكلەر ئۈچۈن بەخت-سائادەتكە سەۋەبچىدۇر، ئۇلۇغ كىشىلەر ئۈچۈن يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇشقا سەۋەبچىدۇر دېگەنىدى

بالزاك مۇنداق دېگەن ئادەم ئۈچۈن ۋابا قورقۇنچلۇق، ئەمما ئىچىملىك ئۇنىڭدىنمۇ يامان.

4. تۆۋەندىكى كۆچۈرمە جۈملىلەرنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭ.

سەئىدى شىرازى: «قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەر قابىلىيەتلىكلەرنى كۆرەلمەيدۇ، خۇددى

بازار ئىتلىرى ئۇۋ ئىتلىرىنى كۆرسە قاۋاپ قېشىغا يېقىن بارالمىغاندەك» دېگەنىدى.

سەئىدى شىرازى مۇنداق دېگەنىدى: «ئىككى خىل كىشى بىھۇدە جاپا چېكىدۇ ۋە پايدىسىز ئەمگەك قىلىدۇ: بىرى، مال توپلايدۇ، يېمەيدۇ؛ يەنە بىرى، ئىلىم ئۆگىنىدۇ، ئىشلەتمەيدۇ.»

«كىتاب ئوقۇش مەدەنىيەتلىك ئادەملەر ئۈچۈن زۆرۈردۇر. مەن كىتاب ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىمەن، بۇ مېنىڭ قىممەتلىك ئادىتىم» دېگەنىكەن گوركىي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# XIX باب تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى

## 1. مۇھىم بىلىم نۇقتىلىرى

تىنىش بەلگىلىرى ئوي - پىكىرنى توغرا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش، سۆز- جۈملىلەرنى ۋە جۈملە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان شەرتلىك بەلگىلەردىن ئىبارەت .

تىنىش بەلگىلەر توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆگەنگەندە تىنىش بەلگىلەرنىڭ نېمىلىكى، قانداق رولى بارلىقى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا قانداق تىنىش بەلگىلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قانداق ئورۇنلاردا قوللىنىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى پۇختا ئىگىلەش، تىل - يېزىق خىزمىتى داۋامىدا تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قوللىنالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش كېرەك .

تىل ئۆگىنىش، شۇ تىلنىڭ يېزىقىنى بىلىش قانچىلىك مۇھىم بولسا، تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشنى بىلىشمۇ شۇنچىلىك مۇھىم. يېزىقنى ئۆگەنگەندىن كېيىن تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا ئىشلىتىشنى بىلىش ياكى بىلمەسلىك بىر كىشىنىڭ يېزىقنى ۋە شۇ يېزىقنىڭ يېزىق مەدەنىيىتىنى پۇختا ئىگىلىگەن ياكى ئىگىلىمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يېزىشنىلا بىلىپ، تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا ئىشلىتىشنى بىلمەسلىك شۇ يېزىقنى مۇكەممەل بىلگەنلىك ھېسابلانمايدۇ . يېزىشنى بىلىش بىلەن بىرگە يېزىقنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشنى پۇختا بىلگەندىلا، ئاندىن شۇ يېزىقنى مۇكەممەل ئىگىلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا يېزىشنى بىلىش بىلەن بىرگە يېزىقنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇشنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك .

تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇشنى پۇختا ئىگىلەش ئۈچۈن، نەزەرىيىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىرگە تىل - يېزىقتىن پايدىلىنىپ ئوي - پىكىرنى بايان قىلغاندا ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تىنىش بەلگىسىنى قويۇشنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي- پىكىرنى توغرا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەشتىكى رولىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىپ، تىنىش بەلگىلەرنى قويۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## 2. تىنىش بەلگىلەرنى توغرا قوللىنىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

تىنىش ــ بەلگىلىرى يېزىقنىڭ تەرەققىي قىلغان، ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك ، ئىلمىي يېزىق ئىكەنلىكىنى، يېزىقنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى .

تىنىش بەلگىلىرى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي- پىكىرنى توغرا، ئېنىق، راۋان، چۈشىنىشلىك ئوقۇشقا ياردەم بېرىدىغان بەلگىلەر. تىنىش بەلگىلەرنى توغرا قوللىنىش، قوللانماسلىق يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي- پىكىرنىڭ مەزمۇنىغا ۋە ئۇنى كۆرگۈچىنىڭ چۈشىنىشىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قويمىغاندا

ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەشكە تەسىر يېتىپلا قالماي ، ئۇنى كۆرگۈچىنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىگىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ھەر قانداق ماقالە ـ ئەسەر ياكى خەت ـ ئالاقىلەرنى يازغاندا تىنىش بەلگىلەرنى ئىشلىتىشكە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ .

خەت يازغاندا تىنىش بەلگىلەرنى توغرا قوللىنىشتا تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1) تىنىش بەلگىلەرنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىش كېرەك. تىنىش بەلگىلەرنىڭ نېمىلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەندە تىنىش بەلگىلىرىنى قوللىنىشقا سەل قارىلىپ، خەت ـ ئالاقىدە تىنىش بەلگىلىرى توغرا قويۇلمايدۇ. نەتىجىدە يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ھەتتا خاتا ئىپادىلىنىپ قالىدۇ.

2) تىنىش بەلگىلەرنىڭ قايسىسىنىڭ قانداق ئورۇنلاردا قوللىنىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى پۇختا ئىگىلەش، يېزىش ئەمەلىيىتىدە شۇ بويىچە قويۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ھەربىر تىنىش بەلگىسىنىڭ قانداق جايلاردا قوللىنىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى قائىدىلەرنى بىلمەي، تىنىش بەلگىلىرىنى قويغاندا، توغرا قوللانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا قايسى تىنىش بەلگىسىنىڭ قانداق جايلارغا قويۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قائىدىلەرنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك.

3) ماقالە ـ ئەسەرلەرنى ۋە ھەر خىل يازمىلارنى ئوقۇغاندا ئەستايىدىل ئوقۇپ ، مەزمۇننى چۈشىنىش بىلەن بىرگە، قايسى جايغا قانداق تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قويۇلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ ئوقۇش ئارقىلىق، قانداق ئورۇنغا قانداق تىنىش بەلگىسى قويۇلىدىغانلىقىنى پۇختا ئىگىلىۋېلىش كېرەك.

4) خەت يازغاندا مۇۋاپىق ئورۇنلارغا مۇۋاپىق تىنىش بەلگىسىنى قويۇپ يېزىشقا ئادەتلىنىش ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تىنىش بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ رولى ھەم قوللىنىلىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى بىلگەن تەقدىردىمۇ خەت يازغاندا ئۇنى قويۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەندە، ئۆگەنگەن نەزەرىيىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ . خەت يازغاندا ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تىنىش بەلگىلەر توغرا قويۇلغاندىلا ئاندىن ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننىڭ توغرا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، خەت ئوقۇغۇچىنىڭمۇ خەتتە يېزىلغان مەزمۇنلارنى ئەنە شۇ تىنىش بەلگىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا توغرا ئېنىق چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك.

## §1. تىنىش بەلگىلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە

**يېزىق تىلىدا ئوي ـ پىكىرنى توغرا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش، سۆز ـ جۈملىلەر ۋە جۈملە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان شەرتلىك بەلگىلەر تىنىش بەلگىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

پىكىر ئېغىز ۋە يېزىق تىلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئېغىز تىلىدا مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر، ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى ھەرقايسى بۆلەكلەر ئۇرغۇ، ئىنتوناتسىيە، پائۇزا قاتارلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن باغلىنىپ، پىكىر چۈشىنىشلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ئېغىزچە نۇتۇق يۇقىرىقىدەك شارائىتتىن ئايرىلسا، ئىپادە قىلماقچى بولغان ئوي ـ پىكىر يېقىمسىز،

چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدۇ.

يېزىق تىلىدا بەلگىلىك قائىدىلەرگە ئاساسلانغان تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق جۈملىلەرنىڭ مەنىسى، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، جۈملىنىڭ خاراكتېرى ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ. تىنىش بەلگىلىرى توغرا، چۈشىنىشلىك ۋە ئېنىق ئىپادىلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تىنىش بەلگىلىرى مۇۋاپىق قويۇلمىغان ماقالە ئەسەر ياكى خەت ـ ئالاقىلەرنى ئوقۇتۇشتا ۋە مەزمۇنىنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك قىيىنچىلىق يۈز بېرىدۇ.

تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا ئىشلىتىشنى بىلىش ياكى بىلمەسلىك بىر كىشىنىڭ يېزىقىنى (يېزىق مەدەنىيىتىنى) پۇختا ئىگىلىگەن ياكى ئىگىلىمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇھىم ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر. تىل ئۆگىنىش، يېزىقنى بىلىش قانچىلىك مۇھىم بولسا، تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشنى بىلىشمۇ شۇنچىلىك مۇھىم.

تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى گرامماتىكىلىق يېزىش قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىدۇ. تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا ئىشلىتىشنى بىلىش ئۈچۈن گرامماتىكىلىق قائىدىلەر ۋە تىلىمىزنىڭ ئىملا قائىدىسىنى ياخشى ئۆگىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تىنىش بەلگىلىرى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىرنىڭ چۈشىنىشلىك، توغرا ۋە راۋان ئىپادىلىنىشىدە مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، بەلكى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا يېزىقى مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلاشقان مىللەتلەر ئۆزىنىڭ يېزىق تىلىدا تىنىش بەلگىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مەتبۇئاتلاردا قوللىنىلىدۇ. ھەربىر شەخسمۇ ئۆز يېزىقىدا تىنىش بەلگىلىرىنى قوللىنىش قائىدىسىگە ئەمەل قىلىشى، ئۇنى توغرا ئىشلىتىشى لازىم. بۇ شۇ كىشىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە، يېزىق بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن تىلنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گرامماتىكا قائىدىلىرىنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قانداق زۆرۈر بولسا، تىنىش بەلگىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىشمۇ شۇنداق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئومۇمەن، ئاغزاكى تىلنى يېزىق ئارقىلىق توغرا، چۈشىنىشلىك ئىپادە قىلىشتا تىنىش بەلگىلىرى تۆۋەندىكىدەك مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ:

1. تىنىش بەلگىلىرى ھەرقانداق شەكىلدىكى يازمىلارنى توغرا، ئېنىق، راۋان ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ.

2. يازما نۇتۇقتىكى سۆز ـ جۈملىلەرنى قانداق ئاھاڭدا ئوقۇش، قانداق سۈرئەتتە ئوقۇش، قايسى جايلاردا توختاش قاتارلىق تىنىش رىتىملىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

3. جۈملە ۋە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، باغلىنىش ھەم ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

4. مۇرەككەپ جۈملىلەرنى ئوقۇپ، چۈشىنىشنى ئوڭايلاشتۇرىدۇ.

## §2. تىنىش بەلگىلىرىنى قوللىنىش قائىدىلىرى

ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان تىنىش بەلگىلىرى قۇرۇلما پىرىنسىپى ۋە مەنە پىرىنسىپىنى ئاساس قىلىش ۋە بۇلارنى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلەشتۈرۈش ئاساسىدا سان ۋە ئىشلىتىش قائىدىسى جەھەتتىن بىر قەدەر ئومۇملاشتى ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا تۆۋەندىكى تىنىش بەلگىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

1. چېكىت (.) 5. چېكىتلىك پەش (؛) 9. تىرناق ( ( ))

2. سوئال بەلگىسى (؟) 6. قوش چېكىت (:) 10. سىزىقچە (-)

3. ئۈندەش بەلگىسى (!) 7. قوش تىرناق («») 11. سىزىق (—)

4. پەش (،) 8. يالاڭ تىرناق (‹›) 12. كۆپ چېكىت (. . .)

### 1. چېكىت ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

**1) تولۇق ئاياقلاشقان بىرلا ئوي - پىكىرنى بىلدۈرىدىغان بايان جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ.** مەسىلەن :

دەرەختىكى قۇشقاچلار پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى.

مەمتىلى تەۋپىق ئاتاقلىق مائارىپچى

**2) ئۆتۈنۈش، تىلەك، مەسلىھەت مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ .** مەسىلەن:

يۇر دوستۇم، باھارنىڭ گۈل پەسلى يېتىپ كەلدى، بىز كۆكلەم كۈلگەن باغقا بارايلى.

مىجەزىڭىز يوق بولسا دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈپ بېقىڭ.

**3) قىسقارتىپ يېزىلغان ئادەم ئىسىملىرىدىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ .** مەسىلەن : (زۇنۇن قادىر ) ئا . ئۇيغۇر ( ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ) ، ت . سامساق ( تۇردى سامساق ) .

**4) پىكىرنىڭ رەت- تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان قاتار سانلاردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ.** مەسىلەن : جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى:

1 . تولدۇرغۇچى

2. ئېنىقلىغۇچى

3. ھالەت

**5) يىل ، ئاي ۋە كۈنلەر رەقەم بىلەنلا ئىپادىلەنگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ .** مەسىلەن :

1949.10.1 1971.1.11 1994.5.9 2001.9.11 2011 .28.9

**6) ئونلۇق كەسىرلەردىكى پۈتۈن سان بىلەن كەسىر سان ئارىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ.** مەسىلەن :

1.25 ( بىر پۈتۈن يۈزدىن يىگىرمە بەش )

2.16 ( ئىككى پۈتۈن يۈزدىن ئون ئالتە )

**7) كىتابلاردىكى باب، پاراگراف بەلگىسىدىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ .** مەسىلەن :

20. باب تىنىش بەلگىلەر

§1. تىنىش بەلگىلەر توغرىسىدا چۈشەنچە

§2. تىنىش بەلگىلەرنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى

§3 . تىنىش بەلگىلەرنىڭ تۈرلىرى

## 2. سوئال بەلگىسى ( ؟ ) ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

**1) بىرلا ئوي - پىكىرنى بىلدۈرىدىغان سوئال جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ؟** مەسىلەن:

سىز قانداق كىتابلارنى ئوقۇدىڭىز ؟

سىز قايسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىسىز؟

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانچە دوكتور ، قانچە پروفېسسور بارلىقىنى بىلەمسىز ؟

**2) تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن سوئال جۈملىلەردە ھەر بىر جۈملىدىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ . ئالاھىدە تەكىتلەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا سوئال بەلگىسى ئەڭ ئاخىرقى جۈملىدىن كېيىن قويۇلىدۇ .** مەسىلەن :

جەمئىيەت قانداق ياشلارغا موھتاج ؟ بىز قانداق تەربىيىلىنىۋاتىمىز ؟ مۇشۇنداق تەربىيىلەنسەك كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە ماسلىشالامدۇق ؟ دېگەن مەسىلە ھەر بىر ياش ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرىدىغان مەسىلە .

## 3. ئۈندەش بەلگىسى (!) ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

**1) ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ۋە شوئار، چاقىرىق مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

ئاھ ! بۇ ئاخىرقى دەرسنى مەن ھەقىقەتەن مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن!

پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل شەھەر بۇ!

دۇنيادىكى بارلىق ئەللەر بىرلىشىپ دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغدايلى!

**2) ئۈندەش ئاھاڭدا ئېيتىلغان ئىملىق سۆزلەر ۋە قاراتما سۆزلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ .** مەسىلەن:

خەپ ! سېنىڭ ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم !

توۋا ! بۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆردۈڭلارمۇ؟

بالام ! سەن مېنىڭ كەلگۈسۈم ھەم بەختىم.

بەزى جۈملىلەر ھەم سوئال ھەم ئۈندەش مەزمۇنىدا كېلىشى مۇمكىن. مۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ھەر ئىككى بەلگە تەڭ ئىشلىتىلىدۇ . يەنى قايسى مەزمۇن كۈچلۈك بولسا ، شۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان بەلگە بۇرۇن قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

توۋا ، قاراڭلار . ماۋۇ مەن ئۈچ يىل ھەيدىگەن ھارۋىنىڭ پەنلىرىغۇ !؟

- ئەي زەرەپشان ، زەرەپشان ! سەندە ئېقىۋاتقىنى قان- يىرىڭ ، يۈرەكنىڭ زەرداب سۈيى ئەمەسمۇ !؟

مۇنداق ئەھۋال شېئىرلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ .

ئويلا كىم بەردى ھوقۇقنى، قەدرۇ - قىممەتنى ساڭا؟!

ئىجتىھات ھەمدە تالانتنى، نامۇ - شۆھرەتنى ساڭا؟!

خەلق ئەمەسمۇ بەخش ئەتكەن بۇ ئىناۋەتنى ساڭا؟!

www.uyghurkitap.com

كىم قويۇپتۇ كىبىرى قىلماق كەبى ئىللەتنى ساڭا؟!
بولغۇسى يورۇق يۇزۇڭ «ئالەمدە بىر مەردمەن» دېسەڭ.
............................ (ۋاھىتجان غوپۇر شېئىرى)

## 4. پەش (،) ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

**1) باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش، ئاجرىتىش ئۈچۈن ھەر بىر ئاددىي جۈملىدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

«دونكىخوت» ناملىق بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا 400 يىلدىن ئاشتى، بۇ كىتاب يەنىلا كىتابخانىلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتابلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

پەن- تېخنىكا — بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش قىياپىتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مول بىلىم ئىگىلەپ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن شان- شەرەپ كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

**2) جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى، رولى، خاراكتېرى، ماھىيىتى ۋە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇش، مۇبالىغە ۋە جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

**3) تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار، سەۋەب باغلىغۇچىلار ۋە كۆچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملىلەردە شۇ باغلىغۇچىلارنىڭ ئالدىدىن پەش قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ ھاۋا گۈلدۈرلىدى، لېكىن يامغۇر ياغمىدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم، بىراق گەپ سۆز قىلمىدىم.

مېۋىلەردىن ھوسۇل ئالالمىدۇق، سەۋەبى بۇ يىل قۇرت ئاپىتى يۈز بەردى.

**4) «يا، ياكى» ئايرىغۇچى باغلىغۇچى، «ھەم» بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىسى جۈملىلەردە باغلىغۇچى ۋە ئايرىغۇچى رولدا كېلىپ ئىككى قېتىم تەكرارلانسا، ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانغاندا، شۇ باغلىغۇچىنىڭ ئالدىغا پەش قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

بۇ ئىشنى ياكى سىلەر قىلىڭلار، ياكى بىز قىلايلى.

يا سەن ئوقۇ مەن يازاي، يا مەن ئوقۇپ بېرەي سەن ياز.

مەن ھەم بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى كۆردۈم، ھەم نەق مەيداننى سۈرەتكە ئېلىۋالدىم

**5) جۈملە تەركىبىدىكى سىلىق، ئاستا ئاھاڭدا ئېيتىلغان جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە ئاخىرىغا، ئوتتۇرىسىدا كەلسە، ئىككى تەرىپىگە، ئاخىرىدا كەلسە ئالدىغا پەش قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

ئەي ئادەم بالىسى، تىلىڭ گۈزەل بولسۇن، ئۇ سېنىڭ كىملىكىڭنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئوغلۇم، ئېسىڭدە بولسۇن، پەرزەنت ئاتا - ئانىنىڭ ئەڭ چوڭ بەختى.

بۇگۈنكى ھاۋارايىدىن قارىغاندا، مېنىڭچە، ئازراق يامغۇر يېغىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ.
ۋەتەن يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش ھەققانىي ئىش، ھەققانىي ئىش غەلىبە قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.
پاھ ـ پاھ، «مۇنالىزا» دېگەن بۇ رەسىم ھەقىقەتەنمۇ نەپىس سىزىلغان رەسىم ئىكەن.

**6) تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر «دە، يۇ» ئۇلانمىسى بىلەن باغلانغان قوشما جۈملىلەردە «دە، يۇ» ئۇلانمىسىدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

قوڭغۇراق چېلىنىدى ـ دە، ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا كىردى.
ھاۋا ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەردى ـ دە، يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كەتتى.
ئۇلار قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئالدىراپ كېلىدۇ ـ يۇ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كېتىشىدۇ.
ئۇلار شۇنچە يىراقتا تۇرۇپ كۆرىدۇ ـ يۇ، سىلەر نەق مەيداندا تۇرۇپ كۆرمىدىڭلارمۇ؟

**7) شېئىر مىسرالىرىدىكى قوش قاپىيىنى تەشكىل قىلىدىغان سۆزلەر يەنى رادىفلارنىڭ ئالدىغا بەزىدە پەش قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

يېتىمۋەرمەي كۆزۈڭنى ئاچ يۈرەك پارەم، ئۇماق ئوغلۇم.
سېنى كۈتمەكتە نۇرلۇق تاڭ ئېچىپ كەڭرى قۇچاق، ئوغلۇم،
سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئېلىپ ئەركىن نەپەس ـ لەززەت،
بىلىم بېغىغا بار، تاۋلان بىلىپ ئۇنى ئوچاق، ئوغلۇم.
تەكەببۇرلۇق يامان ئىللەت ئۇنى ئۆزەڭگە يار قىلما،
بىلىملىكلەر بىلەن ئۆتكىن داۋاملىق ئۆم ـ ئىناق ئوغلۇم،
ئۇلۇغ خەلقىم كۈتەر سەندىن ۋەتەنگە تۆھپە قوشماقنى،
خەلق ئارزۇسىنى بىلگىن گويا ئوتلۇق قوشاق، ئوغلۇم،
ئەگەردە ئاقلىماق بولساڭ ئەزىز خەلقىم ئۇمىدىنى،
ئىجادىڭدىن بىنا ئەيلە، ۋەتەن ئۈچۈن زور راۋاق، ئوغلۇم.
(ياسىن ئىسمائىل ئەلتېرەش شېئىرى)

## 5. چېكىتلىك پەش ( ؛ ) ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

**چېكىتلىك پەش تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ:**

**ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى مۇرەككەپ جۈملە بىلەن ئاددىي جۈملىنى ياكى مۇرەككەپ جۈملىلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن چېكىتلىك پەش قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

ئۇنى ھەر كۆرسەم، سېنى ئەسلەيمەن؛ سېنى ھەر كۆرسەم، ئۇنى ئەسلەيمەن.
باش يېرىلسا، بۆك ئىچىدە؛ قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە؛ (ماقال)
مەكتەپنىڭ ۋەيرانچىلىقى ـــ مىللەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى؛ مىللەتلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقى ـــ پۇقرالارنىڭ قۇللۇقى.

## 6. قوش چېكىت ( : ) ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

**1) جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەن ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز ياكى ئومۇملاشتۇرغۇچى جۈملىلەردىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئوقۇش قوراللىرى: كىتاب، دەپتەر، قەلەم، كومپيۇتېر.

بۇ يېزىدا تېرىلىدىغان زىرائەتلەر: بۇنداي، قوناق، كېۋەز، زىغىر، تېرىق، شال، قوغۇن، تاۋۇز .

**2) كۆچۈرمە جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەن ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

ئەھمەد يۈكنەكى مۇنداق دېگەنىدى: «قەيەردە قانۇن ئاجىز بولسا، شۇ يەردە بىگۇناھلار خارلىنىدۇ.»

يولداش ماۋ زېدۇڭ: « قانۇننى ئۆگەن، ئۇ ساڭا داغدام يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دېگەنىدى .

**3) قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ بېشىدا كەلگەن «مەسىلەن» دېگەن سۆزدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ .** مەسىلەن:

يۇقىرىدىكى مىساللاردا مەسىلەن سۆزى كۆپ ئىشلىتىلدى، شۇ مىساللارغا قاراڭ )

**4) بەزى خەت - چەكلەرنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا ھۆرمەت تەرىقىسىدە ئېيتىلغان سۆزلەردىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە:

. . . . . . . . . .( مەزمۇنلار قىسقارتىلدى )

كەنتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى يۇ قىرىقىدەك مەلۇم قىلدۇق.

رەھبەرلەرنىڭ يولىيورۇق بېرىشىنى سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

يېڭى يۇلتۇز يېزا نۇرباغ كەنتىدىن:

مامۇت مەمەت

**5) سائەت بىلەن مىنۇتنى تەڭ كۆرسىتىشكە توغرا كەلگەندە، سائەت بىلەن مىنۇتنى بىلدۈرىدىغان سانلار ئارىسىغا قوش چېكىت قويۇلىدۇ.** مەسىلەن:

ئەتىگەنلىك دەرس 30 : 7 دە باشلىنىدۇ. سائەت 10 : 12 ئۆتكەندە چۈشلۈك تاماققا بارىمىز .

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن 2:30 دە مەكتەپ زالىدا «مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي ئەخلاق» تېمىسىدا ئىلمىي لېكسىيە بولىدۇ.

**6) ئەدەبىي ئەسەرلەردە دىئالوگدىن بۇرۇن كەلگەن ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ .** مەسىلەن :

— ئۆيىڭىز بۇ يەردىن قانچىلىك يىراقلىقتا ؟ - دەپ سورىدىم . ئۇ ماڭا قاراپ:

— تاغ قاپتىلىدىكى ئاۋۇ چوڭ بانان دەرىخىنىڭ تۈۋىدە، بىردەمدىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، دېدى.

## 7. قوش تىرناق ( « » ) ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

**قوش تىرناق تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ :**

**1) ماقالە ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە سۆز ۋە كۆچۈرمە جۈملىلەر ھەمدە كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .** مەسىلەن :

بۆرە ئوغۇز خاقانغا «ئەمدى قوشۇن بىلەن بۇ يەردىن قوزغال ئوغۇز! ئادەملىرىڭنى، بەگلىرىڭنى ئاتلاندۇرۇپ بۇ يەرگە كەلتۈر، مەن سىلەرنى باشلاپ يولنى كۆرسىتىمەن» دېدى .

جىددىي پەيتتە بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشى «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ئىش بولدى.

مەن « قەشقەر ئەدەبىياتى »غا بېسىلغان «ئانا يۇرت» دېگەن شېئىرنى ئوقۇدۇم.

**2) بىرەر سۆزنى ئاتاپ كۆرسەتكەندە ياكى بىرەر سۆز ئەسلىي مەنىسىدە ئىشلىتىلمەي، كۆچمە**

**مەنىدە ئىشلىتىلگەندە، بۇ سۆز قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .** مەسىلەن :

پەقەت «سۇ» سۆزىگىلا 3 ـ شەخستە «سى» قوشۇلماي ، «ى» قوشۇلىدۇ.

پۈتۈن گۇناھى سۆيگۈدىن ئىبارەت بولغان بىر يىگىتكە شۇنداق « باتۇرلۇق » ۋە « ئادالەت » بىلەن جازا بەرگىنىڭ ئۈچۈن خەلق ساڭا، ئەلۋەتتە، لەنەتلەر ئوقۇسا كېرەك.

ئۇ بەزىدە ئوغرىلىقمۇ قىلىپ قوياتتى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭغا « ئوۋچى » دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى.

**3) تەشكىلاتلار، تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي خاتىرە كۈنلەر قىسقارتىلغان ئاتالغۇلار قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .** مەسىلەن :

«توققۇزىنچى دېكابىر » ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى خاتىرىلەندى .

«1 ـ ماي » خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى قىزغىن تەبرىكلەندى.

«4 ـ ماي » ياشلار ھەرىكىتىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

«ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرى 1931 ـ يىلى «18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» نى، 1932 ـ يىلى «28 ـ يانۋار ۋەقەسى» نى قوزغاپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى.

## 8. يالاڭ تىرناق ( ‹› ) ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

يالاڭ تىرناق تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ:

**كۆچۈرمە جۈملە ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە سۆز ۋە جۈملىلەر، كىتاب، گېزىت، ژۇرنال ۋە ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ.** مەسىلەن :

« بىلىمدىن قۇۋۋەتلىك كۈچ يوق ، ‹بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يېڭەر› دېگەندەك بىلىمنى ئىگىلىگەن ئادەم يېڭىلمەيدۇ» دېگەنىدى گوركىي.

مەن «ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ نامايەندىسى ‹ئانا يۇرت› رومانى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ چىقتىم.

«بىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ۋە ئۇ تارقاتقان مەدەنىيەت» دېگەن بۇ ماقالە ناھايىتى ياخشى يېزىلىپتۇ.

## 9. تىرناق ( () ) ۋە نىڭ ئىشلىتىلىشى

**1) جۈملە ئىچىدە ئىزاھلاش ، تولۇقلاش مەنىسىدە ۋە خاتىمە خاراكتېرىدە كەلگەن تەركىبلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .** مەسىلەن :

مەن شۇ يىلى ( 1986 ـ يىلى ) ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم بارغانىدىم .

مەن مىللىي مۇزىكىنى (بولۇپمۇ راۋاب بىلەن ئورۇنلانغان مۇزىكىنى ) بەك ياخشى كۆرىمەن .

بۇرھان ئەپەندى (جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى) كېسەل سەۋەبى بىلەن 94 يېشىدا بېيجىڭدا ۋاپات بولدى .

**2) كۆچۈرۈلگەن، نەقىل ئېلىنغان جۈملىلەرنىڭ ئورنى ياكى ئاپتورىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .**

غايىبتىن بىر قۇدرەت گەر پۈتسە ماڭا ،

ئالەمنى ئالما قېپ تۇتقۇزسام ساڭا .

تاڭ پەيتى بىر مەررە ئېمىتكىنىڭنىڭ،

بەدىلى تۆلىنىپ تۈگەرمۇ ئانا ؟
(« تارىم » 1982 ـ يىلى 5 ـ سان)

**3) ئادەملەرنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتىنى، بىرەر تارىخىي ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ، باشلانغان ۋاقتى بىلەن تاماملانغان، ئاخىرلاشقان ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان سانلار تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .** مەسىلەن :

1. ل.مۇتەللىپ ( 1922 ـ 1945 ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر شائىرى.

چىڭ خاندانلىقى (1644 ـ 1911) جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خاندانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق دېھقان شائىرى روزى سايىت (1943 ـ 2001) خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىنىڭ شەيدۇللا دېگەن تاغلىق كەنتىدە — ھەربىي گازارمىدا كونا ئەسكەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

**4) ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىزاھات، چۈشەندۈرۈش ۋە تولۇقلىمىلار تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .** مەسىلەن :

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋارىسلىق قانۇنى (1985 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان )

F= ma ( نيۇتوننىڭ ئىككىنچى ھەرىكەت قانۇنى )

WTO ( خەلقئارا سودا تەشكىلاتى )

ئوي ـ پىكىرنى، شەيئىلەرنى تەكرار تۈرلەرگە بۆلۈپ كۆرسەتكەندە ئىشلىتىلگەن قاتار سانلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىرىنچى قېتىم ساندىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. بۇ تۈرنى يەنە تۈرگە بۆلۈنگەندە ئىشلەتكەن سان يېرىم تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرنى يەنە تۈرگە بۆلگەندە ئىشلىتىلگەن سان تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

جۈملىلەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. ئاددىي جۈملە 2. قوشما جۈملە ( مانا بۇ بىرىنچى قېتىملىق تۈرگە بۆلۈش )

2. قوشما جۈملىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن يەنە ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) بېقىندىلىق قوشما جۈملە 2) تەڭداش قوشما جۈملە 3) ئارىلاش قوشما جۈملە ( مانا بۇ ئىككىنچى قېتىم تۈرگە بۆلۈش ) . . .

1) بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە بېقىندى جۈملىنىڭ مەنىسى، ۋەزىپىسىگە ئاساسەن بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) ئىگە بېقىندىلىق قوشما جۈملە (2) خەۋەر بېقىندىلىق قوشما جۈملە (3) تولدۇرغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە (4) ئېنىقلىغۇچى بېقىندىلىق قوشما جۈملە (5) ھالەت بېقىندىلىق قوشما جۈملە . (مانا بۇ ئۈچىنچى قېتىم تۈرگە بۆلەش)

## 10. سىزىق (—) ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

سىزىق تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ:

**1) جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ باش كېلىشتىكى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن بولسا ، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ .** مەسىلەن:

بىلىم — ئەقىل چىرىغى. مەكتەپ — بىلىم بۇلىقى. تەرەققىيات — چىن قائىدە .

مائارىپ — ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئانىسى، تەرەققىياتنىڭ قامچىسى.

مائارىپ — ئەقىل ۋە ئېتىقادنى يېتىلدۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراق.

خەلقنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى قىياپىتى— مىللەتنىڭ مۇقىم بايلىقى.

مائارىپچىلارنىڭ ۋەزىپىسى — كىشىلەرگە باشقىلار ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشنىڭ چەكسىز خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش.

(كىتابىمىزنىڭ «ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشى» دېگەن ماۋزۇسىدا ئىگە بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىغا قانداق ئەھۋال ئاستىدا سىزىق قويۇلىدىغانلىقى تەپسىلىي سۆزلەندى)

**2) دىئالوگلاردا ھەر بىر سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى يېڭى قۇردىن باشلانغاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ .** مەسىلەن :

— ھە « بۆزغۇنچى » ئاپاڭنى قاقشاتماي ، ئوبدان ئويناپ كەلدىڭمۇ ؟ ـ دەپ ئەسئەتنى ئەركىلەتتى.

«بۆزغۇنچى» دېمىسىلە، ـ دېدى بۇسارەم خىجىل بولغاندەك كۈلۈپ .

— ۋاھ ، بۇ يېڭى گەپقۇ ؟ ـ سېلىم ئاكا ھەيران بولۇپ، بۇسارەمگە قاراپ تۇرۇپ قالدى .

**3) تەڭداش بۆلەكلەردىن كېيىن كەلگەن ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەرنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ.** مەسىلەن :

قۇشقاچ، قارلىغاچ، كەپتەر — ھەممىسى ئۇچارقۇشلاردۇر .

زىغىر ، قىچا ، ئاپتاپپەرەس ، زاراڭزا — مايلىق زىرائەتلەر.

دەپتەر، قەلەم، كىتاب — ئوقۇش قوراللىرى .

**4) بەزىدە جۈملە تەركىبىدىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك تىرناق ئىچىگە ئېلىنماي ، ئىزاھلىغۇچى بىلەن ئىزاھلانغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ .** مەسىلەن :

بىزنىڭ ئېلىمىزدە — ۋەتىنىمىز جۇڭگودا ئادەم كۆپ .

جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى — كورلا ـ قەشقەر بۆلىكى 1999 ـ يىلى تۈتاشتۇرۇلغان.

سىلەر — ياشلار ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئىگىلىرى .

**5) ئاپتور سۆزى بىلەن پېرسوناژ سۆزى ئارىلاش كەلگەندە ، ئۇلارنى ئايرىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن سىزىق قويۇلىدۇ .** مەسىلەن :

ـ بۇ قېتىمقى ئىمتىھان ، — دېدى مۇئەللىم ئىنتايىن كەسكىن ھالدا ، — ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ساۋاقداشلار مىنۇت ۋاقتىنىمۇ چىڭ تۇتۇشى كېرەك!

بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز، — دېدى ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مول بىلىم ئىگىلەش ، ئىلىم ـ پەننىڭ چوققىسىغا ئۆرلەش!

6. نەقىل ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئەدەبىي پارچىلار، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قايسى دۆلەت ياكى قايسى خەلقنىڭ ياكى كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ كۆرسەتكەندە شۇ سۆزلەرنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ھەقىقەت ئۇلۇغ ئوتتا كۆيمەيدۇ، دەھشەتلىك دولقۇندا چۆكمەيدۇ.

— ياپونىيە

ھەرقانداق خۇشاللىق كىتاب ئوقۇغاندىكى خۇشاللىقتەك ئۇزاققا بارمايدۇ.

— ئەنگلىيە

ھەقىقەتنى سۆزلىگەن تەمتىرىمەيدۇ، يالغان سۆزلىگەن تەمتىرەيدۇ.

— ئەرەب

ئىنسان توغرا بولسا، كۆڭلى ياخشى ئۆتىدۇ، كۆڭلى ياخشى ئۆتسە، بەخت ـ دۆلىتىمۇ مەڭگۈ بولىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ



www.uyghurkitap.com

## 11. سىزىقچە ( ـ ) ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

سىزىقچە تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ:

**1) جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ . مەسىلەن:**

هايات ـ مامات ، دوست ـ دۈشمەن ، تىل ـ يېزىق ، بەخت ـ سائادەت ، ئوپۇل ـ توپۇل، ياخشى ـ يامان، ئاق ـ قارا ، ئېگىز ـ پەس، ئورۇق ـ سېمىز، ئىسسىق ـ سوغۇق، ئاچچىق ـ تاتلىق

**2) دەرىجە سانلار رەقەم بىلەن يېزىلغاندا دەرىجە سانلاردىن كېيىن سىزىقچە قويۇلىدۇ . مەسىلەن :**

تولۇق 3 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ

...

**3) « هە ، دە ، يا » ئۈلانمىلىرى ئۆزى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەردىن سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ.** مەسىلەن :

هەي دوستۇم ، سەن تېخى بىلمەيدىكەنسەن ـ دە ، هايۋاناتلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى .

ئىلى تاغلىرى ، سايرام بويلىرى نېمىدېگەن مەنزىرىلىك ـ هە !

بۈگۈن تولىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپسىز ، بىرەر بېخىللىق بولدىمۇ ـ يا !

**4) كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ قۇر ئاخىرىغا سىغماي قالغان قىسمىنى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈپ يازىمىز ، بوغۇم ئايرىلغان جايغا سىزىقچە قويىمىز . مەسىلەن:**

مەمە ـ   مەملە ـ   ئو   ئوقۇ ـ   ئوقۇغۇ ـ   ئوقۇغۇچە

لىكەت   كەت   قۇغۇچىلار   غۇچىلار   ـلار   ـلار

يۇ ـ   يۇقـ ـ   يۇقىرى ـ   يۇقىرى ـ تۆ ـ

قىرى ـ تۆۋەن   رى ـ تۆۋەن   تۆۋەن   ۋەن

**5) لۇغەتلەردە پېئىللارنىڭ يىلتىزىدىن كېيىن ھەمدە قوشۇمچىلارنىڭ بېشىغا سىزىقچە قويۇپ كۆرسىتىدۇ .** مەسىلەن :

ئال ـ ، بار ـ، ياز ـ ، ـماڭ ، ـ تۇر ، ـ ئوقۇ، ـ لا ، ـ لە ، ـ داش ، ـغۇچى ، ماق ، ـ مەك ....

## 12. كۆپ چېكىت (...) ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

كۆپ چېكىت تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ:

**1 ) پىكىرنىڭ تولۇق ئاياغلاشمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ . ( ئادەتتە كۆپ چېكىت ئۈچ چېكىت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ) مەسىلەن :**

بىلىملىكلەرنىڭ قەدرىگە يېتىش كېرەك ئىدى . لېكىن هازىر بىلىملىكلەر ...

ئىككىسى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى ...

باللار ئوقۇسا ، بىلىم ئالسا .... نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى...

ئامانگۈل تۇمۇر خەلپىگە قاراپ: « را ... زى ... بول ... ئاكا ! » دېدى ـ دە كۆزىنى يۇمدى.

مەن ... مەن ... هېچ نەرسە بولمىدىم دېدى ئۇ.

**2) جۈملىدىكى تەكرار ۋە سوزۇپ ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ.** مەسىلەن :

گۈلقىز ... هەي ... گۈلقىز ... مەيەرگە كېلىڭ.

يەرنىڭ قەھرىدىن « گۈر ... گۈر ... گۈر » قىلغاندەك بىر خىل ئاۋاز ئاڭلاندى .

ئەتراپتىن ئۈشتۈمتۈت تاڭ ... تاڭ! قىلىپ ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى .

ئۇ ئۆزىنى توختىتىپ كۆز يېشىنى كۆرسەتمەسلىككە هەرىكەت قىلدى، بۇ تاماقنى رە... رە ... رەخمەت ... رەھمەتلىك ... دېدى ـ دە، كۆزىدىن ياش ئېقىپ كەتتى .

كەچۈرۈڭ بۇ ئىش تاسادىپىي يۈز بەردى . مەن ... مەن ... ئەس ... ئەسلىدە مۇنداق قىلماقچى ئەمەس ئىدىم — دېدى ئۇ لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

## تىنىش بەلگىلەرگە ئائىت ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى

1. تىنىش بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ رولى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىلىرى تولۇق كۆرسىتىلگىنى: ( )

① تىنىش بەلگىسى گەرچە يېزىق تىلىدا ئىشلىتىلىسىمۇ، ئىملا قائىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ② بەزى تىنىش بەلگىلىرىنىڭ جۈملىنىڭ مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈش رولى بار. ③ تىنىش بەلگىلىرى جۈملە بۆلەكلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ. ④ تىنىش بەلگىلىرى بولمىسا يېزىق تىلىنى ئېنىق، توغرا، چۈشىنىشلىك ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ . ⑤ جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قويۇلغان بەزى تىنىش بەلگىلىرى جۈملىنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. ⑥ بىر تىلدا تىنىش بەلگىلىرىنىڭ بولۇش، بولماسلىقى شۇ تىلنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.⑦ تىنىش بەلگىلىرى ئاساسەن يېزىقتا ئىشلىتىلىدۇ .شۇڭا ئۇنى ئىشلىتىشنى نەشرىيات، ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلىشى كېرەك.

⑤④③① A　　⑦⑤③②.B　　⑥⑤④②.C　　⑦④③①.D

2. تۆۋەندىكى پارچە تەركىبىدىكى رەقەملەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تىنىش بەلگىلەر: ( )

— پاراخوت چۆكۈپ كېتىشكە يەنە قانچە مىنۇت بار (1)

— يىگىرمە مىنۇت.

(2)ۋاقىت يەتكۈدەك (3)دېدى كاپىتان، بىرمۇ ئادەم قالماي ھەممىسى قۇتقۇزۇش قولۋۇقىغا چىقسۇن. باش ياردەمچى تاپانچىڭىز بارمۇ؟ ـ بار (4) كاپىتان (5) قايسى ئەر نومۇس قىلماي ئاياللارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالسا (6) ئېتىۋېتىڭ (7)

| (7) | (6) | (5) | (4) | (3) | (2) | (1) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ; | ؟ | ! | ؟ | – | – | ؛ | A |
| ! | ، | . | ؟ | – | – | ؟ | B |
| ؟! | ! | ؟ | ; | ! | ! | . | C |
| ! | ، | . | ! | –، | – | ؟ | D |

3. تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى ھەققىدە تۆۋەندە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىللەردىن خاتاسى: ( )

A. «مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئاتما، باشقىلارنىڭ مېلىنى ئالما، زورلۇق قىلما» دېگەن جۈملىلەر بۇيرۇق جۈملىلەر بولسىمۇ، ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلماي چېكىت قويۇلغانلىقىغا قاراپ، بۇ جۈملىلەرنى سىلىق، ئاستا ئاھاڭدا ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملە دەيمىز

B. «ئاتا ـ ئانىلارنى ئىززەتلە، جان ـ دىل بىلەن خىزمىتىنى قىلماق زۆرۈرىيەتتۇر» دېگەن جۈملىدىكى «جان ـ دىل» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇش توغرا بولمىغان

C. «ھاياتتا ھوشۇقى ئالچا چۈشكەن ئادەملەر ـــ بىلىمنى مەھكەم باغلاپ ئۆزىگە كېرەكلىك تاسادىپىيلارنى ئىزدىگەن كىشىلەردۇر» دېگەن بۇ جۈملىدە «ئادەم» دېگەن سۆزدىن كېيىنكى سىزىقنىڭ قويۇلۇشى توغرا ئەمەس، بۇ سىزىق قويۇلماسلىقى كېرەك.

D. جۈملىنىڭ خەۋىرى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن كەلسىمۇ خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا

«دۇر، تۇر» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلسە، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلمايدۇ.

4. تىنىش بەلگىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

A. بۇيرۇق، شوئار، چاقىرىق مەنىسىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ، ئەمما سىلىق، ئاستا ئاھاڭدا ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ

B. يالاڭ تىرناق، قوش تىرناق ئىچىدە يەنى « ‹ › » شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. باشقا شەكلىدە ئىشلىتىلمەيدۇ

C. جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن كەلسە، ئىگە بىلەن ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ. خەۋەر پېئىلدىن كەلسە، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلمايدۇ

D. مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىبىدىكى بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلانغان جۈملىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ.

5. تۆۋەندىكى پارچە تەركىبىدىكى رەقەملەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تىنىش بەلگىلەر ( )

ئۈچ خىل ئوقۇش بار ① بىرىنچىسى ② ئوقۇپ چۈشەنمەسلىك ③ ئىككىنچىسى ④ ئوقۇپ چۈشىنىش ⑤ ئۈچىنچىسى ⑥ ئوقۇش ئارقىلىق يېزىلمىغان نەرسىنىمۇ چۈشىنىپ يېتىش ⑦

| (7) | (6) | (5) | (4) | (3) | (2) | (1) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| . | ، | . | ، | . | ، | ! | A |
| . | : | . | : | ، | : | — | B |
| . | ، | ، | ، | ، | ، | : | C |
| ! | ، | . | ، | ! | ، | ! | D |

6. تۆۋەندىكى پارچە تەركىبىدىكى رەقەملەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تىنىش بەلگىلەر:

( )

رىگوڭ كۆڭزىدىن ①

② قانداق ئادەم پەزىلەتلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ؟ ③ دەپ سورىدى ④ كوڭزى مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى ⑤

⑥ دېمەكچى بولغانلىرىنى ئاۋۋال ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ⑦ ئاندىن سۆزلىگەن ئادەم پەزىلەتلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ⑧

| ⑧ | ⑦ | ⑥ | ⑤ | ④ | ③ | ② | ① | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| . | . | —، | . | . | ، | — | : | A |
| . | . | — | : | . | — | — | : | B |
| ! | ، | — | . | : | ، | — | . | C |
| . | ، | — | . | . | ، | — | — | D |

**II بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش سوئاللىرى**

1. مەدەنىيەت قولغا كەلگەن ھەممە ئۇتۇقلىرنى مۇستەھكەملىگۈچى زېمىن، سوتسىيالىزمنى سان ساناقسىز تەرەققىياتلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دېيەن جۈملىدىكى «مەدەنىيەت» دېيەن سۆزدىن كېيىن ( ) قويۇلىدۇ. «سان ساناقسىز» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ( )

قويۇلىدۇ.

2. ھەي ياش ئىلىم ئۆگەن. چۈنكى، نادانلىقتا ئىشەكتىن باشقا نەرسە رازى بولمايدۇ (ئابدۇقادىر ئەزىزى) دېگەن بۇ جۈملىدىكى ياش دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە (        )، ئۆگەن دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە (        )، نومۇس دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە (        )، بولمايدۇ دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە (        ) قويۇلىدۇ.

3. «ئاز گەپ قىلماق ھېكمەتكە سەۋەب ئاز يېمەك ساقلىقتا سەۋەب» (ئەلىشىر ناۋايى) دېگەن بۇ جۈملىدىكى قىلماق سۆزنىڭ كەينىگە (        )، سەۋەب سۆزنىڭ كەينىگە (        ) ئاز يېمەك دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە (        ) ، سەۋەب سۆزنىنىڭ كەينىگە (        ) قويۇلىدۇ.

### III مەشىق ئىشلەش سوئاللىرى

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىپ تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭ

1) دەرسلىك كۆڭۈل نۇرلۇق چىراق، ياشلىق كۆز سۇلۇق بۇلاق (ناۋايى)

2) قىزىل تىل قارا باشنىڭ دۈشمىنى، بۇ يامان دۈشمەننى باغلا ھۆزۈر ئىچىدە ياشا (ئەلىشىر ناۋايى)

3) كۆكتات يۇيۇپ ئولتۇرغان دېئوگىننىڭ قولىقىغا ئەپلاتون شۇنداق پىچىرلاپتۇ پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن بولساڭ كۆكتەت يۇيۇپ ئولتۇرمىغان بولاتتىڭ دېئوگېنمۇ ئەپلاتوننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ
كۆكتات يۇيۇشنى بىلگەن بولساڭ پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىڭ.

4. نەچچە ياشقا كىردىڭىز دەمسىز
شۇنداق بېگىم دېدى چوڭ ئانام نەچچىگە كىردىڭىز دەۋاتىمەن
مەن كۆڭلۈمدىكى تەھلىكنى ئاخىرى بېسىۋالدىم
قانچە ياشقا كىردىڭىز دەمسىز ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭ مانا مەن ئاتتەك ئىشلەۋاتىمەنغۇ
مەنغۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن دېدى ئۇ يامان ئەمەس ئىشلەۋاتىسىز لېكىن زادى قانچە ياشقا كىردىڭىز ئاتتەك ئىشلەۋاتىمەنمۇ دېدىمەن سۆزۈمنى تەكرارلاپ كىشىلەر ئاتقا مىنىۋالغاندا ئاتنىڭ چىشىغا قارىمايدۇ دە

**تىل - يېزىقتا تىنىش بەلگىلەرنى قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تىنىش بەلگىلەرنى توغرا قوللانمىغاندا، ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرنەچچە مىسال .**

يۇقىرىدا تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىمىزدىن تىنىش بەلگىلىرىنى قوللىنىشنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. تىل يېزىقتا تىنىش بەلگىلەرنىڭ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم قائىدە بويىچە قويۇلۇشى تىلنىڭ ئىپادىلەش چىنى ۋە ئېنىقلىق دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ . يېزىقنى ئوقۇپ چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇر...

تىلدا تىنىش بەلگىلەرنى قوللىنىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ھەر خىل ھېكايىلەرمۇ بار. تۆۋەندە بۇ ھېكايىلەردىن بىر - ئىككىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى .

گېرمانىيىنىڭ XIX - ئەسىردە ئۆتكەن داڭلىق يازغۇچىسى تيودور فېندونوپ بىرلىندا تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن چېغىدا بىر ياش ئاپتور ئۇنىڭغا بىر قانچە كۇپلېت شېئىر بىلەن بىر پارچە خەتنى قوشۇپ ئەۋەتكەن. ياش ئاپتور خېتىدە ئۆزىنىڭ شېئىر ھەققىدىكى قىزىقىشى، فېندونوپقا بولغان ئېتىقادى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن «مەن ئەزەلدىن تىنىش بەلگىلىرىنى كۆزگە ئىلمايمەن، شۇڭا تىنىش بەلگىلىرىنى زادىلا ئىشلەتمىدىم، سىزنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ تولدۇرۇپ قويۇشىڭىزنى سورايمەن» دەپ يازغان.

فېندونوپ ھېلىقى ياشنىڭ شېئىرىنى بىر پارچە خەت بىلەن قايتۇرۇۋەتكەن. ئۇ خېتىدە «مەن شېئىرنى ئەزەلدىن كۆزگە ئىلمايمەن، كېلەر قېتىم سىزنىڭ بىر نەچچە تىنىش بەلگىسى ئەۋەتىشىڭىزنى سورايمەن. شېئىرنى ئۆزۈم تولدۇرۇپ قويىمەن» دەپ يازغان .

يۇقىرىقى پارچىدىن يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

## پۇشكىن ھەققىدىكى ھېكايە

دۇنيا شېئىرىيەت ئاسمىنىنىڭ چولپىنى رۇسىيىلىك تالانتلىق شائىر پۇشكىن شېئىر جەھەتتە غايەت زور ئۇتۇق ۋە شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى دەۋردىكى چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ھاياتىدا كۆپ قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ ، كۆپ قېتىم قولغا ئېلىنغان. دۇئېلغا چىققان .

پۇشكىننىڭ ھاياتىدا تىنىش بەلگىلەردىن «پەش» نىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى بىر قېتىم قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا بىر ھېكايە بار .

چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى چىرىك چار پادىشاھ تۈزۈمىگە قارشى ئىلغار پىكىرلىك شائىر پۇشكىننى بىر قېتىم قولغا ئېلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. ھۆكۈمنامىنى يازغۇچى پۇشكىننىڭ شېئىرىيەتتىكى تالانتىنى بىلگەچكە ھۆكۈمنامىنى ئىككى مىسرا شېئىر ئارقىلىق مۇنداق يازغان .

ئۆلتۈرۈشكە مۇمكىن ئەمەس، ئېتىشقا ،

ئېتىشقا مۇمكىن ئەمەس، ئۆلتۈرۈشكە .

بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىن پۇشكىننى ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقى لېكىن ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ مىلتىق بىلەن ئەمەس باشقىچە شەكىلدە بولۇشى ئىپادىلەنگەن. جازا ئىجرا قىلىنىشتىن بۇرۇن بۇ ھۆكۈمنامە پۇشكىننىڭ قولىغا بېرىلگەن. تالانتلىق ھەم ئەقىللىق شائىر پۇشكىن بۇ ھۆكۈمنامىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتىن باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغانلىقىنى بىلگەن ھەمدە بۇ ھۆكۈمنامىنىڭ بىر ئاجىزلىقى بارلىقىنى بايقاپ، شېئىرنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى پەشنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان: يەنى ئىككىنچى

www.uyghurkitap.com

مىسرادىكى «ئەمەس» سۆزىنىڭ ئاخىرىدىكى پەشنى «ئەمەس» سۆزىنىڭ ئالدىغا يۆتكەپ قويغان. نەتىجىدە، بۇ شېئىر ئالدىنقى شېئىر بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كەتكەن يەنى شېئىر .

ئۆلتۈرۈشكە مۇمكىن، ئەمەس ئېتىشقا ،
ئېتىشقا مۇمكىن، ئەمەس ئۆلتۈرۈشكە.

بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغۇچى جاللات بۇ ھۆكۈمنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ جىنايەتچىنى ئۆلتۈرمەي ، ئوق چىقىرىپ جازا مەيدانىدىن قوغلاپ چىقىرىدىكەنمىز دەپ ئوقنى پۇشكىنغا ئەمەس ئاسمانغا ئېتىپ پۇشكىننى جازا مەيدانىدىن قوغلىۋەتكەن. كېيىن بۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇش ھۆكۈمنامىسىنى يازغان ئەمەلدار پۇشكىننىڭ ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغۇچى جاللاتنىڭ قولىدىكى ھۆكۈمنى كۆرۈپ پۇشكىننىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلمىغان . پۇشكىننى ئۆلۈمدىن خالاس قىلغان .

**نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن مىسال.**

تىنىش بەلگىلەرنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىمۇ لەتىپىلەر توقۇلغان:

نەسىردىن ئەپەندى ئوردىدا مۇددەرىسلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تالىپلارغا بىرنەچچە جۈملىنى يادلاپ كېلىشكە تاپشۇرۇق بەرگەن. تالىپلار ئىچىدە پادىشاھنىڭ شاھزادىسىمۇ بار ئىكەن. شاھزادە ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن « ئۆگەن ئوغلۇم داداڭغا ئوخشاش ئېشەك بولما» دېگەن جۈملىنى يادلاپ يۈرگىدەك، بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ مۇددەرىس ئەپەندىم مېنى ئېشەككە ئوخشىتىپتۇ، دەپ دەرغەزەپكە كېلىپ، ئەپەندىمنىڭ پۈتىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كېلىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئوردىغا يالاپ ئېلىپ كېلىنگەن ئەپەندىم ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، گۇناھىنىڭ نېمىلىكىنى سوراپتۇ . پادىشاھ ئوغلىغا پادىشاھقا ھاقارەت قىلىدىغان جۈملىنى ئۆگىتىپ . ئۆزىگە ھاقارەت قىلغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئەپەندىم كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم پادىشاھقا: ئالىيلىرى مەن يېزىپ بەرگەن «ئۆگەن ئوغلۇم داداڭغا ئوخشاش، ئېشەك بولما» دېگەن جۈملىدە قانداقمۇ ئالىيلىرىغا ھاقارەت قىلىدىغان مەزمۇن بولسۇن، دېگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ تالىپلارغا دەرس ئۆتىدىغان قوللانمىسىنى كۆرسەتكەن، پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ يازغان جۈملىسىدە «ئوخشاش» سۆزىدىن كېيىن بىر پەشنىڭ بارلىقىنى، لېكىن شاھزادىنىڭ بۇ پەشنى قويمىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئوقۇغاندا توغرا ئوقۇشنى بىلمىگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئەپەندىمگە بۇيرۇلغان ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلغانىكەن.

**خەت ـ ئالاقە ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشق ماقالىلىرىدىن مىسال.**

بىزنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرىمىزدە، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشق ماقالىلىرىدە تىنىش بەلگىلەرنى توغرا قويمىغان جۈملىلەر خىلى كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ . تۆۋەندە شۇ خىل جۈملىلەردىن بىر نەچچىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

1) مەن بارىمەن لېكىن ئۇ، مېنىڭ بېرىشىمغا قوشۇلمايدۇ.

بۇ جۈملىنىڭ ئوتتۇرىدىكى پەش ئورنىنى تاپالمىغان. ئۇ پەش «لېكىن» دېگەن باغلىغۇچىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇشى كېرەك ئىدى .

2) ساۋاقداشلار ئاتا ئانىمىز بىزنىڭ ياخشى ئوقۇشىمىزنى ئارزۇ قىلىدۇ.

بۇ جۈملىنىڭ ئاخىرىغا بىر چېكىت قويۇلغان. جۈملە تەركىبىگە ھېچقانداق تىنىش بەلگىسى قويۇلمىغان. بۇ جۈملىدە «ساۋاقداشلار» دېگەن قاراتما سۆزدىن كېيىن بىر پەش، «ئاتا ـ ئانىمىز» دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىشى لازىم .

3) «ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ: سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز ئىسمىڭىز نېمە ؟ دېدى»

بۇ بىر دىئالوگ بولۇپ، باشتا ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلغان، لېكىن پېرسوناژ

سۆزى باش قوردىن يېزىلمىغان. بۇ جۈملە ئىككى جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئارقىدىكىگە سوئال بەلگىسى قويۇلۇپ، ئالدىنقىسىغا قويۇلمىغان. بۇ جۈملە ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟ ئىسمىڭىز نېمە؟ - دېدى، دەپ يېزىلسا توغرا بولاتتى.

4) ۋايجان، نېمانچە قورقۇنچلۇق مەخلۇق بۇ دەپ ۋارقىراپ كەتتىم.

بۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، جۈملە كۈچلۈك ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلغان ئۈندەش جۈملە، شۇڭا بۇ جۈملىنىڭ «ۋايجان» دېگەن ئىملىق سۆزىدىن كېيىن پەش ئەمەس ئۈندەش، ئاخىرىدىكى «بۇ» دېگەن ئالماشتىن كېيىن يەنە بىر ئۈندەش بەلگىسى قويۇلۇشى لازىم ئىدى.

5) ۋاي ۋۇي ئەجەبمۇ خۇش قىلىۋەتتىڭ مېنى مەن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم.

بۇ جۈملىنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلۇپ باشقا تىنىش بەلگىسى قويۇلمىغان. بۇ جۈملىنى«ۋاي - ۋۇي، ئەجەبمۇ خۇش قىلىۋەتتىڭ، مەن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم.» دەپ يېزىش ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى يۇقىرىقىدەك قويۇش كېرەك.

6) توپ - توپ بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ، يۈرگەن ياۋايى ھايۋانلار بىزنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى.

بۇ جۈملىدە « يۈگۈرۈشۈپ» دېگەن سۆزدىن كېيىن قويۇلغان پەش ئارتۇق قويۇلۇپ قالغان. بۇ بىر ئاددىي جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملىگە پەش قويۇلمايدۇ.

7) ئاق قارا ئارىلىشىپ كېتىپتۇ.

بۇ جۈملىدە «ئاق - قارا» دېگەن ئىككى جۈپ سۆز شەكلىدىكى سۈپەت كەلگەن بولۇپ، ئىككى سۈپەت ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن«ئاق، قارا» دېگەن سۈپەت « ئاق بىلەن قارا» رەڭنى ئەمەس «ئاق قارا » دېگەن بىر خىل رەڭنى ئىپادىلەپ قويغان. بۇ جۈملىدە « ئاق قارا » دېگەن ئىككى سۈپەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر سىزىقچە قويۇلۇشى كېرەك ئىدى.

8) مەن ئانا يۇرت رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ چىقتىم، بۇ ماقالە ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلىپتۇ.

بۇ جۈملىدە بىر ماقالىنىڭ ئىسمى، ماقالىنىڭ ئىسمى ئىچىدە بىر كىتابنىڭ ئىسمى كەلگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق تىرناق ئىشلىتىلمىگەن. مۇنداق يېزىش توغرا ئەمەس. بۇ جۈملىنى « مەن ‹ئانا يۇرت› رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم » دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ چىقتىم، بۇ ماقالە ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلىپتۇ دەپ يېزىش كېرەك.

9) مەن شۇنداق خۇشال بولدۇمكى خۇشاللىقىمدىن كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياشلىرىم ئاقتى.

بۇ جۈملە قوشما جۈملە بولسىمۇ، ئالدىنقى ئاددىي جۈملىدىن كېيىن پەش قويۇلمىغان، «بولدۇمكى» دېگەن سۆزدىن كېيىن بىر پەش قويۇلۇشى كېرەك.

# كىتابنى تۈزۈشتە پايدىلانغان كىتابلار

1. تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرس ئىسلاھاتى بويىچە يېڭىدىن تۈزۈلگەن «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكلىرىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى» غا دائىر مەزمۇنلىرى. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى.

2. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچۈن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكىنىڭ 1999 - يىلدىن بۇرۇن ۋە كېيىن نەشر قىلىنغان ئۈچ قىسىم كىتابى. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى.

3. ياقۇپجان ياسىن، مىرئەخمەت تۇرسۇن، ئابلىمىت ئۆمەر قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ تۈزگەن: «تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇرتىلى بىلىملىرى ۋە مەشىقلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى. 2004 - يىل 2 - نەشرى.

4. مەمتىمىن سالى، تۇراپ قاسىملار تۈزگەن «ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى.

5. سۇلايمان سەپەر تۈزگەن «چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى ۋە ئالىي تېخنىكوملار ئۈچۈن دەرسلىك «ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 1 - ئاي نەشرى.

6. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى.

7. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل نەشرى.

8. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى بويىچە ئىملا ۋە تەلەپپۇز سەۋىيىسىدىن سىناق ئېلىش پروگراممىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىلى 7 - ئاي نەشرى.

9. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 - يىلى 8 - ئاي نەشرى.

10. ئابلىز ئەمەت تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 - يىلى 10 - ئاي نەشرى.

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔语总复习/亚库甫江·亚森编.—2版.—乌鲁木齐:新疆人民卫生出版社,2007.8(2012年4月重印)
ISBN 978-7-5372-3634-8

Ⅰ.初… Ⅱ.亚… Ⅲ.维吾尔语(中国少数民族语言)—少数民族语文课—中学—教学参考资料 Ⅳ.G634.393

中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第137421号

责任编辑:哈斯亚提·伊布拉音
责任校对:乔尔帕·吐尔逊

# 中学
# 维吾尔语总复习

亚库甫江·亚森　编

新疆人民卫生出版社出版
(乌鲁木齐市龙泉街196号.邮编830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司印刷
850×1168毫米　16开　20.75印张
2007年9月第2版　2012年4月第2次印刷

定价:46.00元